ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى

تۈزگۈچى ئورۇن:

ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېما گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: ئادالەت توختى
باش تۈزگۈچى: پەرھات مۇھەممەدئېلى جىلان
مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىلەر: ئامىنە غاپپار، غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار
تۈزگۈچىلەر: ( ئۇيغۇرچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئايشەمگۈل ئابدۇربشىت، تۇرنىسا روزى، رەپقەت رەخىم، كۈرەش تاھىر، مېھرىگۈل مامۇت، ئېزىزجان ھەسەن، ياسىن تۇرسۇن ئۇلتاش.

课题组组长：阿达莱提·托乎提
主编：　帕尔哈提·吉兰
副主编：阿米娜·阿帕尔，海拉提·阿不都热合曼
编者：阿依夏木古丽·阿不都热西提，吐尔尼沙·肉孜，热甫克提·热合木，库米西·塔伊尔，米里古丽·马木提，艾则孜江·艾山，牙森·吐尔逊

کتابخانه شخصی
مترجم مهدی أبو أصل

# مۇندەرىجە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان··········
پەرھات مۇھەممەدئېلى جىلان(1)
«لۇغەت» تە قوللىنىلغان قىسقارتىلما سۆزلەر········ (1)
«لۇغەت» نىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپلىرى ··············· (1)
ئا····················································· (1)
ئە························· (19)
ب························· (26)
پ························· (50)
ت························· (68)
ج (99)
چ (114)
خ (143)
د························· (152)
(169)
(171)
ژ························· (176)
س (176)
ش (203)
غ (215)
ق························· (223)
ك························· (248)
گ························· (272)
ل························· (282)
م (288)

ن ........................................ (304)
ھ ........................................ (309)
ئو ........................................ (317)
ئۇ ........................................ (324)
ئۆ ........................................ (329)
ئۈ ........................................ (336)
ۋ ........................................ (338)
ئې (340)
ئى (343)
ي ........................................ (351)
«لۇغەت» تە پايدىلانغان ئەسەرلەر (365)

www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

پەرھات مۇھەممەدئېلى جىلان

## 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت تارىخىمىز بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۇراقلاشقان مىللىيلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۈرلۈك ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشى، بۆلۈنۈش، كېيىن يەنە قايتىدىن قوشۇلۇش ۋە قىسمەن قوشۇلۇش ۋە قىسمەن بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئەنە شۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مىللىي ئالاھىدىلىكى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بارلىققا كەلدى ۋە تەدرىجىي راۋاجلىنىپ مۇكەممەللەشتى.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ راۋاجلانغان تىل. ئالايلى، 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەئەللۇق بولغان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (ئورخۇن خانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى بولغان ئەل ئەتمىش كۆل بىلگە قاغان شەرىپىگە ئورنىتىلغان تاش پۈتۈك) ۋە «تېس مەڭگۈ تېشى» (كۆل بىلگە قاغانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋارىس ئوغلى بۆگۈ قاغان شەرىپىگە ئورنىتىلغان تاش پۈتۈك) قاتارلىق يادىكارلىقلار تىلى بىلەن، شۇ دەۋرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى يادىكارلىقلار تىلىدا گەرچە بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئارىلاشمىلىقى كۆرۈلسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 9 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى، يەنى تۇرپان بىلەن جىمسارنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دەۋرلىرىدىكى ۋە بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇلۇسى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى خېلى زور دەرىجىدە خاسلاشقان. دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، تۈركىي تىللار سىستېمىسى ئىچىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ھازىرقى دەۋردىكى قېلىپلاشقان مىللىي تىل بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، يەنى ئورخۇن ـ يېنىسەي تۈرك رۇنىك يېزىقى قوللىنىلىشتىن بۇرۇنقى ھالەتلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. مىللىي تىللارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئەڭ دەسلەپكى قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تىلىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدىن تەدرىجىي راۋاجلىنىپ مۇكەممەللەشكەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا ھازىرقى موڭغۇلىيە

يايلاقلىرىدىكى ئورخۇن، سېلېنگا تۇغلا دەريا ۋادىلىرىدىن تارتىپ تارىم، تەڭرىتاغ، ئىلى، ئالتاي ئەتراپلىرىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوندا ياشىغان تۈرلۈك ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىش، بۆلۈنۈش ۋە كېيىن يەنە باشقا ئېتنىك تەركىبلەر بىلەن قوشۇلۇش قاتارلىق مۇرەككەپ تەرەققىيات جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ھەر قايسى تۈركىي تىللىق ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىلەن بىرىكىشتىن سىرت، يەنە باشقا تائىپىلەر بىلەنمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يېقىنلىشىش ۋە ئۆزئارا سىڭىشىش جەريانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قاناتلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۈرلۈك ئېتنىك توپلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ياۋرو- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەزكۇر بوستانلىقلار تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنى ھاسىل قىلغاچقا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئاۋات ماكانغا ئايلانغان. جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى غەربتىكى ئەللەرگە توشۇلىدىغان ئەنە شۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنلىرىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدا تۈرلۈك تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرى جىددىيلەشتى ۋە كېڭەيدى. تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇر تىلى تۈرلۈك تۈركىي قوۋملەر تىللىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا يەنە ساك، سوغدى، توخار (توخرى) تىللىرىدىن ئىبارەت شەرقىي ئىران سىستېمىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى تىللار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇيغۇر تىلى ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە، جۇملىدىن تۇرلۇك ئىتنىك تۇركۇملەر تىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتىدە راۋاجلاندى، كېيىنكى دەۋرلەردە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى شەرقىي ئىران تىپىدىكى تىللارنىڭ ئىستېمال دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ، ئاخىرى مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە بۇ تىللار «تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلگەن تىللار» دەپ ئاتالماقتا. بۇ تىللارنىڭ ھەقدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇيغۇر- قارلۇق قەبىلىلىرىگە، يەنى ھازىرقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىگە تەۋە بولغان خەلقلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بىرىكىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى غالىب تىل بولۇپ، تۇرلۇك تائىپىلەر تىللىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۆزىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ھەر قايسى قەبىلە ۋە تائىپىلەر تىللىرىنىڭ پايدىلىق ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ لېكسىكا تەركىبىنى بېيىتتى، تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسىنى كۆپ خىللاشتۇردى، گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە شۇ ئارقىلىق تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋىلەر پەرقلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى چۈشەندۈرۈشتە تارىختىكى ئەنە شۇنداق ئۆزلۈكسىز قوشۇلۇپ، بىرىكىپ. ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن ئىتنىك تەركىبلەرنى كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلار

ياشىغان ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئوخشاشمايدىغان دەرىجىدىكى ئىپتىنىك تەركىبلەر جۇغلاندى. ئەنە شۇ ئىپتىنىك تەركىبلەرنىڭ تىللىرى گەرچە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بىرمۇنچە تىل تەركىبلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر قايسى بوستانلىقلاردا جۇغلانغان ئىپتىنىك تەركىبلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكلىرى تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان دەپ پەزەر قىلىشقا بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارنى ماكان قىلغان ئوخشاشمىغان ئىپتىنىك تەركىبلەر تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن ئەمەلىي تەسىرلىرى ئاساسىدا يەرلىك شېۋىلەر ۋە يەرلىك دىئالېكتلارنىڭ بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان دېيىش مۇمكىن. دېمەك، تارىخ نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكتلار ۋە شېۋىلەر بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا سىستېمىغا تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك قوۋملەرنىڭ قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىشى نەتىجىسىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان.

مۇنداق تارىخىي شارائىتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت- شېۋىلەرگە ئايرىلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىللىگەن ئاشۇ ئىپتىنىك تەركىبلەر تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر پۈتۈن مىللىي تىلىمىز ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئەۋلادتىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن. مىللىي تىل بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ تىلدىكى خاسلىق ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر دىئالېكت ياكى شېۋە ئالامەتلىرى تەرىقىسىدە خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇزاققىچە ساقلىنىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئاساس شۇكى، ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن ئايرىلىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەر قايسى شەھەرلەر ۋە ئەتراپىدىكى ئېكىنزارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇراقلاشقان يېقىنچە ئىقتىسادىي بىرلىكلەر بارلىققا كەلدى. مۇنداق ئايرىم-ئايرىم ئىقتىسادىي بىرلىكلەردىن تۈزۈلگەن ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا- تىجارەتنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەلۇمكى، فېئوداللىزم جەمئىيەتلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى بېكىنمە ھالەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىكتىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى يۇرتلاردا يىلتىز تارتقان مۇشۇنداق بېكىنمە ھالەتلەرنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلەرگىچە داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە شۇ يۇرتلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تىللىرىدىمۇ تەدرىجىي خاسلىشىش جەريانى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىگىلىكنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغان خەلقنىڭ تىلى بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ،

دىئالېكت ياكى شېۋە پەرقلىرى ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ، چۈنكى كۆچمەن خەلقلەر تۇرمۇشىدىكى توپلىشىپ ياشاش ئادىتىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئامىل ئۈزلۈكسىز تۈردە تىلنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، شەھەرلىشىش جەريانى بىر قەدەر كېيىنرەك ئەمەلىيلەشكەن ئەنئەنىۋى چارۋىچى خەلقلەردىن قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ تىللىرىدا دىئالېكت ياكى شېۋە پەرقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بايقالمايدۇ.

ئەكسىچە، شەھەرلەشكەن خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە داۋاملىق تۈردە سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئەسىردە شەھەرلەر ۋە يېزىلاردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۆز يۇرتلىرىدا بېكىنىپ، باشقا يۇرتلاردىن ئايرىلىپ ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق نىسپىي ئايرىملىقنى شەرت قىلغان ئىجتىمائىي ئامىللار ھەر قايسى يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ تىلىدا ئۆزگىچە خاسلىشىش جەريانلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، بىر نەچچە ئەسىرلىك شەھەر ۋە يېزا مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىدا دىئالېكت ۋە شېۋە پەرقلىرى ئالاھىدە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ شەكىللىنىشى تىلىمىز تەرەققىياتى جەريانىدىكى تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ توپلىشىپ ياشاش ئادىتىنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى شەھەرلىشىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا مۇنداق قوش يۆنىلىشلىك

www.uyghurkitap.com

تەرەققىيات جەريانىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قەدىمكى ۋە ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ئاتالمىش «يىپەك يولى» ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى تاشقى دۇنيا بىلەن باغلاپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن چەت تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتىنى ياراتتى؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى كونا فېئودال بەگلىكلەرنىڭ بۆلۈنمە- بىكىنمە ھالىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى مەركەزگە ئىنتىلىش ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان قەبىلىلەر تىللىرىدىكى نىسبەتەن پۈتۈن خاسلىقلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەڭشىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا تارقالغان ھەر قايسى بوستانلىقلاردىكى يۇرتلارنى مەركەز قىلغان يىڭىچە ۋە نىسبەتەن پارچىلانغان خاسلىقلار بارلىققا كەلدى. ئەنە شۇ پۈتۈنلۈكتىن پارچىلانغان خاسلىقلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق ئىلمىدە «دىئالېكتلار» ۋە «يەرلىك شېۋىلەر» دەپ ئاتالماقتا.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش مەنزىرىسىدىن قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغا جايلاشقان لوپنۇر ۋە خوتەن رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تىللىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئايرىلىپ، باشقا يۇرتلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ جانلىق تىللىرىغا نىسبەتەن خېلى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىر قەدەر چەتتە بولغانلىقى، ئۆتمۈشتە قاتناش قولايسىز، ئىقتىساد قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا يۇرتلار بىلەن بولغان بېرىش- كېلىش ئالاقىلىرى ئانچە راۋاجلانمىغان، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كەمچىل بولغان. بۇ خىل

ئالاھىدە بىكىنمە ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقان بولغاچقا، لوپنۇر ۋە خوتەن ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا تىل تەرەققىياتى ئۆزگىچە خاس يوللار بىلەن راۋاجلىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى تىل مۇھىتىدىن بىر قەدەر كۆپرەك پەرقلىنىدىغان مۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر ئەڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋە لوپنۇر دىئالېكتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكتلار ۋە يەرلىك شېۋىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: (1) ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغان تۇرلۇك ئېتنىك تەركىبلەر ئۆزلىرىنىڭ نۇتۇق پائالىيىتىدىكى، جانلىق تىلدىكى خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. (2) ئۇزاق داۋاملاشقان ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدىكى فېئودالچە بىكىنمە ھالەت ھەر قايسى يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ جانلىق تىلىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يېتىلدۈرگەن. (3) تەكلىماكان ۋە جۇڭغارىيە چۆللىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شەرتلىرى ھەر قايسى يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ ۋە بولۇپمۇ خوتەن، لوپنۇر رايونلىرىدىكى ئاھالىنىڭ باشقا يۇرتلار بىلەن بولغان تىل ئالاقىسىنى چەكلەپ تۇرغان.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ تۇرۇشى تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شەرتلەرنى ئاساس قىلغان.

## 2. ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكت ـ شېۋىلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي خىزمەتلەرگە بىر نەزەر

ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكت ـ شېۋىلىرى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى تەتقىقات ئىزلىرىنى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد

www.uyghurkitap.com

كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» سەرلەۋھىلىك كاتتا ئىلمىي ئەسىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قېتىرقىنىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 11 ـ ئەسىردە مەۋجۇت بولغان بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئاتاقلىق رۇس ئالىمى ن. ئا. باسكاكوۋ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى ۋە بەزەن ساھەلەردە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىستېمىلىق قىلىشقا ئىنتىلىش بۇندىن خېلى بۇرۇنلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى.

تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى، 11 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئالىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل دىۋاندا تۈركىي تىل ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا، قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆزئارا بېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ...

ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى...

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىۋانى ئادەتتىكى

سىلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى لېكسىكا ۋە گىراماتىكا ساھەلىرىدىمۇ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دىۋاننىڭ ئاپتورى ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرۇشقا تايىنىپ، ھەر قايسى تىللارنىڭ ئۆزئارا تۇغقانلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپىقلايدۇ①.

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلى، يەنى كاشغەر دىيارىنى مەركەز قىلغان خاقانىيە تىلى 11 ـ ئەسىردىكى بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار زېمىنلىرىدە ياشىغان باشقا قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى خاقانىيە تىلىغا سېلىشتۇرما بولغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىدى. ئەنە شۇ يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر قىسىم ئەڭ مۇقىم ۋە تۇراقلىق ئامىللىرى ئەسىرلەر داۋامىدا ساقلىنىپ كېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى شېۋىلىرىدە ياكى دىئالېكتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەرى خاقانىيە تۈركچىسىدىن ئىبارەت ئورتاق ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق سۆزلەيدىغانلارنى تىلغا ئالغاندا، «ئۇلارنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار» دەپ ئەسكەرتىدۇ. شۇنداقلا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايان ۋە تەسۋىرلەردىن خاقانىيە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ بولمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلى سۆزلەردە پەرق ئاز بولىدۇ. سۆزلەردىكى پەرقلەر بىر قانچە ھەرپلەر ئورنىغا باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالمىشىپ كېلىشىدە ياكى چۈشۈپ قېلىشىدا كۆرۈلىدۇ»②. بۇ بayاندىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ھەر قايسى تۈركىي

قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تىللىرىدىكى ئاساسلىق پەرقلەر سۆزلەردىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك فونېتىكىلىق مەسىلىلەردە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، خاقانىيىلىكلەر «ئىلمان سۇ» دېگەننى «يىلىغ سۇۋ» دېسە، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار «ئىلىغ سۇۋ» دېگەن ۋە باشقىلار. بىزنىڭ هازىرقى جانلىق تىلىمىزدىمۇ بۇ سۆزنىڭ «ئىللىق» ۋە «يىللىق» تىن ئىبارەت ئىككى خىل ۋارىيانتى تەڭلا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ»③. بۇ بايانىدىن بىز ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھەر ئىچى خەلقىنىڭ تىلى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تىللىرى ئوتتۇرىسىدا يەرلىك شېۋە پەرقلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹ ا — ئەلىف› نى ‹ھ — h› غا ئالماشتۇرىدۇ... مەسىلەن: تۈركلەر (خاقانىيىلىكلەرنى دېمەكچى) ‹ئاتا› دېسە، ئۇلار ‹ھاتا› دەيدۇ؛ تۈركلەر ‹ئانا› دېسە، ئۇلار ‹ھانا› دەيدۇ»④.

مەھمۇد كاشغەرى يەنە «ئوغۇزلار ئەمىر تېكىننى ھەمىر تېكىن دەيدۇ» دېگەننى تىلغا ئالىدۇ.

يۇقىرىقىدەك، سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدەك فونېتىكىلىق ھادىسە بۈگۈنكى قەشقەر، ئاتۇش ۋە كەلپىن شېۋىلىرىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ شېۋە رايونىدىكىلەر «ئابدۇرېھىم» دېگەن كىشى ئىسمىنى «ھابدۇرېھىم» دەپ، «ئابدۇللا» دېگەننى «ھابدۇللا»، «ئېزىز» دېگەننى «ھېزىز»، «ئەقىدە» دېگەننى «ھەقىدە» دەپ تەلەپپۇز

قىلىدۇ.

سۆز بېشىنى «ھ»لاشتۇرۇش ھادىسىسىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، باشقا تۈركىي تىللاردا «ئاربا» دېيىلسە، ئۇيغۇر تىلىدا «ھارۋا» دېيىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك مىساللاردىن شۇنداق ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغان ئېتنىك تەركىبلەر ئىچىدە خوتەننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى، جۈملىدىن قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ياشىغان كەنچەكلەر ۋە ئوغۇزلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى قىسمەن فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىلدىكى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان مىساللارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن يەنە كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر تىلشۇناسلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يەنە «جاۋاھىرۇننەھۋى فىللۇ- غاتىت تۈرك» ناملىق گراماتىكا كىتابىنى يازغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بار. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت نادىر ئەسىرىنى قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان ئەڭ بۇرۇنقى ئىلمىي ئەمگەك دېيىشكە بولىدۇ. شۇندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكت- شېۋىلىرىگە قارىتىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر يورۇقلۇققا چىقمىدى ياكى ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولماي كەلدى.

كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەر

www.uygurkitap.com

قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ـ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ جىددىي راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا قارىتىلغان ئىلمىي خىزمەتلەر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئەڭ ئاۋۋال ياۋروپا ئالىملىرى باشلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ روسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى، تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە جاي ـ جايلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قىدىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن غەرب ئەللىرىدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى ۋە تەتقىقات دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. ئالىملار كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۋېتسىيە ئالىمى گۇننار ياررىڭ يازغان «شەرقىي تۈركچە (ئۇيغۇرچە) ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، «ئۇيغۇر تىلى تېكستلىرى»، «قەشقەرگە قايتىش»، فرانسىيە ئالىمى گ. راكېتتى يازغان «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، روسىيە، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى

ئالىمى س. ي. مالوۋ يازغان «لوپنور دىئالېكتى»، «ئۇيغۇر تىلى (قۇمۇل دىئالېكتى)»، ئەنگلىيە ئالىمى روبېرت شاۋ يازغان «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ۋە تېكستلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

گېرمانىيىلىك ئايال تۈركولوگ ئاننا مارى گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە تارىخى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى. ئۇ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تىل يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن «قەدىمكى تۈركىي تىل گرامماتىكىسى»نى ئىشلەپ چىقتى، تۇرپان ۋە كۇچا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە قاراتقان ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئېلان قىلدى ۋە يەنە بىر مۇنچە ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتتى.

بۇ ئىجتىھاتلىق ئالىملار ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئومۇمەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ھالبۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تۈركولوگىيە، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسلىق سالمىقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەركەزلىشىشكە باشلىدى. موسكۋا، لېنىنگراد (سانكت ـ پېتېربۇرگ)، ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردىكى پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ زور قوشۇنى شەكىللەندى، نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىشلەندى. سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلىرى قاتارىدا ئالدى بىلەن س. ي. مالوۋنى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. س. ي. مالوۋ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇھىم ئالىملاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ساھەدە ئۇ توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئەمگەك قىلدى. «ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت تۇنجى

ئەسىرى 1909 ـ يىلى ۋە ئاخىرقىسى 1959 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. س. ي. مالوۋنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرىغا، شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى، فولكلورى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىگە چېتىلىدۇ» (ن. ئا. باسكاكوۋ «سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق دەۋرلىرى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1979 ـ يىللىق 4 ـ سان، رۇسچە). بۇ ئالىمنىڭ، بولۇپمۇ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل ۋە لوپنور شېۋىلىرى توغرىسىدا يازغان مەخسۇس ئەسەرلىرى ئۇيغۇر دىئالېكتشۇناسلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىشلىرى ئالمۇتاغا مەركەزلەشتى. شۇندىن كېيىن مۇنتىزملاشقان سىستېمىلىق تەتقىقاتلار كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن مەخسۇسلاشقان تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئىلمىي خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى. 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىدىن ئايشەم شەمىيېۋا ۋە ئىمساخان جەلىلوۋا قاتارلىقلار ئايرىم تۈزگەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىلىرى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە تاكى 1954 ـ يىلىغا قەدەر دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان. بۇ جەھەتتە ئە. تېنىشېۋ (تاتار)، غ. سەدۋاققاسوۋ، ئا. قايداروۋ (قازاق)، ت. رەھىموۋ، ت. تالىپوۋلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. هازىرغا قەدەر ئالمۇتادا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇيغۇر تىلى دەرسلىك ۋە ئوقۇشلۇقلىرى تۈزۈلدى. مەسىلەن، ئا. قايداروۋ، غ. سەدۋاققاسوۋ. ت. تالىپوۋلار ئاپتورلۇقىدا يېزىلغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق يىرىك ئەسەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ،

بىرىنچى قىسمى لېكسىكا ۋە فونېتىكا ھەققىدە، ئىككىنچى قىسمى-مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ھەققىدە خېلى كەڭ ۋە سىستېمىلىق مەلۇمات بېرىدۇ. 1989 - يىلى ئالمۇتادا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلۈشى» ناملىق كاتتا ئەسەردە تەتقىقات نەتىجىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىيلەشتۈرۈلگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئە. تېنىشېۋ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا شىنجاڭدىكى كەڭ كۆلەملىك تىل تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ھەمدە شۇ قېتىمقى پائالىيەتلەردە يىغىلغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 1990 - يىلى موسكۋادا «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتى» نى يورۇقلۇققا چىقاردى.

ھازىر ئۇيغۇر تىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق بۆلۈمىدە تەتقىق قىلىنماقتا.

جۇڭگو تارىخىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرگە ئايرىلغان سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بولغان «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، 18 - ئەسىردە بېيجىڭدا مانجۇچە - زاڭزۇچە - موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر دەۋرلەرگىچە ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تىلىغا قارىتىلغان ئىلمىي ئەمگەك ئىزلىرى كۆرۈلمىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ زامانىۋى مائارىپنى قوللاش ھەرىكەتلىرى باشلاندى. يېڭى مەكتەپلەردە تىل ۋە يېزىققا

مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرمۇ ئۆگىنىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇرھان شەھىدىنىڭ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئۈچ تىللىق لۇغىتى ئىشلەندى. 1939 ـ يىلى ئابدۇلئەزىز مەخدۇم چىڭگىزخان تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (مورفولوگىيە)، ئىپتىمال، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ياراتقان تۇنجى گراماتىكا دەرسلىكى بولسا كېرەك. بىر قىسىم چەت ئەل تۈركولوگلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئابدۇلئەزىز مەخدۇمنى «مىسىر ئالىمى» دەپ تونۇشتۇرغان. ئەسلىدە بۇ زات شىنجاڭ بوگۇر ناھىيىسىدىن بولۇپ، مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر» ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ تاتار تىلى گراماتىكىسىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ، مەزكۇر گراماتىكا ئوقۇشلۇقىنى مەككىگە كېتىۋېتىپ پاراخوتتا يازغان ۋە كېيىن قاھىرەدە نەشر قىلدۇرغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى ئىچىدە شۇي شىخۋا، چېن يۈۋېن، ئىبراھىم مۇتئىي قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي تۈركىي تىللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلىرى شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەر شىنجاڭدا 20 ـ ئەسىر كىرگەندىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئىشلەنگەن تۇنجى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، بولۇپمۇ، ئىبراھىم مۇتئىي ئەپەندىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئالىم 40 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تەرجىمانلىق كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىككى پارچە دەرسلىك تۈزگەن. 1948 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭ يەنە شۇ يىلى يازغان «تۈركىي تىللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ماقالىسى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرچە ۋە نەنجىڭدىكى خەنزۇچە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى كىرىشى بىلەن ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تىلىغا دائىر ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلىنىشكە باشلىدى. 1953 - 1954 - يىللىرى غەنىزات غەيۇرانى ۋە داۋۇت تۇرەخمەتوۋلار تۈزگەن ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكلىرى نەشىر قىلىنىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە ئىبراھىم مۇتئىي مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىدە بولۇپ، ئاتالغۇلارنى رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ئىشلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسىي قانۇنىنى تەرجىمە قىلىشتا ئۇ رەتلەپ چىققان ئاتالغۇلار قوللىنىلغان. شۇ يىللاردا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا لى سېن ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن. 1953 - ، 1954 - يىللىرى لى سېننىڭ يېتەكچىلىكىدە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر، جۇڭ دىخۇا قاتارلىقلارمۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىققان. 1955 - يىلى لى سېن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈش پروگراممىسىنى تۈزدى. 1956 - يىلى مەزكۇر پروگرامما تۈزىتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ قايتىدىن يېزىلدى. ئاشۇ پروگراممىلارنىڭ روھى بويىچە شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە يەرلىك شېۋىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1955 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى تەتقىقات ئورنى، سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك

ئورۇنلارنىڭ ئىلمىي خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ئالتىنچى شۆبە ئەترەت — «شىنجاڭ مىللەتلەر تىللىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەشكىللەندى. مەزكۇر تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ جاي-جايلىرىغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا كىرىشتى. جۇملىدىن، ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكت-شېۋىلىرى بويىچە تەكشۈرۈشلەر قەشقەر، ئىلى، تۇرپان رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. شۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈشكە لى سېن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، داۋۇت تۇراخمەتوۋ، ئامىنە غاپپار، ئابدۇلھېلىم روزى، غەنىزات غەيۇرانى، ئابلىز ياقۇپ، مۇھەممەت زەئىدى، مەھمۇت زەئىدى، ھەنىپە سالىخوۋا، مۇھەممەت رەھىمى قاتارلىقلار قاتناشقان.

1956-يىلى 8-ئايدىن 1957-يىلى 5-ئايغىچە شىنجاڭدىكى ھەممە ناھىيىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا 1955-يىلدىكى تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خادىملاردىن باشقا يەنە ئە. تېنىشېۋ (موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى. تاتار)، ئىمىن تۇرسۇن، چېن زۇڭجېن، ئابدۇرېشىت سابىت، غاپپار مۇھەممەت، غاپپار جالالىدىن، ئەنسەرىدىن مۇسا قاتارلىقلار قاتناشتى.

شۇ دەۋردە ئامىنە غاپپارنىڭ «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرى ئېلان قىلىندى. 1965-يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ 3000 سۆزلۈك ئىملا لۇغىتى ئېلان قىلىندى.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان ئىلمىي خىزمەتلەر دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىم كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئەپسۇسكى،

1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى چېكىدىن ئاشقان «سولچىللىق» ئېقىمى خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالغان بۇ ئىلمىي پائالىيەتلەرنى بىراقلا ئۈزۈپ قويدى.

ئۈزۈلغان سوزۇلغان مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ يوللىرىنى گوياكى ئۆتكىلى بولمايدىغان قوم بارخانلىرىدەك كۆمۈپ تاشلاپ، «چەكلەنگەن رايون»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. پەقەت 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندىلا ئالىملار قايتىدىن قوللىرىغا قەلەم ئالالىدى.

1978 ـ يىلى قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەرجىمە بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە بۇ دىۋاننىڭ ئۈچ تومى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. 1 ـ توم 1981 ـ يىلى (ئىبراھىم مۇتىئى ـ مەسئۇل مۇھەررىر، ئىمىن تۇرسۇن ـ مۇھەررىر)؛ 2 ـ توم 1983 ـ يىلى (ئىبراھىم مۇتىئى ـ مەسئۇل مۇھەررىر، ئىمىن تۇرسۇن ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ـ مۇھەررىر)؛ 3 ـ توم 1984 ـ يىلى (ئىبراھىم مۇتىئى ـ مەسئۇل مۇھەررىر، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ـ مۇھەررىر) نەشردىن چىقتى.

70 ـ يىللاردا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن 10 مىڭ سۆزلۈك ئىملا لۇغىتى ئىشلەندى. 1985 ـ يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، غەنىزات غەيۇرانى، ئابدۇرېشىت سابىت، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، ئەنۋەر جاپپارلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىشلەپ چىقىلغان ۋە يېڭى ئىملا قائىدىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن 35

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىنىڭ سۆزلۈك «ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» نەشردىن چىقتى.

1988 ـ يىلى ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەلىم سالىخ، سابىت روزى، غاپپار جالالىدىنلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» نەشردىن چىقتى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن تەلەپپۇز لۇغىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

1997 ـ يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر، ئامىنە غاپپار، غەنىزات غەيۇرانى، ئابدۇرېشىت سابىت، ئېلى ئابىت، ئابلىز ياقۇپلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» نەشر قىلىندى. بۇ لۇغەت ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىكى مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇندىن بۇرۇنقى بۇ ساھەدە ئىشلەنگەن ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ جەۋھىرىنى ئەكس ئەتتۇردى ھەمدە ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئىشلىنىش پرىنسىپلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرىدىن ئابدۇكېرىم باقى، نەسرۇللا يولبولدى، تۇردى ئەخمەت ۋە باشقىلارنىڭ گراماتىكا دەرسلىكلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى. ۋەھالەنكى، بۇ جەھەتتە پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (مورفولوگىيە)» (1987 ـ يىلى نەشردىن چىققان) نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى گراماتىكا دەرسلىكلىرى ئەسلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن رۇس تىلى گراماتىكىسىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە يېزىلغانىدى.

شۇڭا، بۇرۇن بېكىتىلگەن بىر قىسىم گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا دېگەندەك ئۇيغۇنلىشالمايتتى ياكى تىل پاكىتلىرىنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە تولۇق ۋە ئەتراپلىق، چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرەلمىگەنىدى. نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇشۇنداق يېتەرسىزلىكلەر پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ يېتۈك تەتقىقاتچىلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. خۇسۇسەن، مورفولوگىيە ساھەسىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى تولۇقلىدى ۋە تۈزەتتى.

1990 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى تارىخىدىكى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ئىزاھلىق لۇغەت تۈزۈش ئىشى ئۇزاق ۋاقىت ۋە جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتتۇر. ھەرقانداق تىلدا ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ تىلنىڭ تەتقىق قىلىنىپ ۋە رەتكە سېلىنىپ، مۇئەييەن ئىلمىيلىشىش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈشكە قاتناشقان تەتقىقات خادىملىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى قېتىرقىنىپ تەكشۈرگەنلىكى ۋە مۇكەممەل ئىلمىي پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» ناملىق مەخسۇس ئەسەر جۇ تۇڭچۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، ئامىنە غاپپار، نىجات قاسىملار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ساھە بويىچە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى تىل تاۋۇشلىرى ئادەم قۇلىقىنىڭ پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارىغا تايىنىپلا تەسۋىرلىنىپ كەلگەنىدى. مەركىزىمىز ئاكۇستىكىلىق تەتقىقات تىل تاۋۇشلىرىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا تەتقىقاتىنى زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈردى. 1995 ـ يىلى ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» ناملىق كاتتا ئىلمىي ئەسىرى ئېلان قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى لېكسىكا تەتقىقاتىغا قارىتىلغان مەخسۇس ئەسەر بولۇش بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. تىلغا ئائىت ئىشلەنگەن قوللانمىلاردىن يەنە خالىق نىياز بىلەن مۇھەببەت قاسىم تۈزگەن «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش» ناملىق كىتاب ياش تەتقىقات خادىملىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

80 ـ يىللاردىن بۇيان لۇغەتچىلىك ئىشلىرىمىز كەڭ تۈردە راۋاجلاندى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر بويىچە سېلىشتۇرما ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلەر بارلىققا كەلدى. ھەر خىل ھەجىمدىكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ۋە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما لۇغەتلەر، شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلى بىلەن چەت ئەل تىللىرى سېلىشتۇرما قىلىنغان ئىككى تىللىق ۋە كۆپ تىللىق لۇغەتلەرمۇ نەشر قىلىندى. بۇ دەۋردە ئىشلەنگەن بىر قەدەر ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەردىن يەنە مۇھەممەدرېھىم سايىت بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىرلىشىپ تۈزگەن «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» (1991 ـ يىل)، ئابدۇسالام ئاباس بىلەن خەلىم سالىخ بىرلىكتە تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» (1993 ـ يىل)، ئابدۇسالام ئاباسنىڭ «مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى» (1994 ـ يىل)، غەنىزات غەيۇرانى، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، ئىسمائىل

قادىر، ئابلىمىت ئەھەدلەر تەرپىدىن تۈزۈلگەن «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (2002 ـ يىلى) قاتارلىق قورال كىتابلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارمۇ مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان غۇلام غوپۇرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى سۆزلۈكى» مۇشۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر قەدەر گەۋدىلىك نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. 1989 ـ يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەردە مول ئەمەلىي تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتقا ئايرىلىدىغانلىقى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى. دېمەك، خوتەن ۋە لوپنۇردىن باشقا ھەممە يۇرتلار مەركىزىي دىئالېكت رايونىغا كىرگۈزۈلۈپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان يۇرتلاردىكى ئاھالىنىڭ مەھەللىۋى تىللىرى بولسا، مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى يەرلىك شېۋىلەر دەپ ئاتالدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئايرىلىش پرىنسىپى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى ۋە بىردەك قوبۇل قىلىندى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق مۇدىرى، ئاتاقلىق تىلشۇناس فۇ ماۋجى ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپ، سۇڭ جېڭچۇنلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەر 2000 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەرپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان لوپنۇر دىئالېكتىغا قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئىبارەت. 90- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 2000- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە يەنە مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتى» سەرلەۋھىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى كەينى- كەينىدىن نەشر قىلىندى. 1999- يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي خادىمى مېھراي ياقۇپنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. مۇكەممەل ئىلمىي پرىنسىپلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر دىئالېكتشۇناسلىق ئىلمىدىكى چوڭ بوشلۇقنى تولدۇردى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر قەدەر چوڭراق ھەجىمدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكت- شېۋىلىرىگە دائىر تۈرلۈك تېمىلاردا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەر مەخسۇس مەجمۇئە- توپلاملاردا ۋە گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا داۋاملىق ئېلان قىلىنماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ، ئامىنە غاپپارنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ يېتەكچى تەلەپپۇزى» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقالىدە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈلگەن ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى ھەققىدىكى مەسىلە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىكى يېڭى نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتىنى تۈزۈشكە ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىمكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا قارىتىلغان ئىلمىي كەيپىيات ئەۋج ئالماقتا. شۇ ئەللەردىكى بىر قىسىم ئالىملار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىشكە ۋە ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈشكە قىزىقماقتا. 1995 ـ يىلى ياپونىيىدە «ئۇيغۇرچە ـ ياپونچە لۇغەت» نەشردىن چىقتى. ياپونىيىلىك تىلشۇناس تۇئورۇ ھاياشى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى. 1997 ـ، 1999 ـ ۋە 2001 ـ يىللىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى سابىت روزى ۋە تاھىرجان مۇھەممەدلەر بىلەن بىرلىكتە خوتەن ۋە قەشقەر تەۋەسىگە بېرىپ، تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئابدال لېكسىكىسى ھەققىدىكى مەخسۇس ئەسەر «شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەيخلەر كەنتىدىكى ئاھالە قوللىنىدىغان سۆزلۈك» (خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە، 1999 ـ يىل، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى)، «شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇۋۇز، تامئېغىل يېزىلىرىدىكى ئەينۇلار قوللىنىدىغان سۆزلۈك» (خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە، 2004 ـ يىل، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى) ئېلان قىلىندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئېلىمىز ئالىملىرىدىن لى سېن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، ئامىنە غاپپار، چېن زۇڭجېن، غولام غوپۇرى، لى جىڭۋېي، گاۋ شىجې، مۇھەببەت قاسىم، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

### 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى

ھازىر ئىلىم ساھەسىدە دىئالېكت چۈشەنچىسى ئوخشاشمايدىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. غەرب ئالىملىرى دىئالېكتنى بىر قەدەر كەڭ مەنىدە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىرىدە مۇئەييەن تىلنىڭ بەلگىلىك زىمىن بىرلىكى، ئىجتىمائىي توپ بىرلىكى ۋە ياكى كەسىپ ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغان تۈرلىرى دىئالېكت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەبىر بويىچە ئالغاندا، دىئالېكت مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ: (1) مەلۇم بىر رايوندىكى ئاھالىنىڭ ئالاقە ۋاسىتىسى بولغان يەرلىك دىئالېكت؛ (2) جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان تەبىقىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي توپ دىئالېكتى؛ (3) ھەر قايسى ھۈنەر ـ كەسىپلەر دائىرىسىنى شەرت قىلغان كەسىپ دىئالېكتى.

ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا قوبۇل قىلىنغان دىئالېكت چۈشەنچىسى تار مەنىلىك بولۇپ، پەقەت يەرلىك دىئالېكتنىلا كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، يەرلىك دىئالېكتلارنىڭ پەرقلىرى ئۇلارنىڭ تىل تاۋۇشلىرى تەركىبى، گراماتىكىسى، سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ۋە لېكسىكا خاسلىقىدا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك دىئالېكتلىرىدىكى پەرقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن فونېتىكا ۋە لېكسىكا دائىرىسىدە كۆرۈلىدۇ، گراماتىكا ۋە سۆز ياساش ئۇسۇللىرىدا ھېچقانچە ئۆزگىچىلىكلەر بايقالمايدۇ، مەلۇم خاسلىقلار بار دېيىلگەندىمۇ بەك ئاز. بەزى مىللىي تىللاردا يەرلىك دىئالېكتلار ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ھەرقايسى دىئالېكتلاردا سۆزلەشكۈچىلەر بىر ـ بىرىنى تەستە چۈشىنىدۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ

تىلىنىڭ گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن دىئالېكتلىرى بىلەن شىمالىي رايونلاردىكى دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكتلار پەرقى ئانچە گەۋدىلىك بولمىغاچقا، ھەرقايسى يەرلىك دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە سۆزلەشكۈچىلەر ئۆزئارا تىل ئالاقىسىدە بىرەر قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدۇ. ھەرقايسى دىئالېكت ۋەكىللىرى ئۆزئارا توسالغۇسىز ئەركىن تىل ئالاقىسىدە بولالايدۇ. شۇنداقلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت ۋە شېۋىلەر بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىمۇ ئالاھىدە چوڭ پەرق يوق. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «دىئالېكت» چۈشەنچىسى پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بىر قەدەر شەرتلىك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ دېيىش مۇمكىن.

مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللىي تىللاردا دىئالېكتلار ۋە شېۋىلەرنى ئايرىش پرىنسىپلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەبىر- ئېنىقلىمىلار بىردەك ئەمەس. ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئىلمىدە دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنى بەلگىلەيدىغان تۇراقلىق ئۆلچەم ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قائىدىلەر بارلىققا كەلمىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىئالېكت ئاتالغۇسى مۇئەييەن مىللىي تىل ئىچىدىكى ئۆزئارا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان تۈرلەرنى ئايرىشقا قارىتىلغان. ۋەھالەنكى، مۇنداق ئوخشاشمايدىغان تۈرلەرنىڭ ئەمەلىي پەرقلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ ئومۇمىي تەبىر بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەركىزىي دىئالېكت — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان دىئالېكتتۇر. بۇ دىئالېكت رايونى شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا

www.uyghurkitap.com

يەكەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دىئالېكتتا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى باشقا ئىككى دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ساندىنمۇ تەخمىنەن بەش ھەسسە ئارتۇق. مەركىزىي دىئالېكت ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى شېۋىلىرى تىل تاۋۇشلىرى، لۇغەت بايلىقى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىلىرىنىڭ ھەممە مۇھىم نۇقتىلىرى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ. مەركىزىي دىئالېكت — ئۈرۈمچى شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قەشقەر- ئاتۇش شېۋىسى، قۇمۇل شېۋىسى ۋە تارىم شېۋىسىدىن ئىبارەت ئالتە شېۋىدىن تەركىب تاپقان. (قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىلى شېۋىسىدە سۆزلىشىدۇ).

خوتەن دىئالېكتى شەرقتە چاقىلىقتىن غەربتە گۇما ناھىيىسىگىچە بولغان توققۇز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن دىئالېكتى تەۋەسىدىكى ئاشۇ توققۇز ناھىيە ئاھالىسىنىڭ جانلىق تىلىدا ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى قىسمەن شېۋە پەرقلىرى مەۋجۇت.

لوپنور دىئالېكتى جەنۇبتا خوتەن دىئالېكتى بىلەن، شىمالدا قۇمۇل، تۇرپان شېۋىلىرى بىلەن، غەربتە تارىم، كۇچا شېۋىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇڭا، جەنۇب تەرەپتىن ئالغاندا، لوپنور دىئالېكتى قىسمەن فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن خوتەن دىئالېكتىغا، شىمال تەرەپتىن ئالغاندا، قىسمەن مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن قۇمۇل شېۋىسىگە ئاز- تولا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ دىئالېكتنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

دىئالېكتلىرى» ماۋزۇلۇق ئەسىرىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن بېرىلدى. بۇ ئەسەردە يەنە كەلپىن شېۋىسى ئالاھىدە بىر خىل شېۋە تەرىقىسىدە ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ مۇنداق دەيدۇ: «كەلپىن شېۋىسى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن مەركىزىي دىئالېكت رايونى ئىچىدە بولغان كەلپىن ناھىيىسى ئاھالىسىنىڭ قوللىنىدىغان شېۋىسىدۇر...»، «كەلپىن شېۋىسى دىئالېكتلارغا قويۇلغان ئاساسىي ئۆلچەم بويىچە خوتەن دىئالېكتىغا ئوخشاشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىدىكى تارىم ۋە قەشقەر شېۋىلىرىگە ئوخشىشىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. شۇ سەۋەبتىن بۇ شېۋە ئالاھىدە شېۋە قىلىپ كۆرسىتىلدى»⑤.

تىلىمىزدىكى دىئالېكتلار ۋە يەرلىك شېۋىلەر تارىخىي يوسۇندا شەكىللىنىدۇ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەنە تارىخىي يوسۇندا بىرلىككە كېلىپ يوقىلىدۇ.

«بىر تىل يوقالسا بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى يوقىلىدۇ» دېگەننى نەزەرىيە جەھەتتىن توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك. دەرۋەقە، تىل بىلەن تەپەككۇر ئۆزئارا زىچ باغلانغان بولغاچقا، تىل يوقىلىش بىلەن شۇ تىلغا باغلانغان مۇئەييەن تەپەككۇر ئۇسۇلىمۇ يوقىلىدۇ. لېكىن بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى دىئالېكت ياكى شېۋىلەرنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلىغا قوشۇلۇپ كېتىشى ھەرگىزمۇ شۇ دىئالېكت ياكى يەرلىك شېۋە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەپەككۇرنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ دىئالېكت ياكى شېۋە ماھىيەتتە ئىزسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىدۇ، شۇنداقلا، شۇ ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنىمۇ بېيىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا،

www.uyghurkitap.com

دىئالېكت ـ شېۋىلەر ئەدەبىي تىلغا يۇغۇرۇلۇپ، بىر پۈتۈن مىللىي تىلنىڭ ئورگانىك قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئىز- دىرەكسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

مىللىيلىك ئامىللىرى تولۇق يېتىلمىگەن تىللار ياكى شېۋىلەر يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللىيلىك ئامىللىرى تولۇق يېتىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، باي لۇغەت فوندىغا ئىگە بولغان راۋاجلانغان مىللىي تىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر قايسى دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرنى ئۇنۇملۇك يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى بېجىرمەكتە.

دىئالېكت ۋە شېۋىلەر مۇئەييەن مىللىي تىلنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەدەبىي تىلنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نورمىلىرىنىڭ يېتىلىشى، قېلىپلىشىشى ۋە ئومۇملىشىشى، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى، خەلق ئاممىسى ئىچىدە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ھەمدە تىل ئالاقىسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى نەتىجىسىدە دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ ئەمەلدىكى ئىستېمال دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى بارغانسېرى سۇسلاشماقتا. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىقتىكى ۋە تەلەپپۇزدىكى تەسىرى كەڭ چەت رايونلاردىكى يەرلىك شېۋىلەرگىچە ئۈنۈملۈك كېڭەيمەكتە. ئەدەبىي تىلنىڭ ئەنە شۇنداق كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا دىئالېكت ۋە شېۋىلەر

تەدرىجىي بىرلىككە كەلمەكتە، دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ خاسلىقى ۋە پەرقلىرى ئازايماقتا. مۇقەررەركى، ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن يەرلىك شېۋىلەر، ئاندىن دىئالېكتلار يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. تىلىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى دىئالېكت تەتقىقاتىنى تەقەززا قىلماقتا. شۇڭا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى يىغىۋېلىش ئىشى تىلشۇناسلىرىمىز ئالدىدىكى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا.

دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرنى تەكشۈرۈش، قېزىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرى مۇئەييەن تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملىدىن، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ئىلمىي قىممىتى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرى تەتقىقاتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئىلمىي ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) بۇ تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان باشقا تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بەلگىلىك پايدىسى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىنىڭمۇ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاشقا مۇئەييەن ياردىمى بولىدۇ.

2) ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرى چوڭقۇر قېزىلسا، تارىم ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ، جۈملىدىن، توخار (توخرى)، ساك، سوغدى تىللىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى تېپىشقا بەلگىلىك ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

3) دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنى فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكا ساھەلىرى بويىچە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلغا پايدىلىق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەدەبىي تىلنى بېيىتقىلى ۋە شۇ ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دىئالېكت تەتقىقاتى ۋە دىئالېكت تەكشۈرۈش ئىشلىرى بۇ جەھەتتىكى مەقسەت ۋە تەلەپكە قاراپ، يېڭى سۆز- ئاتالغۇ تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان لېكسىكىلىق بىرلىكلەرنى تاللاش، يېڭى سۆز- ئاتالغۇلارنى ياساشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېڭىچە (ئۆزگىچە) گىراماتىكىلىق ئالامەتلەرنى بايقاش، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش يوللىرىنى ئىلمىيلەشتۈرىدىغان ۋە ئاسانلاشتۇرىدىغان ئۆزگىچە تىل تەركىبلىرىنىڭ بار- يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ تىل تاۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ئاساستا قېلىپلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## 4. بىزنىڭ تەكشۈرۈشلىرىمىز

ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئەڭ ئاۋۋال ياۋروپا ۋە روسىيە ئالىملىرى باشلىغان. ئۇلار 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ھەمدە مۇئەييەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ مەزكۇر تېمىغا بېغىشلانغان ئىلمىي ئەسەرلىرى يەنىلا تولۇقلاشقا ۋە تۈزىتىشكە موھتاج. چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىغا، سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىلىرىگە قارىتا

سىزىمچانلىقى ۋە چۈشىنىش دەرىجىسى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى خاتا چۈشەندۈرۈلگەن، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرا يېزىلماي قالغان. بىر قىسىم ئەدەبىي تىل دائىرىسىدىكى سۆزلەر خاتا ھالدا دىئالېكت سۆزلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلار يېتەرلىك ئەمەس، دەلىل ـ ئىسپاتلار كەمچىل. شۇڭا، بۇ ئەسەرلەر تەتقىقاتتىكى باشلامچىلىق رولىنى ئويناش بىلەن مۇئەييەن پايدىلىنىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىدە ئىشەنچلىك قوللانما بولالمايدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئېلىمىز ئالىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىل تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. شۇ دەۋردىكى بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردە ئاساسەن فونېتىكا ۋە گراماتىكا مەسىلىلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، لېكسىكا تەتقىقاتى مەخسۇس تېما قىلىپ تۇتۇلمىغانىدى. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشلەردە گەرچە ئېلىمىزنىڭ تىل تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش ئەھمىيىتى ئۈستىدە خېلى مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر ئىلمىي خىزمەت تېخى چوڭقۇرلاشمىغان، سىستېمىلاشمىغان ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدە بايقالغان ناتوغرا كۆز قاراشلار تېخى تۈزىتىلمىگەنىدى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك نەزەرىيىۋى پىكىرلەر تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلماي تۇرۇپلا، 60 ـ يىللاردا باشلانغان بوران ـ چاپقۇنلاردا بۇ خىزمەتلەر ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرىغا بېغىشلانغان بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتى» قاتارلىق كاتتا ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى ۋە شېۋىلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، تەتقىقاتتىكى ئۆلچەم قىلىنغان ئىلمىي پرىنسىپلىرى خېلى مۇكەممەل بولۇپ، ھەر قايسى دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاپتور بۇ جەھەتتىكى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بىر قىسىم نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ۋە ئەمەلىي خىزمەتتىكى خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزىنىڭ يېڭىچە پىكىرلىرىنى دەلىللىگەن بولسىمۇ، لېكىن لېكسىكا جەھەتتىن تولۇقلاش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر يەنىلا يوق ئەمەس.

تەتقىقاتچى غۇلام غوپۇرىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى سۆزلۈكى» ناملىق قورال كىتابىمۇ بۇ جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆزلۈكتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىكى نۇرغۇن لېكسىكىلىق بىرلىكلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دىئالېكت ـ شېۋە ھەم ئومۇمەن لېكسىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇنداقتىمۇ، بۇ لۇغەتتىكى سۆزلەملەر يەنىلا تولۇق

ئەمەس، يەنە بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى تولۇقلاشقا، ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ۋە قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

تەتقىقاتچى ئامىنە غاپپار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈش، بېكىتىشكە كۆپ ئەجر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى ئىشلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ 1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە مىللىي ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى ھەم نورمال تەلەپپۇزى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىدە «ئۈرۈمچى شېۋىسى» ۋە «ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى» ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر دىئالېكتشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە ئېلىمىز تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىندى. ھالبۇكى، ئامىنە غاپپار خانىم دىققەت - ئېتىبارىنى ئاساسەن ئۈرۈمچى شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ تەلەپپۇزى مەسىلىلىرىگە قاراتقان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي دىئالېكتشۇناسلىق مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە شېۋىلىرىگە بېغىشلانغان خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەتقىقات ئوبوروتىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلەردە، ئومۇمەن، ھەرقايسى دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە ساقلىنىۋاتقان فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق مەسىلىلەر ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن، ئوخشاشمىغان ئۇسۇللار بىلەن تەكشۈرۈلگەن ۋە قېزىلغان بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆزىدە خاراكتېرلىك بىلىملەردىن ئىبارەت بولۇپ، دىئالېكتشۇناسلىقنىڭ توپ ۋە ئىلمىي

www.uyghurkitap.com

تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

تىلشۇناسلىق ئىلمىدە دىئالېكت ـ شېۋە تەتقىقاتى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. دىئالېكت ـ شېۋىلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ، قىيىن ۋە ئىنچىكە، كونكرېت مەسىلىلەر يەنە كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. نۆۋەتتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئاھالىلەر تىللىرى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارغانسېرى تەڭشىلىپ، پەرقلەر ئازىيىۋاتقان ۋە بىرلىككە كېلىۋاتقان شارائىتتا، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى يىغىۋېلىپ، رەتلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇش ئىشى تىلشۇناسلىرىمىز ئالدىدىكى باش تارتقىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىلمىي ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا.

بىز ئاتاقلىق تىلشۇناس، تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىنىڭ تەكلىپ پىكرىگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ شېۋىلىرى (لېكسىكا) لۇغىتىنى تۈزۈش ئىشىنى قولىمىزغا ئالدۇق. ئۇيغۇر دىئالېكتلىرى غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئېلىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋە لۇغەتلەر تۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلەرنى ۋايىغا يەتتى، ئاياغلاشتى دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يەنىمۇ سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە، قايتا تەكشۈرۈشكە ۋە تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق قايتا تەكشۈرۈش ئاساسىدا يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان دىئالېكت ۋە شېۋە سۆزلىرىنى يىغىپ، ئىلگىرىكىلەردىن نىسبەتەن تولۇقراق بىر لۇغەت تۈزۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلدۇق.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى بېكىتىلدى. نۇقتا بېكىتىشتە بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلار بېرىپ باقمىغان ياكى بارغان بولسىمۇ، لېكىن جەھەتتىكى تەكشۈرۈشلىرى يېتەرلىك بولمىغان رايونلارنى تاللىدۇق.

نۇقتىلار بېكىتىلگەندىن كېيىن سەپىرىمىزنى باشلىدۇق. 2001 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا تەتقىقات ئورنىمىزدىكى ياش تەتقىقات خادىمى كۈرەش تاھىر ئىككىمىز تۇرپان شەھرىگە باردۇق ۋە تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قىسىم شېۋە سۆزلۈكلىرىنى توپلىدۇق. كېيىن تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ ئاچچىق مەھەللىسىدە تىل تەكشۈرۈش ئىشىمىزنى باشلىدۇق. ئاندىن پىچان ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىدۇق. شۇندىن كېيىن بۇ ناھىيىنىڭ دىغار يېزىسىغا بېرىپ، كونا دىغار مەھەللىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

2002 - يىلى يانۋاردا تەتقىقات ئورنىمىزدىن غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، رەيھانگۈل ئابدۇرېھىم، كۈرەش تاھىر بولۇپ، جەمئىي تۆتىمىز تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ئاتلاندۇق. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئىككى يۆنىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار بىلەن كۈرەش تاھىر خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە بازىرى ۋە روكىيە، سالغوزەك يېزىلىرىدا، شۇنداقلا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارقى، جاي، شىۋول يېزىلىرىدا تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. رەيھانگۈل ئابدۇرېھىم بىلەن ئىككىمىز قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق

يېزىسىدا، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ چارباغ، تومشۇق يېزىلىرىدا ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە يېزىسىدا تىل تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندۇق.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكا بىزنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇر دىئالېكتلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار ۋە ئۆزى توپلىغان بىر قىسىم سۆزلۈكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئامىنە غاپپار خانىم شەخسەن ئۆزى بىزنىڭ بۇ تېما گۇرۇپپىمىزغا قاتناشتى ھەمدە ئۆزى توپلىغان بارلىق تىل ماتېرىياللىرىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، ئاتاقلىق يىغىپ ساقلىغۇچى ئەخمەت تۆمۈر ئەپەندى بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. ئۈرۈمچى «ئۇيغۇر سوفت» يۇمشاق دېتال شىركىتىدىكى ئالىم ئەھەد ئەپەندى سۆزلۈكلەرنى كومپيۇتېردا ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تىزىشقا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بەردى. مەزكۇر لۇغەتنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئورۇن ۋە ھۆرمەتلىك زاتلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەك نەتىجىمىزدە ئۇلارنىڭمۇ مۇناسىپ تۆھپىسى بار. تەتقىقات ئورنىمىزدىكى خادىملار قولىمىزدىكى ماتېرىياللار ئىچىدىن دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەرگە تەئەللۇق بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكلەرنى تاللاپ كۆچۈرۈپ چىقتى. ئاندىن غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، تۇرنىسا روزى، ياسىن تۇرسۇن ئۆلتاش ۋە ئىبزىزجان ھەسەنلەر مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان ۋە ئۆزىمىز توپلىغان سۆزلۈكلەرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى، غەيرەت ئابدۇرەھمان

ئوزغار بۇ سۆزلۈكلەرنى تاللاپ، تەھرىرلەپ بىرلىككە كەلتۈردى. كومپيۇتېردا بېسىلىپ چىققان لۇغەت نۇسخىسى جەمئىي بەش قېتىم باش تۈزگۈچى ۋە مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن تەھرىرلىكتىن ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە تاللاندى:

1) ئەدەبىي تىلىمىزدا لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدىكى تەڭدىشى بولمىغان، فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى مەلۇم بىر دىئالېكت ـ شېۋىگە خاس بولۇپ، مۇستەقىل سېمانتىكىلىق بىرلىك بولالايدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: ئا:سىلىق ـ ئوسا قىلىنغان يەر (خوتەن)؛ ئايىمىق ـ كۆزدە كۆمىسىمۇ بولىدىغان تەك (كېرىيە، نىيە)؛ كۆگەن ـ ھەسەن ـ ھۈسەن ياسى (خوتەن)؛ كامپاش ـ قومۇش پۆپۈكى (لوپنۇر)؛ دوشاپ ـ تاۋۇز ئۇرۇقى (قۇمۇل)؛ خەلدەڭ ـ چىش كولىغۇچ (قۇمۇل) شۇ قاتاردا دىئالېكت ـ شېۋىلەردە خەلق ياراتقان تۆۋەندىكىدەك بىرىككەن ياسالما سۆزلەرمۇ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: سېتىغاش ـ تاۋار ئاشلىق (قۇمۇل)؛ ئۇنتۇق سوپۇن ـ سوپۇن پاراشوكى (قۇمۇل)؛ بوي ئەينەك ـ پۈتۈن كۆرسىتىدىغان ئەينەك (قۇمۇل)؛ سويۇم مال ـ سويۇش ۋە گۆش ئۈچۈن بېقىلغان مال (ئىلى، كۇچا).

2. مەنىسى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئوخشىمايدىغان، ئوخشاشلا، ئايرىم سېمانتىكىلىق بىرلىك بولالايدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلدى. مۇنداق سۆزلەر لۇغەتتە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: شاپ ـ چاققان، تېز (خوتەن، قۇمۇل)؛ ئاۋاپ ـ ئالدامچى (خوتەن)؛ جەگەن ـ يانچۇق (گۇما)؛ جەمە ـ تاپا ـ تەنە، پىتنە ـ ئىغۋا (لوپنۇر)، قارا سىيەك ـ چىۋىن (لوپنۇر)؛ كۆكۈشكەن ـ كەپتەر (قۇمۇل)؛ مۇڭقۇي ـ شىلىم؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچ: دۆت، كالۋا. (قۇمۇل): چىراغ ــ نەزىر (لوپنۇر).

3. مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، فونېتىكىلىق جەھەتتىن مەلۇم پەرققە ئىگە سۆزلەر ئومۇمەن كىرگۈزۈلمىدى. مەسىلەن: قو: ــ قوي (قۇمۇل)؛ ئوتان ــ ئوتۇن (قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش)؛ بىي~بىژ ــ بىر (خوتەن، قەشقەر) قاتارلىقلار. ئەمما بۇ خىلدىكى سۆزلەردىن فونېتىكىلىق پەرق چوڭراق، چۈشىنىش تەسرەك بولغانلىرىلا كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: نەت ــ نە، قەيەر (قۇمۇل)؛ ئولغۇن ــ ئوغلان (لوپنۇر)؛ قۇلتۇق ــ قۇتلۇق (لوپنۇر)؛ تورۇن ــ تونۇر (خوتەن)؛ يەكمەچچە ــ يەكچەشمە (لوپنۇر).

4. فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، مەنىسىدە كۆرۈنەرلىك پەرق بولغان سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن: بىزمان ــ كەچ، كەچقۇرۇن؛ بىردەمدىن كېيىن (خوتەن، كېرىيە، ئىلى)؛ كايىماق ــ ئاۋارە بولماق؛ خاپا بولماق؛ خىجالەت بولماق، تارتىنماق (خوتەن)؛ كىللىماق ــ تىللىماق (گۇما، چاقىلىق)...

5. يېقىندىن بارلىققا كەلگەن سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ دىئالېكت- شېۋە رايونلىرىدا ئۆزلەشكەن ۋارىيانتلىرىمۇ بېرىلدى. مەسىلەن: شىپىلداق ــ ساپما كەش (تۇرپان)؛ شىپەك ــ ساپما كەش (مەكىت)؛ مۇچقىيام ــ لازىجاڭ (خوتەن)...

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مەزكۇر لۇغەتنى تۈزۈش مەقسىتىمىزدە تىل تەكشۈرۈش ئىشلىرىمىزنىڭ دائىرىسى تار، ئەمەلىي ئىشلىگەن ۋاقتىمىز چەكلىك، تەجرىبىمىز كەمچىل بولدى. شۇڭا، ئىشلىرىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلىك بولدى دەپ ئېيتالمايمىز. دىئالېكت- شېۋە سۆزلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق يىغىپ، تەلەپكە لايىق بىر لۇغەتنى قولدىن چىقىرىشقا

تىرىشقان بولساقمۇ، ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. ئوقۇرمەنلەر ۋە كەسپداش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەنقىدىي نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، سەۋەنلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ كېتىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز. ئىلىم-پەندە مېڭىشقا تېگىشلىك يوللار كۆپ ۋە ئۇزۇن. بۇ يوللارغا بىر ياكى بىر توپ قەلەمكەش سەيياھلارنىڭ قەدەم تاشلىشى بىلەن ئاخىرقى نىشانغا يەتمەك تەس. تەتقىقات نىشانى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە، 1986-يىل، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 3-، 4-بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1981-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 41-، 42-بەتلەر.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 41-بەت.

④ يۇقىرىقى ئەسەر، 44-بەت.

⑤ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، 1990-يىل، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 191-بەت.

www.uyghurkitap.com

## «لۇغەت» تە قوللىنىلغان قىسقارتىلما سۆزلەر

**سۆز تۈركۈمى**

ئى ـــ ئىسىم

سۈپ ـــ سۈپەت

رەۋ ـــ رەۋىش

ئال ـــ ئالماش

باغ ـــ باغلىغۇچى

يۈك ـــ يۈكلىمە

يارس ـــ ياردەمچى سۆز

ئۈن ـــ ئۈندەش

ئىم ـــ ئىملىق

تەق ـــ تەقلىد

**كەسپ تۈرلىرى**

بوت ـــ بوتانىكا

زوئول ـــ زوئولوگىيە

ئاست ـــ ئاسترونومىيە

دېھ ـــ دېھقانچىلىق

بىن ـــ بىناكارلىق

تېب ـــ تېبابەت

مۇز ـــ مۇزىكا

تەن ـــ تەنتەربىيە

يېم ـــ يېمەك ـ ئىچمەك

تىل ها ـــ تىل ـ هاقارەت

تارس ـــ تارىخىي سۆز

ئىد ـــ ئىدىيوم

كۆچ ـــ كۆچمە مەنە

www.uyghurkitap.com

## «لۇغەت» نىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپلىرى

1. سۆزلەملەر ئىزاھتىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، «قارا» خەت نۇسخىسىدا بېرىلدى؛

2. سۆزلەمدىن كېيىن، سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى بېرىلدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چېكىت (.) قويۇلدى. مەسىلەن: ئىسىم - ئى. سۈپەت - سۈپ. رەۋىش - رەۋ.

3. سۆز تەۋەلىكىدىن كېيىن يالاڭ تىرناق (‹ ›) ئىچىگە كەسىپ تۈرىنىڭ قىسقارتىلمىسى بېرىلدى. مەسىلەن: تېبابەت ‹تېب›؛ زوئولوگىيە ‹زوئول›؛ بوتانىكا ‹بوت›...؛ بەزى قوبۇللانغان سۆزلەرنىڭ مەنبەسى (‹) بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلىپ، قايسى تىلدىن كىرگەنلىكى قىسقارتىلما شەكىلدە كۆرسىتىلدى. مەسىلەن: (خەن‹) (خەنزۇچە)؛ (ف‹) (فارسچە)؛ (موڭ‹) (موڭغۇلچە)؛ (ئەر‹) (ئەرەبچە)؛ (ر‹) (رۇسچە)...؛

4. ئىزاھلار ئىمكانقەدەر تولۇقراق ئېلىندى، بىرنەچچە مەنىداش سۆز بىلەن ئىزاھلىنىپ، بىرلا سۆز بىلەن ئىزاھلىنىشتىن ساقلىنىلدى؛

5. پېئىللار مەستەر (ماق، مەك) شەكلىدە بىر خىللا بېرىلىپ، سۆز تەۋەلىكى ئىزاھى بېرىلمىدى. مەسىلەن: ھاۋلىماق، چا(ر)چاپ كەتمەك...

6. مىساللار «م» ھەرپىدىن كېيىن قوش چېكىت (م:) قويۇلۇپ بېرىلدى، ناۋادا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىسال بېرىلسە، «م:» دىن كېيىن ئۈچبۇلۇڭ (△) بېرىلىپ، مىساللار بىر- بىرىدىن ئايرىلدى؛

7 مىسال بىلەن مىسال ئىزاھاتىنىڭ ئارىسىغا سىزىق (-) قويۇلۇپ پەرقلەندۈرۈلدى، بەزى مىساللاردىكى سۆزلەر تىرناق ئىچىگە ئەدەبىي تىلدىكى شەكلى قوشۇمچە قىلىنىش بىلەن كۆپايە قىلىندى؛ مەسىلەن: ئاشىنىپ كەلگەيمىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

— ئــۆزى خـــالاپ كـىلـەمـدىـكــەن؟ (لوپــنـۇر)؛ پــايـخـىـنـىڭـنى (پاقالچىقىڭنى) چېقىۋېتىمەن.

8. ئىـزاھىتـىكى مـەنـداش ياكى مـەنـىسى يېقـىن سۆزلەر پەش ( ) بىلەن، مەنىسى پەرقلىنىدىغان سۆزلەر چېكىتلىك پەش ( ) بىلەن پەرقلەندۈرۈلدى؛

9. كەســىپ تـەۋەلىكى، ســۆز تۈركۈمــى تــەۋەلىكى ئوخشمايدىغان ئىككى خىل مەنىگە ئىگە شەكىلداش سۆزلەر ئايرىم- ئايرىم سۆزلەم قىلىپ بېرىلدى ھەم 1 2 3 دېگەن سانلار بىلەن پەرقلەندۈرۈلدى. مەسىلەن:

خـۇۋا 1 ئى. سۆيگۈ، مۇھەببەت. م: ...19 ياشلىق ھۆرنىڭ خۇۋالاشقان لايىقى... (خوتەن)

خـۇۋا 2 ئـى. توغـان. م: سـۇ كەلگـىچە خـۇۋا سـال. (لوپنۇر)

10. مىســاللاردىن كېيىــن تىرنــاق ئىچىگــە شــېۋە تـەۋەلىكى بېرىلدى، نـاۋادا ئىككـى ياكى ئۈنىڭدىـن ئـارتۇق رايونغا تەۋە شېۋە سۆز بولسا، رايون نامى قاتار بېرىلىپ پەش بىلــەن ئــايرىلدى. مــەلۇم ناھىيــە، يېــزىلاردىن توپــلانغان سۆزلەرنىڭ ئورنى ئېنىق ئەسكەرتىلدى، مەلۇم رايونغا ئومۇمىي بولغان سۆزلەرگە ۋىلايەت ناملا بېرىلدى. مەسىلەن: (خوتەن)؛ (قەشقەر، ئاتۇش، ئىلى)؛ (مەكىت يانتاق)

11. سۆزلەملەردە رايونلار ئارا فونېتىكىلىق پەرق بولسا، ئاخىرىغا تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ، (بۇ سۆز xx دە « xx » دېيىلىدۇ) دەپ ئەسكەرتىلدى. لېكسىكىلىق پەرق بولسا، ئايرىم سۆزلەم قىلىپ بېرىلدى؛

12. بەزى سۆزلەملەرنىڭ دېئالېكتقا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن رايون پەرقى ئېنىق بولمىغاچقا، رايون تەۋەلىكى بېرىلمىدى.

# ئا

**ئابدانلىماق** ئوبدان بولماق، ياخشىلانماق. م: قۇش ئابدانلىسا ئىگىزگە ئۇچار، تاپىرىق ئابدانلىسا يۇرتىغا قاچار. (ماقال) (كېرىيە، قۇمۇل)

**ئاپا** ئى. بىر تۇغقان ھەدە، ئاچا، ئىگىچە. (كېرىيە، قۇمۇل)

**ئاپپاق** ئى. خانىم، ئاغىچا، ئاغىچا ـ خېنىم، ئايىم. بۇ سۆز ئەسلىي ئوردا خېنىملىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، كېيىن مۆتىۋەر ئاياللارمۇ شۇنداق ئاتالغان. (قۇمۇل)

**ئاپتاپخانا** ئى. كۈنگەيلىك. (مەكىت)

**ئاپچىرىماق** رەختلەرنىڭ كىرىشىپ، ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ قۇرۇشۇپ كېتىشى. م: △كۆڭلىكىڭىز ئاپچىراپ قاپتۇ. △ئىشىك ئاپچىراپ قاپتۇ... (ئىلى) (قۇمۇل، تۇرپاندا «ئاپچىماق» دېيىلىدۇ)

**ئاپقۇناق** ئى. دۇتخۇن. تونۇرنىڭ كۈل چىقىرىدىغان تۆشۈكى. (قۇمۇل)

**ئاپساپ** ئى. ئەسۋاب. (لوپنۇر)

**ئاپىتۇللۇغ** سۈپ. مەزمۇت، قاۋۇل. م: ئاپىتۇللۇغ ئادەم ــ قاۋۇل ئادەم. (خوتەن)

**ئاپىرىدە بولماق** پەيدا بولماق، شەكىللەنمەك. (خوتەن)

**ئاتالغۇ** ئى. ئات تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئارغامچا، سالما.

**ئاتىبېشى** ئى. ‹زوئول› يىڭنىغۇچ. (مارالۋېشى چارباغ، مەكىت، ئاقسۇ)

**ئات پەرقى** سۈپ. ناھايىتى، بەك، زور پەرق. م: ھازىر

ئۆتمۈشتىكىدىن ئات پەرقى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. (مەكىت)

**ئاتتام** ئۈن. «ئوھوي، ۋايۋۇي، يائاللا» دېگەندەك ھەيران قېلىش مەنىسىدىكى ئۈندەش سۆز. (تورپان)

**ئاتقۆچ** ئى. رەگەتكە. (ئاقسۇ، تورپان) (بۇ سۆز گۇمىدا «ئاتقاق» دېيىلىدۇ)

**ئاتقۆنە** ئى. ئات، ئاتاق، نام، تەخەللۇس سۆزلىرىنىڭ ئەركىلەتمە ئېيتىلىشى. م: ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم، ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم. ئاتقۆنەڭنى بىلمەيمەن، زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم. (قۇمۇل)

**ئاتۋاقى** ئى. ئەۋلادى ياكى تورى. م: ئۈزۈم ئاتۋاقى — ئۈزۈمنىڭ ھەر خىل تورى.

**ئات ياراتماق** ئاتنى ياخشى بېقىپ، بەيگىگە تەييارلىماق. (ئىلى)

**ئاتىغا** ئى. ۋاڭ - غوجىلارنىڭ ئۆيىدىكى ئېمىكئانىلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئاتىلىشى. (قۇمۇل)

**ئاتىغاز** ئى. ‹زوئول› ئاتا غاز، ئەركەك غاز. (ئىلى)

**ئاتىلا** ئى. ‹يېمەك› بۇلماقسىمان ھالۋا. (قەشقەر، مەكىت يانتاق)

**ئا:جالاپ** ئى. توپ ئېلىپ پارچە ساتىدىغان ئاشلىق سودىگىرى. (كېرىيە)

**ئاجامەت** ئى. لوڭقا. (لوپنۇر)

**ئاجىرىق** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئوت. كۆچ: چىمەن، ئوتلاق. (قۇمۇل)

**ئاجناپ** سۈپ. تويماس، ئېچىرقاپ كەتكەن. م: يۆلىگەنچە سالپىيىپ ياتماق بۆلەك، قوپماق بۆلەك جىسمى شادلىق بۆلەكتۇر، روھى

ئاجناپلىق بۆلەك. (خوتەن) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئازناپ»، «ئاژناپ» مۇ دېيىلىدۇ)

**ئاچارا** ئى. ‹ئانات› چاتىراق. (قۇمۇل. لوپنۇر) (لوپنۇردا بۇ سۆز يەنە «ئالچا» مۇ دېيىلىدۇ)

**ئاچا قۇلاق** ئى. گىلەم دوكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ. (خوتەن)

**ئاچچىغ** ئى. ‹بوت› كۆك تاماكا. (نىيە، كېرىيە)

**ئاچچىغچاي** ئى. ‹زوئول› بوزتىكەن، سوتلىگەن. (قۇمۇل)

**ئاچچىقگۇل** ئى. ‹بوت› ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ قورۇتۇلغان قېقى، گۇلىسى. (كېرىيە)

**ئاچما** ئى. بوز يەر، تىڭ. (كېرىيە)

**ئاچماق** ئى. ئېچىق، باشلام، ئاچما، ئېرىق ئېچىقى. (خوتەن)

**ئاچىكا** ئى. ئاچا، ھەدە (كەمسىتىش ياكى سىلكىشلەش مەنىسىدە). (ئاقسۇ)

**ئاخپۇت** ئى. ئاپقۇت. م: ئۆتتوگە لاخپۇت، ئۆتوككە ئاخپۇت ـ ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتوككە ئاپقۇت. (لوپنۇر)

**ئاخشىمارا** ئى. ‹بوت› نامازشامگۇل. (قۇمۇل. تۇرپان)

**ئاخىرەت تون** ئى. كېپەنلىك. (نىيە)

**ئادا** ئى. توپا قەبرە. (مارالۋېشى چارباغ)

**ئادا بولماق** ئۈپىراپ توگىمەك؛ توگىشىپ كەتمەك. م: دەردىڭدە ئادا بولدۇم، كويۇڭدا جۇدا بولدۇم. (قۇمۇل)

**ئادارگۇل** ئى. ‹بوت› قىزىلگۇل. (خوتەن)

**ئاداسقا** ئى. ئاتا ـ ئانىلاردىن قالغان تەۋەررۈك كونا نەرسىلەر. (ئىلى)

**ئاداغ** رەۋ. ئاخىر، ئاداق، ئاداققى. م: ئاداغى بۇ

www.uyghurkitap.com

مەسىلە تۆت ـ بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى ــ ئاخىر بۇ مەسىلە بىلەن تۆت ـ بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. (خوتەن)

**ئادە** ئى. يىراقتىن كۆرۈنگەن بەلگە ياكى سېلىپ قويۇلغان بەلگە. (لوپنۇر)

**ئادى** سۈپ. ئېگىز، ئېگىز بوي. م: «ئەمىر قىلسام ئەرشمۇ تىترەيدۇ» دېبان، مەيدە قاققان ئادى پالۋانلار قېنى. (خوتەن)

**ئاراچ** ئى. ئاچال، يولنىڭ ئايرىلىدىغان يېرى، ئىككى كوچا ئۆتۈشكەن جاي. (مارالۋېشى)

**ئاراشتا قالماق** ئارىدا قالماق، ئىككىلىنەمەك.

**ئارالىق** ئى. پارا. م: ئارالىق يېمەك ــ پارا يېمەك. (لوپنۇر)

**ئاران 1** ئى. (يېم) سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىق. (مارالۋېشى چارباغ)

**ئاران 2** ئى. (بىن) ئېغىل، قوتان. (خوتەن)

**ئارەچ** ئى. پەگاھ، بوسۇغا بىلەن سۆپا ئارىلىقىدىكى بوشلۇق يەر. (كېرىيە)

**ئارەك** ئى. (دېھ) قىرنىڭ ئېچىگە، يەنى زىرائەتنىڭ تۈۋىگە تارتىلغان كىچىك ئېرىق. (نىيە، كېرىيە)

**ئارەن** ئى. يامغۇر. م: سىم ـ سىم ئارەن ــ سىم ـ سىم يامغۇر. (لوپنۇر)

**ئارپا تەكسى** ئى. ئارپا پىششىقدا پىشىدىغان شاپتۇل. («تەكە» مۇ دېيىلىدۇ) (خوتەن)

**ئارچا** ئى. سۆزمە. (قۇمۇل)

**ئارچاڭ** ئى. خامۇت ئاياق. (قۇمۇل)

**ئارچىمبەل** ئى. گەزلىمە، رەخت. م: ئارچىمبەلدە تون

كىيىپسىز ياقاسىنى بۇزماڭ. (لوپنۇر)

**ئارداق 1** سۈپ. ئەتىۋار. م: مېلى تولىنىڭ مېلى ئارداق، (ئەتىۋار) بالىسى تولىنىڭ بالىسى ئارداق (ئەتىۋار) (ماقال). (قۇمۇل)

**ئارداق 2** سۈپ. ئېچىغان، سېسىغان، بۇزۇلغان. م: ئارداق قوغۇن. (قۇمۇل)

**ئاردىماق** ئېچىماق، سېسىماق، بۇزۇلماق. (قۇمۇل)

**ئاردىماس** سۈپ. خورىماس، غەم يېمەس. (قۇمۇل)

**ئارزۇ- نىياز** سۈپ. مەقسەت، نىيەت. م: كۈن كۆرۈشنى ئارزۇ- نىياز قىلمامسەن... (خوتەن)

**ئارغامچا قاتقۇچ** ئى. قويچىلار ئىشلىتىدىغان نەرسە. (تۇرپان)

**ئارغۇن** سۈپ. شالغۇت. (يېڭىسار)

**ئارقال** ئى. ‹زوئول› ئارقار، ياۋا قوينىڭ چىشىسى. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**ئارقۇلوت** ئى. ‹بوت› يايلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**ئارقىن** ئى. سۇ يالاپ ئۆيۈۋەتكەن جاي. (قۇمۇل)

**ئارۇنچىلى** سۈپ. ئازغىنا. (نىيە)

**ئارۋاق** ئى. سېھىر، ئەپسۇن، كۆز باغلاش، ھىيلە- نەيرەڭ. (قۇمۇل)

**ئارىچولا** سۈپ. بوش، بىكار ۋاقىت. (قۇمۇل)

**ئارىز** ئى. ‹بوت› بىر خىل دەرەخ.

**ئارىستە** سۈپ. بوش، خالىي. (قەشقەر)

**ئارىش** ئى. ئاچال، يول ياكى سۇنىڭ ئىككىگە ئايرىلغان يېرى. (ئىلى، كۇچا)

**ئارىلىق** ئى. كارىدور، تاشقىرىقى ئۆي: ھويلا، قورۇ. (قۇمۇل، تۇرپان)

**ئازغاق** ئى. ‹زوئول› ئازغى ئات. قورساق قىسمى ئاقۇچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگەن تورۇق ئات. (تۇرپان)

**ئازگالچى** ئى. بۇزۇق، يولدىن چىققان، تاپتىن چىققان (ئايال). م: داپ بولاپ كەتكەن ئازگالچى... (مەكىت)

**ئازما** ئى. شارقىراتما، ئازگال. ئېگىزدىن چۈشكەن سۇ ئويۇۋەتكەن جاي، ئېرىق- ئۆستەڭلەردىكى كىچىك شارقىراتما؛ سۇ توسمىسى. (خوتەن، كېرىيە. نىيە) (بۇ سۆز مەكىتتە «ئازمەت» دېيىلىدۇ)

**ئازمان 1** سۈپ. كۆچ: ياۋاش. م: مۇختەر بايمۇ چىچاتقۇيتەرمىكىن دېسەك، ئازمان بولۇپ قالدى. (ئىلى)

**ئازمان 2** ئى. ‹زوئول› ئىرىك قوي. (كېرىيە)

**ئازنىماق** ئاتنىڭ كىشنىشى، ئەركەك ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى. م: △ بۇقا ئازنىدى: △ ئارغىماغى ئازنايدۇ. (ئىلى، لوپنۇر)

**ئاس** يۈك. «ئېھتىمال، بەلكىم، شۇنداق بولسا كېرەك» مەنىلىرىدىكى يۈكلىمە. (قۇمۇل)

**ئاستى~ئەستى** سۈپ. ئەسلىي. م: بۇ ئۈزۈك ئەستى بىززىلىك (بىزنىڭ) ئۈزۈك ئىدى. (لوپنۇر)

**ئاسقا** ئى. يولدىكى يامغۇر- يېشىندا تاغدىن چۈشكەن تاش پارچىلىرى. م: ئاتلار ئاسقىغا كىرىپ قالسا چىقالمايدۇ. (قۇمۇل)

**ئاسقاق** ئى. تىرنا. (پىچان)

**ئاسقۇ تاش** ئى. تۈگمەن تېشىنىڭ ئۈستىدىكى تاش. م: تۈگمەننى تۈگمەن قىلغان ئاسقۇ تېشى، ئەرنى ئەر قىلغان مەزلۇم كىشى. (ماقال) (كېرىيە)

**ئاسقىلىق** ئى. يامغۇر- يېشىندا تاغدىن تاش پارچىلىرى

ئىقىپ چۈشكەن جاي. (قۇمۇل)

**ئاسلىماق** قورساق ئاچماق، ئىچىرقىماق. م: داستىخاندا نان ئەۋەتتىم ئاسلاپ قالسا يېسۇن دەپ. (لوپنۇر)

**ئاسمان تاپىلاق** سۈپ. هاۋا تاپان.

**ئاسىغ** سۈپ. پايدا، نەپ. م: بۇ ئىش ساڭا ئاسىغ بەرمەيدۇ — بۇ ئىش ساڭا پايدا بەرمەيدۇ. (قۇمۇل)

**ئاسىغدىماق** ئەتىۋارلىماق، كۆزى قىيماسلىق، قىسىنماق. م: △ هالى قالماي ئاسىغداپ، باي - بەگلەرگە قوي سويۇپ؛ △ كالا سويۇپ ئاسىغداپ، تارىلغۇدا يىيىشكە. (لوپنۇر)

**ئاسقىماق** ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، هولۇقماق، چۆچۈمەك. م: سوپىگۈلۈمنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كېتىدۇ. (قەشقەر، خوتەن)

**ئا:سلىق** ئى. ‹دېھ› ئوسا قىلىنغان يەر. (خوتەن)

**ئاش** ئى. ‹يېم› پولۇ. (تۇرپان، ئىلى) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «قويۇقئاش» مۇ دېيىلىدۇ)

**ئاشپىت** سۈپ. ‹ئىد› بېخىل، پىخسىق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «كۆزى ئاچ» مەنىسىدە كېلىدۇ)

**ئاشقورا~گەردىن** ئى. چوڭ چىنە، ئاپقۇر چىنە. (قۇمۇل)

**ئاشقۇنچە** سۈپ. ئارتۇق، ئوشۇق، ياخشى، ئۈستۈن. (قۇمۇل)

**ئاشلىما** ئى. تېرە جۇۋا، ئەستەرسىز، تېشى يوق جۇۋا. (مەكىت يانتاق)

**ئاشورۇغى** سۈپ. ئاچ كۆز، تويماس. (قۇمۇل)

**ئاشۇت** ئى. ئاش - تاماق. (قۇمۇل)

**ئاشىنماق** خالىماق، ئىختىيار قىلماق. م: ئاشىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەيمىكەن؟ ــ ئۆزى خالاپ كېلەمدىكەن؟ (لوپنۇر)

**ئاغا 1** ئى. يۇرت چوڭى، ئاقساقال، ھاكىم. م: ئاغاسىز ئەل بولماس، ياقاسىز تون. (ماقال) (لوپنۇر)

**ئاغا 2** ئى. ئاكا. (پىچان تۈيۇق)

**ئاغاداش** ئى. يېقىن كۆرگەن كىشىنى چاقىرغاندىكى بىر خىل ئاتىلىش (ئاداشقا ئوخشاش).

**ئاغالاماق** كۆيلىمەك؛ بەزلىمەك، گوللىماق. م: △ۋەتەننى ئاغالاماق ــ ۋەتەننى كۆيلىمەك؛ △كېتەدىمەن ئەسكى تارىم ياقالاپ، يۇرۇيدىمەن مەن دەردىمنى ئاغالاپ. (لوپنۇر)

**ئاغامچى** مىق. ئۆزۈنلۈق بىرلىكى. م: ئاتمىش ئاغامچى.

**ئاغدا:ما** ئى. موللاقچى ھارۋا. توپا ئاغدۇرىدىغان ھارۋا. (مەكىت يانتاق)

**ئاغرامچا** ئى. ئارغامچا. (قۇمۇل، كەلپىن)

**ئاغزاق** ئى. ‹زوئول› پۇتلىرى ئاق، تۇمشۇقى، كۆزنىڭ چۆرىسى ئاقۇچ ئات. (مەكىت)

**ئاغلاقچى** ئى. ھەيدىگۈچى، سۈيلىگۈچى، نازارەتچى؛ چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى. (ئىلى)

**ئاغلىق** ئى. تامبال، كالتە ئىشتان. (كېرىيە دەريا بويى)

**ئاغماق** ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك، چىقماق. م: △ داۋانغا ئاغدى ــ داۋانغا چىقتى؛ △بۇلۇت ئاغدى ــ بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. (قۇمۇل، قەشقەر پاخپۇ، خوتەن)

**ئاغۇشتە بولماق** ئارىلاشماق. م: تۈپىراققا ئاغۇشتە بولدى ــ توپىغا ئارىلاشتى. (ئىلى، قۇمۇل)

**ئاغى** ئى. باھانە، سەۋەب؛ دالدا، ئارا. م: △تولا ئاغى قىلما ــ تولا سەۋەب كۆرسەتمە؛ △ سوغۇق ۋە

ئاچلىققا ئاغى (دالدا) بولارمىكىن. (قەشقەر)

**ئاغىچا** ئى. ئاغىچا يوغۇچ، قازان يوغۇچ. (ئىلى، خوتەن قاراڭغۇتاغ)

**ئاغىدىماق** قېيدىماق، يامانلىماق، باتىنىماق. (قەشقەر)

**ئاغىز ياپۇق** ئى. باشقىلارنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن بەرگەن نەپ. (لوپنۇر)

**ئاغىنىت** ئى. خوجىدار، خوجايىن. (كېرىيە)

**ئاقئاش 1** ئى. ‹يېم› سۇتئاش. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**ئاق ئاش 2** ئى. ‹يېم› قورۇمىسىز لەغمەن، لەغمەننىڭ چۆپى. (مەكىت)

**ئاق ئانا** ئى. هامما. (مەكىت)

**ئاقبالداق** ئى. ‹يېم› قازاندا ئېتىلدۇرۇلغان قوناق، قوماچ. م: قازاندا ئېتىلدۇرغان ئاقبالداقتەك... (قەشقەر)

**ئاق بۇغداچ** ئى. ‹بوت› بىر خىل كۆكتات. قىزىل بۇغداچنىڭ ئېقى. (قەشقەر)

**ئاق پوستەك** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىلى. رەڭگى قاپاقنىڭكىگە ئوخشايدۇ. (كۇچا)

**ئاق پۇسىملاق** سۈپ. ئاق پىشماق، ئاق هەم دۇغىلاق. م: ئايخاننىڭ ئاق پۇسىملاق يۈزى گۈرەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى. (ئىلى)

**ئاق پېجە** ئى. پۈتنىڭ ئۈچى بىلەن تەڭ تىكىلگەن ئايالچە پەرىجە. (قەشقەر)

**ئاق تاپان** سۈپ. ئالدامچى، قويمىچى. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**ئاق توغاچ** ئى. ‹بوت› توغاچنىڭ بىر تۈرى. (قەشقەر)

**ئاقتۇرما** ئى. ‹بوت› تۇرۇپ. م: قىزىل ئاقتۇرما ـ قىزىل تۇرۇپ. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، لوپنۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئاقۋاشوت** ئى. ‹بوت› ئاق باش ئوت (تاغ چوققىلىرىدا ئۆسىدىغان ئوت. ئاياللار تۇغۇت ئىچىدە يۇيۇنۇشقا ئىشلىتىدۇ). (قۇمۇل)

**ئاق چاپان** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. (كېرىيە)

**ئاق چاڭگاك** ئى. ‹بوت› ئۇغرى تىكەن. (لوپنۇر)

**ئاق چاي** ئى. ئەتكەن چاي، سۇتلۇك چاي. (مارالۋېشى چارباغ)

**ئاق چوققا** سۈپ. چوققىسىدا ئېقى بار (قوي). (تۇرپان)

**ئاق چىراغ** ئى. توي ئېشى. (تارىم)

**ئاق دادا** ئى. بوۋا. (خوتەن قاراقاغۇتاغ)

**ئاق دىيان ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› تۇكلۇك ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى، يوغان بولىدۇ. (قەشقەر)

**ئاق سەغىز** ئى. بور. (لوپنۇر)

**ئاق سەھنە** ئى. پېشايۋان. (كېرىيە)

**ئاق سۈيى** ئى. ‹دېھ› ئوسا. (پىچان)

**ئاقسىرىماق** ياخشى تاماقسىرىماق، گۆشسىرىمەك، ياغسىرىماق. (قەشقەر)

**ئاق شەكەر** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر تۈرى. (قەشقەر)

**ئاقشىن** سۈپ. ئاق سېرىق. (لوپنۇر)

**ئاققاراق** ئى. ‹ئانات› كۆز ئېقى. (لوپنۇر)

**ئاققاش بۇلبۇل** ئى. ‹زوئول› تومۇچۇق. (خوتەن)

**ئاق قۇغلۇق** ئى. ‹بوت› سەللىگۈل. (خوتەن)

**ئاق كۆن** ئى. بوشىنىدىغان كۆن، تۇغىدىغان كۆن، تۇغۇت كۆنى. م: △ئاق كۆنى يېقىنلىشىپ قالدى؛ △ ئاق كۆنى توشماي تۇغۇپ قويدى. (قۇمۇل)

**ئاق لەگلەك** ئى. ‹زوئول› ئاق تۇرنا. (قەشقەر)

**ئاق نان** ئى. ‹يېم› يوغان ھەم نېپىزرەك كەلگەن نان.

**ئاق ناۋات ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› كۆزنى ناۋات سۈيىگە چىلاپ ئۆلاشتىن بولغان ئۆرۈك. (قەشقەر)

**ئاق ھەدە** ئى. چوڭ ياشلىق ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق ئاتىلىدۇ. (ئىلى)

**ئاقوت** ئى. ‹بوت› يايلاقتا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**ئاق ئۆپكە** سۈپ. يالاڭ تۆش، سەھرالىق. (قەشقەر)

**ئاق ئۆي** ئى. كىگىز ئۆي. (قۇمۇل)

**ئاقۇۋاق** ئى. ‹بوت› ئاق ئۇۋاق، قامغاققا ئوخشايدىغان، يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**ئاقۋېلەك** ئى. (بوت) يېسىۋىلەك، بەسەي. (قۇمۇل)

**ئاق ياغاچ** ئى. بىر خىل باللار ئويۇنى. بۇ ئويۇن ئايدىڭدا ئوينىلىدۇ. ئاق ياغاچنى بىر كىشى يىراققا ئاتىدۇ، كىم شۇ ياغاچنى تېپىپ، «ئانىكام» (پەللە)غا ئەكىلىپ بەرسە، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. (مەكىت يانتاق)

**ئاق يەم** ئى. قارچىغىنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۈچۈن قەنتكە مىلەپ بېرىلىدىغان يەم. (ئىلى)

**ئاق يۇلتۇز** ئى. ‹ئاست› زۆھرە يۇلتۇز، ۋېنېرا. (قۇمۇل)

**ئاكىچا** ئى. «ئاكا» سۆزىنىڭ ھۆرمەت ۋە ئەركىلەتمە شەكلى: ئۆز ئاكىسى؛ ياشتا چوڭلارنىڭ ئاتىلىشى. (شايار، كۇچا)

**ئاگىلىشتىۋۇرۇ(ن)‹ئاگال ئىشتىن بۇرۇن** رەۋ. ئاۋۋال، ئاللىبۇرۇن، ئىشتىن بۇرۇن. (قۇمۇل)

**ئاگاي** ئى. گۆر، قەبرە، مازار. م: △ئاگاي (گۆر) كالاش (كولاش)؛ △ئاگايلىق ـ گۆرلۈك. (لوپنۇر)

**ئاگرا~ئاگرى** سۈپ. ئاجىز، جانسىز، ئاغرىقچان، ئورۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناچار؛ نامرات. (كۇچا، لوپنۇر، كېرىيە)

**ئاگۇ** ئال. ئاۋۇ. (كېرىيە)

**ئاڭۋالا** باغ. شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا. م: ئاڭۋالا ئوقۇشلا(ر)نى جىق ئوقۇمىغان. (تۇرپان، قومۇل، پىچان، توقسۇن)

**ئاڭشىرىماق** قاۋىماق، ھاۋشىماق. م: ئىت ئاڭشىرىپ ياتادۇ (قاۋاۋاتىدۇ). (لوپنۇر)

**ئاڭقا** سۈپ. يارىماس. (خوتەن)

**ئاڭقىماق** چاڭقىماق، ئۇسسىماق. (قومۇل، لوپنۇر)

**ئال** ئى. چاقماق، چېقىن. (كېرىيە)

**ئالا باغىر** سۈپ. ئالا كۆڭۈل، ۋاپاسىز. (لوپنۇر)

**ئالا بوياق** سۈپ. تۇراقسىز، شاللاق. (لوپنۇر)

**ئالا بويناق** ئى. ئالا بويۇن. م: ئالا بويناق قالغاچ ـ ئالا بويۇن قارلىغاچ. (دولان)

**ئالا تارىماق** ئېتىزنىڭ سۇ چىقمىغان يېرىگە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئېرىقچە ئالماق. (ئىلى)

**ئالارمەن** ئى. قول سوزغۇچى، قول سۇنغۇچى. (لوپنۇر)

**ئالاغالاپ** سۈپ. يالغانچى، ئالجوقا، شەككاك. (كېرىيە (بۇ سۆز قەشقەردە «ئالغلەپ» دېيىلىدۇ)

**ئالاغۇرالداي** سۈپ. قاپباش. (تۇرپان ئاستانە)

**ئالا ـ قۇرا** سۈپ. ئالا ـ بۇلىماچ. (قومۇل، لوپنۇر)

**ئالاكا** ئى. ئاكا، ئاغا. (تۇرپان)

**ئالا كۆتىلەك بولماق** سۈپ. بىسەرەمجان بولماق، ئۈيمەك. م: كۆڭلى يەنە ئالا كۆتىلەك بولۇپ... (ئاتۇش)

**ئالا كېچە** سۈپ. يېرىم كېچە، ئوتتۇرا كېچە م: بۇ ئالا كېچىدە نېمە قىلىسەن؟ (خوتەن)

**ئالالاك** سۈپ. ئالا، ئالا ـ بولا. شالالاك. م: بۇغدايلار ئالالاك بوپتۇ. (قومۇل)

**ئالاڭغۇ** سۈپ. ئېگىز- پەس، رېتىمسىز، قالايمىقان. م: ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى... (قەشقەر)

**ئالاڭغىرىماق** ئېچىرقىماق. (قۇمۇل، تۇرپان)

**ئالاڭلىق** سۈپ. پاراكەندىچىلىك، خاتىرجەمسىزلىك، مالىمانچىلىق، قالايمىقانچىلىق؛ بوشلۇق. (قۇمۇل، مەكىت، خوتەن)

**ئالاڭلىماق** ئېچىلماق. م: ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ. يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ، مەن يارغا نېمە قىلغان، يار مەندىن يامانلاپتۇ. (قەشقەر)

**ئالاۋۇدۇن** سۈپ. قىلمايدىغان ئىشى يوق، بەك يامان، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان. (نىيە)

**ئالەك** ئى. ‹تېب› ئاق كېسەل، بەرەس. (خوتەن، نىيە)

**ئالتاماق** ئاتلىماق. م: قىز ئوتتو (ئوتنى) ئالتاپ (ئاتلاپ) ئۆيگۆ (ئۆيگە) كىرەدىكەن. (لوپنۇر)

**ئالتۇن قوڭغۇز** ئى. ‹زوئول› ئوت- چۆپلەرگە يېپىشىۋالىدىغان، رەڭگى قارامتۇل كۆك كېلىدىغان قوڭغۇز. (تۇرپان)

**ئالتۇنچى** ئى. زەرگەر. (قۇمۇل)

**ئالتىن** رەۋ. ئاستى، تېگى. م:△ئالتىندا سالغىنچا يوق — ئاستىدا سېلىنچا يوق؛△ سەھەردە ناغرا چالدى ئاڭلاندى ئۈنى، ئالتىندا كۆك ئارغىماق يەتكەندۇ كۈنى؛△ بوسۇغىنىڭ ئالتىنغا كۆمەگلىك. (لوپنۇر، خوتەن، قۇمۇل)

**ئالتىۋارىم** سۈپ. ئالىجوقا، تۇراقسىز. (قۇمۇل)

**ئالچا** ئى. چوڭ خوتۇن، بۇرۇنقى دەۋردىكى بەگ- پادىشاھلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ چوڭى. م: ئوغۇزخان ئالچىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ... (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئالچاغا** رەۋ. شۇ ئاردا، شۇ ئارىلىقتا، شۇ ئەسنادا. م: ئالچاغا كەسەل بولۇپ... (لوپنۇر)

**ئالچاغىلىماق** ئاچچىقلىماق. (كېرىيە)

**ئالچۇق** ئى. ‹بىن› ئېتىزلىقتىكى تۆت ئەتراپى توسۇلغان، تۆپىسىگە ياغاچ، شاخ ـ شۇمبىلار يېپىلغان، ئادەم ئولتۇرىدىغان قورۇلما، كەپە. (لوپنۇر، پىچان، تورپان، قۇمۇل)

**ئالچىغاي** سۈپ. تاش مايماق. (ئاقسۇ قارىتال)

**ئالدىپەش** سۈپ. ھەممە ئىشتا ئالدىدا شاپاشلايدىغان، ئالدىدا چاپىدىغان (ئادەم). م: كۆڭلى ئالا گەپدانلارغا «ئالدىپەش» بولسام. (خوتەن، كېرىيە)

**ئالدىغا بارماق** تويدا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە چاي ئاپارماق. (شايار)

**ئالغاق** ئى. تاغنىڭ ئالا كۆرۈنىدىغان جايى. (قۇمۇل)

**ئالقىۋاسى** ئال. ھېلىقى، ھەممىسى، ھەننىۋاسى.

**ئاللا ئېيتماق** كېچىدە قوشاق ئېيتماق، كىشىلەرنى زورىغا ئويغاتماق. (ئىلى)

**ئاللى** رەۋ. ئالدى. م: ئىشىك ئاللى ــ ئىشىك ئالدى. (لوپنۇر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئايلى» دېيىلىدۇ)

**ئاللىچى راۋاب** ئى. ‹مۇز› قويچى راۋابى. (نىيە)

**ئالمان** سۈپ. ئىتتىك، تېز، چاققان، تېز ئالىدىغان؛ باتۇر. م: ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك (ماقال) (ئاقسۇ، كېرىيە، ئىلى)

**ئالمانچۇق** ئى. ‹زوئول› پاتمىچۇق. (لوپنۇر)

**ئالۇدە بولماق** ئىچى ئېلىشماق. (قەشقەر)

**ئالۇن** ئى. ئېرىتىقۇ، سەراپ. (قۇمۇل، خوتەن)

(لوپنۇردا بۇ سۆز «ئالۋىن» دېيىلىدۇ)

**ئالىپاساق** سۈپ. ئالا ـ چىپار. (قەشقەر)

**ئالىپتە** سۈپ. كاتتا، چىرايلىق. (قەشقەر)

**ئالىچا** ئى. كاتەكچە قىلىپ بويالغان ماتا. (خوتەن)

**ئالىكۈلۈك** ئى. ‹زوئول› ئالىقوڭغۇز. (ئىلى)

**ئام 1** ئى. ‹ئانات› چىشى جىنسىنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (مەكىت)

**ئام 2** ئى. ئاۋام، پۇقرا. (خوتەن)

**ئاماچ** ئى. قارا، نىشان. ئوق ئېتىش سىناق نىشانى. (خوتەن)

**ئامغاي** ئى. قورسىقى كۆپۈپ قالغان كالىلارنىڭ داۋالىق كۆشەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىپ ئىككى چېتىدىن باغلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ. (ئىلى)

**ئامان ئالماي** رەۋ. توختىماي، دائىم. (گۇما)

**ئان** باغ. «ھە، ئاندىن، يەنە، ئاندىن كېيىن، يەنىچۇ، شۇچاغدا» دېگەن مەنىلەردىكى باغلىغۇچى. م: شۇ مەسلەتكە كېشىسىلە، ئان قىلىلى توينى، دەپتۇ ــ شۇ مەسلىھەتكە كېلىشىسىلە، ئاندىن قىلايلى توينى، دەپتۇ. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**ئانا** ئى. موما. (پىچان تۇيۇق)

**ئاناي** سۈپ. بوزەك، ئانىي. م: ئاناي تاپماق ــ بوزەك قىلماق. (قۇمۇل)

**ئانايى** سۈپ. ئاسان، ئوڭاي. (قۇمۇل)

**ئانايىچىلىق** سۈپ. ئاسانچىلىق، ئوڭايچىلىق. (قۇمۇل)

**ئانچىنان** ئال. شۇنچىلىك، شۇ قەدەر، خېلى. (خوتەن)

**ئانجىرغا** سۈپ. ئورۇق، ئاۋاق، يېگىنى چىرايىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقمايدىغان. (تۇرپان)

**ئاندەك** سۆپ. بىردەم، ئازراق، بىرئاز. م: جانابلار بۇ يەردە ئاندەك ھاۋالىنىپ... (خوتەن) (قەشقەردە «ئەندەك» دېيىلىدۇ)

**ئاندىز~ئاندىزگەندە~ئاندىنىمىزگەندە** ئال. ئاندىن، ئاندىن كېيىن، شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە. (نىيە) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «ئانكىمزىزە» دېيىلىدۇ)

**ئاڭغىچىلىك** رەۋ. ئۇنىڭغا قەدەر، شۇ ۋاقىتقا قەدەر، شۇنىڭغىچە. (تۇرپان، ئىلى)

**ئانجىرغا** سۆپ. ئۇرۇق، ئاۋاق، يىگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان. (تۇرپان، ئىلى)

**ئانىي تاپماق** زاڭلىق قىلماق. (قاغىلىق)

**ئانىكا** ئى. «ئانا» سۆزىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى. (كېرىيە)

**ئانىكام** ئى. چوڭ ئانام. (قەشقەر)

**ئاھادا قىلماق** تەنە قىلماق، ئاداۋەتنى تەكرارلىماق. (خوتەن)

**ئاھاڭراۋا** ئى. ماگىنىت. (قۇمۇل)

**ئاۋا 1** سۆپ. جۇپ، بىللە؛ سەگەك، ھوشيار؛ يېقىنلىقىنى، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، كىچىك بالىلىرىنى ئەتىۋارلاپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ شۇنداق ئاتايدۇ. م:△ئاۋا بېرىكەل، سېنى ئىلداپ قويماي؛ △ئاللا يارىم بىز ئىككۆيلەن ئاۋا بولالى. (لوپنۇر)

**ئاۋا 2** ئى. ئاتا، دادا. م: ئاۋاڭنى ئاشىنى چىقار، ئارام كالانى ياغىغا — ئاتاڭنىڭ نەزىرىنى بەرگىن، ھارام كالىنىڭ يېغى بىلەن. (لوپنۇر)

**ئاۋاپ** سۆپ. ئالدامچى، بىشەم. م:△كۆڭلۈمنى

بىرەرمەنمۇ ۋاپاسى يوق ئاۋاپقا؛ △شۇنچىلىكنى بىلگەن تۇرۇپ ئەمدى بىز، تەييارلامدۇق ئىزباسارنى «ئاۋاپ»تىن. (خوتەن)

**ئاۋاخچى** ئى. باخشى، داخان. (قەشقەر)

**ئاۋارىز** ئى. ئارزۇ، ئارمان، تەلەپ. (قۇمۇل)

**ئاۋرىق** ئى. ئاغرىق. (كېرىيە)

**ئاۋلاق** ئى. ئوۋ قىلىدىغان جاي؛ ئوۋ ھايۋانلىرى ياشايدىغان جاي. (ئىلى)

**ئاۋلىستا قالماق** ۋاقتى ئۆتمەك. (نىيە)

**ئاۋۇرماق** ئېتىلماق، ياماشماق. م: △ئىت ئادەمگە ئاۋۇرۇپ تۇرادۇ — ئىت ئادەمگە يامىشىپ تۇرىدۇ؛ △يولۋاس ئۇنىڭغا ئاۋۇرۇپ كەلدى. (لوپنۇر)

**ئاۋۇش** ئى. باخشىلارنىڭ داپ چېلىپ ئېيتقان قوشىقى. م: △مۇڭلۇق يەتتە ئاۋۇشنىڭ سېھرىي كۈچى... △داپ چېلىپ ئاۋۇشلىرىچۇ (ئىلى)

**ئاۋۇشقا** ئى. بوۋاي، قېرى. م: توقسۇن ياشتىق ئاۋۇشقا (لوپنۇر)

**ئاۋۇغاي** سۈپ. ئاۋاق، ئورۇق. م: ئاۋۇغاي بالا — ئاۋاق بالا. (لوپنۇر)

**ئاۋۇلىماق** غەيۋەت قىلماق، يامانلاپ بەرمەك. م: مېنى ئۇنىڭغا ئاۋۇلاپ (يامانلاپ) بېرىپتۇ. (قۇمۇل)

**ئاۋۇي قىلماق** تەپ تارتماق، تۈزۈت قىلماق، ئەيىبىنى يوشۇرماق. (خوتەن، نىيە)

**ئاۋىي** ئى. ھىلى. (قۇمۇل)

**ئاياغ~ئاياق** ئى. چۆچەك، ياغاچتىن ئويۇپ، يونۇپ ياسالغان

www.uyghurkitap.com

تاماق قاچىسى. (تۇرپان، مەكىت، نىيە،
كېرىيە كۆكمەت)

**ئاياق سالماق** ‹دېھ› بۇغداينى تېپىش ئۇچۇن ئۇنچىلەرنى خامان ئوتتۇرىسىغا دائىرە شەكلىدە يېيىپ قويماق. (ئىلى)

**ئاياق ـ قوشۇق** ئى. قاچا ـ قۇچا، قاچا ـ قومۇش. (قاغىلىق)

**ئاياغۇ~ياغۇ** ئى. ئەكس سادا، يانغۇ. (لوپنۇر)

**ئايانماق** ئايىنماق. (قۇمۇل)

**ئاياياغ** ئى. نان يايىدىغان (راسلايدىغان) ئاياق. (نىيە)

**ئايپاك (باش)** ئى. پاينەك (باش). (پىچان)

**ئايجېجەم** ئى. ئاي موماي. م: ئايجېجەم (ئاي موماي) كەلدى. (قۇمۇل)

**ئايدىلەك** سۇپ. غىل ـ پال، غۇۋا. م: ئۇ بىر گەۋدىنى ئايدىلەك كۆرۈپ قالدى. (خوتەن)

**ئايسىخان كۆكچى~ئايغاق كۆكچىسى** ئى. ‹بوت› قوغۇنىنىڭ بىر خىل سورتى. (پىچان)

**ئايغاگزا** ئى. ھالقا، سۆكە. (كېرىيە دەريا بويى)

**ئايغىباقار** ئى. ‹بوت› ئاپتاپپەرەس. (قۇمۇل)

**ئايلا** ئى. ئاچا، ھەدە، يەڭگە؛ ئۆزىدىن چوڭ ياشلىق يات ئاياللارنىمۇ شۇنداق ئاتايدۇ. (تۇرپان، پىچان)

**ئايلاك** ئى. توي ناخشىسى (تۇرپان قاراغوجا)

**ئايلانما ھەرە** ئى. ياغاچنى ئويىدىغان ھەرە. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**ئايلۇ** ئى. قارانچۇق. م: مەن ئايلۇمدىم ـ مەن قارانچۇقمىدىم. (لوپنۇر)

**ئايلىتارتقۇچ** ئى. شالداما، شالدۇرۇق. (قۇمۇل)

**ئايلىكا** ئى. يەڭگە، ئاچا. ياشتا چوڭ ئاياللارنى

ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدىغان سۆز؛ كۆچ: ھەممىگە ئارىلىشىۋالىدىغان كىچىك قىزلارنى سىلكىشلەپ ئېيتىلىدىغان سۆز. (نىيە، كېرىيە، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**ئايلىم ئاچا** ئى. قېرى ئايال، ياشتا چوڭ ئايال. م: ئېشىكىم نېمە بىلەر كونجۇرە- ناۋاتنىڭ قەدرىنى، ئايلىم ئاچام نېمە بىلەر دۇمبە- تۆشنىڭ قەدرىنى. (ماقال) (نىيە)

**ئايمۇق~ئايمىق** ئى. قىشتا كۆممەي سوغۇققا چىدامliق قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئۇزۇم تېلى. (كېرىيە، نىيە)

**ئاينالۇ** ئى. ‹بوت› ئەينۇلا. م: مەن باغىڭغا كىرمەيمەن، ئاينالۇڭغۇ ئۇزمەيمەن. (لوپنۇر)

**ئايۋانچا~ئايۋانچە** ئى. ‹بىن› شىپاڭ؛ لاپاس، دەرۋازىنىڭ ئۇستىگە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان قۇرۇلما، ئىككى تەرىپى ئوچۇق كېلىدۇ. (تۇرپان)

**ئايۋاي** سۇپ. تىنچسىز، بىسەرەمچان. (گوما)

# ئە

**ئە- ئە** ئۇن. ئەجەبلىنىش، ياراتماسلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇندەش سۆز. (قومۇل)

**ئەبەي** ئۇن. ئەجەبلىنىش، قورقۇش مەنىلىرىدىكى ئۇندەش سۆز. (تۇرپان)

**ئەبجۇش~ئەنجۇش** ئى. بىتون، بىر خىل قاتتىق جىسىم. م: △بۇ باغنىڭ يوللىرى مەرمەردىن، دەرۋازىسى ئەبجۇشتىن ياسالغان ئىدى؛△ئەنجۇشتىن ياسالغان ئۇمۇت. (كېرىيە)

**ئەپشىمەك** ئەسنىمەك. (قومۇل، لوپنۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئەپلەك نان** ئى. 〈يېمە〉 بىر خىل نان. (ئاتۇش)

**ئەتتىكەن** ئى. 〈تېب〉 تىرناق تۈۋىگە چىقىدىغان جاراھەت، سەينەك. (شايار)

**ئەتلەم** سۈپ. ھارامدىن بولغان. (قۇمۇل)

**ئەتلەنمەك** سەمرىمەك. (قۇمۇل، خوتەن)

**ئەجەپتەك** سۈپ. ئاجايىپ، بىر قىسما، غەلىتە. م: زەدەم قايناپ ئەجەپتەك بولۇپ قالدىم... (خوتەن)

**ئەجەللىمەك** ئات. قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قېلىشىغا قارىتىلىدۇ. (كېرىيە)

**ئەجىگىي** ئى. 〈يېمە〉 قۇرۇق پىشلاق. (قۇمۇل)

**ئەجىم ـ ئەجىم** سۈپ. ئەگرى ـ بۈگرى. م: ئاپئاق چاچلىرىغا، ئەجىم ـ ئەجىم قورۇقلىرىغا... (خوتەن)

**ئەدەسسىز** سۈپ. كۆپ، جىق؛ بەكمۇ، ناھايىتىمۇ. م: مەن ئەدەسسىز قورقتۇم ئەينا... (خوتەن)

**ئەدرەمكەش** ئى. دەرەپشىنىڭ چوڭى. توقۇم تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان 20 س. م ئۇزۇنلۇقتىكى، ناسوستەك تۇتقۇچى بار، بىگىزسىمان ئەسۋاب. (كېرىيە) (بۇ سۆز مەكىت يانتاقتا «ئەدرەڭگەچ» دېيىلىدۇ)

**ئەدمىيانى** سۈپ. كىچىك پېئىل. (خوتەن)

**ئەدناسى** باغ. ئاددىيسى، ئەقەللىيسى؛ ھەتتا، ھەتتاكى. (ئاتۇش، قەشقەر)

**ئەدۇ** سۈپ. دۆت، كالۋا. (خوتەن)

**ئەرەختەن ـ پەرەختەن** سۈپ. ئۇڭتەي ـ توڭتەي، ئاستىن ـ ئۈستۈن. م: ھويلىنى ئەرەختەم ـ پەرەختەم قىلىۋەتتىڭلار. (خوتەن)

**ئەرەڭ ـ سەرەڭ** سۈپ. ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا؛ ئۇلۇڭ ـ تەتۈر، ئېگىز ـ پەس.

ئەرجىم قىلماق ھەل قىلماق، بىر تەرەپ قىلماق.

**ئەردەشمەك** قىرىشماق، ئەۋج ئالماق، ئىغىرلاشماق. م: كېسەل ئەردىشىپ (ئىغىرلىشىپ) قالدى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئەردەمشىمەك» دېيىلىدۇ)

**ئەردەم** سۆپ. ئەدەپ- ئەخلاق. (قۇمۇل)

**ئەركەچ** سۆپ. ئەرگە مايىل ئايال، ئەركەكزەدەك. (كېرىيە)

**ئەرگايلىق** ئى. زاراتگاھلىق. (لوپنۇر)

**ئەرگىمەك** ئەگەشمەك، مارىماق، كۆزەتمەك. م: مارالنى ئەرگىپ — مارالنى ماراپ. (لوپنۇر)

**ئە(ر)گىم- بۇرغۇم** سۆپ. ئەگرى- توقاي. (قۇمۇل)

**ئەرۋا ئىشى** ئى. نەزىر ئىشى (كوچىغا قويۇپ قويۇلىدۇ). (ئىلى)

**ئەرۋەش** ئى. ئەپسۇن، سېھىر. (قەشقەر)

**ئەرىن** ئى. ‹ئانات› لەۋ، كالپۇك. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**ئەزگۇ** سۆپ. ياخشى. م: ئۆزۈڭ بىلەن كېڭەشىپ، ئەزگۇلەرگە تويلوغۇن ئاسماڭغا ئۇچايلۇغۇن. (لوپنۇر)

**ئەزمىدە** ئى. ھەزىم، سىڭىرىش، ئېزىلىش. م: مەن بۇ تاماقنى ئەزمىدە قىلالايمەن. (تۇرپان)

**ئەس ئالدۇرماق** دەم ئالدۇرماق، ھاردۇقىنى چىقارماق. م: توشقان دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق ئەس ئالدۇرۇلغان ئاتلار ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ... (ئاقسۇ)

**ئەستى** يۆك. ئىھتىمال، بەلكى، تايىنلىق.

**ئەسرا** ئى. پېشكەللىك. م: بۇ كىشىگە نېمە ئەسرا (پېشكەللىك) يەتتى؟ (كېرىيە)

تۈۋرۈك كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئەسنا** رەۋ. ۋاقىت، چاغ. (كېرىيە، قەشقەر)

**ئەش~ئەشلىك** ئى. پىلە قۇرتىنىڭ غوزەككە كىرىش مەزگىلىدە تاشلاپ بېرىلىدىغان چوڭ ئۆسۈملۈكى. (خوتەن)

**ئەشمە** ئى. بۇلاق، چەشمە. (مەكىت)

**ئەقلىدىن شىشىپ قالماق** ئەقلىدىن ئازماق. (شايار)

**ئەكچە** سۈپ. ئوۋچە. م: ئۇلار ئىككىسى ئەكچە پاراڭلاشتى. (قەشقەر)

**ئەكمەچ** ئى. ئەپكەش. (لوپنۇر)

**ئەكمەك** تېرىماق، تىكمەك. م: بەرسەڭ ئالىسەن، ئەكسەڭ ئورۇسەن. (ماقال) (ئىلى)

**ئەكي** رەۋ. ئاندىن كېيىن. (قومۇل)

**ئەگرۇم~ئەگرىم** ئى. ئەگىلىدىغان جاي، تومشۇق، دوقمۇش؛ ئازگال، سۇ ئەگىپ يىغىلىپ قالغان يەر. (خوتەن)

**ئەگۈرمەك** سىلكىنمەك. م: دەرەخ ئەگۈردى (سىلكىندى). (خوتەن)

**ئەگۈش** ئى. داشقال.

**ئەگۈن** ئى. ‹بىن› قورۇنىڭ دەرۋازىدىن كىچىكرەك ئەگمە ربشاتكىلىق ئىشىكى. (خوتەن) (بۇ سۆز كېرىيىدە يەنە «ئەگىنە»، مەكىت يانتاقتا «ئەگىنەك» مۇ دېيىلىدۇ)

**ئەگىمەك** كىيىل يوقلىماق، ھال سوراپ كەلمەك. كۆرۈشۈپ كەلمەك. (قومۇل)

**ئەڭئاياغ** ئى. كىيىم ـ كېچەك. (خوتەن)

**ئەڭكىزە** باغ. ئاندىن، ئاندىن كېيىن. (تورپان، ئىلى، پىچان)

**ئەڭگى ـ تەڭگى بولماق** بىشى قايماق، ئېسى چىقماق.

**ئەڭگىل** ئى. بىر خىل قىزىل ئۇنسىمان نەرسە بولۇپ، يۈزنى ھەمدە لەۋنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەڭن** ئى. ئۇچا، ئۇستۋاش، كىيىم ـ كېچەك. م: ئەڭنىنگە ئاق چۇچۇنچىدىن... (قەشقەر، خوتەن، ئىلى) (تۇرپان، پىچان، كېرىيىدە «ئەڭل» مۇ دېيىلىدۇ)

**ئەلەددامام** رەۋ. دائىم، ھەر زامان. (كېرىيە)

**ئەلەس** سۇپ. ئالىغاي. (قۇمۇل، ئىلى)

**ئەلەس ـ بۇلەس** سۇپ. ئالا چەكمەن. م: كۆزلىرى ئەلەس ـ بۇلەس بولدى. (قەشقەر)

**ئەلەڭگۇ** ئى. ئېزىتقۇ، ئالۋۇن، يالقۇن. (قەشقەر)

**ئەلەمزادە بولماق** ئەلەمگە تولماق. م: ...كۆڭلى ئەلەمزادە بولدى. (خوتەن)

**ئەلتەك** سۇپ. ئەلگە ئارىلاشقاق، كۆڭۈلچەك، چىقىشقاق (ئادەم). (قۇمۇل، تۇرپان)

**ئەلتىۋەتمەك** يەتكۈزمەك، ئەۋەتمەك. م: مېنى ئۆيۈمگە ئەلتىۋېتىڭلار (يەتكۈزۈپ قويۇڭلار). (لوپنۇر)

**ئەلكۈن** ئى. (تار س) ئامما، خالايىق، جامائەت. م: ئۆيدە پەرزەنت، سىرتتا ئەلكۈن ئىززىتىنى بىلمىدىڭ... (خوتەن، قۇمۇل)

**ئەلكېزەر** سۇپ. سەرگەردان، مۇساپىر. (قەشقەر)

**ئەللىدە** رەۋ. جايىدا. م: ئەللىدە ئىش قىلماق — جايىدا ئىش قىلماق. (قۇمۇل)

**ئەل ـ ئۇلات** ئى. ئۇرۇق ـ تۇغقان. (قۇمۇل)

**ئەلۋەك** سۇپ. كۆپ، مول، يېتەرلىك. (قۇمۇل، ئىلى)

**ئەلمەلە** ئى. ئەتراپتىكى جامائەت، ئەل، خالايىق. (قەشقەر)

**ئەلياتقۇ** رەۋ. ئەل ئايىغى بېسىققان، بارچە ئۇخلايدىغان

www.uyghurkitap.com

چاغ. (ئىلى)

**ئەم** ئى. داۋا، شىپا. م: كۆك ئىنەك (ئىشەك)نىڭ سۈتى يۆتەلگە ئەم بولىدۇ. (خوتەن)

**ئەمەك 1** سۈپ. سۈركىشىپ تۇرىدىغان، ئادەمگە يېقىن تۇرىدىغان. (كېرىيە)

**ئەمەك 2** ئى. بىر خىل رەخت. (نىيە)

**ئەمەگداش** سۈپ. ئېمىكداش. م: ئىككىمىز ئەمەگداش — ئىككىمىز ئېمىكداش. (لوپنۇر)

**ئەمچى** ئى. تېۋىپ، دوختۇر، تومۇرچى. م: كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ كەزگەن يولچى. (ماقال)

**ئەمزەك** ئى. ‹ئانات› ئەمچەك توپچىسى؛ ئېمىزگە. (قەشقەر)

**ئەمگەك** ئى. كۆچ: غۇربەتچىلىك، جاپا، قىيىنچىلىق. (قۇمۇل)

**ئەمگەكشا** سۈپ. جاپاكەش. (قۇمۇل)

**ئەمگەكلىك** سۈپ. شور پېشانىلىك، تەلەيسىزلىك؛ جاپا - كەشلىك. (قۇمۇل)

**ئەمگەلمەك** ئالدىرىماق، پايىپېتەك بولماق، هارماق. م: «رازى بول» دەپ بىر گېپىڭ يوق، شۇنچىلا ئەمگەلدۈرۈپ. (خوتەن)

**ئەمگىگى قېيىشماق** پالاكەتكە يولۇقماق، نەس باسماق، ئىشى ئوڭغا تارتماسلىق. (قۇمۇل)

**ئەمگىمەك** چارچىماق، تالماق، هارماق. (قۇمۇل)

**ئەملىك مال** ئى. كۆندۈرۈلمىگەن مال. م: ئەملىك ئات — توسۇن ئات، ئاساۋ ئات. (قۇمۇل)

**ئەملىمەك** داۋالىماق. م: چېچەك ئەملىمەك — چېچەك كېسىلىنى داۋالىماق.

**ئەنەك~باش ئەنەك** ئى. ‹ئانات› بارماق، بارماق قول. (خوتەن)

**ئەن تاتقۇ** ئى. گىلەمنىڭ ئەن تەرىپىنى تارتىدىغان كالتەك. (خوتەن)

**ئەندامە** ئال. ھەرقانداق. م: مەزلۇم خەقنىڭ ئەندامىسىنى كۆرمىگەن. (خوتەن) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئەنلامە» دېيىلىدۇ)

**ئەندەك** رەۋ. بىردەم، كىچىككىنە، جىندەك. م: ئەندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. (قەشقەر)

**ئەندۇ** سۈپ. قاملاشمىغان، غەيرىي: ناتوغرا، يامان، يېڭىلىش، چاتاق. م: △ئەندو گەپ — قاملاشمىغان گەپ؛ △ئەندو پاراڭ قىلىدىغا(ن) نىمىكە(ن) — قاملاشمىغان گەپ قىلىدىغان نېمىكەن. (قۇمۇل)

**ئەندۆرمەك~ئەندىمەك** بېشى قايماق، تېنىمەك، تەمتىرىمەك، ئاداشماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز ئىلى، تۇرپاندا «ئۆندەرمەك» دېيىلىدۇ)

**ئەندىكمەك** چۆچۈمەك، قورقماق. (ئاتۇش، ئىلى، تۇرپان)

**ئەن سالماق** ۋارقىرىماق. م: بالام نېمە ئەن سەپكەتتىڭ. (قۇمۇل)

**ئەنگەلمەك** قوزغالماق. م: ۋاقىتمۇ كەچ بوپتۇ، ئەمدى ئەنگىلەمدۇق؟ (كېرىيە)

**ئەنۋەرەك** ئى. ‹بوت› خېنىگۈل. م: يالغۇزۇممۇ باردا، گۈللەپ ئېچىلغان ئەنۋەرەك. (لوپنۇر)

**ئەن يەر** ئى. يەر تۆۋىنى، تۆۋەنلەپ ماڭىدىغان يول: سۇ چىقىدىغان، سۇغىرىشقا ئاسان بولغان يەر. (نىيە، مەكىت)

**ئەۋمەك** ئەندىشە قىلماق، ئۆيمەك، غەم قىلماق. م: ئوغلامدىن بەك ئەۋدىم — ئوغلۇمدىن بەك

www.uyghurkitap.com

ئەندىشە قىلدىم. (خوتەن)

**ئەۋۋىلا** رەۋ. ئاۋۋال، ئالدىن، دەسلىپىدە. م: يا قىلامىتىڭ كېيىنچە رازى ئەۋۋىلا ئەمگەلدۈرۈپ. (خوتەن)

**ئەي** ئى. ‹دېھ› ئوغۇت. م: سېرىق سۆگەتنىڭ تۇۋىگە ئەي قىلىپ قويدۇم. (خوتەن، كېرىيە)

**ئەيلەمەك** قىينىماق، ئەلەم قىلماق. م: بابامنى ئەيلەگەن — بوۋامنى قىينىغان. (لوپنۇر)

**ئەينا~ئاينا** ئال. ئەنە، ئاۋۇ. (نىيە، كېرىيە)

**ئەينە** ئى. كۆزەينەك. (كېرىيە)

**ئەينەكلىك** ئى. ‹ئانات› تاغاق سۆڭەك. (شايار)

## ب

**باتات** ئى. ‹بوت› تاتلىقياڭيۇ.

**بات قىلماق** كۆز- كۆز قىلماق، داملىماق. (ئىلى)

**باتىنخور** سۈپ. قېيىدىغاق، يامانلىغاق (ئادەم). (تۇرپان)

**باجىماق** باشقۇرماق، بېجىرمەك. م: كىچىك بالىنىڭ هارۋا باجىلىغۇچىلىكى يوق. (قۇمۇل)

**باچورو~ماچورو** ئى. ‹تېب› ئاچا تۇياق ماللارنىڭ ئايىغىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. (قۇمۇل)

**باچىرغىن** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**بادارغا** ئى. بادرا، چەنزە، بادرا ياغاچ. (لوپنۇر)

**باداڭ** ئى. ئاشلىق، سامان قاتارلىقلارنى قاچىلايدىغان بورا ياكى تال- چىۋىقتىن ياسالغان هارۋىغا ئورنىتىلغان يۇملاق ياكى تۆت چاسا سېۋەت؛ كۆچ: يوغان، پومپايغان. م: △قويىنى قوتاندا سات، ئاشنى باداڭدا. (ماقال)؛ △كۆردۈڭلارمۇ خالايىق باداڭ قورساق

بايلارنى. (خوتەن، ئىلى، قەشقەر، مەكىت، مارالبېشى يانتاق) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «باردام» دېيىلىدۇ)

**بادراك** سۈپ. پولتىيىپ چىققان. م: بادراك كۆز — پولتىيىپ چىققان كۆز. (خوتەن، ئىلى)

**بار~بارا** ئى. يار، تىك قىيا. (نىيە)

**بارا** ئى. قىرقىلمىغان پاقلان ياكى ئوغلاق تېرىسى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇر، تۇرپاندا «بارقا» دېيىلىدۇ)

**باران** ئى. شەپە، قارا، غۇۋا كۆرۈنۈش. بىر نەرسىنىڭ غۇۋا كۆرۈنگەن قارىسى؛ ھەيۋە. (قۇمۇل)

**بارانا** ئى. تىرنا.

**بارتۇ** ئى. خوجىدار، ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى. (تۇرپان)

**بارداق** ئى. سۇ قاچىسى، ئاياق.

**باردامچى** سۈپ. داستىخىنى كەڭ، چوڭچى. (قۇمۇل)

**با(ر)قا** ئى. (زوئول) ئالتە ئايلىقتىن ئىككى ياشقىچە بولغان توقلا، تۆل. (نىيە، كېرىيە، خوتەن، مارالبېشى تۇمشۇق، لوپنۇر)

**بارغىندى** ئى. بارغۇچى كىشى.

**بارنا** ئى. (دېھ) تىرنا، تارماققا ئوخشايدىغان نەرسە. م: △سەن تىغى يىڭنىدەك ئىنچىكە، 40 تىللىق بارنىدىن بىرنى تەييار قىل؛ △پادىشاھنى مانا ماۋۇ تىرنا - بارنىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇڭلار. (مەكىت يانتاق، كورلا) (لوپنۇردا بۇ «بارانا» دېيىلىدۇ)

**بار ئوغلاق** ئى. (زوئول) قىرقىلمىغان ئوغلاق. (ئاقسۇ قارىتال)

www.uyghurkitap.com

**بارۇيماق~ئۇتقۇماق** ئىشىشماق. م: قاپاغىم بارۇيۇپ (ئىششىپ) قالىپتۇ. (لوپنۇر)

**بارىكاللا** ئى. كىچىك توي، چوڭ چاي. (كېرىيە)

**بازار- ۋىلىق** ئى. بازار، شەھەر. م: بازار- ۋىلىقتا بېرىپ... (قۇمۇل) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «بازار- ئوچا» مۇ دېيىلىدۇ)

**بازغاشماق~بازلىماق** سوقۇشقاق خورازدەك ھۆرپىيىشمەك، قانات سۆرىمەك. م: قۇزغۇندەك بازلىشىپ تۇرغان قاراقچىلار... (قەشقەر)

**باسقا** ئى. شوتا، پەلەمپەي. (مەكىت يانتاق، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**باسقاق~باسماق** ئى. چاشقان قاتارلىق جانلىقلارنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇتىدىغان ئەسۋاب، تاختىمۇشۇك. (مەكىت)

**باسقان** ئى. پىستان، پىسىلداق.

**باسقان ئاش** ئى. ‹يېمى› كەسمە لەغمەن. (مەكىت يانتاق)

**باسقۇچ** ئى. شوتا.

**باسلاتقۇ** ئى. تويدا قىزغا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالتۇن زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرى؛ قىز ھەققى، مېھرى تويلۇق. (نىيە، كېرىيە دەريا بويى)

**باسما** ئى. چىت (رەخت). (قۇمۇل)

**باسماق** ئى. سەندەل ئاياغ، باشماق. (ئىلى)

**باسما نان** ئى. ‹يېمى› ئوتتۇردا ئويمانچىقى يوق نان. (مەكىت يانتاق)

**باسىق** ئى. ئورۇپ قۇرۇتۇلغان ئوت- چۆپ، قومۇش- قوراي قاتارلىق ئوت- چۆپلەر. م: باسىق ئورۇمى ــ قىشلىق ئوت- چۆپ ئورۇمى. (لوپنۇر)

**باش** ئى. ‹دېھ› باشاق. (شايار، ئىلى)

**باشاق كۆك** ئى. ‹بوت› پالەك. (قۇمۇل)

**باشاماس** سۈپ. بەڭۋاش، باشباشتاق. م: باشاماس بالا — بەڭۋاش بالا. (قۇمۇل) (بۇ سۆز كۇچادا «باشايىن» دېيىلىدۇ)

**باشاۋا** ئى. تونۇرغا دەسلەپ يېقىلغان نان. (كېرىيە)

**باشتاق** سۈپ. يالاڭۋاش. (خوتەن)

**باشتۇڭلۇق** سۈپ. بىشەملىك، هازازۇللۇق. (كېرىيە)

**باش چۇشۇرگە** ئى. تويى بولىدىغان يىگىت ئانىسىنىڭ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلىپ، دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان كۈن. (ئىلى)

**باشلاق** ئى. سۇ بېشى. (خوتەن)

**باش مەرەك** ئى. ‹ئانات› باشمالتاق، باش بارماق. (شايار)

**باش يېدى** سۈپ. تەگكەنلىكى ئىبرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ياكى ئالغانلىكى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلەرگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ. (قۇمۇل)

**باغجار** سۈپ. بۇجغۇر، بۇدۇر. م: ئىشىك ئالدىدا باغجار قوزىلىق قوي تۇراتتى. (قەشقەر)

**باغجال** ئى. سولامچى، دەللال، زىناخورلارنى تېپىشتۇرغۇچى، پاھىشىخانا خوجايىنى. (كېرىيە)

**باغجاللىماق** چاتقاللاپ ئۆسۈپ كەتمەك، هەر تەرەپكە ئۆسۈپ كەتمەك؛ ئاينىماق. م: △ بۇ يەردە باغجاللاپ ئۆسۈپ كەتكەن خورما... (قەشقەر)؛ △ قامۇش تازا باغجاللاپتۇ. (لوپنۇر)

**باغچاي~باغ چېيى** ئى. ئالمىنىڭ يوپۇرمىقى، ئەترگۈلنىڭ بەرگى قاتارلىق 10 نەچچە خىل پايدىلىق ئۆسۈملۈك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان يەرلىك چاي. (نىيە، كېرىيە)

www.uyghurkitap.com

**باغدال** سۈپ. چىپار، چىبىكىم- چىبىكىم، چار. م: باغدال خوراز — چار خوراز. (ئىلى)

**باغرو** سۈپ. باغرى قاتتىق، رەھىمسىز. (تۇرپان)

**باغلانجى** ئى. ئارغامچا، ئارقان. (خوتەن)

**باغنا** ئى. ۋاخنا، ۋادەك. چىتلارنى قىسىپ باغلايدىغان ياغاچ بالداق. (كېرىيە) (بۇ سۆز نىيىدە «باغىن» دېيىلىدۇ)

**باغى- تاغى بولماق** مالىمان چىقارماق، بۇزۇلماق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق. (قەشقەر)

**باغىرتاق** ئى. باغىرداق، لىفتىك. (لوپنۇر)

**باقالىماق** تازىلىماق، ئېرىغدىماق. (چىرا)

**باكا نىياز** سۈپ. بىكار تەلەپ، ئاقنانچى. (خوتەن)

**بالا- چۆلا** ئى. بالا- ۋاقا. (قۇمۇل)

**بالا قولتۇقلىماق** كۆچ: كۆمىقوناق باش ئالماق. م: بۇ يىل قوناقلىرىڭ خېلى ئوبدان بالا قولتۇقلاپتۇ. (ئاتۇش)

**بالامەت** ئى. تۆھمەت، بوھتان، مالامەت. م: كېچە- كۈندۈز تىلەيمەن يارىم بولسۇن سالامەت، چۆلگە كەتسۇن خۇدايىم يارغا كەلگەن بالامەت. (لوپنۇر)

**بالا ياتىش** ئى. ‹ئانات› بالىياتقۇ. (لوپنۇر)

**بالچۇق 1** ئى. ئۇزۇك. م: ئۇ يىقىممۇ ئالچۇق، بۇ يىقىممۇ ئالچۇق، ئەجەپ ئوبدان ياراشتى، يارىم بەرگەن بالچۇق. (قۇمۇل)

**بالچۇق 2** ئى. ئۇلاغنىڭ تەكتىدىن، يەنى تۆشىدىن تاڭىدىغان كىگىزنى يۇمىلاق قىلىپ باغلايدىغان مۆلە قىسمى. (تۇرپان)

**بالچۇق 3** ئى. ‹بوت› پىلەكتە يېتىلگەن چۈشكەن كىچىك كاۋا. (تۇرپان)

**بالداق** ئى. ئەپكەش. م: چېلەك ئالساڭ بالداق لازىم. (خوتەن، نىيە، قەشقەر)

**باۋا** ئى. ئەتىياز، باھار. (چىرا)

**باۋاي** ئى. ‹ئانات› ئادەمنىڭ شىرىقى، پاقالچىكى. (كېرىيە)

**باۋشۇق** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. (پىچان)

**باي تۇسۇن** ئى. ‹زوئول› ئۈچ ياشلىق بايتال. (قۇمۇل)

**بايخان** ئى. پايخان، تېپىلگەن خامان. م: تەخەيلىك ئېشەك بايخانغا يارىماپتۇ. (ماقال) (كېرىيە)

**بايخانلىماق** بىرىنچى قېتىم دەسسىتىپ، قارا سامانىدىن ئايرىپ، ئىككىنچى قېتىم قايتا دەسسىتىپ قىزىل دېنىنى ئايرىماق. (كېرىيە)

**باي دادا** ئى. دادىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى (نىيە)

**بەتەگ** ئى. ‹ئانات› بارماق بوغۇمى، ئۈگە، بوغۇم (قول - پۇتنىڭ). (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «بەتىگ~ بەتىك» دېيىلىدۇ)

**بەتكەردە** سۈپ. مۇتتەھەم، ئۈششۇق، لۈكچەك. (خوتەن)

**بەتگۇپا** سۈپ. ۋاپا قىلمايدىغان، ۋاپاسىز، بىۋاپا. (تۇرپان)

**بەتىنمەك** ئالايماق، ئەلپازىنى بۇزماق. (نىيە)

**بەچىدان** ئى. ‹ئانات› چىشى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بالا ئۈسۈپ چوڭىيىدىغان ئىچكى قىسمى.

**بەدەل** سۈپ. قايغۇ. (قۇمۇل)

**بەدرەك** سۈپ. ‹تىل ھا› «بەتبەخت، ئەبلەخ» مەنىلىرىدىكى ھاقارەت سۆزى. (كېرىيە)

**بەرە** ئى. ‹زوئول› ئىتالغۇدىن چوڭ بىر خىل قۇش. (مەكىت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەردەڭگە ئى. قارا مىلتىق. (قۇمۇل، ئىلى)
بەردەم سۇپ. چىدام، بەرداشلىق. (خوتەن)
بەررە ئى. ‹زوئول› ئوغلاق. (مەكىت) (بەزى جايلاردا «بەرە» مۇ دېيىلىدۇ)
بەرۋەن ئى. پىچاق، قىڭراق قاتارلىقلارنىڭ تىغ بىلەن دەستىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان قىسمى.
بەسىنمەك بەزمەك، زېرىكمەك. م: ئۈزۈم ئىشتىن بەسىنىپ (بېزىپ) قالدىم. (لوپنۇر)
بەشاڭ ئى. مەھەللە دەرىجىلىك يوغۇر- يېتىمچى. م: كىچە ئۇختامای (ئۇخلىماي) ماڭدۇق، بۇ بەشاڭنى (بەشانىڭ) زۇلمىدا. (لوپنۇر)
بەشتاش ئى. قىزلارنىڭ تاش ئويۇنى. (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇل، تۇرپاندا «ئوقتاش»، قەشقەردە «تاش تەرمەك» دېيىلىدۇ)
بەشۋالتاق ئى. ‹زوئول› بۆدۈنە. (تۇرپان ئاستانە)
بەشبېغىز سۇپ. ‹ئىد› ئاقساقال. (قۇمۇل)
بەشىنچى تازىم چىپىي ئى. تويىنىڭ ۋاقتىنى بىكىتىش ۋە تويلۇق سېلىش چىپىي. (پىچان)
بەقەم ئى. ‹بوت› قىش- ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان، مايلىشاڭغۇ كېلىدىغان غوللۇق دەرەخنىڭ بىر تۈرى (غولى قارامتۇل قىزىل، ياغىچى چىڭ): يۇلغۇن يىلتىزى. م:△گۇلخۇمارلار باغقا كىرسۇن، ئوت خۇمارغا مەن بەقەم؛△ئاتىنىڭ ئەسكىسى لەقەم، ئوتۇننىڭ ئەسكىسى بەقەم. (ماقال) (خوتەن، كېرىيە، نىيە)
بەگچەك ئى. بەگ بالىسى، بەگزادە. م: بەگچەك تاز. (قەشقەر، مەكىت)
بەگزادە ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى.

(پىچان)

بەگى ئى. ‹بوت› ئەينۇلىغا ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە. (خوتەن)

بەڭشە ئى. ‹يېم› بەڭشىر، جۇۋاۋا. (تۇرپان، پىچان)

بەل ئى. بەلگۇرجەك، كۆل ئالىدىغان كىچىك گۇرجەك. (مەكىت ياتتاق، كېرىيە) (بۇ سۆز قۇمۇل، لوپنۇردا «بەلچە»، خوتەندە «بەلچەك» دېيىلىدۇ)

بەلەن سۈپ. ياخشى، ئېسىل، ئوبدان. (مەكىت)

بەلچە ئى. تاغ باغرى. (قۇمۇل)

بەلچىر ئى. ئاچال: ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان يېرى. م: بەلچىردە كالاڭ ۋا(ر)مۇ ـ ئاچالدا كالاڭ بارمۇ؟ (قۇمۇل)

بەلدەڭ ئى. ئەپكەش. (قۇمۇل، مەكىت) (بۇ سۆز كېرىيە دەريا بويىدا «بەنتەي» دېيىلىدۇ)

بەلدەڭگۈچ ئى. رەگەتكە. (پىچان)

بەلدىر~بەندىر ئى. دوقمۇش، تۆت كوچا دوقمۇشى. (كېرىيە، خوتەن)

بەلدىمەك 1 تاياقنىڭ شوينا چىگىدىغان يېرىگە كېسىك چىقارماق. (ئىلى)

بەلدىمەك 2 ئۇزۇن نەرسىنى كېسىپ (توغراپ) ئىككى قىلماق. (نىيە)

بەلگۇنەك ئى. ئېدىر باغرى. (قۇمۇل)

بەلليك ئى. ئات ـ ئۇلاغلارنى هارۋىغا قوشقاندا ئىشلىتىلىدىغان بەلۋاغ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ بېلىدىن باغلىنىدىغان تاسما بەلۋاغ. (قۇمۇل)

بەلليمەك 1 بېكىتمەك، ئورناتماق. م: ئۇشكە بېشىغا ياغاچ قۇلاق بەللەپ تەكرار ئايلاندۇردى. (كېرىيە)

www.uyghurkitap.com

**بەللىمەك 2** چېلىشچىلارنىڭ بەلدىن ئېلىشى؛ نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق، مىلتىققا ئوق سالماق. (ئىلى)

**بەلۋوكسى** ئى. بەلنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى. (كېرىيە)

**بەمەل** ئى. ‹ئانات› ئۇگە، بېغىش. (ئىلى، قەشقەر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «بەلدەم» دېيىلىدۇ)

**بەندىلىك** ئى. ساقلىقتىن خەۋەر بېرىپ يېزىلغان خەت. (كېرىيە)

**بەۋا كەلمەك** تەڭ كەلمەك، توغرا تۇرماق. (قەشقەر)

**بەيلىمەك** (خەن‹ 摆+ لە ) ياياماق، تىزماق. (قۇمۇل)

**بوبىا** ئى. چوڭ دادا. (نىيە)

**بوتا~بۇتا** ئى. زەرگەرلەرنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان چوققىدىن ياسالغان قاچىسى. (بەزى جايلاردا «بۆتە» دېيىلىدۇ) م: ئۇ تىللا ـ تەڭگىلەرنى بۇتا بىلەن ئېرىتىپ بولغۇچە... (خوتەن)

**بوتكام** سۇپ. ئېغىر، سۆرەم، سۆرەمپالاز. (كېرىيە)

**بوتۇنچاق** ئى. ‹زوئول› بوتىلاق، تۆگىنىڭ بىر ياشقا توشمىغان بالىسى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «بوتو» دېيىلىدۇ)

**بوجا 1** ئى. ئاتنى ھەيدەپ ماڭىدىغان ئۇزۇن چۇلۋۇر. (ئىلى، قۇمۇل، خوتەن)

**بوجا 2** ئى. ئىشەنچ، كاپالەت، مۆلچەر. م: تۇغۇتقا بوجا يوق. (قۇمۇل)

**بوجاڭچى جۇۋا** ئى. قايرىما ياقىلىق جۇۋا. (مەكىت يانتاق)

**بوچاق** ئى. بوۋاق. (شايار)

**بوچىگۆش** ئى. ‹يېم› سۇر گۆش. نېپىز تىلىپ، تۇزلاپ، ئاپتاپقا قاقلاپ، قۇرۇتۇلغان گۆش. (تۇرپان، خوتەن، ئىلى)

بوختان ئى. ‹ئانات› ئۈستۈنكى بىلەك. (مارالۋېشى چارباغ) (بۇ سۆز لوپنۇردا « بوقتوغ »، شاياردا « بوختىخان » دېيىلىدۇ)

بوخولور ئى. ‹بوت› شاپ. بىر خىل ئۆسۈملۈك.

بوخۇلۇ ئى. ‹ئانات› بۇغدىيەك. (قۇمۇل)

بودا ئى. چوڭ مال، قارا مال. (قۇمۇل)

بوداق ئى. قىياس، مۆلچەر، پەرەز. م: ئۇ باشقىچە بوداققا كەلدى... (قەشقەر، كېرىيە، ئىلى)

بودەك سۈپ. دانلىق، سېمىز، تولۇق، بۇدرۇق. (كېرىيە، خوتەن)

بودراڭغۇ سۈپ. غۇۋا. (قۇمۇل)

بودولغۇ سۈپ. تاقابىل. م: بودۇلغۇ كەلمەك ـ تاقابىل كەلمەك. (لوپنۇر)

بودىماق مۆلچەرلىمەك، پەرەز قىلماق، قىياس قىلماق. (قەشقەر، كېرىيە، ئىلى)

بوران قوپماق بوران چىقماق. (قۇمۇل)

بورانگۈل ئى. ‹بوت› مامكاپ. (قۇمۇل)

بورت ئى. ‹تەن› بېلىيارت. (ئىلى)

بورچا ئى. (خەن‹菠箕) چىۋىقتىن توقۇلغان، ئاشلىق ئادالايدىغان جابدۇق. (قۇمۇل)

بورۇل ئات سۈپ. خالدار (چىپار) ئات، رەڭگى كۆككە مايىل كەلگەن ئات. (ئىلى، تۇرپان)

بوز ئى. توپا، ئەت توپا. م: بۇ يەرگە بوز ياتقۇزدۇم.

بوزاڭ توپا ئى. بوزارغان، بوز تۈسكە كىرگەن توپا، يول توپىسى. (خوتەن)

بوزامتۇل سۈپ. بوز رەڭگە مايىل. كۈل رەڭ. م: دەريانىڭ سۈيى دۇغلىنىپ، بۇزامتۇل چايقىلاتتى. (قەشقەر)

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**بوزقىيا** ئى. تۇمان قىروسى. (خوتەن)

**بوزغۇن تۇلەك** ئى. ئۇچار قاناتلارنىڭ بىرىنچى قېتىم تۈلەك تاشلىشى. (قەشقەر)

**بوزلۇق** ئى. ئېچىلمىغان يەر، بوز يەر. (ئىلى)

**بوسۇت** ئى. توي قىلغۇچىغا ئاپىرىلىدىغان سوۋغات. (ئىلى)

**بوسۇرماق** ئۇستى ـ ئۇستىگە بېسىپ قاچىلىماق. (قۇمۇل)

**بوسۇق** ئى. بوسۇغا. (قۇمۇل، تۇرپان ئاستانە)

**بوسۇنچۇق** سۈپ. بوزەك، ئانىي. (ئىلى)

**بوشقا** ئى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى كىچىك ئەمەل نامى. (قۇمۇل)

**بو:غا** ئى. هارۋىغا قېتىلغان ئاتنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان جابدۇق، جومبۇ. (ئىلى)

**بوغاق** ئى. هۆل ـ يېغىن. م: دوغچى ئاپتاپ تىلەر، ماتاچى بوغاق. (ماقال) (قەشقەر يېڭىشەهەر)

**بوغبايماق** هەددىدىن زىيادە قىلىن كىيىنىپ قولىشالماي قالماق. (خوتەن، ئىلى)

**بوغجال قىلماق** ئەۋج ئالدۇرماق، ياڭراتماق. (لوپنۇر)

**بوغداش** ئى. ‹بوت› بىر خىل كۆكتات. (قەشقەر)

**بوغماق 1** سۈپ. تولغان، كېلىشكەن، دوغىلاق، سېمىز (ئايال). (كېرىيە، خوتەن)

**بوغماق 2** مىق. باغلام. (لوپنۇر)

**بوغنۇقماق~بوغۇنۇقماق** خاپا بولماق، غەزەپلەنمەك، بوغۇلماق؛ دېمى سىقىلماق. م: △ ياساۋۇل ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى بوغنۇقۇپ ـ بوغنۇقۇپ سۆزلەپ بەردى؛ △ ئۇ ئاچچىقلانغانلىقىدىن بوغۇنۇقۇپ سورىدى... (قەشقەر، خوتەن)

**بوغۇرساق** ئى. ئۈچ ئارغامچىنى بىر ـ بىرىگە

كىرىشتۈرگەن تۆشۈكى كىچىك يۇمىلاق ياغاچ. (تۇرپان)

**بوغۇش** ئى. ياغۇنچاق تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ياغاچ. (لوپنۇر)

**بوغۇم** ئى. ئىنىم، ئۇكام، سىڭلىم؛ ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ ئاتىلىشى. (قۇمۇل)

**بوغۇن 1** ئى. 〈زوئول〉 ھەرىنىڭ بالىسى (نىيە)

**بوغۇن 2** ئى. 〈بوت〉 چىڭگىلىككە ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈك.

**بوغۇناق** ئى. چاك ـ توزان، توپا؛ تۇمان. م: توپا يولدا بوغۇناق، ئا(ر)غامچىدا توقۇناق، مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن، خۇما(ر) كۆزلۈك يۇمىلاق. (خوتەن، كېرىيە)

**بوغۇندا** ئى. بوغچا، بوپا، بوغجىما. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**بوقتاق** ئى. كىچىك داۋان ياكى توغرا قىر. (قۇمۇل)

**بوقتوغ** ئى. قولنىڭ جەينەكتىن يۇقىرى مۇرىگىچە بولغان ئارىلىقى، بىلەك.

**بوكىلام** ئى. 〈بوت〉 ياڭيۇ. (گۇما)

**بوڭقۇش** سۈپ. گالۋاڭ، ھۇرۇن. (مەكىت)

**بولجا 1 ~بولجا تېرەك** ئى. 〈بوت〉 كەسمىگەن، يېڭى ئۆسۈپ چىققان تېرەك. (خوتەن، كېرىيە، ئاقسۇ) (بۇ سۆز قەشقەردە «بونجا» دېيىلىدۇ)

**بولجا 2** ئى. 〈بىن〉 ئۆيىنىڭ خەر ياغىچى بىلەن تام ئارىلىقىغا قويۇلىدىغان ياغاچ. (كۇچا)

**بولدۇرۇپ قالماق** ھارماق، مادارىدىن كەتمەك. م: بۇ جانۋار (ئات) بولدۇرۇپ قالدىغۇ تاڭ. (ئىلى)

**بولورىماق** ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سېمىزلىكتىن زورۇقۇپ مېڭىشى. (قۇمۇل)

بولۇم سۈپ. لاياقەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت. (خوتەن) (بۇ سۆز «بولالىق» مۇ دېيىلىدۇ)

بومبۇرشاھ سۈپ. قېلىن، كېلەڭسىز، قاتمۇ- قات كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئادەم. (نىيە)

بوۋاق ئى. ئۆكا. (قۇمۇل)

بوۋا قاپاق ئى. قىشتا چۈشىدىغان قىرو. (كۇچا)

بوۋا قۇرت ئى. (تېب) بىر خىل ھاشارات كېسەللىكى. م: پىلىلەرنىڭ بەش- ئالتىسى بوۋا قۇرت كېسىلى بولۇپ ئۆلۈپ قالغانىدى. (خوتەن)

بوۋۇن~بوغون ئى. (زوئول) ھەرە. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «بوغۇن» دېيىلىدۇ)

بوۋۇن ياتىقى ئى. ھەرە كۆنىكى. (قۇمۇل)

بوي سۈپ. بويتاق، تول. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «بويبودوك» دېيىلىدۇ)

بويا ئى. كەتمەن. (تۇرپان)

بوياق ئى. (بوت) زاراڭزا.

بوي ئامە ئى. (ئانات) بوي، قورساق. م: بوي ئامەمدە قاپتىكەن، تۇغۇپ ساي بۆلەپ قويدۇم. (خوتەن)

بوي ئەينەك ئى. تام ئەينەك. ئادەمنىڭ پۈتۈن بوي- تۇرقىنى كۆرگىلى بولىدىغان چوڭ ئەينەك. (قۇمۇل)

بويچاپ ئى. تۆگە ئۇچىلىقىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان شالنى تىرەپ تۇرىدىغان ياغاچ. (نىيە)

بوي چوچا ئى. چاچۋاغ، جالا. م: كېچىلەردە قويغان تاناڭ ئېشىلىپ، بىلىگىدىكى بوي چوچاڭمۇ كېسىلىپ. (لوپنۇر)

بويچىلىق ئى. بويتاقلىق.

www.uyghurkitap.com

**بويلاق** ئى . ‹زوئول› ئىككى ياشلىق توقلا . (تۇرپان ، پىچان)

**بويلام** ئى . ‹بوت› كېسىمگە يەتكەن تېرەك . (خوتەن)

**بويۇنچاق** ئى . بوغا (هارۋا جابدۇقى) . (قۇمۇل)

**بوي يۇرمەك** بويتاق ئۆتمەك . م: قاتۇن (خوتۇن) ئالماي بوي يۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم ، سىزگە ئوخشوش (ئوخشاش) بىر خانىمى (خانىمنى) تامالاپ (تاما قىلىپ) . (لوپنۇر)

**بۇجەك** ئى . ‹ئانات› كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى . (قاغىلىق)

**بۇجۇ** ئى . بۇلۇڭ ، بۇرجەك ؛ پارچە . م: ئۆپكىنىڭ بۇجۇسىدىن — ئۆپكىنىڭ پارچىسىدىن (كۇچا)

**بۇجۇيالماق** بىكار بولماق ، ۋاقىت چىقارماق . (نىيە)

**بۇخسۇتماق** توزۇتماق . م: توپا بۇخسۇتما — توپا توزۇتما . (خوتەن)

**بۇخسىماق** تەلۋىلەشمەك ، ئەسەبىيلەشمەك (كۆپىنچە هايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ) . (كۇچا)

**بۇداڭ** ئى . تۇمان . (قۇمۇل)

**بۇدىمەت** سۈپ . گەپ ئۆتمەس ، قېلىن . (ئىلى)

**بۇرا~شونا** ئى . سۆگەت ، تال . (قۇمۇل)

**بۇراق** ئى . يۇڭىنى قىرقىۋەتكەن تېرە . (نىيە)

**بۇرالقا~بۇرالقى** ئى . ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان ، ئىشىكمۇ-ئىشىك دوقۇرۇپ يۇرگۈچى ، مۇساپىر ، كەلگۈندى ، سەرگەردان . (قۇمۇل)

**بۇرام** ئى . بولتا . (تۇرپان)

**بۇردا** سۈپ . ئالدام ، دام . (قۇمۇل)

**بۇرغۇي~بۇلغۇي** ئى . ‹مۇز› تۆگمەنچىلەرنىڭ ئۇن تارتقۇزىدىغان كىشىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان كالا

تۈگۈزكىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بۇرغىسى. (كېرىيە)

**بۇرهان** سۈپ. بۇلۇك. م: بۇ يەر بۇرهان (بۇلۇك) دەرەخلىقكەن. (خوتەن)

**بۇرۇغدىماق** ئى. كۆزگە كىرگەن نەرسىنى سۇ بىلەن چىقىرىپ ئەملەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. (قۇمۇل، تۇرپان)

**بۇرۇندۇق** ئى. چۇلۇك. (كېرىيە، لوپنۇر)

**بۇرۇندىماق** پۇرىماق. (قۇمۇل)

**بۇ(ر)نا** رەۋ. بىردەمدىلا، هەش ـ پەش دېگۈچە: ئاللىقاچان. (نىيە، كېرىيە)

**بۇ(ر)نىقاچان** رەۋ. ئاللىقاچان. (خوتەن)

**بۇ(ر)نىكۈن** رەۋ. بۈرنا كۈن، ئۈلۈشكۈن، ئالدىنقى كۈن. (نىيە)

**بۇزا 1** ئى. خۇرجۇن توقۇش دۇكىنى (جاهازىسى) نىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ. (كېرىيە)

**بۇزا 2** ئى. رىشاتكا قاپارتمىلىرى. (كېرىيە)

**بۇز ئادەم** سۈپ. ئىش بۇزار، چاتاقچى. م: بۇ بالا بۇز ئادەم چىقىپ قالدى. (قۇمۇل)

**بۇزۇرگا** ئى. مازار. (شايار)

**بۇزۇم بېشى** سۈپ. بەڭۋاش، ئىش بۇزدى، چاتاقچى. (قۇمۇل)

**بۇزۇن** ئى. سۇلۇق يايلاق، سۈيى بار يايلاق. م: △قويلىرىمىمۇ (قويلىرىمنى) هەيدەپ ماڭدىم بۇزۇندىن؛ △قويۇمىمۇ (قويۇمنى) هايداپ باراي، كۆنچۇ ياقىغا بۇزۇنغا. (لوپنۇر)

**بۇس گۇرۇچ** ئى. ‹يېىم› گاڭپەن. (نىيە)

**بۇغانچى** سۈپ. بوقچا، نەرسىلەرنىڭ تۈگۈلگەن شەكلى.

**بۇغداي پوقاق بولماق** بۇغداي باشاق تۇتماق. (مەكىت)

**بۇغداي كوجىسى** ئى. ‹يېم› بۇغداي پولۇ. (مارالۋېشى تۇمشۇق)
**بۇغدايلىق** ئى. ‹ئانات› بۇغدىيەك. (قۇمۇل، شايار)
**بۇغدىيەك** ئى. بىر خىل ئۆسۈملۈك. (كېرىيە)
**بۇغرا مەس بولماق** بۇغرىنىڭ چېتىلغۇسى كەلمەك. (نىيە)
**بۇغۇنا** ئى. ‹بوت› مېۋىسى ئانارنىڭ ئۇرۇقچىلىك، تۈزلۈق بولىدىغان ئۆسۈملۈك. «ياۋا ئۈزۈم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (نىيە)
**بۇغۇنۇت** رەۋ. بۇ ياق، بۇ يەر. (قۇمۇل)
**بۇق باغلىماق** بىخ چىقارماق. م: دەرەخ بۇق باغلاپتۇ. (ئىلى)
**بۇقا** ئى. دەريانى توسۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئاچا قىلىپ ياسالغان قۇرۇلما. (ئىلى)
**بۇقا پىياز** ئى. ‹بوت› ئەركەك پىياز. (كېرىيە)
**بۇقا ھەيدىمەك** سىيىرغا بۇقىنى ئارتىلدۇرماق. (نىيە)
**بۇقىغا چۈشمەك** كۆيلىمەك. كالىنىڭ كۆيلىشى. (مەكىت يانتاق)
**بۇل** ئى. ھارۋىنىڭ گۇگۇسۇنلىرى ئورنىتىلغان قىسمى. (ئىلى، مەكىت)
**بۇلار** ئى. ‹زوئول› بىر خىل قۇش. (قۇمۇل)
**بۇل بولماق** ئاشلىقنىڭ يامغۇردا قېلىپ بۇزۇلۇشى. م: بۇغداي بۇل بولۇپ قاپتۇ. (خوتەن)
**بۇلبۇلەك** ئى. ‹مۇز› خەرەك. (قەشقەر)
**بۇلتۇلىماق** گوللىماق، بەزلىمەك، باھانە قىلماق، ئاغى قىلماق. (قۇمۇل)
**بۇلجۇنماق** يۇلقۇنماق، مىدىرلىماق، ئىنتىلمەك. م: بۇلجۇنۇپ دادىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان سەلىمگە... (خوتەن)
**بۇلغۇچلىماق** سىلكىشلىمەك. ئىت، بۆرىلەرنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

نەرسىنى چىشلەپ تۇرۇپ سىلكىشلىشى، كالىنىڭ مۆڭگۈزىنى ئۆياق - بۇياققا پۇلاڭلىتىشى.

**بۇلغۇلاماق~بۇلغالاماق** ئارىلاشتۇرماق، قوچۇماق. م: قازاندىغى چالمانى بۇلغالاۋات (قوچۇۋەت). (لوپنۇر)

**بۇلغىماق** پۇلاڭلاتماق، شىلتىماق. م: قولۇڭنى بۇلغىماي گەپ قىل. (قومۇل)

**بۇلۇقتۇرما** سۈپ. تۇرۇم - تۇرۇم، تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ. م: ئېگىز تۇرخۇندىن ئىس بۇلۇقتۇرما بولۇپ چىقماقتا. (تۇرپان)

**بۇلىماق** مىلىمەك. م: تۆگمەنچىنى ئۇستام دېسە، چاپىنىنى ئۇنغا بۇلاپتۇ. (ماقال) (قەشقەر يېڭىشەھەر)

**بۇياغ كىگىز** ئى. ئاق يۇڭدا بېسىلىپ، بويالغان كىگىز. (كېرىيە)

**بۇي سالماق** ئىسرىق سالماق. (قەشقەر، كېرىيە)

**بۇيسۇ** ئى. ئەتىر. (لوپنۇر)

**بۇيلا~بۇيدا** ئى. بۇقىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن ھالقىغا باغلانغان قىسقا بوقۇچ، ئارغامچا. م: ئۇل ئورۇق تۆگىنىڭ ئالدىغا باردى، بۇيلىسىدىن تۇتتى. (لوپنۇر، قومۇل)

**بۆ** ئى. ‹زوئول› دۆ، يوغان ئۆمۈچۈك. (شايار)

**بۆتۈن** سۈپ. يوچۇن، يات. (ئىلى)

**بۆجەيمەك** چەكچەيمەك. م: توخۇلار غازاڭ بىلەن تولغان باغلاردىن پاخال ۋە سامان دۆۋىسىگە ئايلانغان ھويلا - ئېغىللارغا ياتسىراپ بۆجىيىپ كېلىشىدۇ (خوتەن، ئىلى)

**بۆجۈمەك** كۆكلەپ تىكمەك، يىمىرىپ تىكمەك. م: يىپتا

بۆجۈپ تىكىلىدۇ.

**بۆجى** ئى. بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئىپتىلىدىغان «جىن» مەنىسىدىكى سۆز. (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «بۆجۇ» دېيىلىدۇ)

**بۆچۆلۆ~مۆچۆلۆ** ئى. قايماقنى كۆيدۈرۈپ، يېغىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن قازاننىڭ تۈۋىدە قالغان تىرىپى. (قۇمۇل)

**بۆرە سويمىسى** ئى. ‹بوت› كەپە قوغۇن. (قەشقەر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «كەلپىغۇن» دېيىلىدۇ)

**بۆرتە ئات** ئى. ئېشەك رەڭگىدىكى ئات. (ئىلى)

**بۆرياڭاق** ئى. ‹بوت› يوپۇرمىقى ئىنچىكە ئۇچلۇق، مېۋىسى غوزىغا (ياڭاققا) ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنى يېگىلى بولمايدۇ. توغرىسى: بورىقىياق. (تۇرپان)

**بۆز** ئى. ‹بوت› پاختا. (پىچان)

**بۆسە قىلماق** ئى. سۆيمەك، ئۆپمەك. م: يۈزلىرىنى يېقىپ، بۆسە قىلىشقا باشلىدى. (قەشقەر)

**بۆسكەك** ئى. ئىككى مۈڭگۈزلۈك تاتىلىغۇچ، ئىككى چىشلىق تىرنا. (مەكىت)

**بۆشۈك تەۋەتكە** ئى. ‹زوئول› ياچىۋەك. (پىچان) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «بۆشۈك تەۋرەتكە» دېيىلىدۇ)

**بۆك** ئى. جۇۋازنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى. (لوپنۇر)

**بۆكە** ئى. بۇرۇنقى پالۋانلارنىڭ ئاتىلىشى. (ئىلى)

**بۆكەل** ئى. قازاندا پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى (ئۇچا)نى پارچىلايدىغان ئۇستا. (مەكىت، يانتاق، ئاقسۇ قارىتال) (بۇ سۆز خوتەندە «بۆكەللە» دېيىلىدۇ)

**بۆكەن** ئى. تۆگىنىڭ لوككىسى، ئۆركىشى. (قۇمۇل)

**بۆكەيمەك** ئېڭىشمەك. (قۇمۇل)

**بۆكتەل** ئى. غانجۇغا. (مەكىت، تارىم) (بۇ سۆز ئىلىدا «بۆكتۇرگە» دېيىلىدۇ)

**بۆكتۈك** ئى. چاتقاللىق. (لوپنۇر)

**بۆكسە** سۈپ. پەس، تۆۋەن.

**بۆكمەك** مۆكمەك. (نىيە، كەلپىن)

**بۆك ياتماق** يېشىنمەي، پۈتۈن يېتىپ ئۇخلىماق. (كۇچا)

**بۆگەچ** ئى. ‹دېھ› سۈنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئوت ـ چاۋار، شاخ ـ شۇمبا؛ پۇرۇپكا، توسالغۇ. م: △نېمىشقا جوغىسىغا بۆگەچ تىقمىدىڭىيا: △دىمىغىدىكى بۆگەچنى يۇتالماي... (قەشقەر، مەكىت، خوتەن، نىيە)

**بۆگەن 1** سۈپ. كاللەك. م: بۆگەنلىمەك ـ كاللەكلىمەك. (خوتەن)

**بۆگەن 2** ئى. سەمرىشكە باشلىغان قوينىڭ مايىقى. (قۇمۇل)

**بۆگمەك** توسماق، ئالدىنى تۇغلىماق. م: △قاش ياساپ، ئۆستەڭ بۆگۈپ بۇغداي سۇغارسام كەچكىچە...؛ △سۆيگۈمىز كەلكۈن مىسال بولمايدۇ ھۆددەس بۆگكىلى. (خوتەن) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «بۆگەلىمەك» دېيىلىدۇ)

**بۆلە** سۈپ. قىسمى، ئۈلۈشى، پارچىسى.

**بۆلەك~بۆلۈك** ئى. خالتا، سوۋغا، خالتا ـ ۋېلەك. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**بۆلەك بولماق** ئايرىلىپ چىقماق، ئۆي ئايرىپ چىقماق. (ئىلى)

**بۆلەڭگۈچ~بۆلەنگۈچ** ئى. بۆشۈك (نىيە)

**بۆلەنچەك~بۆلەنچۈك** ئى. سەگۈنچۈك. (قەشقەر، مارالۋېشى

تۆمشۇق)

**بۆله يارماق** ‹دېھ› يۇمشىتىلغان خامان (ئەنجە) نى بۆلەكلەرگە بۆلمەك. (نىيە، ئاقسۇ)

**بۆلتۇرۇك** ئى. ‹زوئول› ئەركەك بۆرە كۈچۈكى.

**بۆلگە** ئى. سوۋغا، سوۋغا ـ سالام، خالتا.

**بۆمبەك** سۈپ. دومباق. (خوتەن)

**بۆۋەر** رەۋ. كۈنگەي، كۈن باقار تەرەپ. (قۇمۇل)

**بۇت** رەۋ. بۇ ياق، بۇ يەر. (قۇمۇل)

**بۇتكە** رەۋ. بۇ ياققا، بۇ يەرگە. (قۇمۇل)

**بۇدۇك** ئى. ئۇسسۇل. (مەكىت يانتاق)

**بۇدۇكچى** ئى. ئۇسسۇلچى. (مەكىت يانتاق)

**بۇكمەك** تىزلانماق، بويسۇنماق؛ پۈكۈپ تىكمەك. م: △تىز بۇك ــ تىزلان؛△ئىشتاننىڭ ئاستىنى بۇكتۇردۇم. (قۇمۇل، ئاتۇش)

**بۇگلۇك~بۇگۇلۇك** ئى. ياغاچ كالڭ، بەنچالڭ. م: ئۇڭ تەرەپتىكى بۇگلۇكتە ئولتۇرغان... (ئىلى)

**بۇله** ئى. بەل، بەلدەم. (كېرىيە)

**بۇلدۇرگە** ئى. قامچىنىڭ قارسىلدىتىدىغان چۇچىسى؛ ئوقنىڭ بۇلدۇرگىسى. (قۇمۇل)

**بۇۋەك** ئى. بوۋاق (كېرىيە)

**بۇيزى** رەۋ. بۇ يېقى، بۇ تەرىپى. (قۇمۇل)

**بېتالدى** سۈپ. ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىگە، بىكارغا، بوشقا. (ئىلى)

**بېتەمتىرا** سۈپ. ئالدىراڭغۇ. (قۇمۇل)

**بېجىنبوش** سۈپ. بوشاڭ، غەيرەتسىز. (قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، ئىلى)

**بېخى** ئى. بىگىزنىڭ ئۇچىدىكى ئىلمىكى، يىپنى ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان ئىلمەك.

www.uyghurkitap.com

(كېرىيە)

**بېخىر** ئى. ‹ئانات› تۇمشۇق. م: كۆزى ئوت، بېخىرى شەمشەر. (قەشقەر)

**بېدىش** ئى. غاز، ئۆردەك تۇتىدىغان قاپقان؛ قاپقاننىڭ ھالقىسى. (ئاقسۇ قارىتال، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**بېدىيا** ئى. ‹بوت› ئوت ـ چۆپ، كوكات.

**بېراپتا~بارەپتا** سۇپ. تەڭ، تەپمۇتەڭ، بىردەك. (خوتەن، كېرىيە)

**بېزىكاللىماق** تەپسىلىي، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىمەك. (كېرىيە)

**بېزىندە** ئى. بۆشۈكنىڭ قول تارتقۇسى. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**بېسىر** سۇپ. قارغۇ، كور، ئەما. (كۇچا)

**بېسقلىق** ئى. ‹دېھ› ئۇنچە. م: ماۋۇ خاماندىكى بېسقلىق كىمنىڭ؟ (ئىلى)

**بېسىغ** سۇپ. باس ـ باس، قىستا ـ قىستاڭ، ئادەم جىق. (نىيە)

**بېسىلغاق** ئى. ‹بوت› ھايۋانلار يەيدىغان بىر خىل ئوت. (نىيە، ئاقسۇ، كۇچا)

**بېغىر باسماق** ئۆزلىشىپ قالماق. (ئىلى)

**بېغىرساق** سۇپ. ۋاپادار، سادىق، مېھرىبان. (تۇرپان)

**بېغىش 1** ئى. تۇگمەنگە نۆۋەتىنى كۈتۈش ئۈچۈن ئاپىرىپ قويۇلىدىغان ئازغىنە ئاشلىق. (قۇمۇل)

**بېغىش 2** ئى. قوغۇننىڭ پېلەك بىلەن گەۋدىسى تۇتاشقان قىسمى. (كېرىيە)

**بېقىمتۇل** سۇپ. يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى رەڭ. (قۇمۇل)

**بېقىش تاپماق~بېقىم تاپماق** ياخشى بېقىلماق، قارالماق،

خەۋەر ئېلىنماق، كۇتۇلمەك، تەربىيىلەنمەك.
م: بۇ بالا بېقىش تاپماپتۇ. (تۇرپان، قەشقەر، ئىلى)

**بېكىشمەك** پۇتۇشمەك. م: ئەمىسە بۇ ئىش شۇنداق بېكىدى.

**بېگەن** ئى. چوت. ياغاچچىلىق ئەسۋابى. (لوپنۇر، ئىلى، قۇمۇل) (بۇ سۆز شاياردا «بۆگەن» دېيىلىدۇ)

**بېلىق سىرتى قۇم** ئى. يەلپۈندى قۇم، بارخان. (مەكىت)

**بېيىپ قالماق** تۈگەپ قالماق. م: بۈگۈن ئۆيدە نان بېيىپ قاپتىكەن. (نىيە) (بۇ سۆز لوپنۇردا «بايىماق» دېيىلىدۇ. م: ئۆچكۈنۈ سۇتۇ بايىپ قالدى)

**بىباقا** سۈپ. ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان، قارىمايدىغان. م: دوستلىرىم بۇ بىباقا شۇنداق جاھان. (خوتەن)

**بىتەر** سۈپ. بولۇمسىز (ئاياللارغا قارىتا). (قۇمۇل)

**بىجايى** سۈپ. بەئەينى، ئەينى. (قۇمۇل)

**بىجە** سۈپ. بۇدۇر.

**بىجىگەن** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. (كۇچا، قەشقەر)

**بىجىق** ئى. ‹ئانات› بويىغا يېتىش ئالدىدىكى قىز-لارنىڭ كۆكسى، ئەمچىكى. (نىيە، خوتەن) (بۇ سۆز قاغىلىقتا «بىجە» دېيىلىدۇ)

**بىجىقىم** سۈپ. بولۇمسىز، ئىقتىدارسىز، ھاڭۋاقتى، ھۇرۇن، ئىنجىق. م: بىجىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە، چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار. (ماقال) (قەشقەر)

**بىجىك~بىزىك** ئى. ‹بىن› تامنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا يانداپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېكىتىلگەن ئەگرى تەكچە؛ قازناقتىكى نەرسە ـ كېرەك قويۇلىدىغان تەكچە. (قۇمۇل، پىچان)

**بىجىك كىرمەك** بوۋاقلارنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى چاچنىڭ چۇشۇشى. م: بۇ بالىغا بىجىك كىرىپتۇ ــ بۇ بالىنىڭ چېكە چېچى چۇشۇپتۇ. (قۇمۇل)

**بىجىنا كىگىز** ئى. گۇللۇك كىگىز. (كېرىيە)

**بىجىنار** ئى. ‹بوت› ياغلىق ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك. (ئىلى)

**بىچاغ** سۈپ. ھېسابسىز، چەكسىز، بەك، تازا، كۆپ. م: راست، ئۇ بىر چاغ تارتتى بىچاغ ئەرزىيەت. (خوتەن، نىيە)

**بىچە** ئى. تاش تېرىپ ئويناىدىغان باللار ئويۇنى. (كېرىيە)

**بىچىم** ئى. ئادەمنىڭ يۈزى ياكى ئالىقىنىدىكى سىزىقچىلار. (قەشقەر)

**بىختى** ئى. ئۆسمەيدىغان مايسا. (كېرىيە)

**بىدە ـ بىدە** سۈپ. گۇللۇك، پۇرلەشكەن. (خوتەن)

**بىدەرەپ** ئى. ھاجەتخانا. (خوتەن، كېرىيە)

**بىدىرماق** قىسىلماق، ئازار يېمەك، خارلانماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «بىرىماق» دېيىلىدۇ)

**بىرە ـ بىرە** رەۋ. بەزىدە، بەزى ـ بەزىدە. (كۇچا، تۇرپان)

**بىرەپتات بولماق** كەلدى ـ باردى قىلماسلىق، ئارازلىشىش، نېرى تۇر ـ بېرى تۇر بولۇپ قالماق. (خوتەن)

**بىرەتكە** سۈپ. ئازراق، كىچىككىنە، ئاندا ـ ساندا. (خوتەن)

**بىر پاساتلىق** رەۋ. بىر قېتىملىق، بىر دەملىك. (قەشقەر)

**بىر توقاي** مىق. بىر تالاي، بىرمۇنچە. (ئىلى)

**بىر سەت** رەۋ. بىردەم. (قۇمۇل)

**بىر سەتەل** مىق. بىر سىقىمدىن ئازراق. (قۇمۇل)

**بىر قوۋۇز** مىق. بىر كاپام، بىر يۇتۇم. (خوتەن، قۇمۇل)

**بىرمىدىق** ئى. بىر شىڭگىل. (خوتەن)

**بىزەر~بىزەرزىر~بىزەرزىرە~بىزىك** سۈپ. ئاز، ئازغىنە، بىرئاز، سەل. (قۇمۇل)

**بىزەك** سۈپ. قىلىقى سەت، گەپ ئۆتمەيدىغان (ئادەم). (تۇرپان، ئىلى)

**بىزەۋتە** سۈپ. بىسەرەمجان، قالايمىقان، بىئارام. (ئىلى)

**بىزمان~بىزمانلىقتا** رەۋ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، سەل تۇرۇپ، بىر دەمدىن كېيىن. م:△مەن بىزمان يولغا چىقىمەن ـ مەن سەل تۇرۇپ يولغا چىقىمەن؛△بىزمانلىقتا كېلىمەن (تۇرپان، خوتەن، كېرىيە، ئىلى)

**بىستەر** ئى. سىزغۇچ. (قۇمۇل)

**بىقۇۋۇل** سۈپ. كۈچسىز، دەرمانسىز، نائىلاج. م:△ ...بىچارە، بىقۇۋۇل ئۇ ماڭا موھتاج؛ △بىنەرەز بول خام تەمەدىن، بىقۇۋۇل قىلغىن ئۆنى. (خوتەن، كېرىيە) (بۇ سۆز قەشقەردە «بىقورۇچىلىق» دېيىلىدۇ)

**بىقىنى چىقماق** ‹ئىد› تويۇنماق، پۇخادىن چىقماق، مەززە قىلماق. (تۇرپان)

**بىكۆكەم** سۈپ. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق. (كېرىيە)

**بىكىشمەك** پۇتۇشمەك، بىردەكلىك ھاسىل قىلماق. (كېرىيە)

**بىگاۋا چاغ** رەۋ. بەزى چاغ، گاھى چاغ. (نىيە)

**بىڭغىلدىماق** ۋىڭىلدىماق. (قۇمۇل)

**بىڭلىماق** مەلۇم قىلماق. م: مېنىڭدە گۇناھ بولسا، ۋاڭ كوجاڭغا بىڭلاسۇن. (لوپنۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**بىلە ياغ** ئى. تەييار سۇ يېغى. (قۇمۇل)

**بىمەسەل** سۇپ. بىزەك. قىلىقى خەقنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان (كىشى). م: بولمىسام بىشەرمى، بىنەپ، بىمەسەل. (ئىلى، خوتەن)

**بىمەل بولماق** كەچ بولۇپ كەتمەك. (كېرىيە)

**بىنەپتە** رەۋ. بازار كۈنىدىن باشقا كۈن، دەم ئېلىش كۈنىدىن باشقا كۈن. (كۇچا)

**بىئۆچۈر** سۇپ. خەۋەرسىز، بىخەۋەر، ئۆچۈرسىز. (لوپنۇر)

**بىيەھ- بىيەھ** ئۇن. كەپتەرنى چاقىرىش ئۈندىشى. (نىيە)

**بىيلەن** سۇپ. ھۇرۇن، ئېرىنچەك، ئېزىلەڭگۈ، تەييار- تاپ. (قۇمۇل تاغلىقلار سۆزى)

## پ

**پاپۇز** ئى. پىيادە ئوينىلىدىغان چەۋگەن، ياغاچ توپ. توپى يۇملاق ياكى تۆت چاسا بولۇپ، «جەي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قوللىرىدىكى ئەگرى تاياق (پاپۇز) بىلەن كامارغا جەينى سولاپ ئوينايدۇ. (مەكىت يانتاق)

**پاپىلىماق** ئۆمىلىمەك. (تۇرپان)

**پاتاس** ئى. پاخال. م: قومۇشلۇقلاردىن پاتاس، قۇرىغان تېزەكلەرنىڭ ھەممىدى كېلەتتى. (مەكىت)

**پاتاق** ئى. مەدەك. م: ئۆگزىگە چىقىپلا قوناق شېخى ئارىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان پاتاقلارنىڭ قىمىرلىغىنىنى كۆرۈپ قالدى. (مەكىت)

**پاتاڭگۈشلىماق** گەجگىگە ئۇرماق. پاتاڭغا ئۇرماق: پۇلاڭلاتماق. (ئىلى)

**پاتتاڭ** ئى. «ئانات» گەجگە. (تۇرپان، پىچان تويۇق)

**پاتكۆپ** سۈپ. پۇتلىكاشاڭ، تايىنى يوق. (كېرىيە)

**پاتمال** مىق. قورۇ، ئېغىل، توپ. م: بىر پاتمال مال. (نىيە)

**پاتمانچورۇق** ئى. سەھرالىق، تومپاي. م: شەھەر سېگى پاتمانچورۇقنىڭ بېگىگە تەڭ ئەمەس (ماقال). (كېرىيە)

**پاچىندا** ئى. «زوئول» چومغاق، تاغ قاغىسى.

**پاخپاق** سۈپ. قۇرۇق، كاۋاك. م: بۇ بۇغداي پاخپاق بولۇپ قاپتۇ. (ئىلى، ئاقسۇ) (بۇ سۆز كۇچادا «پارپاق» دېيىلىدۇ)

**پاختا ئاتماق** كۆچ: يۆتەلمەك. (نىيە)

**پاختىۋەن** ئى. پاختىدىن قىلىنغان ئوق، يالغان ئوق. م: △بۇ شەھەرنى بىر كۈندە ئالىمىز دەپ پاختىۋەن پونى ئاتقان ئىدى؛△ پاختىۋەن مىلتىق — ئويۇنچۇق مىلتىق. (خوتەن)

**پاخما چىگە** ئى. بېسىلىپ رەڭگى ئۆزگەرگەن قومۇش. (لوپنۇر)

**پاراق** سۈپ. بۇغداينى نەق ئۆلچەپ پاكىز ئالىدىغان، ئازراقلا يارىمىسا، قۇسۇر تېپىپ ئالماي تۇرۇۋالىدىغان كىشى. شۇڭا كېيىنچە مۇشۇنداق چىڭگىز، قۇسۇرچى ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىپ «پاراقچىدەك چىدىماس نېمىكەنسەن، پاراق نېمىكەنسەن» دەپ قويىدۇ؛ ناھايىتى چىڭگىز، زىل؛ قۇسۇرچى. (لوپنۇر)

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.tuyghurkitap.com

پاراڭخور    سۈپ. جېدەلخور. (شايار، لوپنۇر، خوتەن)
پارە    ئى. ئۆچ نەزىر. (كېرىيە)
پارەش    ئى. ‹تار س› ۋاڭنىڭ ئوردىسىدىكى ئاشپەز.
ۋاڭ ئاشپىزى. (قومۇل)
پارتاڭچى    سۈپ. بەتخەج، ئىسراپخور. (تورپان)
پارلىماق    تاللىماق، خىللىماق. (قومۇل، تورپان)
پاساڭ    ئى. ھارۋا شوتىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى
ئىككى ياغاچنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چېتىق
ياغاچ، تەكيە ياغاچ. م: ھارۋا پاسىڭى.
(قومۇل)
پاساماق~پاسماق    قالماق، ئارقىدا قالماق. (كېرىيە)
پاسپاس    سۈپ. ناچار، يارامسىز. (خوتەن)
پاسقوق    رەۋ. تويۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت. (كېرىيە)
پاسمال    سۈپ. مەينەت، قاسماق. (كېرىيە، نىيە)
پاسوڭ    ئى. تەخسە. (كېرىيە)
پاسىلداق~پاقول    ئى. ‹يېم› قوماچ. (لوپنۇر)
پاشا    ئى. ‹زوئول› چىۋىن. (لوپنۇر)
پاششاماق~پەششەمەك    پايلىماق، مارىماق. م: كىممى
(كىمنى) پاششاپ (پايلاپ) يۈرۈيسەن. (لوپنۇر)
پاقا 1    ئى. ‹ئانات› كۆچ: ئاياللارنىڭ جىنسىي
ئەزاسى. (نىيە، كېرىيە، خوتەن) (بۇ سۆز
تورپاندا «پەپە» دېيىلىدۇ)
پاقا 2    ئى. ‹ئانات› پۇت ۋە بىلەكنىڭ مۇسكۇلى.
(تورپان)
پاقا 3    ئى. قاقاچ. م: مۇرنۇڭنىڭ پاقاسىنى كالاما ـ
بۇرنۇڭنىڭ قاقچىنى كولىما. (لوپنۇر)
پاقا بەشىگى    ئى. قولولە. (لوپنۇر)
پاقام ئەتمەك    باغرىنى باغرىغا ياقماق. م: ناخشا ئېيتىپ،

سۆلىرىغا پاقام ئېتىپ چوڭ بولغان يېزامنى سېغىندىم. (ئىلى)

**پاقچۇر** ئى. ‹يېم› جۇۋاۋا، بەنشىر. (پىچان)

**پاقلانچى** ئى. ‹زوئول› بىر خىل قۇش. (قۇمۇل)

**پاقۇل** ئى. قوماچ، پاسىلداق.

**پاگى** ئى. ئېچىتقۇ، خېمىرتۇرۇچ. (قەشقەر، نىيە، گۇما)

**پاڭپا** ئى. ئاختارمىلىقتىكى يوغان چالما. م: ئاختارمىلىقتىن پاڭپا تېپىلماپتۇ. (ماقال) (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپان، پىچاندا «پامپا~پاپا» دېيىلىدۇ)

**پاڭپارىماق** سەمىرىپ كېلەڭسىزلىشىپ كەتمەك. م: بۇ خوتۇن سەمىرىپ، پاڭپاراپلا كېتىپتۇ. (قۇمۇل)

**پاڭدۇس** ئى. پانۇس. (قۇمۇل)

**پاڭقاي** سۈپ. گاس، پاك، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان. (ئىلى)

**پاڭقۇش** سۈپ. دۆت، هاڭۋاقتى؛ پاك. (خوتەن. لوپنۇر)

**پالاقمان** ئى. كامالەك، يا. (قەشقەر)

**پالتۇك** ئى. تاپسا، پەگاھ. (لوپنۇر مىرەن، نىيە، كېرىيە)

**پالچىق~پاچىق** ئى. لاي، پاتقاق. م: ئەۋۋەل دۇنيا يوق ئىدى، پەيدا بولدى يار سەنەم. پاچىق بىلەن سۈرەتنى ئادەم قىلدى يار سەنەم. (لوپنۇر، قۇمۇل)

**پالقان** ئى. ئايىغىنىڭ سوڭىغا ئورنىتىلغان قەلەي. (قۇمۇل)

**پالگان** ئى. ئوۋچى، مەرگەن. (قۇمۇل، تۇرپان)

**پالوپا** سۈپ. پۇتلاشقاق (ئادەمگە قارىتا). (قۇمۇل)

**پالىپۇشتەك~پاخپۇشتەك** ئى. موزدۇزلۇقتا خۇرۇمنى پار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىرتىدىغان ياغاچ ئەسۋاب . (كېرىيە)

**پاۋان 1** ئى . ئۇۋچى . (مەكىت يانتاق ، خوتەن)

**پاۋان 2** ئى . نۇر، پىرقىرىغۇچ . (پىچان تۈيۇق)

**پاۋانچىلاپ ئاتماق** غۇلاچلاپ ئاتماق . (مەكىت يانتاق)

**پاۋان مىلتىق** ئى . ئۇۋ مىلتىقى ، قارا مىلتىق . م: ئۇ پاۋان مىلتىقى ياسايتتى . (كېرىيە)

**پايە** ئى . پەلەمپەي ، باسقۇچ . (قەشقەر)

**پايەك** سۈپ . چىدام ، تاقەت . م: ...كۆزلىرىدىكى ياش ئۇنىڭغا پايەك بەرمەيتتى ... (خوتەن)

**پاي بەرمەسلىك** چىداشلىق بەرمەسلىك ، پايلىماسلىق . (ئىلى ، قۇمۇل)

**پايپاس** سۈپ . سۆرەلمە ، كالامپاي . (خوتەن)

**پايپىلىقۇش** سۈپ . قولى قىسقا ، ھال ـ ئەھۋالى ناچار ، نامرات ، ئۇتتۇرلۇق .

**پايخان** ئى . ‹ئانات› پاقالچاق سۆڭىكى . م: پايخىنىڭنى چېقىۋېتىمەن . (خوتەن ، ئاقسۇ)

**پايسوق** سۈپ . پوسۇقتىدە ، تۈيۈقسىز ، تاسادىپىي ، («پارسوق» مۇ دېيىلىدۇ) . (خوتەن)

**پايقاپ** ئى . پايپاق . (مەكىت يانتاق)

**پايكا** ئى . مەخسۇس چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى . (خوتەن)

**پايلامسىز** سۈپ . چىدامسىز ، تاقەتسىز . (قۇمۇل)

**پايلىماس** سۈپ . چىدىماس . م: چىدىماسنىڭ ئۆيى ، پايلىماسنىڭ قېشىدا (ماقال) . (ئىلى)

**پايناپلىق** سۈپ . كۆچ: ئىشى ئوڭغا تارتمايدىغان ، تەلىيى تەتۈر كىشى . (مەكىت)

**پەپە 1** سۈپ . كىكەچ ، گاچا ، بەبە ، دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان (ئادەم) (نىيە ، كېرىيە)

**پەپە 2** ئـى . ‹ئانـات› ئاياللارنىڭ جىنسـىي ئەزاسـى . (تۇرپان)

**پەپەزە** ئى . ھالقا . (قەشقەر، مارالۋېشى تۇمشۇق) (بۇ سۆز ئىلىدا «پەيپەزە» دېيىلىدۇ)

**پەپىلىقۇش** سـۈپ . سـاراڭ قېـتىش، قولىدىـن ئـىش كەلمەيدىغان ئادەم . (خوتەن)

**پەتە** ئى . نىكاھ . م: پەتە ئوقۇماق ـ نىكاھ ئوقۇماق . (شايار)

**پەتەك ـ پەتەك** ئۇن . ئۆردەكنى چاقىرىش ئۈندىشى . (گۇما)

**پەتتە** ئى . توي خېتى . م: ئۇ خوتۇنىنىڭ پەتتىسىنى بېرىۋەتتى . (مەكىت)

**پەتكۇش** ئى . لىمتاق . (تۇرپان)

**پەجەمبە** ئى . ئايالچە ئىشتان، تامبال . (ئاقسۇ، مەكىت، قەشقەر پاخپۇ) (بۇ سۆز خوتەندە «پەيجەمبى» دېيىلىدۇ)

**پەجۇملىمەك** يىغىشتۇرماق، جايلاشتۇرماق . (كېرىيە)

**پەچمە** ئى . رەددىيە، دەككە، پەشۋا . (قۇمۇل)

**پەخشە** ئـى . ‹بىـن› سوقما تـامنىڭ ئېگىزلىتىلگەن بۆلەكلىرى . م: يەتتە پەخشىلىك ئەنجان تام . (قەشقەر)

**پەدەڭ** ئـى . تاماق يەيدىغان سىرلىق قاچا؛ تەلەڭگە . (قۇمۇل، پىچان)

**پەرەڭ** سۈپ . قېنىق قىزىل، توق قىزىل . م: پەرەڭ ياغلىق ـ قىزىل ياغلىق . (ئىلى)

**پەرەندە** ئى . ‹زوئول› قاناتلىقلار، قۇشلار . (خوتەن)

**پەرتەك** سـۈپ . ئىتتىك، جىم تۇرمايدىغان، كەپسىز، شوخ . (كېرىيە)

**پەرسەك** سۈپ . ھەسسە، پىرسەنت . (قۇمۇل)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**پەرسۇدە بولماق** يوقاپ كەتمەك، ۋەيران بولماق، كاردىن چىقماق، يىمىرىلمەك. م: شۇنىڭدىن بېرى لەشكەرلەرنىڭ چىشى ئاسانراق پەرسۇدە بولىدىغان بوپتۇ. (كېرىيە)

**پەرقۇ~پەيقۇ** ئى. پەر (پەي) ياستۇق. م: بېشىم شۇكرانە پەرقۇدا، غېمىم كۆپ بارچە غەملىكتىن. (خوتەن، نىيە، كېرىيە)

**پەرمان** ئى. ‹بىن› ئىككى بالا (سىنجا بىلەن ۋاسا)نىڭ ئارىلىقى؛ ئىككى بالانىڭ ئارىلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىقىلغان پاخاللار. (نىيە، كېرىيە)

**پەزلەنمەك** سەپەرگە جابدۇنماق، تەمشەلمەك، تەييارلانماق. (قۇمۇل)

**پەستەۋەت** سۈپ. تەبىئىتى پەس، پەسكەش، ئىپلاس. م: پەستەۋەت نائەھلىلەر. (خوتەن)

**پەش 1** ئى. چەللە، لاپاس؛ پېشايۋان. (نىيە، كېرىيە)

**پەش 2** ئى. پەشتاما. پەرتۇق. (پىچان)

**پەشتاق** ئى. پەلەمپەي. (كېرىيە)

**پەشخۇن** ئى. ئەمبەل. (مەكىت)

**پەقەش** ئى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پوقى. م: بوۋاق پەقەش قىلىپ قويدى. (قۇمۇل)

**پەكەر** ئى. پەركاي، دەل ۋاقتى. م: ھەممە ئىشنىڭ پەكىرى كەتتى. (قەشقەر)

**پەگەز قاپاق~پەۋەز قاپاق** سۈپ. ‹ئانات› قېتى يوق قاپاق، ياپما قاپاق. م: بۇرۇتلۇق، گەۋدىلىك، پەگەز قاپاق ئادەم ئورنىدىن تۇردى. (ئىلى)

**پەڭسە** ئى. جىلڭ، تارازا. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**پەلەمما** ئى. ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىق، يۈزەلىك. م:

ئەي ھۈنەرۋەن قاتمىغىن ئىشقا پەلەما.
(خوتەن، ئىلى)

**پەلەما بولماق** ھاراق ئىچىپ خۇدىنى يوقاتماق. (پىچان)

**پەلەھەز** سۈپ. بىسەرەمجان ئادەم. (خوتەن)

**پەلتەڭ** ئى. ئەپكەش؛ ياغاچچىلارنىڭ ياغاچ رەندىلىگەندە، ياغاچنى قويىدىغان جازىسى؛ تۆت پۇتلۇق ياغاچ ئورۇندۇق. (نىيە، كېرىيە، گۇما)

**پەلچەك~بەلچەك** سۈپ. مايماق. م: پەلچەك ئىشەككە پۇلنى ئارتىپ... (خوتەن)

**پەلكەت** سۈپ. ناچار، يامان، قاملاشمىغان. (قۇمۇل)

**پەللەك** ئى. 〈ئانات〉 ساغرا، كاسا. م: كىندىكىگە چاي تۆكۈلۈپ، پەللىكى كۆيۈپ قالىمىش. (خوتەن، نىيە)

**پەللەمچى** ئى. ئالدامچى، گوللامچى. (خوتەن)

**پەللىڭ** ئى. ئىشتاننىڭ بېلى، لېپەز. (لوپنۇر)

**پەللىمەك** ئالدىماق، گوللىماق؛ پايلىماق. (خوتەن، نىيە)

**پەلىپەيش** سۈپ. كالاميپاي، پالاكەت. (كېرىيە)

**پەمچۈك** ئى. پەمى بار. (مەكىت يانتاق)

**پەمدىمانچى** ئال. پالانچى، پۇستانچى. (خوتەن)

**پەنجۈنا** ئى. ئالتۇنچىلار ئالتۇن تاسقايدىغان قۇمنى قويىدىغان مەيدان. (نىيە)

**پەنچاڭ** ئى. كاڭنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كارىۋات. (تۇرپان) (بەزى جايلاردا بۇ سۆز «بەنچاڭ» مۇ دېيىلىدۇ)

**پەندۇرمەك** ئازدۇرماق، ئالدىماق، قىلتاققا چۈشۈرمەك؛ ئىنتىزار قىلماق. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**پەۋادا~پەۋادى** ئى. ناۋاتنىڭ قازان تېگى؛ مەستخۇش قىلغۇچى دورا. (خوتەن، كېرىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

**پەيتارى** سۈپ. ‹ئانات› ئورۇق، ئاۋاق، قاقشالدەك، گۆشى يوق. (نىيە، خوتەن)

**پەينە** ئى. تۇخۇمنىڭ پايىنكى. (كېرىيە)

**پرۇ** ئۇن. ئېشەكنى چاقىرىش ئۇندىشى. (گوما)

**پرۇ- پرو** ئۇن. قوينى ھەيدەش ئۇندىشى. (قەشقەر)

**پو** ئى. ‹ئىد› ھور، پار، بوس. م:△قازاننىڭ پوسى – قازاننىڭ ھورى؛△پوسنى چىقارماق – ھورىنى چىقارماق. (قۇمۇل)

**پوپاي** سۈپ. سېمىز، كېلەڭسىز، پاكار. (خوتەن)

**پوپىلىماق** دەسسەپ چىڭدىماق، باسماقدىماق، نىقتىماق.

**پوتلا** ئى. دەرەخ پوتلىسى، ئەتىيازدا دەرەخنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشقا بىخ يېرىشى. (ئىلى) (بۇ سۆز لوپنۇردا «پولتۇ» دېيىلىدۇ)

**پوچا~پوچى** ئى. ئۇچى ئۇچلۇق، قىسقا ساپلىق مىتىن. (پىچان)

**پوختان** ئى. ‹ئانات› يوتا. (مەكىت)

**پودالاق** ئى. غوزەك، غوزا. (لوپنۇر)

**پوراچ~پورۇچ** ئى. تۆز، لازا قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇش ئۇچۇن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا. (قەشقەر، ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «پورۇش»، لوپنۇردا «پۇرۇچ» دېيىلىدۇ)

**پورەك** ئى. ‹يېم› قوناق زاغرىسى. (ئاقسۇ)

**پورپاڭ** ئى. غوۋغا، توپىلاڭ. م: پورپاڭ چىقارماق – توپىلاڭ چىقارماق. (قۇمۇل)

**پوزا (نان)** ئى. ‹يېم› موما، جىڭموما. م: سەن قەلەندەرگە پوزا قىلىپ بېرە(ر)ما؟ (مارالۋېشى چارباغ. شايار، مەكىت)

**پوزنەك** مىق. دۆۋە؛ پومزەك. م:△بالامنىڭ قوۋۇزى

پــوزنەك بــوپ قاپــتۇ؛ △ پــوزنەك ـ پــوزنەك قەبرىلەر؛ △ پوزنەك ــ دۈۋىلەپ قويغان ئوغۇتلار. (قەشقەر)

**پوستەك** ئـى. تۈگــمەنچىنىڭ تىــرە سۈپۈرگىــسـى؛ تىــرە سىلىنچا. م: سۈپا ئۈستىگە سىلىنغان ئـاق پوستەكنى ئىلىپ دەريا بويىغا كەتتى. (ئىلى، قەشقەر)

**پوستى پىياز** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. (نىيا) (قۇمۇلــدا بــۇ خىــل قوغۇنىنــڭ سويمىسى «پوســتىنەك»، بــەزى جــايلاردا «پوســتەك» دېيىلىدۇ)

**پوسمىلاق** سـۈپ. يۇمىــلاق، تولغــان. م: پوســمىلاقتەك سۇمباتلىق جامالىغا مەغرۇرلىناتتى. (خوتەن)

**پوسۇققىدە** سۈپ. تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت. (قەشقەر، ئىلى)

**پوسىنى چىقارماسلىق** كۆچ: تۇيدۇرماسلىق، مەخپىي تۇتماق. (قۇمۇل)

**پوسىنى قويۇپ بەرمەك** ‹ئىد› غەيۋەتىنى قىلماق، ئەيىپىنى ئاچماق، يامان گىپىنى قىلماق، ئىچىنى ئاچماق. (قۇمۇل)

**پوشكا** ئى. كۆنچىلەر تېرىنى ئەيلىگەندە تېرە ئارتىدىغان ياغاچ جازا.

**پوشۇدا تەگكەن ئەر** ئى. قىز تەگكەن ئەر. (قاغىلىق)

**پوغۇندا** ئـى. توزغـاق. يېكـەن، قومـۇش قاتـارلىقلارنىڭ توزغىقى. (قۇمۇل)

**پوقا** ئى. قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل توپ ئويۇنى.

**پوق پاچاق** ســۈپ. لــەقۋا، بوشــاڭ، قولىدىــن ئىــش كەلمەيدىغان.

**پوقلاق** ئى. ھاجەتخانا، تەرەتخانا.

www.uyghurkitap.com

**پوقى قىڭغىر** سۈپ. تەرسا، چىگىش، ئىچى يامان. (قۇمۇل)

**پوكانچى** ئى. مەخسۇس سويۇم ماللارنى بوغۇزلىغۇچى؛ قاسساپقا ياللىنىپ ئىشلىگۈچى. (كېرىيە، خوتەن)

**پوكۋاي (ياغلىق)** ئى. قىشلىق چوڭ يۇڭ ياغلىق، تىۋىت ياغلىق. (ئىلى)

**پوكو 1** سۈپ. سېمىز ئادەم. (نىيە)

**پوكو 2** ئى. ‹يېم› پومزەكلەپ گۈلخانغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان قوناق نېنى. (كېرىيە)

**پولاڭخەي 1** ئى. پاختىلىق ئاياغ. (مەكىت يانتاق)

**پولاڭخەي 2** سۈپ. كىيىملىرى چوڭ كېلىپ قولىشالماي قالغان (ئادەم). (تۇرپان)

**پولتوك پىشتى** ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنى خېمىرىغا گۆش قوشۇپ، دومىلەپ پىشۇرۇلىدىغان نان (تاماق). (كېرىيە)

**پولداق** ئى. تېزەك خالتىسى. (قۇمۇل)

**پولدى- سولداڭ** سۈپ. ساڭگىل- سۇڭگۇل. (قۇمۇل)

**پولىماق** هوردىماق. (قۇمۇل)

**پوم 1** ئى. ‹يېم› هورلۇق نان، هورنان، جىڭموما. (قۇمۇل، پىچان، تۇرپان) (بۇ سۆز قۇمۇلدا يەنە «پورنان» مۇ دېيىلىدۇ)

**پوم 2** ئى. كالا تېزىكى بىلەن كۆمۈر ئۇۋۇندىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ پوملانغان يېقىلغۇ، قالغۇلۇق. م: ئۆينىڭ ئالدىدا پوم تىزىلغان مەش تۇراتتى. (خوتەن)

**پومبىلاق~پومىلاق** سۈپ. يۇپيۇمىلاق، دوغىلاق، سېمىز. م: △پومبىلاق چوكان؛ △پومىلاق كۆمۈر. (قەشقەر)

**پومزەك بەسەي** ئى . ‹بوت› قاتكۆك ، كاپۇسكا . (تۇرپان)

**پوندىلەك** سۆپ. بەدىنى تولۇق ، كېلىشكەن ، چىرايلىق ، ئومـــاق . م: △ جــوۋان ئـــايلام پـــوندىلەك؛ △ يۇرىكىمنى كۆيدۇرگەن قېشى قارا پوندىلەك . (مەكىت يانتاق) (بۇ سۆز ئاقسۇدا « پوندەك » دېيىلىدۇ. م: جېنىمــا ئالمخـان پـوندەك ، خېنىما ئالمخان پوندەك.)

**پوۋاش** سۆپ. ‹تىل ھا› قاپاق باش . (نىيە)

**پۇتا** ئى . ‹بوت› يۇلغۇن . (لوپنۇر)

**پۇتما** ئى . ‹بوت› ھارام شاخ ، پۇتىلىشقا تېگىشلىك شاخ . (كېرىيە)

**پۇچۇلماق** كۆيمـەك ، شــورلانماق ، كـۆچ: دەرد تارتمـــاق ، يەنچىلمەك ، ئەلەم چەكمەك . (تۇرپان) (بۇ سۆز قۇمۇلدا « پۇرچۇلماق » دېيىلىدۇ)

**پۇچىماق** پۇرلىمەك . (كېرىيە)

**پۇخسارىماق** دومســـايماق . م: ئـۇ نەچچـە كـۈن بولـــدى ، چىـــراينىمۇ ئاچمـــاي ، پۇخســـاراپ يۇرۇيـــدۇ . (قۇمۇل)

**پۇخۇن** ئى . قۇرۇغۇن . خىمىرغا چېچىلىدىغان ئۇن . م: نـــاۋايلار پـــۇخۇنلانغان قونـــاق خىمىـــرىنى چەيلەپ... (خوتەن ، نىيە ، كېرىيە)

**پۇخۇندىماق** قۇرۇغـۇن چاچمـاق ، ئـۇن چاچمـاق . م: قونـاق خىمىـــرىنى پـــۇخۇنداپ ، تونۇرغـــا يېقىشـــقا باشلىدى . (خوتەن ، نىيە ، كېرىيە)

**پۇراقىقا كىرمەك** ئۇزۇم غورا بولماق . (پىچان تۇيۇق)

**پۇرجا** ئى . پۇرسەت ، چولا ، ۋاقىت ، چاغ . م: بۇ ئىشقا ھازىرچە پۇرجام تەگمەيدۇ . (قۇمـۇل) (بـۇ سۆز لوپنۇردا « پۇرجە » دېيىلىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**پۇرسەت** رەۋ. بىر ھازا، بىردەم. (كېرىيە)
**پۇرقىدىماق** بىخلانماق. (قۇمۇل)
**پۇرلىماق** تالىماق، پۇرلاپ باسماق. م: ئىت مۇشۇكنى پۇرلىۋەتتى. (قۇمۇل)
**پۇرتىپ قويماق** كۆچ: ئەسكەرتىپ قويماق، گەپ بىلەن شەپە بېرىپ قويماق. (ئىلى)
**پۇسۇر** يۇك. تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، ئىختىيارسىز. (كېرىيە)
**پۇشتاڭ** ئى. چۇلۇۋۇر: ئۇلاڭ. ئات توقىغاندا كۆرپىنىڭ ئۈستىدىن تارتىدىغان ئۇلاڭ. (كېرىيە، كۇچا)
**پۇشتەكلىمەك** نەچچە موللاقلاپ كەتمەك. (كېرىيە)
**پۇشقاق مۇشۇك** ئى. ئوغرى مۇشۇك. م: تاختىمۇپىشىدا گۆش قويسام، پۇشقاق مۇشۇك يەپ قويدى. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز قەشقەردە «پۇچقاق مۇشۇك» دېيىلىدۇ)
**پۇشماق** چانماق. م: پەدەز قىلسا سەتتەرما پۇشمايدىكەن — پەرداز قىلسا سەتلەرمۇ چانمايدىكەن. (لوپنۇر)
**پۇشۇ(ر)قانماق** پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق، نادامەت چەكمەك، ئىچىگە تىنماق، ئۆتكەن ئىشلاردىن ھەسرەتلەنمەك؛ ئىچى پۇشماق. (خوتەن، نىيە) (بۇ سۆز لوپنۇر مىرەندە «پۇشلانماق» دېيىلىدۇ)
**پۇقۇسلىماق** قېيدىماق. (گوما)
**پۇلتاڭ** سۈپ. پۇلتايغان. م: يۇملاق پۇلتاڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. (قۇمۇل) (ئىلىدا بۇ سۆز «پۇلتاي» دېيىلىدۇ)
**پۇلقاپ** ئى. پورتمال، ھەميان، قاپچۇق. (كېرىيە)
**پۇلۇق** ئى. سىم ياكى دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇلغان

كىچىك سېۋەت. ئادەتتە خامان تەپكەندە، ئۆلانىنىڭ تومشۇقىغا كىيدۈرۈلىدۇ. (نىيە)

**پۇلۇقچى** ئى. كۆچ: جالاپ (نىيە)

**پۇمىخ** ئى. سۇرەت قادايدىغان مىخ، باسما مىخ. (خوتەن)

**پۇيپۇلىماق 1** ئاياغ ئاستى قىلماق، بوزەك قىلماق؛ زىرائەتنى دەسسەپ يانتۇزۇۋەتمەك. (كۇچا)

**پۇيپۇلىماق 2** باھانە قىلماق، سەۋەب قىلماق، ئىشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەك؛ سۇۋاشتۇرماق. (قۇمۇل)

**پۇيمۇلماق** بىرەر ئىش بىلەن ئاۋارە بولماق، بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولماق، پايپېتەك بولماق. (كېرىيە)

**پۆرە** ئى. قارىياغاچ چېچىكى. (پىچان، ئىلى)

**پۆشۆلۆ~پۆشۇلۇ** سۇپ. ئىنجىقلاپ گەپ قىلىدىغان ئادەم؛ گاچا، دۆت، ھاڭۋاقتى. (قۇمۇل)

**پۆكەن** سۇپ. تېخى پۇتۇنلەي قۇرۇمىغان ئۈزۈم. (پىچان تويۇق)

**پۆگە** ئى. مەلۇم بىر يەرگە ياكى پاسىلغا ئورنىتىلغان بەلگە ياكى دۆڭ. (قۇمۇل، پىچان)

**پۆگەن** ئى. ‹زوئـول› بۆجەن. م: پۆگۈننۇ ئىنەسى توغۇپ، ئۇچ كۇندەلا تاشتاۋاتادۇ ــ بۆجەننى ئانىسى توغۇپ، ئۈچ كۈندىلا تاشلىۋېتىدۇ. (لوپنۇر)

**پۇپۇلىۋەتمەك** زايە قىلىۋەتمەك، ئۇچۇرىۋەتمەك، سورۇۋەتمەك، قىرقىۋەتمەك. م: تايىنى يوق نەرسىلەرنى ئېلىپ بىرمۇنچە پۇلنى پۇپۇلىۋەتتى. (قەشقەر)

**پۇتمەك** كۇتمەك. م: سېنى كەچكىچە پۇتتۇم ــ سېنى كەچكىچە كۇتتۇم. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**پۇتۇجىمەك** پۇتۇنلەنمەك. (قومۇل)

**پۇدەكچى** ئى. ھەـ ھوچى، ھەمدەمچى، ياندا تۇرۇپ مەدەت بەرگۈچى، كۇشكۇرتكۇچى. (كېرىيە)

**پۇرگۇچ** ئى. پۇشتەك، ئۇشتەك. (قومۇل)

**پۇرمەك** پۇدىمەك. چالماق. م: سۇرنەي پۇرمەك ـ سۇناي چالماق. (قومۇل)

**پۇگەستە** سۈپ. (ف‹پابەستە) بېشى باغلاقلىق. باشقا ئادەمنىڭ ئىلكىدە. م: ھەشقىپىچەك يۆگىلىپتۇ باغدىكى جىنەستىگە، نېمىدەپ كۆڭلۈمنى بەردىم يار دېگەن پۇگەستىگە. (قومۇل)

**پۇيكۇ شەڭگۇ** سۈپ. سۆرۈن. (لوپنۇر)

**پېپەكدىمەك** چىكانكىلىماق، چىكان قىلماق، كېپەز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتمەك. (كۇچا)

**پېپەكدىۋەتمەك** خورازنىڭ مېكىيانىنى بېسىشى. (ئاقسۇ)

**پېتىلە** سۈپ. غوجمەك. توپ، دۆۋە. (قومۇل)

**پېتىنگان** ئى. ‹بوت› پېدىگەن، چەيزە. (كېرىيە)

**پېتىق** ئى. پاتقاق. (تۇرپان)

**پېچەك** ئى. غالتەك، يىپ غالتىكى. م: پېچەكلىك يىپ ـ غالتەك يىپ. (قەشقەر)

**پېچىك** سۈپ. ئىككى پۇتىنى ئىككى يانغا قارىتىپ ماڭىدىغان ئادەم. (ئاتۇش)

**پېرە** ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنىنىڭ خېمىرىغا گۆش، پىياز، خورۇجلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇگۈپ، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان سامسا. (مارالبېشى تومشۇق)

**پېروزا كۆز** سۈپ. كۆك كۆز. (قومۇل، خوتەن)

**پىشمقۇرۇن** رەۋ. پىشىنغا يىقىن. (كەلپىن)

**پىقىرىما** سۈپ. پىژغىرىم.

**پىقىش** سۈپ. چىقىلغان، بۇزۇلغان، سۇنغان، سۇنۇق. م: پىقىش تۇخۇم. (ئىلى)

**پىلەز** ئى. پىلەك. قوغۇن ـ تاۋۇز پىلىكى. (خوتەن)

**پىلىش** سۈپ. كالامپاي، پالاكەت. پۇتلىشىپلا يۇرىدىغان ئادەم. (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «پىلىشقاق» دېيىلىدۇ)

**پىلىشماق** پۇتلاشماق. م: ۋىسال قەدرىگە يەتكەنلەر، يىقىلمايدۇ، پىلىشمايدۇ. (خوتەن)

**پىيكىسىنمەك** ئەيمەنمەك، تەپ تارتماق. م: مەندىن پىيكىسىنىپ بولسىمۇ راست گېپىنى قىلمايدۇ. (قەشقەر)

**پىتەڭگىز** سۈپ. پىتنىخور، ئۇششاق سۆز. (لوپنۇر)

**پىتپىتە** ئى. ‹بوت› پىلپىل. (قۇمۇل)

**پىتكە~بىيەتكە** سۈپ. ئازراق، بىرئاز. (نىيە، خوتەن) (بۇ سۆز قەشقەر، ئاتۇشتا «پىشكە~پىشكى~پىشكىرە» دېيىلىدۇ)

**پىتىگە** ئى. ‹ئانات› قورساق، قورسىقى يوغىناپ بويى ئۆسمىگەن باللار «پىتىگە بوپتۇ» دېيىلىدۇ. (قۇمۇل)

**پىچ** ئى. پىچاق. م: ئۆز پىچى ئۆزىنى كەسمەپتۇ. (ماقال) (كېرىيە)

**پىچاق خارتۇم** ئى. ‹ئانات› ياۋا توڭگۇزنىڭ خارتۇمى. (لوپنۇر)

**پىچان** ئى. ‹بوت› قومۇش. (تۇرپان)

**پىچەن** ئى. ‹بوت› چىغىرتماق، ئورۇپ قۇرۇتۇلغان ئوت ـ خەشەك. (خوتەن)

**پىچتىپالاق** تەق. مىلىچ ـ مىلىچ. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**پىچىلىماق** يېرىلىپ كەتمەك. م: پۇتۇم پىچىلىپ كەتتى. (قەشقەر)

**پىخەي** ئى. لاتا ئاياغ، خەنزۇلار كىيىدىغان رەختتىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىم. (پىچان)

**پىراۋەدى** سۈپ. يامان، ھەممە ئىشنى ئالا قويمايدىغان. (خوتەن)

**پىرجەك** ئى. 〈بوت〉 كېۋەزنىڭ گۈلى. م: كېۋەزلەر پىرجەك باغلاپتۇ. (مەكىت)

**پىرخار بولماق** بەك قېرىپ كەتمەك. (قۇمۇل)

**پىردەس** سۈپ. توشۇق، بەك جىق. (خوتەن)

**پىرغاي** سۈپ. تولغىماچ، بودۇر، ئەگرى - بۈگرى. (قۇمۇل)

**پىرقە** سۈپ. ئاۋارە، بىچارە، يوقسۇل. (ئاقسۇ)

**پىرلاڭ** ئى. 〈بوت〉 ئاق تۇرما، بالدۇر پىشىدىغان توپچىسىمان تۇرۇپ. (قۇمۇل)

**پىرما** ئى. 〈بوت〉 قويلارنىڭ يۇڭىنى يۇڭۇز- لىۋالىدىغان، تىكەنلىك، چېچىكى سېرىق، يېگىلى بولىدىغان، مېۋىسى شاكاللىق، قىزىل بولىدىغان ئۆسۈملۈك. (نىيە)

**پىرپىتە قىلماق** ئالدىماق، ئەخمەق قىلماق. (خوتەن)

**پىرىداق** ئى. تۆپىلىك، تەلپەك. م: ئۇ بېشىدىن پىرىداقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. (خوتەن)

**پىرىشاۋىرىشان** ئى. 〈بوت〉 تاغدا بولىدىغان دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆسۈملۈك. (نىيە)

**پىرىلداق** ئى. شامال، پۇرژىنا ياكى قول كۈچى ئارقىلىق ئۆز ئوقى چۆرىسىدە تېز ئايلىنىدىغان ئويۇنچۇق.

**پىسقى - پۇجۇر** سۈپ. يالغان - ياۋىداق. م: ياقمىدى ھەم ئاقمىدى پىسقى - پۇجۇر. (خوتەن)

**پىسىنچا** ئى. گىرە، گىرەچە. (قۇمۇل)

**پىسى يوق** سۈپ. سۆرەلمە، مىس ـ مىس، ئېزىلەڭگۈ، جانسىز، روھسىز. (قەشقەر) (بۇ سۆز نىيىدە «پىسسى»، ئىلىدا «پىسىر» دېيىلىدۇ)

**پىشا** ئۈن. مۈشۈكنى ھەيدىۋېتىش ئۈندىشى.

**پىشپاق** ئى. ساپما كەش، شىپىلداق. (مارالۋېشى چارباغ)

**پىشت** ئىم. مۈشۈكنى قوغلاش ئىماسى. (گوما)

**پىشتماق** قاچماق. (خوتەن تامئېغىل)

**پىشقاق** ئى. ‹يېم› ئېرىمچىك. (لوپنۇر)

**پىشلايماق** پۇت بارماق ئارىلىرىنىڭ يېرىلىپ، سۇ چىقىشى. م: ئۇنىڭ پۇتلىرى پىشلىيىپ كېتىپتۇ. (تۇرپان)

**پىشماق** سۇغا چۆمۈلدۈرمەك، سۇغا چۆمۈلمەك، سۇغا چىلىماق. م: △مەكتەپ باللىرى بىر ئاسلاننى سۇغا پىشتى؛ △تەرلەپ كەتكەن بولسىلا زەيكەشكە پىشاي. (كېرىيە، مەكىت يانتاق)

**پىشىم** سۈپ. تەرىز، نەزەر. م: كۆزگە ئىلمىغان پىشىمدا لىمنى كۆرسىتىپ... (ئىلى)

**پىقىراپ كەتمەك** خوتۇنلارنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ، قورساقلىرى يوغىناپ، بەك كېلەڭسىزلىشىپ كېتىشى. (قۇمۇل)

**پىقىرىماق** پايپېتەك بولماق، ئاۋارە بولماق. (قۇمۇل)

**پىقىلجۇغۇش** ئى. بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ پىسىلدىقى. (لوپنۇر)

**پىگىلىشىپ كەتمەك** بىقسىماق، كۆكىرۇپ كەتمەك. (كېرىيە)

**پىلاڭزا** ئى. (خەن‹字篮子) كىچىك قول سېۋەت. (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**پىلەس** سۆپ. پاسكىنا، تېگى پەس (نىيە)

**پىلدىر پەلەك** ئى. ‹يېبم› قوناق ئۈنىنى چىلان شەكلىدە يۇمىلاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. (قەشقەر) (بۇ سۆز خوتەندە «پىلدىپاڭ» دېيىلىدۇ)

**پىلچەك** ئى. ماروژنى ئۇسىدىغان كىچىك ساپال كۇرۇشكا. (قەشقەر)

**پىنەك 1** ئى. تاماكا ياكى نەشە يۆگەش ئۈچۈن تەييارلانغان (√) شەكىللىك قەغەز نەيچە. (كېرىيە)

**پىنەك 2~پىنە** سۆپ. پۈچەك. ئاشلىقنىڭ دان تۇتمىغان شاكىلى. (كېرىيە)

**پىنىنەش** سۆپ. هاكاۋۇرلۇق، دىمىغى ئۇستۈن. (خوتەن)

## ت

**تا** ئى. پەگاھ، كارىدور. (خوتەن)

**تاپان چالماق** يەر تەپمەك، يەر تېپىپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىماق. م: هاكىم ئاچچىقلاپ تاپان چېلىپ كەتتى. (خوتەن قاراڭغۇتاغ)

**تاپاندۆز** ئى. چەمچى، ئاياغنىڭ چەمگە ئىشلەيدىغان كىشى. (كېرىيە)

**تاپ بېشى** ئى. بىر مەيدان يەرنىڭ ئىككى بېشى. (مەكىت)

**تاپساماق** سالماق، تىقماق. م: تاپساپ بەر ــ ئۇرۇقنى ئورەككە سال.

**تاپىرىق** سۆپ. قەلەندەر، ھېچنېمىسى يوق (كېرىيە)

**تاتاق** ئى. ‹يېبم› قەنت، كەمپۈت (باللارغا قوللىنىلىدۇ). (قومۇل)

**تا:تقا** ئى. تۇرگە. قار، ئەخلەتلەرنى دۆۋلەيدىغان سايمان. كۆپىنچە خامانلاردا خامان تۇپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. (پىچان) (بۇ سۆز لوپنۇردا «تا:تقۇ» دېيىلىدۇ)

**تاتما** ئى. تارتسا ئاسان چىقىدىغان، يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن ئوتۇن. (نىيە)

**تاتماق** ئى. تارتما، ئۈستەڭنىڭ تارتمىسى. (نىيە)

**تاتۇرماق** قاقشاتماق. (قۇمۇل، خوتەن)

**تا:تىغ** ئى. سوۋغا ـ سالام. (خوتەن)

**تاتىقماق** تارتىنماق. م: ئۇ تاتىقىپ (تارتىنىپ) ياتادۇ. (لوپنۇر)

**تاتىلا** ئى. 〈دېھ〉 تىرنا. (لوپنۇر)

**تا:تىلىپ قالماق** ئازلاپ قالماق؛ كۆچ: ئورۇقلاپ قالماق. م: △ كالىنىڭ سۈتى تاتىلىپ قالدى؛ △ ئېرىقتىكى سۇ تاتىلىپ قالدى؛ △ كېسەل بولۇپ تاتىلىپ (ئورۇقلاپ) قاپتۇ. (تۇرپان، ئىلى)

**تاجىغىماق** سىلكىشلىمەك، ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىشلىمەك. م: ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ راسا تاجىغىدى. (قەشقەر)

**تاخ~تاخشىش** ئۇن. توخۇلارنى ھەيدەش ئۈندىشى. (گۇما، قەشقەر، ئىلى)

**تاخاپەن** ئى. تورۇسقا ئورنىتىلغان نەقىشلىك تاختا ياكى تاختاي تورۇس. (قۇمۇل)

**تاخايلى** ئى. 〈بىن〉 تامغا ئورنىتىلغان جاۋەن، چىنە ـ قاچا قويۇلىدىغان ئىشكاپ. (قۇمۇل)

**تاختا~تاختاي** ئى. ئىشقىۋاز ئايال، كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق ئايال، ئاشنا تۇتۇپ ئوينىغۇچى ئايال. (كېرىيە)

**تاختا پەرە** ئى. ‹بىن› دەرۋازىنىڭ ئۈستۈنكى تاختىسى. (قەشقەر، خوتەن)

**تاختا نوغۇچ** ئى. ئاشتاختا. (نىيە)

**تاختىپەر** ئى. ئېگىز جايغا ياسالغان مۇنبەر، شاھسۇپا. (خوتەن)

**تاختىغا سالماق** قوغۇننى يىغىۋالغاندىن كېيىن، قوغۇنلۇقتا مال قويۇپ بەرمەك. (كېرىيە)

**تاختىغا ياتقۇزماق** ماقۇل كەلتۈرمەك، كۆندۈرمەك؛ ئەپلىمەك، جۆندىمەك، باپلىماق. م: ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، توختاخۇننى ئاخىر تاختىغا ياتقۇزدۇق. (قۇمۇل)

**تاخسا** سۈپ. تېيىز. م: تاخسا سۇ ــ تېيىز سۇ. (قۇمۇل)

**تار** ئى. كاربدور. (خوتەن)

**تاراپال** سۈپ. تەييارلىقسىز، تۇيۇقسىز. (قۇمۇل، تۇرپان) (خوتەن قاراڭغۇ تاغدا «تەرەپبال» دېيىلىدۇ)

**تاراقا** سۈپ. پاكار، شالاڭ. م: بۇغداي تاراقا ئۈنۈپ قالىپتۇ. (لوپنۇر)

**تاراقلاغۇچ** ئى. بىر خىل ياغاچ قوزۇق.

**تاراڭگا~تاراڭگۇ** ئى. كالتەك، تاياق؛ ھايۋانلارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ياكى باشقىلارنى زەخملەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان كالتەك. (قەشقەر، كېرىيە) (خوتەندە بۇ سۆز «تاياڭگۇ~تاياڭگى»، لوپنۇر ۋە ئىلىدا «داراڭگا»، ئاقسۇدا «داراڭگۇ» دېيىلىدۇ)

**تاران** ئى. كىگىزچىلىكتە خامراق ئېشىلگەن شوينا، يىپ. (كۇچا، قەشقەر)

**تارپىمىن** سۈپ. تارمار، ۋەيران. (قۇمۇل، تۇرپان)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تارتقا** ئى. ياغاچ چېلەك، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان سوغا. (قۇمۇل)

**تارتما** ئى. شوتا، پەلەمپەي. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپان، پىچاندا «تاتما» دېيىلىدۇ)

**تارلاق** ئى. جىلغا ياكى تاغلار ئارىلىقىدىكى تار كەتكەن تۈزلەڭلىك، كارىدور.

**تارلاڭ** ئى. ئېقىن، جىرا. (پىچان)

**تارىشا** سۇپ. كۆچ: ئورۇق، ئاۋاق. (كېرىيە)

**تارىغۇ** ئى. تاغاق. (نىيە)

**تازا** سۇپ. ساغلام. (پىچان تۇيۇق)

**تا:زا** ئى. خىراجەت، پۇل، چىقىم. م: بۇ تويغا نۇرغۇن تا:زا (چىقىم) قىلدۇق. (پىچان، تۇرپان)

**تاز پولو** ئى. ‹يېيم› گۆشمۇ، مانتىمۇ باسمىغان پولو. (پىچان، مەكىت)

**تازغۇن** ئى. سايلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئېقىن. (خوتەن)

**تاسقاقچىلىق** سۇپ. خار- زارلىق، جاپا- مۇشەققەتلىك. (قۇمۇل)

**تاسلاتماق** تامشىماق. م: ئۇ ئاغزىنى تاسلاتىپ (تامشىپ) كەتتى. (لوپنۇر)

**تاش 1** مىق. سۇ ئۆلچىمى. بىر تاشلىق تۈگمەننى چۆگىلىتەلەيدىغان سۇ. (كېرىيە)

**تاش 2** ئى. ياقا، باشقا. م: تاش يۇرت ـ ياقا يۇرت. (كېرىيە) (بۇ سۆز لوپنۇردا «تاشا» دېيىلىدۇ. م: تاشا كەنتلىك)

**تاشا:قىماق** يانغا چىقىپ ماڭماق (يولنىڭ) م: يول تاشا:قاپ، يۇردى ھەركىم پەم بىلەن. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تاشراق** ئى. ئىدىش، جاۋۇر، ساپال تەلەڭگە. (پىچان)
**تاشلاشتۇرماق** تاش ياتقۇزماق. (قومۇل)
**تاشۇ** ئال. ئاشۇ. م: تاشۇ ساندۇق ــ ئاشۇ ساندۇق. (تۇرپان ئاستانە)
**تاشۋاش** ‹**تاشباش**› ئى. قىياتاشنىڭ ئاستى.
**تاشىغداماق** توشۇماق. م: كەچە ـ كۈندۈز ئوغۇت تاشىغدادۇق. (لوپنۇر)
**تاشىلىغ** ئى. يات، چەت يۇرتلۇق. (خوتەن)
**تاغا ئاچا** ئى. تاغىسىنىڭ خوتۇنى (ياشتا كىچىكرەك). (خوتەن)
**تاغا ئانا** ئى. تاغىسىنىڭ خوتۇنى، كىچىك ئانا (ياشتا چوڭ). (خوتەن)
**تاغاق** ئى. تاۋاق. م: ھاراق ئىچتىم تاغاقتا، تەمى قالدى تاماقتا. (نىيە)
**تاغا ھاما** ئى. تاغىسىنىڭ خوتۇنى (ياشتا چوڭراق) (خوتەن)
**تاغ ئېتى** ئى. ئۇزاق سەپەردە ھارمايدىغان پاكار بويلۇق بىر خىل ئات.
**تاغىل** سۈپ. كۆچ: ھىيلىگەر، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان. (كېرىيە)
**تاق~تاق ـ تاق** تېز، چاققان. (كېرىيە دەريا بويى)
**تاقتاق** ئى. ‹زوئول› ئېتىزدا بولىدىغان چوك چېكەتكە. (مەكىت)
**تاقلىغۇچ** ئى. تاقلاپ ـ سەكرەپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى. (پىچان)
**تاقى** ئى. تاغچى. م: تاغقا چىقتىم، كىيىك ئاتتىم، تاقى پالگانلار بىلەن. (قومۇل)
**تاقلىدىغۇچ** ئى. تۇگمەندە ئۇگۇتنى تەڭشەيدىغان يىپ

باغلانغان تاياق. (نىيە)

**تاق يىغاچ** ئى. ‹بىن› ئىشىك ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچ. (قۇمۇل)

**تاكا 1** ئى. ‹زوئول› پىچىلمىغان ئەركەك ئۆچكە. (مارالۋېشى تومشۇق)

**تاكا 2** ئى. ‹زوئول› ياۋا ئات. (قۇمۇل تاغلىقلار سۆزى)

**تاكان 1** سۈپ. تەرسا، جاھىل؛ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تاكاللىشىدىغان ئادەم. (نىيە)

**تاكان 2** سۈپ. كەسمەس تىغ، قاشاڭ، گال. م: △ بىر نەچچە تاكان كەتمەننى...؛ △ ئەل بىلەر كىم تىغى شەمشەر، كىم تاكان. (خوتەن)

**تاڭسۇق** سۈپ. ھەيران قالغۇدەك، ئالاھىدە، ئاجايىپ، ئۆزگىچە. (خوتەن، ئىلى)

**تاڭلا** رەۋ. ئەتە (كېرىيە) (بۇ سۆز تورپاندا «تاڭنەتە» دېيىلىدۇ)

**تالپۇغ~تالپۇق** تەلپۈنمەك، ئىنتىلمەك (قارچىغا، ئىت، ئات قاتارلىقلار)؛ كۆپىنچە شۇڭقار قاتارلىقلارغا ئۆگىتىدىغان ئىم، بۇيرۇق. كۆپىنچە ئۆردەك ياكى باشقا كىچىك ھايۋانلارنى ئۇۋلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. (كېرىيە)

**تالتىز** ئى. جۇۋازچىلارنىڭ جۇۋاز كۆتىكىدىكى كونجۇرنى ئاجرىتىشتا ئىشلىتىدىغان ئۈچى بىسلىق تۆمۈر تاياقچىسى. م: △ ئانام ئىت توسقىلى لازىم بولار دەپ بىر تالتىزنى بەردى؛ △ مەن تالتىزنى چىقىرىپ بەردىم. (خوتەن، نىيە) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «تالتۇز» دېيىلىدۇ)

**تالتىق** سۈپ. تاتلىق. (لوپنور)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تالقالىق** ئى. ئۆزۈم بارىڭى، تەكلىك. (كۇچا)

**تالقىتماق** چۆۋۈمىاق، يايماق. م: قارا چاشتى تالقىتاي، سايە بولسۇن يولۇڭغا — قارا چاچنى يېيىتاي، سايە بولسۇن يولۇڭغا. (لوپنۇر)

**تال قىياق** ئى. تال چىۋىق. م: تال قىياقتا ئۇخشايدۇ، قىزىل گۈللۈ بويىلورۇ — تال چىۋىقتا ئۇخشايدۇ، قىزىل گۈلدەك بويىلىرى. (لوپنۇر)

**تالما** سۈپ. پاپا. (تۇرپان)

**تالما** ئى. خام. ماتانىڭ بىر خىلى؛ ئىنچىكە ئىگىرىلگەن يىپ. (كېرىيە)

**تالماق** پاختا يىپنى قايتا ـ قايتا پىشقۇچە تولغىماق، بۇرىماق، يۆگىمەك، ئەشمەك، ئىگىرمەك. م: ئېرىك ئۇڭغا تالسا، سەن تەتۈرىگە تالا. (نىيە، كېرىيە)

**تام 1** سۈپ. ئاز، كەم (تۇزنىڭ سىلىنىشىغا قارىتا). م: ئاشنىڭ تۇزى تام ئىكەن. (قۇمۇل، پىچان)

**تام 2** ئى. تەرەپ، ياق، يۆنىلىش. م: △ نىيىنىڭ كۇنچىقىش تامىدا — نىيىنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدە؛ △ تۆت تام — تۆت تەرەپ. (لوپنۇر، خوتەن، قاراقاش)

**تاماس قالماق** تاس قالماق، قىل قالماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «تەمەن قالماق» دېيىلىدۇ)

**تا:ماق** ئى. (دېھ) دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق تىرنا. (نىيە)

**تا:ماق چىش** سۈپ. شالاڭ، ئاراچ چىش. (كېرىيە، خوتەن)

**تامالىماق** تاما قىلماق. م: قاتۇن (خوتۇن) ئالماي بوي (بويتاق) يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، سىزگە ئۇخشوش (ئوخشاش) بىر خانىمى (خانىمنى)

تامالاپ. (لوپنور)

**تامتۇق** سۇپ. تايىنى، تۇتامى. م: تامتۇغى يوق — تايىنى يوق، تۇتامى يوق.

**تام تېكە** ئى. ‹زوئول› بېشى كىچىك، دۆگە ئوخشايدىغان بىر خىل جانىۋار؛ دۆ. (لوپنور، تورپان) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سوزۇنچاق» مۇ دېيىلىدۇ)

**تامجۇقتاماق** تامچىلىماق. م: يامغۇر تامجۇقتاپ ياتادۇ. (لوپنور)

**تامشاخ** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**تامغاق** ئى. تاماق، تاڭلاي. (مەكىت يانتاق)

**تامغاق تەشتى** ئى. ‹بوت› تۇكلۇك ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى، تاتلىق، تاماقتا قالىدۇ. (قەشقەر)

**تام غېرىچ ئويۇنى** ئى. بىر خىل بالىلار ئويۇنى. تەڭگىنى تامغا ئۇرۇپ، غېرىچلاپ ئىككى تەڭگىنىڭ ئارىلىقى غېرىچقا توشسا، ئۇتقان بولىدۇ. ئىككى ئادەم ئوينايدۇ. (تورپان)

**تامىتو** ئى. ‹بوت› شوخلا، پەمىدۇر. (كېرىيە)

**تامىز قۇ:ت** ئى. ‹زوئول› تومۇزغا. (لوپنور)

**تانا كەرمەك** تويدا قىز- يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇماق. (نىيە)

**تانا ئوت** ئى. ‹بوت› تانا ئوت، بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**تاناي** ئى. نور، تۇرۇبا، ئۇستى يېپىق ئېرىق. (خوتەن)

**تاناي بېشى** ئى. شەھەرگە سۇ كىرىدىغان ئېرىقنىڭ بېشى. (كېرىيە)

**تانايچى** ئى. تانايىنى باشقۇرغۇچى ئادەم. (كېرىيە)

**تانماق** ئازماق، سۇپىتى ئۆزگىرىپ كەتمەك. م: قوغۇن تېنىپ كەتتى.

**تاۋاش كەلمەك** تاقابىل كەلمەك، تەڭ تۇرماق. (خوتەن)

**تاۋاق** ئالتۇننى ئايرىش ئەسۋابى (كېرىيە)

**تاۋالماق** تارالماق؛ ئەيىبلىمەك، تاپا- تەنە قىلماق. م: △ ئۇنۇ كىشى ئاڭلاسا، تاشا كەنتلىك تاۋالار؛ △ دۈشمان تولو پاتقۇزمايدۇ تاۋالاپ. (لوپنۇر)

**تاۋىز** ئى. ‹تبب› دورا. م: بۇ تاۋىزلەنى ئىچمىگەنلىكتىن - بۇ دورىلارنى ئىچمىگەنلىكتىن. (يەكەن)

**تاياقپەزلىك** ئى. جېدەل - ماجىرا. (كېرىيە)

**تاياماق** كېمە ھەيدىمەك. م: تايادىم كېمەمگە چىقتاپ، ئولتۇرادۇ ئىزىمغا قارلاپ. (لوپنۇر)

**تايتاڭشىماق** دەلدەڭشىمەك، ماغدۇرسىزلانماق، ئاران ماڭماق. م: مانا ھازىر ئاستىدىكى سار ئاتمۇ تايتاڭشىپ قالدى. (ئىلى)

**تايدا** سۈپ. يانتۇ، قىيپاش. (كېرىيە)

**تايلاق** سۈپ. كۆچ: يالڭاچ. (پىچان تۇيۇق)

**تە** ئى. تەڭگە. م: بىر تەلىك ئاش سېتىۋالدىم. (كېرىيە)

**تاپاك** ئى. ئوق. (قۇمۇل)

**تەپپە** ئى. تەپ. م: تەپپە (تەپ) بولۇپ قالماق. (لوپنۇر)

**تەپ- تۇمۇ** ئى. ‹تبب› كېزىك. (قۇمۇل)

**تەپچە** ئى. ‹بوت› پاختىسى ئېلىۋېلىنغان كېۋەز شادىسى. (تۇرپان)

**تەپكە** ئى. ئەلگەكنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان جازا. (قۇمۇل)

**تەپ كەلمەك** تەڭ كەلمەك. م: بۇ قىزغا ھېچ كىشى تەپ كېلەممەيتتۇ. (خوتەن)

**تەپمە** ئى. سابور. قوم ـ شېغىل قاچىلانغان كىچىك خالتا. پۈت بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان باللار ئويۇنى. (كېرىيە)

**تەپمە هالال** هارام بولۇپ قالغان مالنى تېپىپ مىدىرلىتىپ قويۇپ، بوغۇزلاپ هالال قىلماق؛ كۆچ: ئاران ـ ئاران. م: △تەپمە هالال قىلىپ قۇتۇلماي...؛ △ تەپمە هالال كۈن ئۆتكۈزۈ ـ ۋاتىدۇ. (ئاتۇش)

**تەپمە يول** ئى. داۋامى ئېتىزلىقتا تۇتىشىپ كېتىدىغان يول. (كېرىيە)

**تەتۈر ئۇستىخان** سۈپ. تەن قۇرۇلمىسى قوپال، قاملاشمىغان، سىپايە ـ سىلىق ئەمەس. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قاملاشمىغان گەۋدىسىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (ئىلى، قەشقەر)

**تەتۈر يەل** ئى. ‹تېب› قورساق ئېسىلىش كېسىلى (نىيە)

**تەجىلىك** سۈپ. كۆچتۈڭگۈر. (لوپنۇر)

**تەرەتخانا** ئى. مۇنچا. (مەكىت)

**تەر بولماق** خاپا بولماق، تېرىكمەك. (قەشقەر)

**تەرتە** ئى. هارۋىنىڭ ئوقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.

**تەرسلىك نارتماق** قىينالماق، ئازابلانماق.

**تەركىسىز** سۈپ. داۋاملىق، توختىماي. م: تەركىسىز قىرىق كۈنگىچە كۈندە بى كېگىن ــ قىرىق كۈنگىچە توختىماي كۈندە بىر كەلگىن. (يەكەن)

**تەركۈ** ئى. ئىز ـ دېرەك. م: ئۇنو تاغىچا تەركۈسۇ چىقمادى ــ ئۇنىڭ تېخىچە دېرىكى چىقمىدى. (لوپنۇر)

تەركى بولماق — ئۆزلۈپ قالماق. (كېرىيە)

تەركەن سۇ — ئى. توختام سۇ، تۇرغۇن سۇ. (ئىلى)

تەركىنلىك — تاشلىۋەتمەك، تەرك قىلماق. م: ئۆيۈڭلۈك(ۋ) ئىچىدە سۆززۆيسەن، تەركىنلىكنى كۆززۆيسەن. (لوپنۇر)

تەرمە — ئى. ‹بىن› تەرمە، كىگىز ئۆيىنىڭ كەرمە ياغىچى. (قۇمۇل)

تەرىك — ئى. ‹مۇز› تويى ناخشىسى. توققۇز ناخشىچى داپ چېلىپ ئورۇندايدۇ. (تۇرپان لۈكچۈن)

تەرياق — ئى. زەھەر قايتۇرىدىغان دورا. (ئىلى، خوتەن)

تەز — سۈپ. ئاددىي، ئادەتتىكىچە، چاغلىق، ئانچە ئەمەس. م: △بىر تەزلىك ئىش؛ △بۇمۇ بىر تەزلىك، تېخى مۇشكۇلى ئالدىمىزدا. (قۇمۇل)

تەسپاي — سۈپ. سۆرەلمە، چاپلاشقاق. (خوتەن)

تەسكەن — ئى. ‹تېب› يىڭناسقۇ: تىلغا چىقىدىغان بىر خىل ئۆسمە. م: تىلىڭغا تەسكەن چىقسۇن! (قەشقەر)

تەشكۈت — ئى. لاپقۇت، ئېتىز ئەمگەكمىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىق. (تۇرپان، پىچان)

تەشمەك — ئى. جالاپ، بۇزۇق ئايال. (نىيە)

تەك — ئى. ئىستىقامەت. (نىيە)

تەكە — ئى. ‹بوت› بالدۇر پىشىدىغان شاپتۇل. (خوتەن)

تەكەخان ‹ تەركەن خان ئى. ‹زوئول› پىلە قۇرتى. (قۇمۇل)

تەكلىمەك — سەكرىمەك. (قۇمۇل)

تەگشا بولماق — بىرەرسىدىن خاپا بولماق. (نىيە)

تەگمىش — ئى. مىراس. م: △ئاتا تەگمىش – ئاتا مىراس؛ △بۇ نەرسىلەر ماڭا ئاتامدىن تەگكەن

تەگمىش. (قۇمۇل)

**تەگۋاز** ئى. كۆك تاماكىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى. (خوتەن)

**تەگۇ** ئال. ئاۋۇ. (كەلپىن)

**تەڭشەك** ئى. غەلۋىر، ئۆتكەمە. (كېرىيە)

**تەڭگە تاز** ئى. چېچى چۈشۈپ، بېشى ئالا ـ بۇلا بولۇپ قالغان ئادەم ياكى باش. (قەشقەر)

**تەڭلىمەك** تاڭماق. چايقىلىپ كەتكەن باشنى تۇخۇم بىلەن تېڭىشقا قارىتىلىدۇ. (تۇرپان)

**تەلپەكساز** ئى. تەلپەك تىككۈچى (كېرىيە)

**تەلگىمەك** تەگمەك. م: ئۆتكەن ئىشتى تەلگەمە. (لوپنۇر)

**تەللە** ئى. بوغجۇما، بوپا. م: مەنسىپىدىن نەپسى چوڭ، باغرى خىيانەت تەللىسى. (خوتەن، مەكىت)

**تە:مە~تەرمە** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى، تەبىئىي ئۈنۈپ قالغان ئۆلانمىغان ئۆرۈك. م: تە:مە ياغلىغ ئۆرۈك (قەشقەر)

**تەم ـ تەم** سۈپ. چېكىم ـ چېكىم، ئانچە ـ مۇنچە، ئاندا ـ ساندا، ئاران ـ ئاران. م: △ تەم ـ تەمگىنە چېچەك ئىزى باردۇر يۈزۈڭدە، مەن ساڭا ئاشىق بولدۇم شېرىن سۆزۈڭگە؛ △ بالا تەم ـ تەم مېڭىپتۇ. (يېڭى ئايغى چىققان بالا). (تۇرپان)

**تەمكە** ئى. تاماكا، ناسىۋال. م: دەرت كەلگەندە تاتۇرمىز تەمكە دىگەن خۇمارنى، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس كۆڭۈلدىكى شۇ يارنى. (قۇمۇل)

**تەمكىرەڭ** سۈپ. ناسىۋال رەڭ، توق يېشىل. (قۇمۇل)

**تەممەت** سۈپ. مۇتلەق، پەقەت، زادى. (خوتەن)

**تەنە** ئال. ئەنە. (تۇرپان)

www.uyghurkitap.com

**تەنەمەك** ئى . ئالجىماق . م: تەنەگەن قارى ــ ئالجىغان قېرى . (لوپنۇر)

**تەن پىچىمى** سۆپ . تەن قۇرۇلۇشى ، پىگورا . م: تەن پىچىمى خېلى قاملاشقان قىز . (قەشقەر)

**تەيلىگ** سۆپ . بەك قاتتىق ، كۆچلۈك ، ئاچچىق . م: △ تاماكاڭلار ھەجەپ تەيلىگكەنيا؛ △ ئورۇق ئاتنىڭ پوقى تەيلىگ (ماقال)؛ △ مال ئىگىسىدىن ئوغرى تەيلىگ . (ماقال) (نىيە)

**تەيلىمەك** تەييار قىلماق ، تەق قىلماق؛ قاتلىماق ، تەكشىلىمەك . م: △ جابدۇقلارنى تەي قىلدى؛ △ كىرنى تەيلىمۆەت ــ قۇرىغان كىرنى تەكشىلەپ قاتلىۋەت . (خوتەن)

**توپاق** ئى . ‹زوئول› ساپانغا قاتمايدىغان ئۆكۈز . (تۇرپان)

**توپچا** ئى . تۈگمە . (تۇرپان ، قۇمۇل ، پىچان تۈيۇق)

**توپچىلىماق** تۈگمىلىمەك . م: ئۇ توپچىسىنى توپچىلىماپتۇ . (تۇرپان ئاستانە)

**توپشاھ** ئى . ‹تەن› قاچقانچۇق ، قاچقانتوپ ، بىر خىل باللار ئويۇنى . (نىيە)

**توپۇر بولماق** قاتار بولماق ، سەپكە تىزىلماق . (نىيە)

**توپىچاق** ئى . ‹زوئول› ئىككى چىشلىق ئەركەك موزاي . (خوتەن)

**توخا پۇرچاق** ئى . ‹بوت› چىمەنلىك ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك . (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ياۋا كۆك پۇرچاق» مۇ دېيىلىدۇ)

**توختون** سۆپ . تەمكىن ، سالماق . (قۇمۇل)

**توختى قوتۇر** ئى . ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى . (پىچان)

**توخچان** ئى. ‹بوت› خەتمىنەك، ياۋا چىلگە. (تۇرپان)

**توخسا** ئى. بىر تەرىپى پالتا، بىر تەرىپى جوتۇ ئەسۋاب. (قەشقەر پاخپو)

**توخشورغۇچ** ئى. كۆسەي. (لوپنۇر)

**توخشورماق** چۇخچىلىماق. م: ئوت توخشورماق — ئوت چۇخچىلىماق. (لوپنۇر)

**توخۇناق** ئى. توقۇناق: بۇرۇنقى زامانلاردا قاسقاندا ياكى تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تاماقلارنى خامانغا ئاپىرىپ ساتقۇچى. (خوتەن)

**تور** ئى. كۆچ، بىسىم، تەسىر. م: △ تورى بار پالتا؛ △ ئۇنىڭ قولىنىڭ تورى بار؛ △ چاپىنى بارغا مۇشت ئاتاي، جۇۋىسى بارغا تور كەتسۇن (ماقال) (قەشقەر)

**توراق** ئى. توساق. (قۇمۇل)

**تورچى** ئى. بىلىقچى. (لوپنۇر)

**تورغا** ئى. ‹بىن› كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورايدىغان يىپىنچا. (قۇمۇل)

**تورقۇ** ئى. چىكەلەك تالاسى. (لوپنۇر)

**تورقىماق** ئىچى پۇشماق، پىغانى تۇتماق. (قۇمۇل)

**تورۇشەن** ئى. ‹زوئۇل› ياۋا توڭگۇزنىڭ كۇچۇكى. (لوپنۇر) (بۇ سۆز ئاقسۇ قارىتالدا «تارىشان» دېيىلىدۇ)

**تورۇلىماق** توسۇپ تۇرۇۋالماق. م: يار بارادۇ يورغىلاپ، ئالدىدا تۇردۇم تورۇلاپ. (قۇمۇل)

**تورۇن** ئى. تونۇر. (كېرىيە، نىيە، چىرا)

**توزوغۇر** سۇپ. ‹تىل ھا› توزۇغۇر، ھايۋانلارغا قارىتا تىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. (قۇمۇل)

**توزۇلىماق** توزۇپ تارقالماق. م: بۇيەردە ئولتۇرۇشماي، ھەر تەرەپكە كەتتى توزۇلاپ. (لوپنۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**توسانجۇق** ئى. توسقۇچى ئادەم ياكى نەرسە. (نىيە)

**توسانچا** ئى. توساق، توسۇنچاق. (قەشقەر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «توسۇنچا» دېيىلىدۇ)

**توسۇن** سۈپ. شاش، ئاساۋ. م: ئېتىڭىز توسۇن ئىكەن سۇندۇردى ئىگەرىمنى. (ئىلى) (بۇ سۆز كېرىيىدە «توسان» دېيىلىدۇ)

**توسىرىماق** ھالسىرىماق، كۈچسىرىمەك. (قەشقەر)

**توشقان ياڭىقى** ئى. ‹بوت› كاشتان.

**توشنا** سۈپ. تولۇق. (كېرىيە)

**توشۇلاق~توشلاق** ئى. ‹بوت› ئۇزۇمگە ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**توغام ـ توغام** ئى. قاتمۇ ـ قات، دوقمۇش. م: قالماق خانىنىڭ خېتىدە توشسۇن دېدى ياچىنى، توغام ـ توغام يول توراپ چېرىك قويدى بارچىنى. (قۇمۇل)

**توغرا سېۋەت** ئى. تۇتقۇچى بار، ئۇزۇنچاق سېۋەت. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**توغلاق** ئى. ‹تېب› تولغاق. (قۇمۇل)

**توقاچ** ئى. ‹ئانات› كۆچ: بىر ـ ئىككى ياشلىق كىچىك قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (نىيە)

**توق ئەلگەك** ئى. قېلىن ئەلگەك. (كېرىيە)

**توقسىنى تولماق** پەيمانى تولماق، ئەجەل ھەلقۇمىغا يەتمەك. م: سېنىڭ بۈگۈن توقسىنىڭ تولغان كۈن. (خوتەن)

**توقۇچاق** ئى. ‹زوئول› تۆمۈر تۇمشۇق. (نىيە) (بۇ سۆز لوپنۇردا «توقتوق»، بەزى جايلاردا «جاڭگال دۈمباقچىسى»، «توكتوك قۇش»، «توقۇلداق~ توكۇلداق» مۇ دېيىلىدۇ)

**توكا شاۋۋى** ئى. كۆچ؛ خورجۇننىڭ گۈل نۇسخىسى. (كېرىيە)

**توكۇر** سۈپ. لەقۋا. (نىيە)

**توڭ سالماق** كانچىلىماق. (قۇمۇل)

**توڭكا~تونكا** ئى. تۈنىكىدىن ياسالغان، سىرلىق لىگەن، پەتنۇس. (نىيە)

**توڭكاي** ئى. (ئانات) ئوشۇق سۆڭىكى. م: توڭكايلىرىغا سالغىلى تۇرۇشتى. (نىيە، خوتەن، ئىلى)

**توڭگۈز توپاق** ئى. بىر- بىرىنى تېپىپ، بېسىپ، ئىتتىرىپ، قوغلىشىپ ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى. (كېرىيە، قەشقەر، ئاتۇش، ئىلى)

**تولا- تېرىم** سۈپ. ئانچە، كۆپ، تولا. م: ئۇنىڭ يېنىغا تولا- تېرىم يولىمايدىغان بولدۇم.

**تولدۇرما** ئى. بىر جۈپ گۈل. گىلەم نۇسخىسى. (خوتەن)

**توم 1** سۈپ. قېلىن. (كېرىيە)

**توم 2** ئى. (ئانات) بەش- ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (نىيە)

**توماتقۇ** ئى. بۆك.

**تومبۇك** ئى. ناغرا، دۇمباق. (قەشقەر)

**تومبۇلاق** سۈپ. دومىلاق ۋە سېمىز.

**توم كەلمەك** ئېغىر كەلمەك. م: باشقىلار قىلسا توم كەلدىمۇ؟ (خوتەن)

**توم نان** ئى. (يېم) توقاچ نان. (كېرىيە)

**تومۇ** ئى. (دېھ) سۇ توسۇش توسمىسى. (مەكىت)

**تومۇزغا** ئى. كۆنەلگۈ. قېتىق ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان ئېچىتقۇ. (قۇمۇل)

**تومى** ئى. تىلتۇمار. (كېرىيە)

**تومىلىماق** چانىماق؛ توسما ئارقىلىق توسۇماق. م: ئۇ بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى تومىلاپتۇ. (خوتەن، قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**توم ياستۇق** ئى. تەكىي، ئىچىگە پاختا قاتارلىقلار سېلىنغان يۇمىلاق ياستۇق. (تۇرپان)

**تووۇر** ئى. ئات. ئىشەكلەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈپ بوغۇز بېرىدىغان خالتا. م: چوڭ ئوغلى تووۇرنى ئېلىپ ئىشەكنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. (ئىلى) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «تووۇرا» مۇ دېيىلىدۇ)

**توي ـ تۇمان** ئى. توي ـ تۆكۈن. (قۇمۇل)

**تويۇن ئۆرۈك** ئى. (بوت) ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. باشقا ئۆرۈكلەردىن كېيىن پىشىدۇ. (قەشقەر)

**تۇپاخ** ئى. (بوت) شوڭ، تال شاخچىسى. (پىچان تۇيۇق)

**تۇتاتقۇ** ئى. كۆيدۈرۈپ ھىد پەيدا قىلىدىغان نەرسە. م: مانا بۇ نەرسە ساڭا تۇتاتقۇ بولسۇن، بېشىڭغا قەيەردە كۈن چۈشسە شۇ يەردە مەن ھازىر. (قەشقەر)

**تۇتال** سۈپ. بوغاز؛ يېڭى چىققان تۆرەلمە. م: ئىنەك تۇتال بولماي... (مەكىت، خوتەن)

**تۇتالماق** ئەسقاتماق، دال بولماق، رول ئوينىماق.

**تۇتتۇرماق** (ئىد) خەتنە قىلدۇرماق. (قۇمۇل)

**تۇتقامىش** رەۋ. يېقىنلىشىپ، ئانچە كېيىن قالماي.

**تۇتۇقماق** خاپا بولماق، قاپىقى تورۇلماك، رەڭگى تۇتۇلماق، غەزىپى تۇتماق. م: ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بارغانسېرى تۇتۇقۇپ كەتتى. (ئىلى)

**تۇتى** ئى. تاغ ئېتى. م: بەلگە چىگىپ پۇتىنى، مىنىپ كەپەن تۇتىنى. سەن چىقارغان ئۆگزىگە، تارتما ئەمدى شوتىنى. (خوتەن)

**تۇتىقماق** ئۇيالماق. (لوپنۇر)

تۇجۇرۇم قارار، نىيەت، بىرلىك. م: ئۇ ئويلىنىپ، ئاندىن بىر تۇجۇرۇمغا كەلدى. (ئىلى)

تۇخۇم قۇيماق تۇخۇم تۇغماق. (خوتەن)

تۇدى بويناق سۇپ. ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ يۇرىدىغان ئادەم. (كېرىيە)

تۇرپى سۇپ. خىلمۇ- خىل. م: تۇرپى زىننەتلەر بىلەن، قېرى كىشى ياش بولماس. (قۇمۇل)

تۇرغۇچ ئى. بېكەت، ئىستانسا، پونكىت. چازا، ئۆتەڭ. م: مەيە تۇرغۇچ (بېكەت) تا ساقلا. (قۇمۇل)

تۇرغىچىلا سۇپ. بىردەمدىلا، توساتتىن، ئۇزىچىلا. م: ئۇنىڭ تۇرغىچىلا سەپرايى قوزغىلىپ قالدى. (تۇرپان)

تۇرقۇلۇق ئى. تۇرخۇن. (قۇمۇل)

تۇرلۇق ئى. 〈ئانات〉 ئۇمۇرتقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى. (مەكىت)

تۇرمۇزە ئى. تۇتۇكنىڭ ئىچىگە سانجىپ قويۇلىدىغان يىك. (كۇچا)

تۇرۇمچا ئى. قول ھەرىسى. (مەكىت)

تۇرۇنقاي ئى. ئۇچەي يىغى.

تۇسقا ئى. ئۆتەڭ، بېكەت، چازا. (قۇمۇل)

تۇشاغ ئى. چۇشەك، ئاتقا سېلىنىدىغان چۇشەك. (خوتەن) (قۇمۇلدا بۇ «تۇشاق» دېيىلىدۇ).

تۇغ ئى. چاڭ- توزان. م: ئاندا يارىم كىلەدۇ توققۇز داۋانلارنى داۋاب. ئاي يۇزىگە تۇغ قونۇپتۇ. يامان ئاتلارنى ساۋاپ. (قۇمۇل، گۇما، كېرىيە)

تۇغماق كۆچ: مېۋىلىمەك. م: ئەنجۇرلەر ئاندا- مۇندا تۇغۇپتۇ. (قەشقەر)

تۇغۇچەك ئى. خوتۇن- قىزلار چاچلىرىغا ئۇلايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جالاغا قادىلىدىغان كۆمۈش تەڭگە. (كۈچا) (بۇ سۆز تۇرپاندا «چاچتەڭگە» دېيىلىدۇ)

**تۇغۇشقان** ئى. تۇغقان، ئۇرۇق ـ تۇغقان. م: بىر كۆرگۆن تانىش، ئىككى كۆرگۆن تۇغۇشقان. (لوپنۇر)

**تۇغۇشماق** ماس كەلمەك، باب كەلمەك، ياراشماق، ئەپلەشمەك. م:△قىزىل بوياقتا سېرىق بوياق تۇغۇشماپتۇ؛ △ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى تۇغۇشماپتۇ. (قۇمۇل)

**تۇغۇم** ئى. باشلانما. م: بۇيەر تۆت يولنىڭ تۇغۇمى. (قەشقەر)

**تۇقپو** ئى. تۇخۇم. (لوپنۇر)

**تۇگان** سۈپ. ئېتىمۋار، قەدىر ـ قىممەت. م: تۇگانى يوق ــ ئېتىمۋارى يوق، قەدىرسىز. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «تۇگاينى» دېيىلىدۇ. م: △تۇگاينى يوق گەپ؛ △تۇگاينى يوق ئىش)

**تۇگىماق** ئېتىۋارغا ئالماق، قەدىرلىمەك، كۆزگە ئىلماق، ھېسابقا تۇتماق. م: سەن تۇگىمىساڭ مېنى، مەنمۇ تۇگىمايمەن سېنى. (قۇمۇل)

**تۇڭزا** ئى. (خەن 筒子) مەشنىڭ كانىيى. (كېرىيە)

**تۇلا~تۇلۇ** ئى. مۆلدۈر. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز شاياردا «تۇلى»، لوپنۇردا «تۇلۇ» دېيىلىدۇ)

**تۇلغا** ئى. قازان ئاسىدىغان ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاق. (قەشقەر)

**تۇم** سۈپ. سوغۇق. (خوتەن)

**تۇماغا** ئى. بۈركۈتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلىدىغان تۇماق. م: ھاۋادىكى لاچىننىڭ بېشىدا تۇما ـ غاسى. (ئىلى، كۈچا)

**تۇمشى** سۈپ. پىتىنىخور، چېقىمچى. (قۇمۇل)

**تۇمۇ** ئى. كەلكۈندىن بۇرۇنقى سۇ قىس، قۇرغاق پەيت. (خوتەن)

**تۇنجۇر** ئى. ‹زوئول› قارچىغىنىڭ بىر خىلى. بېشى چوڭ، بويىنى يوغان، بويى ئېگىز بولىدۇ.

**تۇنماق** تولماق. م: كاتەك توپا بىلەن تۇندى. (كېرىيە)

**تۇنۇق** ئى. تۇلۇقتاش. ئات ـ ئۇلاغ بىلەن يۇمىلىتىپ خامان تېپىدىغان تۇلۇقتاش؛ يەر چىڭدايدىغان نەرسە، قاڭ. ياغاچتىن ياسىلىپ ئىككى تەرىپىگە تۆمۈر بېكىتىلىدۇ. (نىيە، كېرىيە)

**تۇنۇماق** جىكىلىمەك. (خوتەن)

**تۇيغۇن** ئى. ‹زوئول› ئاق قارچىغا. قارچىغىنىڭ بىر خىلى، پەيلىرى ئاق، قىسقا بولىدۇ. م: تۇيغۇن بىرلا قۇش، ھەرگىز چۈشمەس تورىغا. (قۇمۇل)

**تۇيلاماق** پىلتىڭلىماق، ئويناقشىماق، قىيغىتىماق، سەكرىمەك، چېچاڭشىماق. م: △مانجارغا تۇشكۆن (چۈشكەن) بالىقتار تويلاماقتا (پىلتىڭلىماقتا)؛ △تاققى باشىدا ئۇيلا، تاغا يۇكتەسەم تۇيلا. (لوپنۇر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «تۇيلاقلىماق» دېيىلىدۇ)

**تۇيلىماق** مۆڭكۈمەك، ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلىمەك، چىچاڭلىماق (ئات ـ ئۇلاغلار ھەققىدە). (خوتەن)

**تۇيۇق بولماق** بىلىنىپ قالماق، سېزىلىپ قالماق. م: بۇ ئىش تۇيۇق بولۇپ (سېزىلىپ) قاپتۇ. (قۇمۇل)

**تۇيۇقماق** ئى. ‹بوت› يېكەن ئوتنىڭ بىر خىلى. سۇلاردا ئۆسىدۇ. يېكەندىن پەسرەك. (لوپنۇر)

**تۆت بەلدىر** ئى. تۆت كوچا ئاغزى، تۆت كوچا، كوچا

تۇغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوقمۇشى . (قۇمۇل)

**تۆتپاق** ئى . بۇرۇنلاردا پاختا يىپ ئارقىلىق توقۇلغان رەخت، پاختا يىپى توقۇلمىسى، چەكمەندىن نېپىزرەك . (پىچان)

**تۆت كۆز ئىت** ئى . ‹زوئول› قېشىدا ئاق تەڭگىسى بار ئىت . (تۇرپان)

**تۆتۆ** سۈپ . كېكەچ، گاچا . (قۇمۇل)

**تۆتىنچى تازىم چىپىي** ئى . قىز تەرەپتىن ئەھۋال سوراش چىپىي . (پىچان)

**تۆرە چىقارماق** قوسۇر چىقارماق، ئېھۋەن تاپماق، چاتاق چىقارماق . (قەشقەر) (بۇ سۆز يەنە «تۆلە» مۇ دېيىلىدۇ)

**تۆرەل** ئى . دولقۇن پەللىسى، دولقۇن پەللىرىدىن شەكىللەنگەن ئېگىز- پەسلىك . م: △دەريا ئېگىز- ئېگىز تۆرەل ھاسىل قىلىپ ھەيۋەتلىك ئاقماقتا؛ △دەھشەتلىك كەلكۈن تۆرەل ھاسىل قىلىپ، بىر ئۆرلەپ، بىر ئىزىغا چۈشەتتى . (قەشقەر)

**تۆركۈن** ئى . ئۆز ماكانى، ئۆز ئېلى، ئۆز جەمەتى . (ياتلىق قىلىنغان قىز ئۆچۈن ئۆز ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيى «تۆركۈن» بولىدۇ)

**تۆرۈك 1** سۈپ . دۈگىلەك، يۇمىلاق . م: △تۆرۈك شىرە؛ △تۆرۈك ئاي . (قۇمۇل)

**تۆرۈك 2** سۈپ . يول ئۇقمايدىغان، قائىدە چۈشەنمەيدىغان، كاج، گىرى، جاھىل . (قۇمۇل)

**تۆرىلىمەك** ئىچكىرىلىمەك . (كېرىيە)

**تۆرىمەك** بېشى ئايلانماق، تەرەپنى ئېنىقلىيالماسلىق، بېشى قېيىپ قالماق . م: بېشى تۆرەپ

قالماق. (قومۇل، تۇرپان، لوپنۇر)

تۆزمەك كۆنمەك، ئۆزلەشمەك. م: △ مەيلىڭ يوقمۇ كۆلمەيسەن، تۇزۇڭ ئوينىپ تۆزمەدىم؛ △ مەن بۇ يۇرتقا تۆزمىدىم. (لوپنۇر، تۇرپان)

تۆسىپ ئى. داغلىق ـ تەۋسىپ، نام، تەرىپ، شۆھرەت. م: مەن سىلىنىڭ داڭلىق ـ تۆسىپلىرىنى ئاڭلىغان. (كېرىيە، خوتەن)

تۆسۈرمەك سىنچىلىماق. م: ئۇ ماڭا تۆسۈرەپ قاراپ تۇرادۇ. (لوپنۇر)

تۆشلەك 1 ئى. تۆشۋاغ، تۆشلەڭگە. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز لوپنۇردا «تۆشلۈك» دېيىلىدۇ)

تۆشلەك 2 ئى. ئات قىلى ياكى قوي يۇڭىدا يېسى قىلىپ توقۇلىدىغان ئارغامچا ياكى كاشا. (لوپنۇر)

تۆ:شۈك ئى. پەگاھ. (ئاقسۇ)

تۆشۈلاق ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قومۇل)

تۆكۈلچان سۈپ. تۆكۈلۈشچان. (قومۇل)

تۆكۈن~ئۆسكەن ئى. سۆكەن. (لوپنۇر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «توكاك» دېيىلىدۇ)

تۆگە تارتماق تۆگە باقماق. (نىيە)

تۆگە قۇلاق ئى. ‹بوت› تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

تۆگە لەك ئى. يۇك توشۇيدىغان تۆگە توپى. (كېرىيە)

تۆگەن 1 ئى. ‹بوت› باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل پۇراقلىق ئوت.

تۆگەن 2 ئى. مۇسادىرە. (قومۇل)

تۆڭكە ئى. يۇمىلاق تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان نوختا باغلايدىغان ھالقا. م: شوپۇر بولۇپ ھايدايدىمەن كۆڭكەنى، ئايلانسۇن دەپ تاقاپ

قويىدۇم تۆڭكەنى. (لوپنۇر، ئىلى) (بۇ سۆز تۇرپاندا «تۆڭگىلەك» دېيىلىدۇ)

**تۆڭگىرەك** ئى. ئەتراپ، ئۆپچۆرە. م: ئۇنىڭدىن ئېگىز كەم بار بۇ تۆڭگىرەكتە. (ئىلى)

**تۆل** ئى. پال. م: مەن سىزگە بى (بىر) تۆل تاشتاپ باقاي. (لوپنۇر)

**تۆلەك** ئى. نەزەربەند، گۈرۈ. م: ئۇ ئادەم هازىر تۆلەكتىن بوشىنىپ، قەشقەرگە خان بوپتۇ. (ئىلى)

**تۆل تاشتاماق** پال سالماق. م: تۆل تاشتا ــ رەم سال. (لوپنۇر)

**تۆلچۆ** ئى. رەممال، پالچى. (لوپنۇر)

**تۆلگۈ تۇغماق** قوزىلىماق، تۆللىمەك. (لوپنۇر)

**تۆلۆچ** ئى. قەرز. م: تۆلۆچۆڭگۇ تۆلۆ ــ قەرزىڭنى تۆلە. (لوپنۇر)

**تۆمۈرتىكەن** ئى. ئۇجمە غورىسى، ئوغرىتىكەن. (قۇمۇل)

**تۆمۈرۈ** ئى. 〈تېب〉 تەمرەتكە. (قۇمۇل)

**تۆۋە~تۆرە** ئى. 〈بىن〉 ئۆگزە. م: تۆۋىگە چىقسام قارۇرمەن، قاپقارا سايلار سايان. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان تويۇق، گوما)

**تۆيۈز تام** ئى. 〈بىن〉 بادىرا ۋە لايدىن قىلىنغان تام. بۇنىڭدا بادىرىنى تىلىپ، ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ توقۇپ، قارا چاپلاق (قارا لاي) بېرىلىدۇ. چاپلاق قۇرىغاندىن كېيىن قارا سۇۋاق بېرىلىدۇ، ئاندىن ئىنچىكە (سىلىق) سۇۋاق بېرىلىدۇ. (مەكىت)

**تۆپەك ئۇلاق** ئى. توپ ئۇلاق، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى. مېۋىلىك دەرەخلەرنى

ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ تۇپەك (تۇپ) ئۇلاق، لىپىر (نەيچە) ئۇلاق، ئويما (كۆز) ئۇلاق دېگەن تۈرلىرى بار.

**تۇپچەك** ئى. ‹بوت› ئۇسۇملۇك يىلتىزى. (پىچان)

**تۇتۇك 1** ئى. توقۇمىچىلار يىپ تۇرىدىغان كىچىك ياغاچ، شىخى ئاپتاپپەرەس غولى، قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. سەككىز تۇتۇك يىپ بولغاندا ماتانىڭ ئۆرۈشىگە يارايدۇ. (كۇچا)

**تۇتۇك 2** ئى. نەيچە. م: ئىنەسى (ئانىسى) ئۆلۈپ قالغان قوزۇنۇ (قوزىنى) تۇتۇك بىلەن سۇت ئەمگۇزۇپ باقاۋىز (باقىمىز). (لوپنۇر)

**تۇتۇن يۇتماق** ئاچچىق يۇتماق، دىلى غەش بولماق، ھەسرەتلەنمەك. م: ئايدىن تۇتۇن يۇتقاندەك چوڭقۇر تىنىدى. (ئىلى)

**تۇتىمەك** ئىسلىنىپ كۆيمەك، ئاستا كۆيمەك، تۇتاشماق. م: △ دادىسىنىڭ تۇتەپ تۇرغان چىلىمىغا چوغ تاشلىدى. △قۇۋان تۇتەۋاتقان مەدەك چۇچۇلىسىنى... (خوتەن، مەكىت)

**تۇربە~تۇرپۇك~تۇرپىك** ئى. ياغاچ، چام، رىزىنكە قاتارلىقلارنى سىلىقلايدىغان يىرىك ئىكەك، چوپسا. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «تۇپۇك» دېيىلىدۇ)

**تۇرتكىلىمەك** ئاختۇرماق، سىلاشتۇرماق. م: ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالدا ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ياتىدىغان يەرنى تۇرتكىلەۋاتقىنىنى كۆردى.

**تۇرتۇلمەك** دوقۇرۇپ يۇرمەك، بىر كىمنىڭ ئۆيىگە خار بولۇپ بارماق؛ تەمتىرىمەك. (قۇمۇل)

**تۇركۇك** ئى. تۇۋرۇك. (قۇمۇل)

**تۇركى يېشىلمەك** تۇتۇلغان كەيپى ئېچىلىپ كەتمەك. م: بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تۈركى يېشىلدى.

**تۈرگەك** ئى. تۈرمەل، تۈرۈلمە، تۈرۈم.

**تۈرگۈچ** ئى. سىرغا. (قۇمۇل)

**تۈرمەك** ئى. ‹يېمم› بولدۇرغان خېمىرنى ياغ ياكى قايماق بىلەن تۈرمەللەپ، قورۇلغان قورۇمىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. (قەشقەر)

**تۈرمەل** ئى. ‹يېمم› خېمىرنى نېپىز يېيىپ، ئۈستىگە سەينى يېيىتىپ يۆگەپ، هوردا پىشۇرىدىغان بىر خىل تاماق. (تۇرپان، قۇمۇل)

**تۈرمەل پاختا** ئى. ئېتىپ، يىغىپ قويۇلغان پاختا. (كۇچا)

**تۈزەك** ئى. پۈزەك، هەرە قىرىندىسى. (قۇمۇل)

**تۈزۈتلۈك** سۈپ. ئىسسكەتلىك، يارىشىملىق، قائىدە-يوسۇنلۇق. م: بۇ چاپان خېلى تۈزۈتلۈك تىكىلىپتۇ. (تۇرپان)

**تۈسكۆكە** ئى. ‹يېمم› قورۇما، قورۇلغان سەي. (پىچان لۈكچۈن)

**تۈشە~تۈشا** ئۈن. چوشە، مالنى هەيدەش ئۈندىشى. (قۇمۇل)

**تۈشكۈن** ئى. ئۆتەك، قونالغۇ. (لوپنۇر)

**تۈكەن** ئى. زەرداب، قان-يىرىڭ. م: كېچە-كۈندۈز كۆپ ياش تۆكۈپ، يۈرەك-ئۆپكەم تۈكەن بولدى. (كېرىيە)

**تۈكۈچ ئانام** ئى. ‹تېب› بەدەنگە چىقىدىغان ئۇششاق يارا. (مەكىت)

**تۈگە** ئى. ‹بوت› ئاقلانغان تېرىق. (پىچان)

**تۈگە پولۇسى** ئى. ‹يېمم› ئاقلانغان تېرىقتا ئېتىلگەن پولۇ. (پىچان)

**تۈگمەن تېشى** ئى. ‹ئانات› تىزنىڭ مىدىرلايدىغان يۇمىلاق

قىسمى. (تۇرپان)

**تۈگۈر** ئى. بىخ. م: دەرەخلەر تۈگۈر بوپتۇ — دەرەخلەر بىخ چىقىرىپتۇ. (تۇرپان)

**تۈگۈرمەك** تەگكۈزمەك. م: سۇغا نان تۈگۈرمەك (تەگكۈزمەك). (قۇمۇل، قەشقەر، ئاتۇش)

**تۈگۈل** يۈك. ھەتتا، تۇرماق. م: دۆلەت بارىدا! ئاتنى كۆرۈك مىنگىلى يول يوق، دۆلەت كېتىپ ئات تۈگۈل نوختىسىمۇ يوق. (ماقال) (ئاتۇش)

**تۈڭكەلمەك** ياتماق، ئۇخلىماق، جىمىقماق توغرىلىق قوپال ئېيتىلغان سۆز. (قۇمۇل، تۇرپان)

**تۈڭۈلمەك** ۋاز كەچمەك، ئايرىلماق، ئۈمىد ئۈزمەك. م: بالانى ئەمچەكتىن تۈڭۈلدۈردۈك. (لوپنۇر، ئاقسۇ قارىتال)

**تۈللۈگۈن** رەۋ. پۈتۈنلەي، ئەبەدىي. (خوتەن)

**تۈلۈمەك~تۈلۈتمەك** ھۆ قىلماق، قۇسماق، ياندۇرماق. م: بىزنى (بىزنىڭ) خاتۇن يەگەن (يېگەن) غىزا سىڭمەي تۈ- لۈتۈپلا (ھۆ قىلىپلا) تۈرادۇ. (لوپنۇر) (بۇ سۆز يەنە «ئوغۇتماق» مۇ دېيىلىدۇ)

**تۈمبۈلۈك** ئى. مومىغا كىيدۈرۈلىدىغان چەمبەر شەكىللىك ياغاچ. (پىچان لۈكچۈن)

**تۈمۈلمەك** دۈۋىلىمەك. (خوتەن)

**تۈنۈكەن** ئى. تۈنۈك (تۈڭلۈك) ئەن، قويلارغا سېلىنىدىغان ئەن (تامغا) نىڭ بىر خىلى، قۇلاقنى يۇمىلاق شەكىلدە تېشىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

**تۈۋەك** مىق. كاللەك ـ كاللەك. (قۇمۇل)

**تۈيپۈ** يۈك. تۈيۈقسىز، ئۇشتۇمتۇت. (كېرىيە)

**تېپىنماق** باي بولماق، پۇل ـ ماللىق بولماق. (قۇمۇل)

**تېتىغئالماق** تېتىپ قالماق، بىرەر نەرسىنىڭ تېتىقىنى ئېلىپ قالماق (كېرىيە)

**تېتىلمەك** تېتىكلەشمەك، جانلانماق، سەمرىمەك، ھاللىنىپ قالماق. (تۇرپان)

**تېتىمەي** سۇپ. ئۆلەرمەن، جانغا تۆرەيدىغان، تېتىقسىز. م: ماشا شۇ تېتىمەيلەرنىڭ تەرىتىنى تۆكۈش قالغان. (ئىلى) (بۇ سۆز تۇرپاندا «تېتىقسىز، قىلىقى سەت» مەنىسىدە قوللىنىلىپ «تەتىمەي» دېيىلىدۇ)

**تېرىق** ئى. ‹بوت› تېرىقنىڭ ئاقلانمىغان ھالىتىدىكى نامى. (پىچان)

**تېز** ئى. قېلىپ. م: ئانىدىن قىڭغىر تۇغۇلغاننى تېزگە سالساڭ تۈزەلمەس. (ماقال)

**تېقىمچى** ئى. ئوغلاق تارتىشىشتا ئوغلاقنى تېقىمىغا قىستۇرۇپ ئېلىپ قاچقۇچى چەۋەنداز. م: بۇ مەھەللىنىڭ نە يارامىلىق ئاتلىرى، نە تېقىمچى يىگىتلىرى قالمىغان چېغى. (ئىلى)

**تېقىمدىماق** دېۋىتمەك. م: سەلىم ئېتىنى تېقىمداپ قويدى. (خوتەن)

**تېكىلەتمەك** دومىلاتماق. (قۇمۇل، تۇرپان)

**تېكىلەنمەك** دومىلانماق. م: ئۇ ئىككى تېكىلىنىپ كەتتى. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**تېگەچى** ئى. تەگكۈچى، ئەرگە تېگىدىغان (قىز ياكى ئايال) م: خانىم بىزگە تېگەچى. (مەكىت يانتاق)

**تېگىل بولماق** ھېساب بولماق، كۆپايە بولماق، م: ئاز بولسىمۇ كۆپكە تېگىل قىلماق — ئاز بولسىمۇ كۆپكە ھېسابلىماق. (قەشقەر، تۇرپان)

**تېگىمەك** ئىگە بولماق، ئېرىشمەك. (قۇمۇل)

**تېلەمەك~شىلەمەك** كۈرىمەك. م: قار تېلەش (كۈرەش). (لوپنۇر)

**تېلىغا تەگمەك** زىتىغا تەگمەك.

**تېلىۋۇش~تېلى بوش** سۈپ. ئاجىز، بوشاڭ. (قۇمۇل)

**تېمىلىماق** تېتىپ باقماق. م: ئۇلار زاغرا ناننى تېمىلاپ باقتى. (نىيە)

**تېنى چىرقىماق** تېنى شۈركۈنمەك، سەسكەنمەك، يىرگەنمەك. (تۇرپان)

**تېنىقماق** ياتسىرىماق، يىرگەنمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق. (بۇ سۆز ئىلى، قەشقەر، تۇرپاندا «يېتىرقىماق» دېيىلىدۇ)

**تېنىمەك** ئالدىرىماق. (تۇرپان، پىچان)

**تېۋەڭ** ئى. تونۇرنىڭ ئاغزىنى ياپىدىغان سېۋەت. م: ئۇ كېلىپ «پۇل!» دەيدۇ تېۋەڭ. بورىغا. (مەكىت، خوتەن)

**تېۋەنە** ئى. چوڭ يىڭنە. (لوپنۇر)

**تېۋقا** ئى. (بىن) ئۆي ئىچىدىكى تامنى بويلاپ چىقىرىلغان ئۇزۇن تەكچە. (كۇچا) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «قىرمىزاق» دېيىلىدۇ)

**تىبەر** ئى. تىغ، سايمان؛ بەلگە، قىز- يىگىتلەر تېپىشقاندا بىر- بىرىگە بېرىشىدىغان بەلگە. م: تىغ- تىبەر.

**تىپو** رەۋ. دەسلەپ، بالدۇر. (مەكىت يانتاق، كەلپىن)

**تىتقىلىماق** ئاختۇرماق، كوچىلىماق. م: يانچۇقلىرىنى خېلى ئۇزۇن تىتقىلاپ، ئاخىرى بىر تىيىن، ئىككى تىيىنلىك پۇللارنى تېپىپ چىقتى.

(ئىلى)

**تىتما ـ كاتاڭ قىلىۋەتمەك** تىتما ـ تىتما قىلىۋەتمەك. (ئاقسۇ)

**تىرەز** سۈپ. تېتىك، جانلىق، تېمەن. (قۇمۇل)

**تىرەڭ** سۈپ. كۆرەڭ؛ تاپا ـ تەنە. م: قاتۇن ئالىپ بەرگەڭگە، بۇ ئايلامى تىرەڭى ـ خوتۇن ئېلىپ بەرگەنگە، بۇ ئاچامىنىڭ تاپا ـ تەنىسى). (لوپنۇر)

**تىرەن** سۈپ. چوڭقۇر. (پىچان، تۇرپان، قومۇل)

**تىرجان~تىينا~تىرنە** ئى. ‹زوئول› بېلىجان، بېلىقنىڭ تۇخۇمدىن يېڭى چىققان ۋاقتى. (شايار، لوپنۇر، مەكىت)

**تىردان** ئى. ئوقدان.

**تىرر** ئۇن. قوينى چاقىرىش ئۇندىشى. (نىيە)

**تىرر 1** ئۇن. ئېشەكنى توختىتىش (جىم تۇرغۇزۇش) ئۇندىشى. (نىيە)

**تىرر 2** ئۇن. ئاتنى توختىتىش ئۇندىشى. (ئىلى)

**تىرررىششو** ئۇن. ئېشەكنى چاقىرىش ئۇندىشى. (نىيە)

**تىرگەن** ئى. ‹دېھ› ئېتىز قىرى؛ سۇنى توسۇش ئۈچۈن قوپۇرۇلغان قاش. م: كەتمەنلىرىم ئالماستۇر، چاپسام بېلەك تالماستۇر، ھەر چاپىمەن ئاشۇنداق، تىرگەن سوقتۇم مۇشۇنداق. (ئاقسۇ، كۇچا، مارالۋېشى تۇمشۇق) (بۇ سۆز خوتەن، كېرىيىدە «تىگەن~تىگان» دېيىلىدۇ)

**تىرى كامان** ئى. ئوقيا ئوقى. (خوتەن)

**تىز باسقۇ** ئى. چۆرۈلمە، چۆرۈلمىلىك. تويدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان سوۋغات. (ئىلى)

**تىزلاق** ئى. پۇتقا سالىدىغان بىر خىل جازا قورالى. م:

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن، چۆرىسى چىتلاق،
سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم پوتۇمدا تىزلاق.
(ئىلى)

**تىشلىق** ئى. ئاتنىڭ چىشى ئۈستىگە تارتىپ قويۇ- لىدىغان قوشۇمچە يۈگەن (يىپتىن ياسىلىدۇ). (كۇچا)

**تىغجان** سۈپ. يالغۇز جان، بويتاق، بالا- چاقىسى يوق. م: ئەگەر ئۆلگۈچى تىغجان بولسا، مال- مۈلكى پۈتۈنلەي مەسچىتنىڭ بولىدۇ. (خوتەن)

**تىقما** ئى. تىندۇرما. م: تىقما يەر - تىندۇرما يەر. (قۇمۇل)

**تىكە** ئى. (زوئول) بىر خىل مۈڭگۈزلۈك چاشقان. م: تىكە پوقى - مۈشۈ خىل چاشقاننىڭ پوقى (دورا ماتېرىيالى). (قۇمۇل)

**تىكەن** ئى. قۇرۇتۇلىدىغان ئۈزۈمنى ئاسىدىغان ئۈزۈن بادىرا ياغاچ. بۇ بادىرا ياغاچقا نۇرغۇن تۆشۈك تېشىلىپ، تۆشۈكلەرگە چوكىسىمان ياغاچلار ئۆتكۈزۈلگەچكە، «تىكەن» دەپ ئاتالغان؛ مىقدار سۆز. م: بۇ يىل بۇ باغدىن 100 تىكەن ئۈزۈم چىقتى. (تۇرپان)

**تىك - تىك** سۈپ. تەنتەك، ئالدىراڭغۇ (كىشى).

**تىك كەلمەك** قارشى كېلىپ قالماق، گەپ قاتتىق تەگمەك. م: ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىگە تىك كەلگەنىدى. (خوتەن)

**تىكى** مىق. چىشلەم، توغرام، پارچە. م: ئۇ بىرىنچى بولۇپ بىر تىكى ناننى ئاغزىغا سالدى. (قەشقەر)

**تىكىر** ئى. (زوئول) دۆ (ئۆمۈچۈكنىڭ چوڭى)؛ تام

تېكىسى. (قومۇل)

**تىكىنەك** ئى. ‹تېب› سەينەك، تىرناق بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا چىقىدىغان يارا. (مارالۋېشى تومشۇق) (بەزى جايلاردا «چىكىنەك» مۇ دېيىلىدۇ)

**تىگىنەك~ئاخسۇل** ئى. ئاقسىل. (لوپنۇر)

**تىڭچى** ئى. (خەن‹ 听土) پايلاقچى. ئايغاقچى. (قومۇل)

**تىڭگەن** ئى. تۈگمەن. (قومۇل)

**تىڭلىغاق** سۈپ. قۇلىقى ئۈزۈن، ھەممىدىن خەۋەردار. (كېرىيە)

**تىڭلىغۇ** ئى. قۇلاق تۆشۈكى. (نىيە)

**تىلەنمەك** قاراپ قالماق، تىلىمەك. م: △خەقنىڭ قولىغا تىلىنىپ قالما؛ △تىلىنىسەن كۈندە رىزقى ـ نېمەتنى. (قەشقەر، خوتەن)

**تىلتاس** سۈپ. لىقمۇ لىق، پەۋەس. (خوتەن)

**تىلتاقلىماق** رەت قىلماق، باش تارتماق، قوبۇل قىلماسلىق. (پىچان لۈكچۈن)

**تىلقانات** ئى. ‹بوت› بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدىكى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ.

**تىلما** ئى. كارىز ئېرىقى. (تۇرپان، پىچان)

**تىلمەن** ئى. تىلما ئەن. قويلارغا سېلىنىدىغان ئەن (تامغا) نىڭ بىر خىلى، قۇلاقنى تىلىپ چىقىرىلىدىغان ئەن. (نىيە)

**تىل ياقا چامچا** ئى. تار ياقىلىق كۆڭلەك، تىل ياقىلىق كۆڭلەك. (پىچان)

**تىم 1** سۈپ. لىق، كۆپ. م: ھاراۋاغا تىم بوپتۇ شاقتارنى باسقان ئۇنۇ. (لوپنۇر)

www.uyghurkitap.com

تىم 2 — رەۋ. جىم. م: شوخلۇق قىلماي تىم (جىم) تۇر. (قەشقەر تاشمىلىق)
تىمەسسە — ئى. گۇمان. (خوتەن)
تىمجىمەك — كۇچەپ تارتماق. م: △ بۇ ئات، ھارۋۇنى تىمجەپ تارتىۋاتىدۇ؛ △ بۇ ئات تىمجىمەيۋاتىدۇ. (قۇمۇل)
تىمسىماق — تىمىسقىلىماق. م: △ مۇشۇك بىلەن كۇچۇك چۆلدە ئۇياق - بۇياقنى تىمسىمپ يۇردى؛ △ كۇچۇك ئىشىك ۋە يوللارنى تىمسىمپ ماڭدى. (كىرىيە)
تىنكە — ئى. تۇنىكە، قەلەي. (قۇمۇل)
تىۋە 1 — ئى. ‹زوئول› تۆگە. (خوتەن)
تىۋە 2 — ئى. كەڭ يۇزلۇك جوتو، مىتىن. (پىچان)
تىۋەت — سۇپ. جۇرئەتسىز، روھسىز، تۇرقى ئادەم. (نىيە)
تىۋەزۇن — ئى. شاخ چاپايدىغان كىچىك پالتا. م: ئۇنىڭ يىنىدا تىۋەزۇن بار ئىكەن. (خوتەن، كىرىيە)
تىيەك — ئى. مالنىڭ قىيتىپ كەتكەن مايىقى؛ قەۋزىيەت. (قۇمۇل)
تىيزا — ئى. پۇل، ئاقچا. (تۇرپان، پىچان، ئىلى، لوپنۇر)
تىيماق — تاتىلىماق. م: قويلور قارنى تىيماپ (تاتىلاپ) ئوتتوپ ياتادۇ. (لوپنۇر)
تىيماقچا — ئى. ‹دىھ› خامان تىگىدە قالغان سامانلىق بۇغداي. (مەكىت)
تىنىكا — ئال. ئە:نە، ئەينا. (كەلپىن)

# ج

جا — ئى. ‹بىن› ياغاچ قۇرۇلما، جازا، چەللە. م: گۇندىيا ئۇستىگە ئاسما كۆۋرۇكتەك تۇرغۇزۇلغان

www.uyghurkitap.com

جا سۇنىڭ دولقۇنىدا يېنىك تەۋرەپ غىچىرلاپ تۇرسىمۇ، دەماللىقتا ئۆرۈلۈپ چۈشمەيتتى. (قەشقەر)

**جاپسا** ئى. چاك، يېرىق، يوچۇق. م: مەن ئىشىكنىڭ جاپسىسىدىن قاراپ، تالادىكى ھەممىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم. (قەشقەر)

**جاپسار** ئى. قىساڭ، تاغنىڭ قىسىلچاق يېرى. (تۇرپان)

**جات** رەۋ. جاي ـ ئورۇن، تەرەپ. م: سۆزرۆيدۇ ئۆزۈنۇ جاتىغا ــ سۆزلەيدۇ ئۆز تەرپىگە تارتىپ. (لوپنۇر)

**جاتتامە** رەۋ. كۇچە ـ كۇچە. (لوپنور)

**جاجازا** ئى. (خەن《夹夹子》) پەشمەت، بىر خىل قىسقا چاپان. (قۇمۇل)

**جادايى** سۈپ. ئەخمەق، قاپاقۋاش، دۆت. م: بۇ تازا جادايى بىر نېمىكەن. (قەشقەر)

**جادىكا** ئى. 《بىن》 سالاسۇن، رىشاتكا. (خوتەن)

**جارا** ئى. 《زوئول》 كىرپە. (لوپنور)

**جاراستان** ئى. نەق مەيدان، كۆپچىلىكنىڭ ئالدى، ئامما ئارىسى.

**جارلىماق** ئۇقتۇرۇش قىلماق؛ ئاشكارىلىماق. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «جار سالماق» دېيىلىدۇ)

**جارۇپكەش** ئى. مازارلارنىڭ تازىلىق خادىمى. (قۇمۇل)

**جارىپ كەتمەك** ئىشنى ئىلگىرى باسماق، يالجىماق، يايراپ كەتمەك. (قۇمۇل، ئىلى)

**جارىسلىق** سۈپ. زالىملىق، ياۋۇزلۇق، زورلۇق، زومىگەرلىك. (قومۇل)

**جاساق** ئى. خانلىق تەرىپىدىن يەرلىك تارخان بەگ (ۋاڭ ـ گۇڭ) لەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد باشقۇ-

رۇشقا سويۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەر ۋە پۇقرا، تەۋەلىك. م: بۇ مېنىڭ جاسىغىمدىكى يەر. (قۇمۇل)

**جاغال** سۇپ. قىزغۇچ سېرىق. م: جاغال كۆز، بېشىغا سەللە ئورىغان بىرى... (قەشقەر، ئىلى)

**جاغجاق ئوت** ئى. ‹بوت› تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئوت. (قەشقەر)

**جاقا- جۇنداق** سۇپ. ئەبگاھ، كىيىملىرى جۇل- جۇل، چاچلىرى چۇۋۇق، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ. (قەشقەر)

**جاقىرجۇمبۇرجاق** ئى. ‹مۇز› بىر خىل ئۇسسۇل. ئۇسسۇل مەيدانىغا پۇللار تاشلاپ قويۇلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار بۇ پۇللارنى رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئالىدۇ. (پىچان، تۇرپان)

**جاك** ئى. كۆلتۈك. (مەكىت، قەشقەر)

**جاڭ** ئى. ‹تېب› (خەن ‹僵) زۇكام، تۇمۇ. (شايار)

**جاڭدۇماش** ئى. ‹بوت› جاڭدۇ. (شايار)

**جاڭدىماق** تۇمۇدىماق، زۇكام بولماق. (قەشقەر، مەكىت، مارالۋېشى، شايار)

**جاڭغا** سۇپ. تېتىك، شوخ. (قەشقەر)

**جاڭغا ئايغىر** ئى. ‹زوئول› باشقا ئايغىرلاردىن ئۆزگىچە بولغان، يىلقىنى ئوبدان باشقۇرىدىغان ئايغىر. (قۇمۇل)

**جاڭگال دۇمباقچىسى** ئى. ‹زوئول› توكتوك قوش، تۆمۈر تۇمشۇق. (خوتەن)

**جالا:** ئى. ئات- ئېشەكلەرنىڭ نوختىسى، هارۋا جابدۇقلىرىغا زىننەت ئۈچۈن بېكىتىلىدىغان قىزىل يۇڭ پۆپۈك، ئاياللار چېچىغا قوشۇپ

ئۆرۈۋالىدىغان يالغان چاچ: م: ئاق ئالما، قىزىل ئالما، جالانى ئۈزۈن سالما. ئەمدى سېنى ئالمايمەن، كەلگەنلەرنى ياندۇرما. (قەشقەر)

**جالاشلىق** سۇپ. كۆتۈرۈشلۈك. م: بۇ هارۋا جالاشلىق هارۋا ئىكەن — بۇ هارۋا يۈك كۆتۈرۈشلۈك هارۋا ئىكەن. (قومۇل)

**جالاق** ئى. بۇيرۇق، باشقۇرۇش. م: جالاقنا كىرمەيدىغان بالا — سۆزگە كىرمەيدىغان بەڭۋاش بالا. (قومۇل)

**جالدۇر تۇمار** ئى. چاچقا سالىدىغان تۇمار. (قومۇل)

**جالدىرجاق** سۇپ. تولا گەپ قىلىدىغان، ۋات-ۋات. م: بۇ ئاغزىنى باسسا، قوڭى سۆزلەيدىغان تازا بىر جالدىرجاق نىمىكەنيا. (نىيە)

**جالۇن** ئى. مائاش، ئايلىق. (خوتەن)

**جالىماق** بۇرىماق، باشلىماق، يولغا سالماق. م: ئاتنى (ئاتنىڭ) باشىنى ئوڭغۇ (ئوڭغا) جالا (بۇرا) (لوپنور، قومۇل)

**جاما** ئى. (دېھ) زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن چېپىلغان ئېرىق، زەيكەش.

**جاماگۇل** ئى. (بوت) ياۋا كۇدە گۇلى. (قومۇل)

**جامبىلكام دېمەك** خۇش بولماق، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق. (قەشقەر)

**جاناق** ئى. (ئانات) ئېڭەك. (قومۇل)

**جانانە ئۆرۈك** ئى. (بوت) بىر تەرىپى قىزىرىپ پىشىدىغان ئۆرۈك. (خوتەن)

**جانۇق** ئى. ئاچچىق، جونۇق، ئۆچ، كەك. م: مەندە نېمە جانۇغۇڭ. (لوپنۇر)

جاۋا ئى. يۆگىدىن توقۇلغان رەخت؛ يۇڭ توقۇلما. م: △جاۋا چەكمەن؛ △جاۋا گىلەم. (نىيە، قەشقەر)

جاۋا قىلماق بەرمەك، سوۋغا قىلماق. م: تاماكاڭنى جاۋا قىلە. (لوپنۇر)

جاۋانماق جابدۇنماق. (خوتەن)

جاۋاڭ ئى. جاۋەن، ئېشەكنى هارۋىغا قوشقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان ئۆزئارا چېتىلغان ياغاچ. م: هارۋىنىڭ بۇغا - جاۋاڭلىرى. (خوتەن)

جاۋ - جاۋ سۈپ. كەلسە - كەلمەس تولا گەپ قىلىدىغان، كاس - كاس، جاۋىلداق. (ئىلى) (قۇمۇل، تۇرپاندا بۇ سۆز «جابجاپ» دېيىلىدۇ)

جايلىماق 1 داجىماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق. (قۇمۇل)

جايلىماق 2 پىچاق قاتارلىق تىغلارنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن بىلەي ۋە تاش قاتارلىقلارغا سۈركىمەك. (تۇرپان)

جە يار س. «ئىسسىت، ئەي، قويچۇ، قويساڭچۇ» دېگەندەك نارازىلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز؛ «يا، ياكى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى؛ «بولدى، بولارمىكىن، خوش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. م: △جە، نېرىچۇ سېنى — ئەي، قويساڭچۇ سېنى؛ △جە ئۇنداق، جە بۇنداق — يا ئۇنداق، يا بۇنداق؛ △جە، بولدى ئەمدى — خوش، بولدى ئەمدى. (قومۇل، ئىلى)

جەببىر سۈپ. يىرتىق، كونا، ئەسكى. م: جەببىر چاپان — يىرتىق چاپان. (ئاقسۇ)

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**جەجمەك** ئى. قىسقا چاپان، جەينەكنىڭ ئاستىدىن تۆگمىنىلىدىغان چاپان. (تۇرپان)

**جەددال** سۈپ. ئاچ كۆز. (نىيە)

**جەدۋار** سۈپ. پارپا. (قەشقەر)

**جەرتە** ئى. ‹يېىم› بوغداي ئۇنىنىڭ كېپەك ئارىلاشقان قىسمىدا يېقىلغان نان. (نىيە)

**جەرگە** ئى. پاسىل، چېگرا، چەك. (قومۇل)

**جەردە** سۈپ. ئاۋارە، لابدۇر، نامرات. م: ئۇستىبېشى ناھايىتى جەردە ئىدى. (قەشقەر)

**جەز~جەس** ئى. خىرس. م: ئىلان جەز قىلدى — ئىلان خىرس قىلدى. (قومۇل)

**جەزە** ئى. تۆگىنىڭ ئۇستىگە باغلانغان ياغاچ قۇرۇلما. (نىيە)

**جەگرەن** ئى. ‹زوئول› جەرەن. (نىيە، لوپنۇر) (بۇ سۆز گۇمىدا «جەگەن» دېيىلىدۇ)

**جەڭزە** ئى. ‹يېىم› خۇاجۇەر. (خەن‹ 花卷) (قومۇل)

**جەڭگەل** سۈپ. غۇجمەك. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ زىچ بولۇشىغا قارىتىلىدۇ. (قومۇل)

**جەڭگى ئېشەك** ئى. ‹زوئول› خۇيى يامان ئېشەك، ئۇرۇشقاق ئېشەك. (قومۇل)

**جەلپۇرمەك** پۇلاڭلاتماق. (گۇما)

**جەللىگۇر 1** سۈپ. يانچۇقچى. (ئىلى)

**جەللىگۇر 2** ئى. دېدەك، مالاي. (قومۇل)

**جەل يۇك** ئى. ئارىلاشما يۈك. (نىيە)

**جەمە** سۈپ. تاپا ـ تەنە؛ پىتنە ـ ئىغۋا. م: ئارامىزدا دۇشمەننى (دۇشمەننىڭ) گېپى تولا، جەمە گەپكە (پىتنە ـ ئىغۋاغا) كۆڭۈل بۆلمە گۇلئايىم. (لوپنۇر)

جەمەلىك ئى. تاپا ـ تەنلىك. م: ھەممە يەرگە ئاڭلانىپ، مەنما بولدۇم جەمەلىك. (لوپنۇر)

جەمبىل ئى. ‹بوت› بىر يىللىق خۇشبۇي كۆكات، ئاشكۆكى.

جەمىسا باغ. يا بولمىسا. (تۇرپان ئاستانە)

جەن ئى. چوڭ ساندۇق. ئىچى بىرنەچچە بۆلۈملەرگە ئايرىلغان، ھەرخىل ئاشلىقلار سېلىنىدىغان ساندۇق. (مەكىت يانتاق)

جەندەك~چەندەك ئى. چاقچاق. م: مەن سىلىنى بىلمەي جەندەك ئېتىپتىمەن. (كېرىيە، نىيە)

جەۋەندە~جۆۋەندە ئى. ‹يېم› بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلغان نان. (قەشقەر، ئاتۇش)

جەۋزان ئى. ‹تېب› ماخاۋ كېسىلى (خوتەن، كېرىيە)

جو ئى. ‹دېھ› ئېتىزنىڭ دەرەخ بار تەرەپكە چوڭقۇر كولانغان چۆنەك. (مەكىت)

جوتاڭ ئى. ئۇستىگە قورۇما سېلىپ يەيدىغان قويۇق ئۇماچ. (تۇرپان)

جوجاش ئى. ئاپتۇۋىنىڭ جوغىسى. (خوتەن)

جوجەي ئى. ‹تېب› ئېغىزنىڭ جاۋغىيىغا (لەۋنىڭ ئىككى چېتىگە) چىقىدىغان چاقا. گەز، يارا؛ ئېغىزدۇرۇق. (قۇمۇل، مەكىت)

جوجىلىماق بەس سالماق. (قەشقەر)

جوخۇ ئى. ئېشەك كارۋىنى. (تۇرپان ئاستانە)

جورەن سۈپ. ئاۋارىچىلىق، چىقىمدار بولۇش. (قۇمۇل)

جورۇق سۈپ. بۇيرۇق؛ ھورۇن، قاشاڭ، پاسسىپ، بۇيرۇپ تۇرمىسا ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلمايدىغان ئادەم؛ ھېسابات، نەتىجە. م: پۇلنىڭ جورۇقىنى (ھېسابىنى) چىقاردىڭمۇ؟ (قۇمۇل)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**جورۇقچىلىق** سۈپ. بۈيرۇقچىلىق. م: بۇ مۇتتەھەمنى قارا، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولاي دەپ تۇرۇپ، بىزگە جورۇقچىلىق قىلىۋاتقىنىنى، دېدى. (قومۇل، قەشقەر)

**جورۇقى يوق** سۈپ. پەمسىز، دىتسىز، پىلانسىز، بولۇمسىز. (قومۇل)

**جورۇڭقاي~جۇرۇڭقاي** ئى. شەجەرە، نەسەب تارىخى؛ پىلان، ئۇسۇل، تەدبىر، ئامال، دىت. (قۇمۇل)

**جوزا** ئى. چاپان. (قۇمۇل)

**جوسۇلاڭ~جۇسۇلاڭ** ئى. (موڭ‹ جوسالاڭ) يايلاق. (قۇمۇل)

**جوسۇن** سۈپ. قىگۇرا، بەدەن تۈزۈلۈشى، تۇرق، قامەت، تۇس، شەكىل، ئوبراز؛ ئەلپاز. م: △چىرايىڭ بۆلەك جوسۇن ــ قامىتىڭ نېمىدېگەن كېلىشكەن؛ △جوسۇنى كېلىشكەن ئايال ــ قىگۇرىسى قاملاشقان ئايال؛ △جوسۇنى يامان ــ ئەلپازى يامان. (لوپنۇر) (بۇ سۆز ئىلىدا «جۇسۇن» دېيىلىدۇ)

**جوغا** ئى. شۇمەك. م: بالىغا جوغا (شۇمەك) سالماق. (مەكىت) (بۇ سۆز لوپنۇر، شاياردا «چوغا» دېيىلىدۇ)

**جوغجوق~تارتقاق** ئى. ‹زوئول› قوينىڭ باشلامچىسى، قوي پادىسىنى باشلىغۇچى. (قۇمۇل)

**جوغدار~جوغدۇ~يوغدۇ** ئى. خورازنىڭ بويۇن تۈكى؛ تۆگىنىڭ بويىنى ۋە تىزىدىكى ئۇزۇن تۈكلەر. (قەشقەر، قۇمۇل) (بۇ سۆز ئىلى، كېرىيىدە «جوغداي» دېيىلىدۇ)

**جوغدار باش** سۈپ. پاخما باش. (قەشقەر)

**جوغدار تۇماق** ئى. يۇڭ تۇماق، پاخما تۇماق. (قەشقەر)

**جوغدۇن** سۈپ. تېتىك، تېمەن، شوخ. م: بۇ ئەجەپ جوغدۇن مومايلار ئىكەن ـ ھە! (قۇمۇل)

**جوغۇلا~جۇغۇلا** ئى. ئاتنىڭ كۆكرىكىگە تاقىلىدىغان قىزىل پۆپۈك. م: ئات بويىنىدا جوغۇلا، بېشىدا يۈگەن ـ نوختا. ئاچچىقىڭ تولا كەلسە، سەۋر قىل بىزە توختا. (قۇمۇل)

**جوگازا~جىگوزا** ئى. (خەن ‹竹腰子›) چاپان. (قۇمۇل)

**جوڭزا** ئى. (خەن‹盅子›) رومكا، ھاراق رومكىسى. (قۇمۇل)

**جوڭغاق** ئى. قوينىڭ پۇرىقى. (قۇمۇل)

**جوڭقۇرماق** باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق، ئىجرا قىلماق. م: جوڭقۇرۇش كومىتېتى ـــ ئىجرائىيە كومىتېتى. (لوپنور، تۇرپان، قۇمۇل)

**جولوقۇق** ئى. ‹بىن› دەرۋازا، زەنجىرلىك دەرۋازا، تاشقىرقى ئىشىك. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**جولۇ** ئى. قىسقا ئارغامچا، تىزگىن، چۇلۇۋۇر، بويۇنتۇرۇق. (قۇمۇل)

**جومباق** سۈپ. تولغان، تولۇق بەدەنلىك (ئايال). (مەكىت يانتاق)

**جون~جۆن** ئى. نىيەت، كۆرۈنۈش، قىياپەت. م: △جونى يامان ـــ نىيىتى يامان، ئىچى يامان؛ △جونى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك (ماقال)؛ △جۆنى پەس ـــ يامان كۆرۈنۈشلۈك. (قۇمۇل، ئىلى)

**جونداق~جۆندەك** 1سۈپ. كونا، يىرتىق. (قەشقەر، كېرىيە، خوتەن)

**جونداق~جۆندەك** 2ئى. غالچا، يالاقچى، مۇتتەھەم، ئۇششۇق، بىشەم، ھازازۇل. (كېرىيە، خوتەن)

**جونساز** سۈپ. جونى يوق، قىياپىتى سەت؛ كېلەڭسىز،

سېمىز، ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ئادەم. (نىيە)

**جونۇقماق** ئاچچىقى كەلمەك، تېرىكمەك. م: جونۇقۇپ ئۆلگۈدەك بولدۇم. (قەشقەر)

**جوھېي** ئى. گۆھەر، جاۋاھىر. (تۇرپان قاراغوجا)

**جوۋتالماسلىق** باشقۇرالماسلىق. م: بۇ ئاتنى جوۋتالمىدىم. (قومۇل)

**جوۋىزىر** سۈپ. گەپ ئاڭلىماس، گەپ ئۆتمەس. م: بۇ بەك جوۋىزىر بالىكەن. (كۇچا)

**جويى ـ جاپا** سۈپ. جەبىر ـ جاپا، جاپا ـ مۇشەققەت. (قۇمۇل)

**جۇپا ـ جۇپپاڭ** سۈپ. چوكا مۇز، ئېرىپ ساڭگىلاپ قالغان مۇز: چىپ ـ چىپ. م: يۇزىدە جۇپا ـ جۇپپاڭ تەر ئاقماقتا ئىدى. (قەشقەر، مەكىت)

**جۇپاي** ئى. جۇۋازخانا. (پىچان لۇكچۇن)

**جۇپپاڭلىماق** چىپىلدىماق. م: شىشىدىن جۇپپاڭلاپ هاراق ئاققىلى تۇردى. (قەشقەر)

**جۇتىرەڭچىلىك** سۈپ. جۇتچىلىق، قەھەتچىلىك، قىسچىلىق، ئەتىياز كۈنلىرى ئوزۇق ـ تۈلۈك قىسلىشىپ، يېمەك ـ ئىچمەك غورىگىللىشىپ كەتكەن هالەت. (قەشقەر)

**جۇجۇڭ** ئى. ‹دېھ› سۇڭگۈچ. باغقا سۇ كىرىدىغان تۆشۈك. (قۇمۇل، پىچان)

**جۇداي قىلماق** پاراڭ سالماق. م: جۇداي قىلىپ شاڭيۇ بەككە چاكارى. (لوپنۇر)

**جۇدۇنلىماق** ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك. (قەشقەر، ئاتۇش)

**جۇزنەك** ئى. ‹بوت› دەريا بويلىرىدا ۋە ئورمان ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**جۇغرۇقماق** تىترىمەك، شۈركۈنمەك. م: △ تېنىم جۇغرۇقۇپ تۇرىدۇ؛ △ تېنى جۇغرۇقاتتى

(ئىلى، قەشقەر)

**جۇغدىيەك** ئــــى. ‹ئانـــــات› بۇغدىيـــــەك. م: ســــۇلتان جۇغدىيىكىنى لىكىلداتتى. (قەشقەر)

**جۇغلىماق** يىغماق. (خوتەن)

**جۇغى** ئى. بوي- بەستى، تۇرقى. م: ئۇنىڭ جۇغى كىچىكــرەك كەلگــەن جــەدە ئېتى ئاقساپ ماڭغاندەك قىلاتتى. (قۇمۇل)

**جۇكتۇ** ئى. تاغنىڭ تىك كەتكەن يېرى. (نىيە)

**جۇگۇ- جۇگۇ** ئــۇن. «رەھــم قىلىــڭ»، «خــۇش بولــۇپ كېتــەي» دېگــەندەك يــالۋۇرۇش مەنىســىدىكى ئۇندەش سۆز. (خوتەن، نىيە)

**جۇگۇلىماق** يالۋۇرماق، ئۆتۈنمەك. م: جۇگــۇلاپ كېتــەي. (خوتەن)

**جۇگۇنا~جۇگىنا 1** ئى. ‹زوئول› كەپتەرنىڭ ئۇرغاچىسى، چىشى كەپتەر. (نىيە، خوتەن)

**جۇگۇنا~جۇگىنا 2** ئــى. ‹بــوت› دورا قىلىنىدىغــان بىــر خىــل سېســىق ئــوت بولــۇپ، بۇغدايلىقتــا ئۆســىدۇ. (كېرىيە، خوتەن)

**جۇڭيا** ئى. كاستۇم، ئەرلەرنىڭ قىسقا چاپىنى. (نىيە)

**جۇلا** ئى. تەنە، دارتما. م: ماڭا نېمىدەپ جۇلايسەن (دارتىسەن). (لوپنۇر)

**جۇلاق 1** ئــى. نــەيرەڭ، ھىيلــە. م: لىڭىرچــاق توقــۇ- مــاساڭ، يــاغىر چىقــادۇر ئۇلاغىــڭ. مــەن سېنى قوشــماۋىدىم، ئــۇ بىزگــە قىلغــان جۇلاغىــڭ. (لوپنۇر)

**جۇلدا كەتكەن** ســۇپ. ئۆگىنىپ قالغــان. م: جۇلــدا كەتكــەن كېســەل ــ ئۆگىنىپ قالغان ئادەت (كېســەل) (ئىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**جۇلغۇماق** ئىت. مۇشۇك قاتارلىقلارنىڭ تۇك تاشلىشى، ئىلاننىڭ قاسراق تاشلىشى. م: جۇلغىدى، ئەت ئالدى بۇ يۇرت، كۇلدى شادلىق لەرزىدە. (تۇرپان، خوتەن، ئىلى)

**جۇلۇق** ئى. ياماق؛ چەم. م:△ئۆتۈككۇ جۇلۇق (ياماق) سالماق؛△ ئاياق كىيىم تېشىلسە جۇلۇق (چەم) سالىپ يامايمەن. (لوپنور) («جۇلۇق» سۆزى باشقا جايلاردا «كونا، ئەسكى، يىرتىق؛ كۆچ: ھېرىپ ـ چارچاش» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. م:△كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن چاپان؛△ ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتتى.)

**جۇلۇقماق** يىرتىلماق. م: چاپانىم جۇلۇقۇپ قالدى ـ چاپىنىم يىرتىلىپ قالدى (كېرىيە كۆكمەت)

**جۇمبۇ** ئى. بوغا، ئات ـ ئېشەكلەرنى ھارۋىغا قوشقاندا بوينىغا سېلىنىدىغان جابدۇق. (قەشقەر، مەكىت يانتاق)

**جۇمقۇلىماق** تەييارلىماق، ھازىرلىماق. م: ئىش ـ كۇشلەرنى جۇمقۇلاپ قويدۇڭمۇ؟ (قۇمۇل)

**جۇن** ئى. ‹ئانات› يانپاش. (خوتەن)

**جۇۋا** ئى. ئاشلىق بازىرى م: جۇۋا، يەل يېيمىش بازىرنى ئايلىنىپ. (قەشقەر)

**جۇۋاپكار** سۇپ. گەپكە ئارىلىشىۋالغۇچى، گەپكە قوشۇق سالغۇچى. (كېرىيە)

**جۆپ ـ جۆدۈن** سۇپ. يىغىپ ـ تېرىپ، تاپقان ـ تەرگەن. م: بۇ مېنى (مېنىڭ) جۆپ ـ جۆدۈنگەن (يىغىپ ـ تەرگەن) پۇلۇم. (لوپنۇر)

**جۆتەك** ئى. ‹ئانات› بىر ـ ئىككى ياشلىق ئوغول

بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (نىيە)

**جۆجەي** ئى. ئېغىزدۇرۇق. يوگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقى. (قۇمۇل، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**جۆگدا** سۈپ. جېدەلخور، جوداچى. (نىيە)

**جۆمەك** ئى. (ئانات) بەش ـ ئالتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (نىيە)

**جۆنتىمەك** ئالجىماق، كاپشىماق، ۋالاقشىماق، ئويلىماي گەپ قىلماق. (قۇمۇل)

**جۈبە** ئى. بىر خىل يۇمىلاق مېتال تەخسە؛ ئىچىدە ئويمىقى بار بىر خىل قاسقان.

**جۈتىرىمەك** جۈتاقىماق، جۈتقا يولۇقماق. (قۇمۇل)

**جۈجەك** ئى. (زوئۇل) چۈجە. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، تۇيۇق)

**جۈجەم** ئى. (بوت) ئۈجمە. م: كۆك كەپتەر ئولتۇرادۇر ئاق جۈجەمنىڭ باشىدا، بىزنىڭ يارلا(ر) ئولتۇرادۇر ئېگىز تاغنىڭ باشىدا. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، تۇيۇق)

**جۈجۈلە** ئى. (بوت) نەشپۈتنىڭ بىر خىلى. م: ئۇلاپ قويدۇم ئالمىغا نەشپۈت بىلەن جۈجۈلە، كەلمىدىلە ساقلىدىم ئاخشام كېلەي دېۋىدىلە. (ئاقسۇ)

**جۈسۈنلىمەك** زەڭ قويماق، بىر نەرسىنىڭ تۇرقىنى، شەكلىنى ئېنىق بىلىۋالماق. (ئىلى)

**جۈكتۈ** سۈپ. بېخىل، پىخسىق. (قۇمۇل)

**جۈن** سۈپ. نەم (ياغاچ)، ھۆل بىلەن قۇرۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى، شىرشىم. (قۇمۇل)

**جېدەللىمەك** كۆچ: ئالدىرىماق، كۆچىمەك. م: ئۈچ ئاتلىق جېدەللەپ كېتىپ باراتتى. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uygurkitap.com

**جېدەل ئوينىماق** جېدەل چىقارماق، جېدەلگە ئارىلاشماق. م: يەنە جېدەل ئوينىمىغانسەن. (خوتەن)

**جېغىرىماق** شاراقلىماق. م: سېغىزغا(ن) جېغىراپتۇ — سېغىزخان شاراقلاۋاتىدۇ. (قومۇل)

**جى** ئى. ۋەسىقە، ھۆججەت، تىلخەت. م: تىلىدىن جى ئاپتۇ — تىلىدىن خەت ئاپتۇ. (خوتەن، كېرىيە)

**جىجە** ئى. موما، چوڭ ئانا. م: جىجەم كەلدى — مومام كەلدى. (لوپنۇر)

**جىجۇۋۇي** سۈپ. تېتىك، جانلىق. (ئىلى)

**جىجىلاق** سۈپ. جېدەلخور، يىغلاڭغۇ. (ئىلى)

**جىجىم** ئى. يوللۇق ۋە گۈللۈك توقۇلغان توقۇلما. بۇ يەنە باشقا نەرسىلەرنى توقۇش ئۈچۈن خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ؛ ئاتقا ياپىدىغان گۈللۈك يوپۇق. (كېرىيە، لوپنۇر)

**جىجىماق** تەگكۈزمەك، سۈركىمەك. م: دورا ـ دەرمانلىق چاينى لېۋىگىمۇ جىجىماستىن... (قەشقەر)

**جىرجو** ئى. توخۇ باقىدىغان دوم سېۋەت. (قومۇل)

**جىرغىلاق** ئى. باللار ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك. (خوتەن)

**جىرقاي** ئى. سۇ بۆلگۈچ. (قومۇل)

**جىرىم 1** ئى. بەلۋاغ، تاسما. (تورپان، ئىلى)

**جىرىم 2** ئى. جوتۇ، ئوتىغۇچ ۋە شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن ئېتىزنى جىراپ چىقارغان كىچىك ئېرىقچە، چۆنەك. م: △جىرىم تارتماق — چۆنەك تارتماق؛ △جىرىم تارتىپ تېرىماق. (قەشقەر)

**جىرىم باغلىماق** مۇز توتماق. م: سۇلار جىرىم باغلىغاندا...

(ئىلى)

جىس سۇپ. خىلۋەت، قورقۇنچلۇق؛ سوغۇق چىراي، يىرگىنچلىك. م:△جىس چىراي ئادەم ــ سوغۇق چىراي ئادەم؛△جىس يەر ــ خىلۋەت يەر. (قەشقەر، قۇمۇل)

جىسكىمەك يىرگەنمەك، قورقماق، ھەزەر قىلماق. (قەشقەر)

جىغانماق كىرىلمەك. م: ئادەمگە قاراپ جىغانما (كىرىلمە). (لوپنور)

جىغىماق 1 تاشلىماق، چۆرىمەك. م: ئەركىن جىلتىسىنى ئۆگزىگە جىغىۋېتىپ، بازارغا چاپتى. (قەشقەر، ئاتۇش)

جىغىماق 2 سىيمەك. (كېرىيە)

جىك ئى. ‹تىب› كېسەل. (خوتەن)

جىكىلەنمەك كېسەل بولماق. (خوتەن)

جىگدە ئى. ‹ئانات› كۆچ: ئايالالر جىنسىي ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى، دىلچىق. (نىيە)

جىگدىك سۇپ. ۋىجىك. (لوپنۇر)

جىڭ موللەك ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنىنى پوم قىلىپ، ئىچىگە قوي يېغى، ياڭاق مېغىزى قاتارلىقلار سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. (قەشقەر)

جىلا 1 ئى. ‹بىن› سالاسۇن، رىشاتكا. (خوتەن، كېرىيە)

جىلا 2 ئى. جۇلا. م: بۇ جىلالىق تاگار (تاۋار). (قۇمۇل)

جىلدىماق تېپچەكلىمەك، تېپىرلىماق، تاتىلىماق. م: كېپىنەك يەر جىلداپ، ئاۋۋال ئالدى پۇتىنى، ئاندىن ئارقا پۇتىنى پوكۇپ، بوينىنى سوزغىنىچە جىم يېتىپ قالدى. (قەشقەر)

جىن تاماكىسى ئى. ‹بوت› «يەر توزغىقى» نىڭ ئىككىنچى

بىر ئاتىلىشى، ئوتلاقلاردا بولىدۇ. (تورپان)

**جىنتەك** ئى. كىچىك بالىلارنىڭ ئەركىلەتمە نامى. م: كىچىككىنە جىنتەك ئىدى. (قەشقەر)

**جىندەك** رەۋ. بىر ئاز، كىچىككىنە. م: جىندەك تورۇپ تۇرۇڭ. (قەشقەر، خوتەن)

**جىن شوخلىسى** ئى. ‹بوت› «ئىت ئۈزۈمى» نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئېتىزلاردا، ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ. (ئاقسۇ)

**جىۋات** ئى. مېتىن. (كېرىيە)

**جىۋار** ئى. ئىزغىرىن شامال. (قۇمۇل)

**جىۋەك** ئى. قىز- چوكانلار ياقىلىرىغا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى. (كۇچا)

**جىۋجىق** ئى. ‹زوئول› قۇشقاچ. (دولان شاھكور)

**جىۋجىل** سۈپ. ئەپچىل، چاققان؛ چىرايلىق. م: جىۋجىل يىگىت ئىكەن ـ چىرايلىق يىگىت ئىكەن. (ئىلى)

**جىيلە** ئى. ‹بىن› كالا سولايدىغان كىچىك قورشاۋ. (قۇمۇل)

# چ

**چابدار ئات** ئى. ‹زوئول› قىزغۇچ سېرىق ئات. م: شەھەردىن كۆتەك ھارۋىسىغا قېتىلغان چابدار بايتالنى ئۆكرەك تاشلىتىپ قېچىپ چىققان زۇلىيا كاسكا ئىسىملىك ئادەم... (ئىلى)

**چاپ** ئى. يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ ھاسىل بولغان ئېرىق. (نىيە)

**چاپانچى** ئى. كۆچ: يالاقچى، تەخسىكەش، خۇشامەتچى، كۆتۈرمىچى. (قەشقەر)

**چاپپوْش** ئى. قوْلاقچا، ئولپاق. (لوپنوْر)

**چاپتىكەش** سوْپ. شوخ، كەپسىز، بەڭۋاش، ئوٚكتەم؛ چېپىلغاق، ھەممە ئىشقا چېپىلىدىغان بالا. (قەشقەر، خوتەن، كېرىيە) (بوْ سوٚز بەزى جايلاردا «چاپلىكەش» موْ دېيىلىدوْ)

**چاپچا** ئى. ‹دېھ› ئارا. خامان ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان، ياغاچ چىشلىقى ياغاچ چاپچا، توٚموْر چىشلىقى توٚموْر چاپچا دېيىلىدوْ. (قوْموْل، توْرپان)

**چاپچىل قايىنماق** ئالدىراشچىلىق، ئالدىراش بولماق. (قوْموْل)

**چاپسا** ئى. كىچىك كوْرەك. (خوتەن)

**چاپقوْدىماق** بوران ـ شىۋىرغانىنىڭ ئايلىنىپ ئوْرۇشى. م: بوران چاپقوْداپ ئوْرغىلى توْردى. (ئىلى)

**چاپما** سوْپ. ئويما، چېپىپ ئويوْلغان. م:△چاپما ئوْلاق ــ پوْتوْن ئويوْلغان ياغاچ ئوقوْر؛△چاپما قېيىق ــ پوْتوْن ئويوْپ ياسالغان قېيىق. (خوتەن)

**چاپموْچاپ** سوْپ. يوْزموْ يوْز، ئوْدوْلموْ ئوْدوْل، روبىرو. م: بازاردا چاپموْچاپ ئوْچرىشىپ قالدىم. (توْرپان)

**چاپى** ئى. شادىلىق كەڭ كارىۋات. (خوتەن)

**چاپىتى** ئى. ‹يېم› كاكچا؛ نېپىز قاتلىما. (ئاقسوْ، كەلپىن)

**چات** سوْپ. توغرىسىغا، پوْتوْنلەي. م: خاندىن كەلگەن گوْڭسىدا، دەريانى چات كوٚمسوْن دەپتوْ. (لوپنوْر)

**چاتمال** سوْپ. توْتاش، چېتىش. م: مېنىڭ يېرىم ئەينالماخوْنوْم بىلەن چاتمال. (ئاقسوْ قارىتال)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**چاتىر** ئى . نۆشۈدۈر.

**چاچا** ئى . ‹زوئول› سالجا. م: ئاتتا ئۆت يوق، چاچىدا كۆت (ماقال). (قۇمۇل)

**چاچۇپ** ئى . مېيىت قويۇدىغان جىنازا تاختىيى، تەختىراۋان. (ئىلى)

**چاچا** ئى . پۆپۈك، چۇچا. م: چاچىلىق ياغلىق — چۇچىلىق ياغلىق. (قۇمۇل)

**چاچاپ كەتمەك** زىرىكمەك، سەسكەنمەك، بىر نەرسىنى تولا يەۋېرىپ، يېگۈسى كەلمەس بولۇپ قالماق. م: گۆشنى تولا يەپ، چاچاپ كېتىپتىمەن. (قۇمۇل)

**چاچاق** ئى . ‹بوت› لويا قومۇش؛ ئوت- چۆپلەرنىڭ پاكار ھەم شالاڭ ئۆسكەن جايى. م: پۇتتار (پۇتلار) كۆيۈپ ماڭالماي، چاچاق بىلەن ئورايمىز. (لوپنۇر)

**چاچقال** ئى . قومۇشنىڭ قۇرۇپ قالغان يوپۇرمىقى. (لوپنور)

**چاچقىرىق** ئى . ‹ئانات› كالىنىڭ بويۇن قىسمىدىكى قاتتىق سىڭىر. (ئىلى)

**چاچ گۆيەك** ئى . چاچقا تاقىلىدىغان بېزەكلىك. م: قارا ياغاچ قاشتا بولۇر، چاچ گۆيەك چاچتا بولۇر، يارنىڭ دەردى ھەر قاچان، يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر. (قۇمۇل)

**چاچلىق بالا** ئى . قىز بالا، ياتلىق قىلىنمىغان قىز. (تۇرپان)

**چاچما** ئى . ‹بوت› ئورۇپ ئۆز ئورنىغىلا ياتقۇزۇپ قويغان ئوت. م: يار مېنى بەلگىلەپتۇ كۆل قوتونىدا چاچماغا. (لوپنور)

**چاچۇلىماق** چاسىلىماق، تۆت چاسا قىلماق. (لوپنۇر)

**چاچىلاڭ** ئى. چاچقۇ، تويدا چېچىلىدىغان چاچقۇ. م: «چاچىلاڭ» تازا ئەۋجىگە چىقتى. (قەشقەر)

**چاخانا~چاخىنا** سۈپ. ئارتۇقمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، نەق، دەلمۇ دەل. (كېرىيە)

**چاخچا** ئى. ئۈزۈم ئاسىدىغان ئىلغا. (پىچان)

**چار 1** سۈپ. ئەيىب، ئېۋەن، ئالىلىق. م: △چار چىقارماق – ئېۋەن تاپماق؛ △چار قالماق – ئالا قالماق، چۇشۇپ قالماق. (قەشقەر)

**چار 2** ئى. 〈بوت〉 «بالدۇر پىشار خانىش» دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئىچى قىزىل، سىرتى چىپار قوغۇن. (كېرىيە)

**چارادىماق** قورشىماق. (قۇمۇل)

**چاراڭشىماق** ۋارقىرىماق، غوۋغا كۆتۈرمەك، غەلۋە قىلماق. م: △تولا چاراڭشىماي ئاغزىڭغا ئاش ئىچ؛ △بىزنىڭ ئادەم ۋار- ۋۇر چاراڭ سالىدۇيۇ، يەنە بىردەمدىلا ئازغان گۈلدەك ئېچىلىپ قالىدۇ. (خوتەن)

**چارچاپ** ئى. ئۈستىگە كوزا قاتارلىقلارنى قويىدىغان ياغاچتىن ياسالغان پۈتلۈق جاھاز. (قەشقەر)

**چارچاڭ** سۈپ. قىرتاق، قاڭسىق؛ يېقىمسىز؛ تېرىككەك، قوپال. م: △بۇ بەك چارچاڭ هاراق ئىكەن؛ △ئۇ چارچاڭ ناخشا ئېيتىدىكەن: △ئۇ بەك چارچاڭ ئادەم ئىكەن. (قۇمۇل، تۇرپان)

**چارچاي** ئى. 〈بوت〉 قارىقات. (قۇمۇل)

**چارداپ كەتمەك** 〈تېب〉 يېرىلماق. (مەكىت)

**چارلاڭ** سۈپ. ئالا- چىپار. م: چارلاڭ ئات – ئالا- چىپار ئات. (قۇمۇل)

**چارۇزە** ئى. كارىۋاتچىلىك كەڭلىكتىكى گىلەم.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(لوپنۇر)

چارۇلماق پۇتلاشماق. م: ماڭا چارۇلماي نارى (نېرى) تۇر. (لوپنۇر)

چارۋاغ ئى. دەريالاردا بېلىق تۇتۇش ئۇچۇن، ياغاچلارنى بىر- بىرىگە چېتىپ، قورشام قىلىپ قويۇلغان دائىرە. بىر ئۇچىغا كونجۇت باغلاپ قويۇلىدۇ. بېلىقلار كونجۇتنى پوراپ، چارۋاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇتۇلىدۇ. (ئىلى)

چا:سا ئى. بازار، تۆت كوچا ئاغزى. (قەشقەر، خوتەن)

چاسا بەلۋاغ ئى. ياغلىق بەلۋاغ. (مەكىت)

چا ساراڭ سۈپ. جىڭ ساراڭ. (قەشقەر)

چاسا مېتىر ئى. كۋادرات، كۋادرات مېتىر. (قەشقەر)

چاشەنبە سۈپ. كۆچ: ساراڭ قېتىش، ئەقلى- ھوشى جايىدا ئەمەس. (قەشقەر)

چاشقان ئى. ‹تېب› ئات- ئۇلاغلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەل. (پىچان)

چاشكا 1 ئى. ‹بوت› زەنجىۋىل، ئاق چەشكە. (قۇمۇل)

چاشكا 2 ئى. ‹يېم› مېيىتنى ئۇزاتقاندا تارقىتىلىدىغان يەل- يېمىش. (قۇمۇل)

چاشما~چەشمە ئى. كەشتە. م: چەشمە تىكىش — كەشتە بېسىش. (قۇمۇل)

چاشۋاق (توي) ئى. كېلىن ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى مېھمان چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە. (شايار)

چاغ 1 سۈپ. دەل، ماس، لايىق، خوپ.

چاغ 2 ئى. كۈچ- قۇۋۋەت، قۇرب، مادار.

چاغا ئى. تۈگمەننىڭ چاقپېلىكى. (كېرىيە)

چاغۋا يۈك. بەلكىم، ئېھتىمال. (باشقا جايلاردا

«چىغىۋا~چىغى» دېيىلىدۇ، ئەسلىسى «چىغى بار») م: قارلىق تاغلار يېقىنچۇن، ھاۋالىرى سوغ چاغۇا. جۇگانلىرى بىچارە، يىگىتلىرى يوق چاغۇا. (نىيە، قۇمۇل)

**چاغالاڭ** سۇپ. تاغىل، چار. م: چاغالاڭ غوروز — چار خوراز. (لوپنور)

**چاغاناي** ئى. ‹مۇز› قومۇش سوناي. (بەزى جايلاردا «چاغىنا~ چاغناق» مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**چاغاناق** ئى. تەخسە مۇزىكا، پىلاستىنكا. (قۇمۇل)

**چاغ ـ چۇغ** ئى. ئۇجۇر- بۇجۇر، ھال ـ ئەھۋال. (كېرىيە)

**چاغدول** سۇپ. قاقشال. (قۇمۇل)

**چاغلىماق** دەڭسىمەك، ئويلىماق، مۆلچەرلىمەك. (كېرىيە)

**چاغنان** ئۇن. ئىتنى قوغلاش ئۇندىشى.

**چاقاڭدا~چاقوڭدا** ئى. ئوڭدا. م: چاقاڭدىسىغا چۇشتى — ئوڭدىسىغا چۇشتى. (قەشقەر، كېرىيە، گوما)

**چاقام ـ چاقام** ئى. سوغا باش چۆكۈرۈشتىن بۇرۇن ئېيتىدىغان بالىلار سۆزى. م: چاقام ـ چاقام، ئىلان پاقام.

**چاقان كۆز** سۇپ. كۆكۈچ كۆز. (كېرىيە)

**چاقپىلەك بولۇپ كەتمەك** خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي كەتمەك، يايراپ كەتمەك. (قەشقەر)

**چاقچا** ئى. ناسۋال قۇتىسى. (ئىلى، قۇمۇل)

**چاقچاق** ئى. دەررە. دولان مەشرىپىدە ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق تىلىنغان ياغاچ، ئۇرغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ. (مەكىت، يانتاق)

**چاقچۇق** ئى. ئۆرۈك پاكى شۇنىڭغا ئوخشاش يېمىشلەرنىڭ ئۇچكىسى، ئۇرۇقچا. (قۇمۇل)

**چاقچىغار** ئى. ‹ئاست› چولپان يۇلتۇز. (لوپنور)

**چاقچىلىقاي** سۇپ. ئالدىراش، ئالدىراشچىلىق، ئالدىراڭغۇ،

www.uyghurkitap.com

بېسىق، بىسەرەمجان. م:△ چاقچىلىقاي كۆڭلەر؛ △چاقچىلىقاي ئادەم؛△ئاتنى مىنىدىم ئىگەرسىز، باش- كۆزلىرى يۈگەنسىز. چىرايلىق مېنىڭ يارىم، چاقچىلىقايدا كېپقاپسىز. (قۇمۇل)

**چاقۇ** ئى. 〈زوئول〉 چۈسا. م: چاقۇنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما (ماقال) (لوپنۇر، كېرىيە، نىيە)

**چاقما كاۋا** ئى. 〈بوت〉 كاۋىنىڭ بىر تۈرى. (بەزى جايلاردا «ئەنجان كاۋىسى» دېيىلىدۇ) (تۇرپان، پىچان، قەشقەر، ئىلى)

**چاقۇ** ئى. ئىلمەك، ئىلغۇچ. م: گۆشتۈ چاقۇغا ئاس. (ئىلى، لوپنور)

**چاقىلاي~چوقۇلاي** سۈپ. يۈزنىڭ قۇرغاقلىشىپ سويۇلۇشى: ئەتىياز كۆڭلىرى چىقىپ، كېيىن يوقاپ كېتىدىغان يۈزدىكى داغ. (قۇمۇل)

**چاكان** ئى. بەش تاش ئويۇنى. تاش تېرىپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنى. (كېرىيە) (قەشقەردە بۇ «چاكۇم» دېيىلىدۇ)

**چاكان ياغلىق~چېكەن ياغلىق** ئى. بەلۋاغ، چېكەن رومال. م: ئاقسۇنىڭ يولى باغلىق، بېلىمدە چاكان ياغلىق. مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم، سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق. (قەشقەر)

**چاكسا** مىق. ئېغىرلىق بىرلىكى، بىر جىڭغا باراۋەر. م: ئۆيۈڭدە بولمىسا چاكسا پۇخۇن، جاھاننىڭ توقلۇ- قىدىن بىر نان تېپىلماس. (ماقال) (كېرىيە، قەشقەر)

**چاكۇ** سۈپ. چوقۇر. م: سەتكەن دېمەڭ ئىشان

ھاجىمنىڭ قىزى، چاكوكەن دېمەك بۇ چېچەكنىڭ ئىزى. (نىيە)

**چاگانەم** سۈپ. ‹مۇز› بوم ئاۋاز. (كېرىيە)

**چاڭ ساندۇق** ئى. كارىۋات ساندۇق. ئۇستى كارىۋات، ئاستى ساندۇق. (تۇرپان)

**چاڭقاغا** ئى ‹زوئول› توڭقاغا. (قەشقەر)

**چاڭقۇرۇن** سۈپ. ئالدىراش، بېسىق. م: ئىشىم تولىمۇ چاڭقۇرۇن بولۇپ كېتىپ كېلەلمىدىم. (ئىلى)

**چاڭگىز~چاڭگىز** ئى. ‹بوت› بىر خىل دەرەخ (سوغۇقلۇق ئۇچۇن دورا قىلىنىدۇ). (قۇمۇل)

**چاڭگا ساقال** ئى. بومبا ساقال.

**چالا~چالۇ** ئى. سۇزگۇچ، چويلا. (كېرىيە)

**چالا ـ چوتا~چالا ـ چۇشتە** سۈپ. چالا ـ بۇلا، چالا ـ پۇچۇق. (قەشقەر)

**چالاشماق** ئۇتلەنمەك، چالا كۆيمەك. (كېرىيە)

**چالا كۆرەك** سۈپ. ساۋاتسىز؛ ماختانچاق، مەمەدانە. (خوتەن، ئىلى)

**چالچۇق** ئى. نەم يەر، نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر. (قۇمۇل)

**چالدۇرماق** ئوتقا قويماق، دەم ئالدۇرماق. م: ئۇلار بىر دەڭگە چۇشۇپ ئاتلىرىنى چالدۇردى. (ئىلى)

**چالغۇچ 1** ئى. ‹مۇز› ساز (تارلىق ياكى يەللىك).

**چالغۇچ 2** ئى. ئايالالار يىلىم چىلايدىغان قاچا. م: بىر دېدىكى چالغۇچ تۇتۇپتۇ. (خوتەن)

**چالغۇچ 3** ئى. ئۇماچ، سىقماق قاتارلىق تاماقلارنى ئەتكەندە، ئۇلارنى مالتىلاپ ئارىلاشتۇرىدىغان، ئۇچىدا ئۇچ ـ تۆت ئاچىمىقى بار، قاتتىقراق ياغاچلار (مەسىلەن، ئۆرۈك ياغىچى)دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياسىلىدىغان ئەسۋاب. (نىيە)

**چالقىماق** ئى. يۇقۇندا، قاچىلاردىكى تاماق يۇقۇندىلىرى. (قومۇل)

**چالما 1** ئى. ‹يېم› ئوماچ، ئاتىلا: قويماق. م: بۇغداي چالمىسى – بۇغداي ئۇمىچى. (لوپنۇر) (قومۇلدا بۇ «چاما» دېيىلىدۇ)

**چالما 2** ئى. مال قىغىنىڭ كېسەكى.

**چالمىچاك** ئى. بالىلارنىڭ چالما ئېتىپ ئوينايدىغان ئويۇنى. (كېرىيە)

**چالى** سۈپ. چالا، يېرىم؛ ئاچ. م: بالىسى يوقنىڭ گېپى كالى. بالىسى بارنىڭ گېپى چالى. (ماقال) (كېرىيە)

**چالىپ باقماق** ئىزدەپ باقماق، قاراپ باقماق. م: شۇ يوللۇ (يولنى) چالىپ باقاي، ئۆي تەرەپكە كەلدىمۇ؟ (لوپنۇر)

**چام ئالماق** ۋەزىپە بۆلۈۋالماق. م: بۇ جامائەت ئادەتى ئۆز ئىچىدە چام ئالىپ... (لوپنۇر)

**چامچا** ئى. يەكتەكتىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان يالاڭ ئۇزۇن يازلىق چاپان؛ ئەرلەر كۆڭلىكى. م: ئېگىز ئازغان بويىدا، چامچاڭنى سەن مورەڭگە ئال. شۇغىنە ئايلا جوگاننى، ئالمىدەك يانىڭغا سال. (قومۇل، پىچان، تۇرپان، لوپنۇر)

**چا:موللاق** سۈپ. تىك موللاق. (خوتەن)

**چا: مېغىز** ئى. ‹يېم› ياڭاق مېغىزى بىلەن ئۆرۈك مېغىزىنىڭ ئارىلاشمىسى، ئالا مېغىز. (خوتەن)

**چاناق** ئى. رەگەتكە. (كۇچا)

**چانچىق** ئى. ‹ئانات› چېكە. م: چانچىقىغا (چېكىسىگە) ئاق سانجىغان ئادەم. (لوپنور)

**چاھ** ئى. ئورەك، ئورا. (خوتەن)
**چاۋا** ئى. ياغ قاچىلايدىغان سايمان. (كۇچا)
**چاۋكا** ئى. ساغرىسى چىپار ئات. (ئىلى)
**چاۋۇپ كەتمەك** تېگىپ كەتمەك، ئېغىر كەتمەك، تەسىر قىلماق. م: سۆزلەۋەرسەم گېپىم يەنە ئاۋۇپ كېتەر، ئەمەل تۇتقان جاناپلارغا چاۋۇپ كېتەر. (خوتەن، قەشقەر تاشمىلىق)
**چاۋەت** ئى. چاۋا، ئۇچەي. (لوپنۇر)
**چاۋۇش** ئى. ‹تار س› كوماندىر، مەشقاۋۇل، ئوفىتسېر (تارىخىي ئەمەل نامى). (قۇمۇل)
**چايان تو:پاق** سۈپ. كۆندۈرۈلمىگەن تورپاق. م: بۇ تازا چايان تو:پاقكەن. (خوتەن)
**چايەك** ئى. ‹ئانات› تۆت ئىلىك كەڭلىك. (قۇمۇل)
**چايپەش** ئى. تېرىدىن تىكىلگەن چاي خالتىسى، چاي ئوراپ قويىدىغان تۇگۈچ. (ئىلى)
**چايجىر** ئى. چاي ئۇستىلى. (قۇمۇل)
**چايدام** ئى. چۆللەردە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەكلەر. (قۇمۇل)
**چايدۇت** ئى. لوپنۇرلۇقلارنىڭ چۆگۈنى. (لوپنۇر)
**چايزەك~چايجەك** ئى. يىڭناسقۇ. (قۇمۇل)
**چايقاق~چايمال** ئى. دولقۇن. (لوپنۇر)
**چايلىماق** كۆپەيمەك، باراقسان بولماق، غولدىماق. م: كېۋەزلىكنىڭ ئارىسىغا كەندىر سالسام چايلامۇ؟ (مەكىت يانتاق، قەشقەر)
**چەپە~چەپچار** سۈپ. سولخاي. (مەكىت) (كېرىيىدە بۇ «چەپپىكور» دېيىلىدۇ)
**چەپەر** سۈپ. چېۋەر، تېز، چاققان. م: بۇ ئايىغى چەپەر ئاتكەن. (مەكىت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**چەپەن** سۈپ. تەتۈر، ئۇششۇق، ئۆكتەم، يېپىشقاق. (پىچان)

**چەپكەن** ئى. چەكمەن. (لوپنۇر)

**چەپى ـ غەلەت قىلماق** ئازدۇرماق، كۆزىنى غەلەت قىلماق. م: نازارەتچىلەرنىڭ كۆزىنى ھەرخىل يوللار بىلەن چەپى ـ غەلەت قىلىپ ئىشنى جۆندەيتتۇق. (قەشقەر)

**چەتەن~چىتەن** ئى. ‹بىن› ياغاچتىن ياكى شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسالغان ئۆي. (لوپنۇر)

**چەتلەمچى** سۈپ. داۋاملىق توپتىن ئايرىلىپ يۈرىدىغان ئادەم، قاچقاق.

**چەتمە** ئى. مەشۈت يىپ؛ بىر خىل چىقىرىشماق قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇن. (قۇمۇل)

**چەتمەك** ئى. قارا قۇشقاچ تۇتىدىغان ياغاچ تۇزاق. (ئاقسۇ)

**چەتنو** ئى. ئامبۇرنىڭ بىر تۈرى.

**چەجمەك** ئى. ئاياللارنىڭ ياندىن تۈگمىلەيدىغان ئۇزۇن چاپىنى. م: خاڭدەندىن كەڭ چەجمەك كىيىپ... (قەشقەر، ئاقسۇ)

**چەچكە** ئى. بۆزچىنىنىڭ يىپ تاغىقى. (خوتەن)

**چەچىرىمەك** سەكرىمەك (ئىگىزگە). (قۇمۇل)

**چەرەت قالجاق** سۈپ. تۇغماس جەرەن. (ئاقسۇ قارىتال)

**چەر** ئى. خەپرۇك، بەلغەم. (لوپنۇر، قۇمۇل)

**چەرتمەك** چەكمەك، چالماق. م: دىپىنى چەرتسە بولۇر. چىكىپ، سوقۇپ چەرتسە بولۇر. دىپىنى چەرتەلمىسە، چەرتكۈچىگە بەرسە بولۇر. (قۇمۇل)

**چەرگا** ئى. ئېچىلمىغان يەر. (كېرىيە)

چەركە ئى. چاق، يىپ ئىگىرىش ئۇسكۇنىسى. (يەكەن)
چە(ر)مگەر ئى. كۆن ياسىغۇچى، كۆنچى. (مەكىت، خوتەن)
چەرۋە ئى. قىرىن يىغى، چاۋاياغ.
چەكسە~چىكسە مىق. بىر چارەكنىڭ 16 دىن بىر قىسمى.
چەككە~چەككى سۈپ. پەقەت، پۈتۈنلەي، ھېچقاچان، ئەسلا، زادى. (قەشقەر پاخپۇ)
چەگىدىمەك چۆرگىلىمەك، ئايلانماق، ئەگىپ يۈرمەك. م: بوسۇغاڭلارنى چەگىدەۋاتقانلارنىڭ... (قەشقەر)
چەڭخو ئى. ھارۋىكەش. (قۇمۇل، تۇرپان)
چەڭگۈل ئى. چاڭگا. (تۇرپان ئاستانە)
چەل 1 سۈپ. ‹دىھ› چالا پىشقان زىرائەت: نەم، ھۆل. (نىيە)
چەل 2 ئى. شالتاق، داغ، كىر. م: ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قونغان تىرىقچىلىك چەلىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تازىلايتتى. (قەشقەر، خوتەن)
چەلەڭگۈچ سۈپ. ئارىلاش، ئارىلاش - قۇراش. (قۇمۇل)
چەن ئى. نىشان، ئۆلچەم. (خوتەن، ئىلى)
چەنەك مىق. ئۆلچەم. م: چەنەك بىلەن يەرنى كەستى. (لوپنۇر)
چەندە سۈپ. دەل جايىدا. (نىيە)
چەندەك ئاتماق چاقچاق قىلماق. م: چەندەك ئاتماڭ چوڭغا، كۆتۈرۈپ سالار ئوڭغا. ئورنىڭىزدىن تۇرغىچە، تىپىۋېتەر قوڭغا. (ماقال) (كېرىيە)
چەندەكچى 1 ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. (ئاقسۇ)
چەندەكچى 2 ئى. چوڭلارغا يولسىز چاقچاق قىلغۇچى (كېرىيە)
چەن قوشۇق ئى. ئۆلچەم قوشۇقى. م: ناس قۇتا، چەن قوشۇق ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان جاملار بار. (ئىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**چەيلۈك** سۈپ. ئۆردەك تاپان (ئادەم)، تاپىنى تۈز (ئادەم). (قۇمۇل)

**چوپاش** ئى. ياشانغان ئاياللار ياغلىقى. (لوپنۇر)

**چوجماق** سوزماق، تارتماق، كەرمەك. م: قۇلىقىنى چوجاپ، يېتىلگەن پېتى... (قەشقەر، خوتەن)

**چوچىماقچى** رەۋ. توساتتىن، تويۇقسىز. (قۇمۇل)

**چوخچا** مىق. دۆۋە، دەستە. م: چوخچا ـ چوخچا نان ـ دەستە ـ دەستە نان. (قۇمۇل)

**چوخرىماق** قاغجىرىماق. (ئاقسۇ قارىتال)

**چور** ئى. سىغىز لايدىن ياسالغان ئۇشتەك؛ كەپتەرگە ئېسىلىدىغان غوڭ قاپاق. (تۇرپان، قۇمۇل)

**چورغۇن** ئى. شورپىنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ، قايىنىتىۋېرىشتىن ھاسىل بولغان لەش. (كېرىيە)

**چورگۇل** ئى. سىمنى ئېگىپ ياسىغان جۇۋالدۇرۇز. (قۇمۇل)

**چورۇپ** ئى. ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىمى. م: پۇتىغا چىرايلىق ئالا ـ يېشىل گۈللەر تىكىلگەن قونجىلىق قىزىل چورۇپ كىيگەن. (قەشقەر)

**چورۇق** ئى. چىگىت ئايرىيدىغان چىغىرىق. («چىرۇق» مۇ دېيىلىدۇ) (تۇرپان)

**چوش** ئى. (دېھ) بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە سۇ ئۆتكۈزىدىغان ياغاچ نور؛ بىر چۆنەكتىن ئىككىنچى چۆنەككە سۇ چۈشۈرىدىغان ئېگىزلىك؛ ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيى ئېقىپ چۈشىدىغان نور؛ تۈگمەن سۈيىنىڭ يۇقىرىدىن سۇ چۈشۈرىدىغان شارقىراتمىسى. (تۇرپان، پىچان)

**چوغ~چوغا** سۈپ. قويۇق، نۇرغۇن، زىچ، كۆجۈم، توپ؛

رەستە، نۇرغۇن ئادەم توپلانغان جاي. م: چوغ مەلە ــ توپ مەھەللە. (خوتەن)

**چوغروغدان** ئى. ‹بوت› قويلار يەيدىغان بىر خىل ئوت. (نىيە)

**چوغۇر** ئى. كۆل ۋە دەريالارنىڭ تېگىدىكى دەرەخ قالدۇقلىرى. م: ساغىز كېمەڭنى توسور چوغۇر ــ سېغىز كېمەڭنى توسايدۇ چوغۇر. (لوپنۇر)

**چوغۇنتەك~چۇغۇندەك** ئى. ‹زوئول› بىر خىل قۇش. بېشى ۋە تۇمشۇقى تەكشى ياپىلاق كېلىدۇ، تۇمشۇقى ئۇچ بۇرجەك بولۇپ، جىيەكلىرىدە ئۇششاق توكلىرى بولىدۇ؛ كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ. م: چوغۇنتەكتەك گەۋدىسىنى كېرىپ... (تۇرپان. خوتەن)

**چوغپوشكال** ئى. ‹يېم› كۆمەچ. م: شۇ كۈنى ئەتىگەندە بۇلار ياخشى كۆرىدىغان چوغپوشكال پىشۇرۇپ چاي ئىچىشىپتۇ. (كورلا) (لوپنۇردا «چوقپوشكال» دېيىلىدۇ)

**چوق** سۈپ. چوقۇر. (ئىلى)

**چوقا** ئى. ياغاچ ئاسقۇ. (قومۇل)

**چوقاتماق** ئى. قېرى ئاچماق ياغاچ، چوڭراق پۇتاق. م: △بىردە چوقاتماق تاشلارغا نىقتاپ قويسا...؛ △جىگدىنىڭ چوقاتمىقىدەك...؛ △ قولىدىكى ھاسا ئورنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان چوقاتماق...؛ △قېرىپ چوقاتماقلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەر... (خوتەن، قەشقەر، كېرىيە)

**چوقا ـ زاسۇ** ئى. ‹ئانات› كاللا، ئۇچەي ـ قېرىن. قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كاللا ـ پاقالچەك ۋە ئىچ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باغرى. م: چوقا ـ زاسونى پىشۇرۇپ (مەكىت)

**چوقام~چوقال** تونۇردىكى چوغلارنى يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ساپلىق، ئالقانسىمان ئۇزۇن تۆمۈر. م: △تونۇرغا بىر چوقال لازىم بولۇپ قالدى؛△ ئارقىدىن قوغلاپ، چوقال بىلەن سىلىشتىن يانمايتتى. (خوتەن)

**چوقاي 1** ئى. ساقىي، تەقسىم قىلغۇچى؛ مىراس بۆلگۈچى. (قومۇل)

**چوقاي 2** ئى. هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بېكىتىلىدىغان ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك ياغاچ. م:△هارۋىنىڭ چوقايلىرىغا قىزىل توغ قادىتىپ...؛△ئۇ هارۋىنىڭ چوقىيىغا مەھكەم يېپىشىپ ئولتۇراتتى. (مەكىت يانتاق) (بۇ سۆز پىچاندا «چوقۇ»، ئىلىدا «چوقا» دېيىلىدۇ)

**چوقا** ئى. قاتتىق قېتىپ كەتكەن سېغىز توپا. م: ئۇ بىر مۇش چوقا ئەمەس، يېرىم تاغار چوقا ئەكەلدى. (ئىلى) (بۇ سۆز قومۇلدا «چوقاي» دېيىلىدۇ)

**چوقۇ 1** ئى. بور. (لوپنۇر)

**چوقۇ 2** ئى. چوغدان.

**چوقۇلاي~غارداڭ** ئى. ‹تېب› كۆن تەمرەتكىسى. (قومۇل)

**چوكىلاڭ** سۈپ. پەس، پاكار. م: چوكىلاڭ تاغلار ـ پاكار تاغلار. (قەشقەر)

**چوڭرون** ئى. تۇگچەك. (خوتەن)

**چوڭ قول** ئى. ‹ئانات› باش بارماق. (كېرىيە)

**چوڭقۇرچاق~چوڭقۇچاق** ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنىدا قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. (مەكىت، ئىلى)

**چولامپاي** سۈپ. توكۇر، چولاق. م: بار بولامىلىق، يوق

چولامپاي (ماقال). (قەشقەر)

**چولدۇر** ئى. ‹ئانات› كىچىك ئوغول باللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. (بەزى جايلاردا «ئۇجۇك» دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**چولا** ئى. ‹ئانات› پېشانىنىڭ يۇقىرى تەرىپى. (نىيە)

**چولۇ** ئى. ئۇسۇل، ۋاستە. م: ئىلگەرىكى چولۇڭ بىلە ــ ئىلگىرىكى ئۇسۇلۇڭ بىلەن. (لوپنۇر)

**چومچاق** ئى. كۆتەك، دەرەخ كۆتىكى. (خوتەن)

**چون** ئى. جۇۋاز ئوقىنىڭ يۇقىرى ئۇچىغا كىرگۈزۈ - لۈپ، كىندىككە بېكىتىلىدىغان ساپلىق ياغاچ.

**چوۋاڭ** ئى. بېغى يوق سېۋەت. (خوتەن)

**چۆپۈل قىلماق** بۇلاڭ- تالاڭ قىلماق، ھەش- پەش دېگۈچە يەپ تۈگەتمەك؛ سوغۇق قول تەگكۈزمەك. (خوتەن)

**چۆجە** ئى. خامان. (تۇرپان)

**چۆجىر** ئى. يۇگەننىڭ ئېغىردۇرۇقى. م: جىرەن قاشقا يۇگەننىڭ چۆجىرىنى ئەپلەپ چىشلىۋالدى- دە، بويۇن بەرمەي ئەپقاچتى. (قەشقەر)

**چۆچۈق** ئى. شالاڭ بولغان ئۈزۈم ساپىقى، كۆمۈلمەيدىغان تاللارنىڭ ساپىقى. (كېرىيە)

**چۆچۈلىماق 1** تورغاينىڭ سايرىشى. م: تورغاي چۆچۈلىدى ــ تورغاي سايرىدى. (قۇمۇل، ئىلى)

**چۆچۈلىماق 2** كىيىمنى سالماق، كىيىمنى يەشمەك. م: چاپىنىڭنى چۆچۈلىۋەت ــ چاپىنىڭنى سېلىۋەت. (قۇمۇل)

**چۆراپ تۇرماق** دەس تۇرماق، دەرھال تۇرماق، چاچراپ تۇرماق. م: چۆراپ ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىن چىقتى. (قەشقەر)

**چۆراپ كەتمەك** ئاجىزلاپ كەتمەك. م: خوراز سوقۇشتۇرغاندا ئۆنىڭ خورىزى تاياق يەپ چۆراپ كەتتى. (مەكىت يانتاق)

**چۆراڭ** ئى. ئىگىز، سوقا سىۋەت؛ كەلكۈن مۇدا- پىئەسىدە ئىشلىتىلىدىغان، سىمدا توقۇلۇپ، ئىچىگە تاش قاچىلايدىغان خالتا. م: يىغقان تاشلىرىنى چۆراڭلارغا سېلىپ... (كېرىيە، خوتەن)

**چۆرچىلىق** ئى. قومۇشنىڭ ئىچىدا قالغان كۆتەك قىسمى.

**چۆرقا~چۆرقى** ئى. قورۇپ، سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ بېسىلىپ كەتكەن ئوتۇن- ياغاچلارنىڭ ئۇۋاقلىرى؛ قامغاق ئۇرۇقى. (قومۇل)

**چۆرقۇچ** سۈپ. بۇدۇر؛ باللارنىڭ بېشىدىكى چۆر- گىلىمەچ. م: چۆرقۇچ چاچ — بۇدۇر چاچ. (قومۇل، ئاقسۇ قارىتال)

**چۆرقۇلاڭ** سۈپ. پاخپايغان. (قومۇل)

**چۆرۈڭقاي** سۈپ. تېرىككەك. (ئىلى)

**چۆشاڭ** ئى. قوي قىرقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە قايچا.

**چۆغا** سۈپ. قىستا- قىستاڭ. م: قاراقچى خالىي يەردە ئالار، يانچۇقچى چۆغادا (ئالار). (كېرىيە)

**چۆقاق** سۈپ. ئىنتىزارلىق. (قومۇل)

**چۆقماق** ئىنتىزار بولماق. (قومۇل)

**چۆلبۇيا~چۆلۋا** ئى. ‹يېم› هاراق. (خوتەن)

**چۆلپاق** سۈپ. خام لاي؛ چالا. م: چۆلپاق ئىش قىلىدىغان گاداي. (خوتەن)

**چۆلغاشماق** يىغىلىشماق، توپلىنىشماق، ئۇلاشماق. (خوتەن)

**چۆللۆق** ئى. ‹زوئول› بىلىقئالغۇچ، چايكا. سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بىر خىل قۇش. چوڭلۇقى تورغايدەك، ئۈزى ئاق، قانىتى ئالا، قۇيرۇقى ئۇزۇن. (مەكىت، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**چۆلۆق** سۈپ. كۆپ، مول، مىژ- مىژ، مىغ- مىغ. م: بىلىق چۆلۈق، قورساق توق — بىلىق كۆپ بولسا، قورساق توق بولىدۇ. (لوپنۇر)

**چۆلۆق تاۋۇز** سۈپ. پىشىپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇرۇقى بىلەن ئېتى ئارىلىشىپ، ئېزىلىپ كەتكەن تاۋۇز. م: بۇ چۆلۆق تاۋۇز ئىكەن. (خوتەن)

**چۆمبا** ئى. چۆلدا، كەتمەن چۆلدىسى. (خوتەن)

**چۆمغۇق** ئى. ‹زوئول› قاغا تىپىدىكى قۇش، تاغ قاغىسى. (بەزى جايلاردا «چۆمگەك»، «چۆمغاق» مۇ دېيىلىدۇ) م: ئاۋۇ چۆمغۇقنى قورۇۋېتىڭا. (خوتەن، قەشقەر پاخپۇ)

**چۆۋادان** ئى. ‹زوئول› كەپتەرنىڭ بىر خىلى. (قەشقەر)

**چۆۋرۈ يول** ئى. تاغ- داۋانلاردىكى چىغىر يول، غىلاڭلاردىكى تار، قىيىن چىغىر يول، بۇنداق يوللاردا ھايۋانلار ماڭالايدۇ، ئىككى كىشى ماڭالمايدۇ. (قۇمۇل)

**چۆيلۈك- چەيلۈك** سۈپ. لەلەك- لۈلۈك. (قۇمۇل)

**چۆيلىماق** چۆۋىماق. (قۇمۇل)

**چۆپگەز** ئى. ‹بىن› تامغا بۇلۇڭ چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەمدە تامنىڭ قىرغاق- بۇرجەكلىرىگە سۇۋاق بەرگەندە، سىلىق ۋە تۈز چىقىرىش ئۇچۇن قويۇلىدىغان ئۇزۇن ياغاچ. (مەكىت)

**چۆچەك** ئى. تاقلانغان پىلە قۇرتلىرىنى ئالىدىغان

تەۋەك. (خوتەن)

**چۆچەگىلىك نان** ئى. ‹يېمەك› گىردە نان. (مەكىت يانتاق)

**چۆچقار** ئى. بۇغداينى خاماندىن ئۇسۇپ ئېلىش ئالدىدا قوي سويۇپ قىلىنىدىغان نەزىر. (لوپنۇر)

**چۆرنەك** ئى. ناچا، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستى يىپىنى يۆگەيدىغان ئەسۋاب. (تۇرپان)

**چۆرۈلمە** ئى. تويدا ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا سوۋغا قىلىدىغان كىيىملىكلەر. (ئىلى)

**چۆرىسى يوق** سۈپ. ئەبگاھ، چاپىنى تېزدىن ئاشمايدىغان. (قۇمۇل)

**چۆلمۆك** ئى. كىچىك كۆلچەك؛ كۆزدىن تارامىلاپ ئاققان ياش؛ ئۆمۈچۈك، ئىلانغا ئوخشاش جانىۋارلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ يىغىلىپ، تۈگۈلۈپ يېتىش ھالىتى. م: △كۆزدىن چۆلمۆك ياشى ئاقتى؛ △چۆلمۆك ساچى — كۆزى يېشى بىلەن نەمدەلگەن چېچى؛ △يىلان چۆلمۆك بولۇپ ياتتى؛ △بۇ بالا مۈزلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، چۆلمۆكلىنىپ يېتىپتۇ. (لوپنۇر)

**چۆك** ئى. تاغ چوققىسىدىكى سۇپا تاش، تۈپتۈز تاش. (قۇمۇل)

**چۆكە پۇرچاق** ئى. ‹بوت› پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى. (سۈيۈق ئاشقا سېلىنىدۇ). (قۇمۇل)

**چۆكەن** ئى. ‹بوت› تالنىڭ يېڭى چىقارغان شوخى. (قۇمۇل)

**چۆكەنلىمەك** چوكان بولماق، پۇرچاق تېپىدىكى پۇرچاق ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ چىقىرىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. (تۇرپان)

**چۆكۈچ** ئى. چوكا. (قۇمۇل)

**چۆكوچەك~سۆكوچەك** ئى. كىچىك جوزا. (لوپنور)

**چۆكورمەك** تېرىمەك، ئورۇق سالماق. م: بۇغداي چۆكورۇۋالدۇق. (ئىلى)

**چۆكىلىك~چۆكۆلۈك** ئى. چوكا، قوشۇقلار سېلىنىدىغان ياكى كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلارنى سالىدىغان كىچىك سېۋەت. (پىچان)

**چۆگەن** ئى. ئورمىچىلارنىڭ قوشاق ئېيتىپ، ھاردۇق چىقىرىدىغان ئويۇنى. (كېرىيە)

**چۆگۆش** ئى. ‹زوئول› ياۋا ئىت، چىلبۆرە. (لوپنور)

**چۆگۈنگۈل** ئى. ‹بوت› بۇغدايلىق ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**چۆگىمەك** ئورىماق، يۆگىمەك. (قۇمۇل)

**چۆلۇكمەك** چۆللەشمەك، چۆلگە ئايلانماق. م: ئالەم چۆلۇكۇپ كەتتى ــ ئالەم چۆللىشىپ كەتتى. (لوپنور)

**چۆمەچ** ئى. چۆرگىلىمەچ، باشتىكى چۆرگىلىمەچ: يىپ ئېگىرىدىغان چاقنى ئايلاندۇرىدىغان چوكا ياغاچ. م: ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى چۆمىچى بار. (تۇرپان، كېرىيە)

**چۆمچۆيمەك** زوڭ ئولتۇرماق، زوڭزايماق. (لوپنور)

**چۆمگۈچ** ئى. چۆمۈچ. (ئاقسۇ)

**چۆمۈمەك** سۇ ئۈزمەك، چۆمۈلمەك. (قۇمۇل)

**چۆنەك** ئى. ‹دېھ› ئېتىزنىڭ پارچە ـ پارچە بۆلەكلىرى. (كېرىيە)

**چۇچە** ئى. ‹يېم› ئارپىدا ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق. (نىيە)

**چۇچۇك** ئى. ‹ئانات› بىر ـ ئىككى ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسى، چوچىقى. (نىيە)

www.uyghurkitap.com

(بۇ سۆز ئىلىدا «چۇچۇ» دېيىلىدۇ)

**چۇچۇن** ئى. ‹زوئول› چۇسا. م: △چۈچۈن قاساپ تۇرىدىغان...؛ △ئەپيۇن تارتقان جاللاتلار دۆڭ يامۇلدا ياتىدۇ. چۇچۇنلۇك، پەنلىك ئۈيدە، نازۇك جۇۋان ياتىدۇ. (ئىلى)

**چۇچۇلىمەك** ئۈزمەك، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ بېشىنى ئۈزمەك. (قۇمۇل)

**چۇرپە** ئى. ‹زوئول› چوشقا كۈچۈكى. (مەكىت، ئاقساقمارال)

**چۇرتمەك** تۇرمەك. چىرايىنى تۇرۇشكە قارىتىلىدۇ. (قۇمۇل)

**چۇش** مىق. ئۇلۇش، قىسىم. م: يېرىمىز ئۇش چۇش با، بىر چۇشنى تېرىمىز ـ يېرىمىز ئۇچ ئۇلۇش بار، بىر ئۇلۇشنى تېرىيمىز. (لۇكچۇن)

**چۇشەك** ئى. كۆرپە، سېلىنچا. م: دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۇشەك سېلىپ ياتقۇزۇشتى. (ئىلى، قەشقەر) (بۇ سۆز خوتەندە «چۇۋەك» دېيىلىدۇ)

**چۇشەكىمەك** شەيتان ئاتلىماق (چۇش كۆرۈش مەنىسى يوق). (مەكىت)

**چۇشكۇنخانا** ئى. ئۇزۇن يولدىكى يولۇچىلار توختاپ ئۆتىدىغان دەڭدىن كىچىك جاي، دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**چۇشكىنە** ئى. ‹بوت› بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ.

**چۇك ـ چۇك قاغا** ئى. ‹زوئول› تىرنىقى قىزىل، تۇك قاغىدىن كىچىكرەك بولىدىغان بىر خىل قاغا. (تۇرپان)

**چۇكۇلۇك** ئى. كىچىك سېۋەت. (پىچان)

**چۇكۇنەم** سۇپ. پارچە ـ پۇرات، ئۇششاق، كىچىك، ئاددىي؛

ۋىجىك، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز. (نىيە، كېرىيە، تۇرپان)

**چۇگە** ئى. ‹زوئول› قۇلىقى ئىتنىڭكىدەك، قۇيرۇقى ئۇزۇن، قۇشنى يەيدىغان ھايۋان. (نىيە)

**چۇمەك** سۈپ. دوك، ئالدىغا ئېڭىشىپ قالغان، مۇكچەيگەن ئادەم.

**چۇمچەيمەك** تەلمۈرمەك، ھېرىسمەن بولماق. (كېرىيە)

**چۇمسە** سۈپ. ئۇششۇق، مۇتتەھەم، ئۆكتەم. م: قىلدىن قىيىق كەتسە چۇمسەلىك قىلىپ كۆزدىن ياش قۇرىمايدۇ. (قەشقەر، ئاتۇش)

**چۇمۇلەك** ئى. ‹ئانات› چىمەلتەك، چىمچىلاق. (قەشقەر پاخپۇ)

**چۇممەك** ئۇۋاتماق، ئۇۋۇلىماق. م: قوناق چۇمەش — قوناق ئۇۋۇتىش. (قۇمۇل)

**چۇۋە** ئى. ‹ئانات› ئاچا تۇياق، ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**چۇۋەش** ئى. چۆگۈن. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**چۇيچۇن** ئى. ‹بوت› چاتقال تىپىدىكى بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك. يېشىل نوتىلىرىنى تۆگە يەيدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئوتۇن قىلىنىدۇ. (نىيە)

**چېپىن قىلماق** پۇتۇن نەرسىنى يېرىم- يارتا قىلىپ قويماق، چالا قىلىپ قويماق. (كېرىيە)

**چېتىق 1** ئى. توسۇق. (تۇرپان)

**چېتىق 2** ئى. چاچ چېتىقى، كۇمۇش قوڭغۇراقلىق زىننەت بۇيۇمى. (قۇمۇل)

**چېچەك** ئى. كۆچ؛ خۇرجۇننىڭ گۈل نۇسخىسى (كېرىيە)

**چېچىراپ كەتمەك** كىچىك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

(تۇرپان) (بۇ سۆز ئىلى، قەشقەردە «چاچراپ كەتمەك»، بەزى جايلاردا «چەتنەپ كەتمەك» مۇ دىيىلىدۇ)

**چېچىرماق** سەكرىمەك، چاچرىماق. (قۇمۇل)

**چېچىرغۇر** سۈپ. ‹تىل ھا› ئۆلگۈر (قارغىغاندا ئېيتىلىدۇ). (قۇمۇل)

**چېچىكى چاي بولماق** ‹ئىد› خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك. م: بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ كەتتى. (قەشقەر)

**چېدىر** ئى. ئەخلەت- چاۋار. (قۇمۇل)

**چېغىچە** سۈپ. كۆڭۈلدىكىدەك. م: قىپقىزىل بۆكنى كىيىپ، سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ. چېغىچە يارنى كۆرۈپ، بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ. (قۇمۇل)

**چېقىش بولماق** بىر- بىرىگە ماس كەلمەيدىغان يىمەكلىكلەر- نى كۆپ يەۋېلىپ ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشى. م: ئۇدۇل كەلگەنلا نەرسىلەرنى يەۋېرىپ، چېقىش بولۇپ قاپتىمەن. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «چېقىل- چۇقۇل بولماق» دىيىلىدۇ)

**چېقىن** ئى. تاغ قىيالىرى. تاغنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىشتىن پەيدا بولغان يارلىرى. (ئىلى) (بۇ سۆز خوتەن، نىيىدە «چېقىل» دىيىلىدۇ)

**چېكى لەلەك يۈرمەك** لاغايلاپ يۈرمەك. م: ئۇ چېكى لەلەك بولۇپ يۈرىدۇ. (ئىلى)

**چېگەلەك** ئى. ‹بوت› چېگە. بىر خىل ئۆسۈملۈك، لوپنۇر- دىن چىقىدۇ. (لوپنۇر)

**چېمەچى ياغ** ئى. چا:ۋا ياغ. (لوپنۇر)

**چېۋا~چېۋە** ئى. ‹ئانات› يېرىق، تېقىم.

م:△ قۇلاقلىرى شىڭتايغان،
چېۋىلىرى تەرلىگەن تورۇق
يورغا...؛ △ بالىنىڭ چېۋىسى
پىشلاق بولۇپ قاپتۇ. ئازراق
ئۇپا بېسىپ قويۇڭلار...
(ئىلى، خوتەن)

**چېۋىرقاي** سۈپ. تېرىككەك، سەپرا. (ئىلى)

**چېي - چېي** ئۈن. ئۆچكىنى ھەيدەش ئۈندىشى.

**چىبرى** ئى. ‹زوئول› ئالتە ياشقا ئۆتكەن قويلار.

**چىپەرچى** ئى. پوچتىچى، پوچتىكەش؛ خەۋەرچى.
(خوتەن، كېرىيە)

**چىپەرخانا** ئى. پوچتىخانا. (خوتەن، كېرىيە)

**چىپچا** ئى. جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە
تىقىپ قويىدىغان ياغاچ. (خوتەن) («غىپچا»
مۇ دېيىلىدۇ)

**چىپچاپ** سۈپ. يېتەر- يەتمەس، تاماقنىڭ تويغۇچە
بولماسلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. تويغۇچە
ئەمەس. م:△ تاماق چىپچاپ بولۇپ قالدى —
تاماق تويغۇچە بولمىدى؛ △ئىككى ئىغىز
كاپ- كاپتىن بىر ئىغىز چىپچاپ ياخشى
(ماقال). (تۇرپان)

**چىپچاڭ** سۈپ. دەلمۇ دەل، لىقمۇ لىق. (خوتەن)

**چىتقان** ئى. بورىدىن توقۇلغان ئىشىك پەردە، قازان
ياپقۇچ. (لوپنور)

**چىتىك ئاتماق** ئى. باللارنىڭ شېغىل ئېتىپ ئوينايدىغان
ئويۇنى؛ كۆچ: چاقچاق قىلماق (كۆپىنچە
باللارنىڭ چوڭلارغا قىلغان چاقچىقى)
(كېرىيە)

www.uyghurkitap.com

**چىتىلىڭ~چىتمىن** سۈپ. شاش، تېتىك، باشقۇرماق تەس (ھايۋان)؛ شوخ، كەپسىز؛ ئاچچىقى يامان. م: چىتىن خوتۇن. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**چىچارماق** بالىنى توسماق، تەرەت قىلدۇرماق. (تۇرپان)

**چىچايماق** چوقچايماق. م: تاق چوققۇلارى چىچايىپ تۇرادۇ. (لوپنۇر)

**چىچچەمەك** ئوتقا قاقلىماق. م: چىچچەگەن بالىق ــ ئوتقا قاقلانغان بېلىق. (لوپنۇر)

**چىچچى** سۈپ. چىرايلىق. (قۇمۇل)

**چىچقۇلۇق~چۇچۇ** ئى. ئەتلەس دۇكىنىدىكى سەڭگىقىز شا- نىسىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا چېگىلگەن تاش. (خوتەن)

**چىچۇش - چىچۇش** ئۇن. ئۆچكىنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قۇ- مۇل) (بۇ سۆز قەشقەردە «چى - چى - چى» دېيىلىدۇ)

**چىچتىمخانا** تەرەتخانا (چۆكۈرۈش مەنىسىدە كېلىدۇ).

**چىچىرغا تىكەن** ئى. ‹بوت› چىچىرغان، بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**چىچىل** ئى. چۇچولا. (كۇچا)

**چىچىناق** ئى. ‹ئانات› چىمەلتەك، چىمچىلاق. (قۇمۇل)

**چىراغ** ئى. نەزىر. (ئاقسۇ)

**چىراغ ئەتمەك** نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزمەك. (ئاقسۇ موغال)

**چىرغاي** ئى. ‹بوت› بىر خىل قاتتىق غوللۇق ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**چىرغول** ئى. ئىككى قىيالىقنىڭ ئارىلىقى. م: چىرغول يە(ر) ــ ئۆستەڭگە چىققىلى، ئاستىغا چۈشكىلى بولمايدىغان يەر. (قۇمۇل)

**چىرمىغۇت** ئى. ‹بوت› چىڭگىلەك (ئوت). (تۇرپان)

**چىرۋەك** ئى. ‹زوئول› قۇلۇلە، قۇلۇلە قېپى. (لوپنۇر)

**چىرىلك** مىق. شىڭگىل، كىچىك ساپاق. م: بىر چىرىلك ئۈزۈم ــ بىر شىڭگىل ئۈزۈم. (پىچان تۇيۇق)

**چىرىمدان** ئى. يېڭى قاتقان نېپىز مۇز. (ئىلى)

**چىش** سۇپ. گېپىدىن يانغاق، گېپىدە تۇرمايدىغان. (نىيە)

**چىش چىغنى** ئى. ‹تېب› چىش مىلىكى ياللۇغى. (مەكىت)

**چىششاھ** ئۇن. ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇراش ئۈندىشى. (نىيە)

**چىشلىق** ئى. ئېغىزدۇرۇق، يۇگەن (نىيە، مەكىت)

**چىشى گەز۔ گەز بولماق**‹ئىد› قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك.

**چىش يارماق** ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلماق، بىر نەرسە دېمەك. م: ئاباق قانچىلىك يۇزسىزلىك قىلسىمۇ، ئايدىن ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىدى. (ئىلى)

**چىغا ـ چىغا** ئۈن. ئۆچكىلەرنى هايداش ئۈندىشى. (كۇچا)

**چىغان** ئى. ‹بوت› ئالىقات، جىغان. (مەكىت)

**چىغچى** ئى. ‹زوئول› شاخ سانىغۇچ (قۇش).

**چىغلىماق** چىغ بىلەن چىگدىماق. م: △ئىشىك ئەتتىم مىخلاپ، كىگىز ئەتتىم چىغلاپ؛ △كىگىز ئەتتىم چىغلىدىم، يەرنى قىغدا قىغلىدىم. يارىم سىنى سېغىنىپ، قارا بوراندەك يىغلىدىم. (خوتەن، مەكىت يانتاق)

**چىغىنەي** ئى. ‹مۇز› سەككىز تەخسىلىك، ئۆرە تۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ. (قۇمۇل)

**چىقاغدىماق** چىق ـ چىق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، تامىقىنى قاقماق. م: سۇ ياقىنساغان چاقى بار، بۇركۇت چىقاغداپ تۇراردۇر. (لوپنۇر)

www.uyghurkitap.com

**چىقما** سۈپ. يېڭى ئىشلەنگەن، يېڭى پېتى. (قۇمۇل)

**چىقىش قىلماسلىق** پايدا بەرمەسلىك، يەتمەي قېلىش، پايدىسى زىيىنىنى كۆتۈرەلمەسلىك، پايدىسى يوق. (قۇمۇل)

**چىقىشىپ كەتمەك** ئىناقلىشىپ، ئاجرىشىپ كەتمەك. (تۇرپان)

**چىكارىگە** سۈپ. كارى يوق، پەرۋايى پەلەك، مۇنا-سىۋەتسىز. (نىيە)

**چىكاك قاغا** ئى. ‹زوئول› قىزىل تۇمشۇق قاغا. (قۇمۇل)

**چىكانكىلىماق** كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزمەك. (كۇچا)

**چىكىچۇڭگۈل** ئى. ‹بوت› يەر بېغىرلىغۇچى ئۆسۈملۈك. غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. (نىيە)

**چىكىنەك** ئى. ‹ئانات› قۇلاقنىڭ ئالدىدىكى چاچ بىلەن ساقال ئارىلىقىدىكى تۈك. (نىيە)

**چىكىنەكتىمەك** جەينەكلىمەك. (لوپنۇر)

**چىگىت** ئى. ‹ئانات› تۇخۇمدان. م: تاقۇنۇ (توخۇنىڭ چىگىتى (تۇخۇمدانى). (لوپنۇر)

**چىگى- چىگى** ئۇن. ئۆچكىلەرنى چاقىرىش ئۇندىشى. (كۇچا)

**چىگىلە** ئى. چىلگە؛ قارىغاينىڭ چۈشۈپ چىڭدىلىپ كەتكەن غازىڭى. (قۇمۇل)

**چىگىن** ئى. بۇغداي پەنجىسى. م: ئۇمىنى ئۇرۇپ بولدۇم، خامان قىرىمەن ئەمدى. چىگىنلىرىم مۇشۇنداق، توشۇپ بولىمەن ئەمدى. (ئاقسۇ)

**چىڭ** سۈپ. دەل، نەق. (كېرىيە)

**چىڭقاغ~چىڭقاق** ئى. چوك تاغار؛ ئىدىش، كۈپ. (نىيە)

**چىڭكىرىش** سۈپ. چىدامىلىق، سەۋرچان. (قۇمۇل)

**چىل** ئى. ‹تېب› ھۆل تەمرەتكە. (خوتەن)

**چىلە** ئى. ‹بوت› يۇلغۇننىڭ يوپۇرمىقى. (لوپنۇر)

**چىلەك 1** ئى. ‹ئانات› چىمچىلاق. (تارىم)

**چىلەك** 2 ئى. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدىغان، قاچا-قۇچىلارنى ساقلايدىغان شوتا شەكلىدىكى سايمان. (مەكىت يانتاق)

**چىلەك** 3 ئى. يىپ ئېگىرىدىغان ئەسۋاب. (نىيە)

**چىلەك چۆرىمەسلىك** ‹ئىد› تەڭ كېلەلمەسلىك، يىپ ئېشىپ بېرەلمەسلىك. (قۇمۇل)

**چىلتەك** ئى. ئاياللارنىڭ جىلىتكىسى. (مەكىت يانتاق)

**چىل قاغا** ئى. ‹زوئول› ئالا بويناق كىچىك قاغا. (تۇرپان)

**چىلگە~چىلىگە** ئى. كەپە، لاپاس، كەپە ئۆي. (نىيە)

**چىلگىن** سۈپ. دېلىغۇل، مەيۇس، غەمكىن. م: روھ چىلگىن بولسا كىشى — روھى چۈشكۈن بولسا كىشى. (كۇچا)

**چىللاشقا** ئى. چىللاق، قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى چىللىشى. (تۇرپان)

**چىللە** ئى. ‹تېب› بىر خىل كېسەل نامى. (قەشقەر)

**چىماش** سۈپ. ۋاتىلداق، كوت-كوت.

**چىمالتا** ئى. پاقالچاققا يۆگەيدىغان پايتىما، لاتا-گۆجەي. (لوپنۇر)

**چىمدىق** ئى. زىرە، ھالقا. (قۇمۇل)

**چىمقىلىماق** يېمەكلىكنى ئاز-ئازدىن، كۆڭلى تارتماي، تىتىپ يېمەك. (تۇرپان)

**چىمىت قول~چىمىداق قول** ئى. ‹ئانات› چىمەلتەك، چىمچىلاق. (نىيە، كېرىيە، خوتەن) (بۇ سۆز ئىلىدا «چىمەلتەك»، خوتەندە يەنە «چايماق ~قولچەمەك» مۇ دېيىلىدۇ)

**چىمىتمەك** كەمسىتمەك، چۆكۈرمەك. (تۇرپان)

**چىمىدان ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر خىل تۈرى. ئۇششاق، تاتلىق پىشىدۇ. (قەشقەر)

**چىمىگەن** سۈپ. تىترەك. (قۇمۇل)

**چىنىماق** تەڭلىمەك، شىلتىماق. م: ...دېدى ئۇنىڭغا قولىنى چىناپ. (خوتەن)

**چىنا كۆز** ئى. چوڭ كۆز، يوغان كۆز. (قۇمۇل)

**چىنەي** سۈپ. ‹ئانات› بىر كۆزى كۆرمەيدىغان. (نىيە)

**چىنپىششىغ** سۈپ. بەك. ھەقىقەتەن، راستتىنلا، چوقۇم جەزمەن. م: چىنپىششىغ ئۇخشايدىيا. (خوتەن، نىيە)

**چىندان** ئى. ‹بوت› سەندەل چىنارنىڭ بىر خىلى. (لوپنۇر)

**چىن قىچقىرىش** ئى. توي ئويۇنى. توي كۈنى چوڭ ياشتىكى توت خوتۇننىڭ گىلەمنىڭ توت ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىشى. (ئىلى)

**چىۋەكىمەك** سەسكەنمەك. م: نېمىدىن چىۋەكىسە شۇ بولۇپتۇ. (ماقال) (كېرىيە)

**چىۋىقىغا ئالماسلىق** نەزىرىگە ئالماسلىق، كارى بولماسلىق، خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك، ھېسابقا ئالماسلىق. م: ئۆزىڭىزنى ئۇيراتقۇچە چىۋىقىڭىزغا ئالماي يۈرۈۋېرىڭ... (مەكىت)

**چىۋىللاشماق** پىچىرلاشماق، شىۋىرلاشماق. م: قۇلاق تۈۋىدىكى چىۋىللىشىشتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. (قەشقەر)

**چىيان قىلماق** ھۆل قىلماق، ھۆل قىلىۋەتمەك.

# خ

**خا** ئى. ‹بەن› لىم ياغاچ. (خوتەن)

**خاپا بولماق** ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق. م: گەپ سورىغىلى خاپا بۆتكەن ئەدەم ـ گەپ سو ـ رىغىلى ئادەم خىجىل بولىدىكەن. (خوتەن، كېرىيە)

**خاپان** ئى. تارازىنىڭ نەرسە سالىدىغان تەخسىسى، كىچىك ساندۇقچە. (خوتەن، كېرىيە)

**خاخۇڭ~خالاڭ** سۈپ. قاغرۇق، دىمىغىدا گەپ قىلىدىغان ئادەم. (قومۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «خاڭخۇڭ» دېيىلىدۇ)

**خادا قويۇن** ئى. تىك قويۇن. م: ساي تەرەپتىن ئىككى خادا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمانغا بۇرغا قويغاندەك پىقىراپ ـ پىقىراپ ئۆتۈپ كەتتى. (قەشقەر)

**خادىپاچاق** سۈپ. شادىپاچاق. ئۇرۇق ھەم ئېگىز. (كېرىيە)

**خار** ئى. تىكەن. (خوتەن)

**خاراز** ئى. جۇۋاز. (قومۇل، پىچان، تۇرپان)

**خاراۋان** سۈپ. ھەيۋەتلىك، چوڭ، بۈك ـ باراقسان. م: خاراۋان تېرەك ئىكەن بۇ! (خوتەن)

**خارايلىماق** تاللىماق. م: شۈنچىلارنىڭ ئىچىدە خارايلاپ تۇتتۇم سېنى. (لوپنۇر)

**خارەت** ئى. ياغاچچى. (خوتەن، نىيە، كېرىيە)

**خارساكتاش** ئى. گرانىت تاش، ئۇيۇلتاش. (خوتەن)

**خاس** ئى. دۈشمەن. م: يۇرگۈزمەيدۇ تەلگەشىپ، ئۆز تۇغقانلار خاس بولۇپ، كۆڭلۈنۈ بۆلۈپ كەتتى، قېرىنداشلار يات بولۇپ. (لوپنۇر)

**خاسقا** سۈپ. داۋامىلىق. (گوما)

www.uyghurkitap.com

**خاشتا** ئى. دوست، ئاغىنە، بۇرادەر. (كېرىيە قارلۇق)

**خاش قاپاق** سۈپ. ياپما قاپاق. (خوتەن)

**خاك** ئى. توپا، تۇپراق. (خوتەن)

**خاكى لاي** ئى. سامانلىق لاي، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي. (لوپنۇر)

**خالتا پولو** ئى. ‹يىم› گۈرۈچنى خالتىغا سېلىپ، سۇدا پىشۇرۇلىدىغان پولو. بۆرەكنى توغراپ گۈرۈچ بىلەن يېمىش سېلىپ سۇدا پىشۇرىدۇ. (مەكىت ياتتاق)

**خالخۇش** سۈپ. دەلتە، دەلدۇش. (مارالۋېشى چارباغ)

**خالو** ئى. نوغۇچ، سېكىلەك. م: خالو چىراق — نوغۇچ چىراغ. (قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن)

**خالىزىم** بىخەۋەر بولماق، ئۇنتۇپ قالماق، ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەك. م: ئاكام ئۆزلىرىنىڭ كېلىشلىرىدىن خالىزىم بولۇپ كېتىپ قاپتۇ. (كېرىيە)

**خالىسۇن بولماق** ئۇنتۇپ قالماق، بىخەستەلىك قىلماق. (كېرىيە)

**خام باستى** ئى. بىر- بىرىنى بېسىپ ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى. (بۇ سۆز «خامباس» مۇ دېيىلىدۇ) (كېرىيە)

**خام پاختا** ئى. چىگىتتىن ئايرىپ چىقىرىلغان، تېخى ئېتىلمىغان پاختا. (كۇچا)

**خام پىلە** ئى. پىششىقلانمىغان پىلە يىپىكى. (كېرىيە)

**خام تاسما** سۈپ. ‹تىل ھا› تىللاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز. (ئىلى)

**خام تاما** ئى. خام تەمە؛ كۆچ: سىناق. م: كەلسىلە

خىنىم دىسەم، قارىماي كەتكەن يارىم. خام تامادا داڭگال ئاتسام، ئاچچىقى كەلگەن يارىم.
(قۇمۇل)

**خامتۇر** ئى. تاشتىن يۇمشاق، ئادەتتىكى توپىدىن قاتتىق توپا ياكى ماددا. (پىچان) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «خامتۇي~خامتىي» مۇ دېيىلىدۇ)

**خام ـ چارا~خام ـ تارا** سۈپ. خام ـ خۇتا. (لوپنۇر)

**خام سىكىرمەك** تونۇردىكى ناننىڭ چالا پىشىپ چۈشۈپ كېتىشى. م: نان خام سىكىرىپ قاپتۇ ــ نان چالا پىشىپ قاپتۇ. (قۇمۇل)

**خانا** ئى. ئۈرچۈقنىڭ بىر قىسمى. (كۇچا)

**خانئاچا** ئى. كېلىنلەر قېيىنانىسىنى ياكى كىچىكلەر ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى خانئاچا دەپ چاقىرىدۇ.
(قەشقەر)

**خان ئاغىچا** ئى. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش. ياشانغان ھۆرمەتلىك ئاياللارغا قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

**خاناقىماق** ئادەم، نەرسە ياكى ئىش توغرىلىق دەرگۇمان بولماق، ئىككىلەنمەك، بىخۇدلاشماق. م: خاناقاپ قاپتىمەن ــ بىخۇدلىشىپ قاپتىمەن.
(ئىلى)

**خانئانا** ئى ئانىسىنىڭ ئاچىسى. (نىيە)

**خانەيچو** ئى. (خەن‹河南绸) بىر خىل يۇپقا يىپەك رەخت. (قۇمۇل)

**خان بېلىق** ئى. ‹زوئول› بېلىقنىڭ بىر تۈرى.

**خانچە** ئى. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش. (لوپنۇر)

**خان كاتىكى~ئۇردا كاتىكى** ئى. بىر خىل باللار ئويۇنى. ئوتتۇرىغا چوڭراق ئورەكتىن بىرى كولىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خان كاتىكى (ئوردا كاتىكى) قىلىنىدۇ، ئويۇنغا نەچچە ئادەم قاتناشقان بولسا، چۆرىسىگە شۇنچە كىچىك ئورەك كولىنىدۇ. ئويۇنغۇچى كىچىك ساقا (توپ) نى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئورىكىگە 3 قېتىم ئاتىدۇ، 3 قېتىمنىڭ ھەممىسىدە چۈشۈرەلىسە، ئاندىن ئوتتۇردىكى خان كاتىكىگە 3 قېتىم ئاتىدۇ، 3 قېتىم چۈشۈرەلىسە خان بولىدۇ. (كېرىيە)

**خانىكە** ئى. مەلىكە، خاننىڭ قىزى. (كۇچا، قەشقەر، ئاتۇش)

**خاۋازا** ئى. ‹زوئول› جۇغى كىچىك ئىت، پىستەك ئىت. (پىچان)

**خاۋالىت** سۈپ. (ف‹ خواب الود ) چالا ئۇيقۇ. (قۇمۇل)

**خاۋس گەپ** سۈپ. سېسىق گەپ. (خوتەن)

**خايان** سۈپ. ئىختىيارى بىلەن، مەيلىچە، خاھىشىچە.

**خايناخا** ئى. ھېچبىر سەۋەبى يوق، بىكاردىن ـ بىكار، ئوچۇقتىن ئوچۇق؛ ئېھتىمال، ھەرقاچان، بەلكىم. (كۇچا)

**خەيمەچ** ئى. خېمىرپەش. خېمىرتۇرۇچ يۆگەپ قويىدىغان ياكى ئادەتتە ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرى تاماق يېگەندە سالىدىغان ئاددىي، كىچىك داستىخان. (ئاتۇش)

**خەتمە نورۇز** ئى. سەھرايى خەتمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ كۈندە پۈتۈن يۇرت ئەھلى تۈزلەڭگە ئايرىم ـ ئايرىم قازان ئېسىپ تاپقاننى تەڭ يەپ، ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشىدۇ. (خوتەن)

**خەتمەك** ئى. ‹بوت› ياۋا چىلگە، ئويىنغۇچ. قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى (يېگىلى بولمايدۇ). (قۇمۇل)

(بۇ سۆز تۇرپاندا «خەندىلەك» دېيىلىدۇ)

**خەددەڭ** سۈپ. يوغان، قاۋۇل، بەستلىك. (قۇمۇل)

**خەرەك** ئى. كېكىردەك، كاناي. (لوپنۇر)

**خەرەگىلەشمەك** ياقا سىقىشماق. م: ھېلى باكا خەرەگىلىشىپ قالماي... (مەكىت)

**خەس** سۈپ. پۈتۈنلەي، ھەممە، ساپ. (تۇرپان)

**خەستە** ئى. راستتىن، قەستەن. (قۇمۇل)

**خەشەك** ئى. شېغىل. (نىيە)

**خەشەك ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› ئۆرۈك سورتى. يەر تاللىماي ئۆسۈ- ۋېرىدىغان تۈكلۈك ئۆرۈك. (كېرىيە، ئاقسۇ)

**خەلدەڭ** ئى. چىش كولىغۇچ. م: سوقماڭ مېنى بەلدەڭ بىلەن، چىش كولىغۇچ خەلدەڭ بىلەن. (قۇمۇل)

**خەنتەي** ئى. (خەن‹ 汗衫) ئەرلەر كۆڭلىكى. (قۇمۇل)

**خەنگەردەك** ئى. ‹ئانات› بۇغدىيەك. (تۇرپان)

**خەۋەندە خالىق** سۈپ. خەيرخاھلىق. م: △ كىم خەۋەندە خالىق قىلىپ ھالىغا يېتىدۇ؛ △ ئۇنىڭ يولىدا خەۋەندە خالىقنى قىلمىسا... (قەشقەر، مەكىت)

**خەيلەمچى** ئى. پايپاق ئاستىغا شىرىپ تىكىلىدىغان پېتەك شەكىللىك كۆپ قاتلىق رەخت.

**خەينەك** ئى. ‹ئانات› ئوشۇق. (كېرىيە)

**خەيۋەن** ئى. چوڭ چىنە. (شايار)

**خو** ئى. (خەن‹ 温酒壶) ھاراق ئىسسىتىدىغان قاچا. (قۇمۇل)

**خوبۇرئاش** ئى. ‹يېم› نانچۆپ، نانقايناق. (قۇمۇل)

**خوپىڭ** ئى. چوغدان. م: بۇ زاماندا خوپىڭ يوق، شاڭپاڭلاردا مەش قويىدى. (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**خوت ـ خوت** ئۇن. تەخەينى چاقىرىش ئۇندىشى. (قۇمۇل)

**خوتۇق** ئى. ‹زوئول› تەخەي، خوتەك. م: ئارپىدىيان ئىچكەنلەر ئەمدى ئىچەر چاي، قوتۇر خوتۇق مىنگەنلەر ئەمدى مىنەر تاي. (قۇمۇل)

**خوتۇن يەرلىك** ‹ئىد› ئايالنىڭ ئۆيگە كىرگەن ئەر. (مەكىت)

**خوجا بېكە** ئى. ئايال خوجايىن، خوجايىننىڭ ئايالى. (ئىلى)

**خوجا** ئى. سامان توشۇيدىغان جازا. (قۇمۇل)

**خودۇك** ئى. چۆگۈننىڭ بىر خىلى. (قۇمۇل)

**خوردا** ئى. ‹يېم› شوۋىگۈرۈچ.

**خوردا قىلماق** ئازابلىماق، قىينىماق، خورلىماق. م: سەن مېنى خوردا قىلمۇەتتىڭ. (كۇچا)

**خوشخىنەك** سۈپ. چىرايلىق، گۈزەل، ساھىبجامال (قىزلارغا قارىتىلىدۇ.) (لوپنۇر)

**خوشلاق** سۈپ. خۇشاللىق، شادلىق. (خوتەن، لوپنۇر)

**خوشو** سۈپ. (خەن‹ 火速) دەررۇ، دەرھال. (قۇمۇل)

**خوشۇلغاي** سۈپ. قاتتىق ھەزەر ئەيلەش مەنىسىدىكى سۆز. م: مەھشەتلىكنى بىلەمسىز، خوشۇلغاي دەڭ. (ئاتۇش)

**خولا ياغاچ** ئى. رەندىلەنمىگەن يوغان ياغاچ. (قۇمۇل)

**خولاڭخېچىر** ئى. ‹بوت› بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**خولەك** سۈپ. سېمىز، يوغان (ئادەم). (مەكىت)

**خولۇپئاش** ئى. ‹يېم› نېپىز يېيىلغان خېمىرنى يوغان ـ يوغان تاشلاپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاش. (قەشقەر، ئىلى، تۇرپان) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «خالاپ» دېيىلىدۇ)

**خولىگىر** سۈپ. بوم، قوپال، يىرىك؛ قول ئۇچىدا ئىشلەنگەن، گادا ـ گۇدۇ. (بەزى جايلاردا

«خۇلاگىر» مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**خونا** ئى. تىكەن، يانتاق؛ يانتاققا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. (ئاتۇش، قۇمۇل)

**خوناۋۇتماق** بىردەم چىدىماق، سەل تاقەت قىلماق. (نىيە، گۇما)

**خوندەك** ئى. 〈بوت〉 ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. 5 ـ ئايدا پىشىدىغان ئۆرۈك. م: ئۆرۈكلەرنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ساپسېرىق خوندەكلەر. (خوتەن)

**خونۇقماق** بۇرۇقتۇم بولماق، تويۇپ كەتمەك، بىزار بولماق. م: دەككە ـ دۈككە تۇرمۇشتىن بەكمۇ خونۇقۇپ كەتتۇق. (قەشقەر)

**خۇتمۇ يۇلتۇز** ئى. 〈ئاستر〉 خۇپپە يۇلتۇز، تۆمۈر قوزۇق (يۇلتۇز ئىسمى). (لوپنۇر)

**خۇدۇرىماق** (خەن〈糊涂+ را) ئازماق. (قۇمۇل)

**خۇدۇنماق** ئۇيالماق. (مەكىت)

**خۇرجا** ئى. دېھقان. م: △خۇرجانىڭكىدە ئىشلەۋزە...: △ خۇرجا ئىت بولسا، سىلى ئىتنىڭ تاۋقىنى يالاپ بېيىغانىدىلا. (تۇرپان، ئىلى)

**خۇرۇجى تۇتماق** 〈ئىد〉 مىجەزى قوداڭشىماق، جىلە بولماق. (كۇچا)

**خۇرۇشچى** سۇپ. شوخ، كەپسىز (بالىلارغا قارىتىلىدۇ). (قۇمۇل)

**خۇرۇشلۇق** سۇپ. شوخلۇق. م: خۇرۇشلۇق قىلما. (قۇمۇل)

**خۇستى** سۇپ. ھۆرمىتى، ئىززىتى، ئابرويى. م: سۇلتان پادىشاھنىڭ خۇستىنى بىز قىلماي كىم قىلسۇن. (ئىلى)

**خۇشپىچىم** سۇپ. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن،

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق. (ئىلى)

**خۇشكۇرەم** سۈپ. خۇشخۇي، چىرايلىق. م: خۇشكۇرەم يىگىت... (قەشقەر)

**خۇشما~خوشمۇ** سۈپ. خويمۇ، ئەجەبمۇ، تازىمۇ. (كېرىيە، خوتەن)

**خۇناۋا يۇتماق** تەخىر قىلماق. (كېرىيە)

**خۇنخار** ئى. قانخور. (قۇمۇل)

**خۇنگان** ئى. ‹بوت› كاللەك بەسەي.

**خۇۋا 1** ئى. سۆيگۈ، مۇھەببەت. م: 19 ياشلىق ھۆرنىڭ خۇۋالاشقان لايىقى... (خوتەن)

**خۇۋا 2** ئى. تۇغان، توسما. م: سۇ كەلگۈچە خۇۋا سال. (لوپنۇر)

**خۇۋالاشماق** مۇھەببەتلەشمەك، تويلىشىشقا پۈتۈشمەك، بىرلىككە كەلمەك؛ يېقىنلاشماق، ھەمنەپەس بولماق. (خوتەن) (بۇ سۆز يەنە «قۇۋالاشماق» مۇ دېيىلىدۇ)

**خۇۋالىق** سۈپ. يېرىم ئۇيقۇلۇق، چالا ئۇيقۇلۇق. م: ساندۇقنى ئېچىپ مال - دۇنيانى تاغارغا تىقىپ ماڭغۇچە، خۇۋالىق ياتقىنىمنى دېمەمدىغان. (ئىلى)

**خېتىپ** ئى. تاغ رايونلىرىدا نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى. (قۇمۇل)

**خېخىنەك~خېنەك** ئى. ‹ئانات› كېكىردەك. (كېرىيە، خوتەن) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «خىردەك» دېيىلىدۇ)

**خېمىر يۇغۇرغۇچ** ئى. ‹زوئول› ياچىۋەك. (مەكىت)

**خېنە** ئى. شوينا، تانا. م: چاقنى بۇزغان خېنىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى. (ماقال) (كېرىيە)

**خېنى** ئى. بېدە - سامان سېلىقى. (قەشقەر، قۇمۇل)

**خىنى يەر** ئى. خان يېرى ياكى ۋەخپە يەر. (خوتەن)
**خىنىزەك** سۈپ. جاپا تارتمايدىغان، بەختلىك ئايال. (نىيە)
**خىنىكام** ئى. ئۇكا (ئۆزىدىن كىچىكلەر). (شايار)
**خىنىم سوكسۇك** سۈپ. ھەرىكىتى تېز، ئىتتىك، چاققان. سوكسۇك ئاتقا ئوخشىتىش (قىز- چوكانلارغا قارىتىلىدۇ). (مەكىت يانتاق)
**خىپىچى** ئى. چاقچاقچى، ھازىر جاۋاب. (پىچان)
**خىت~خىتە~خى- خى** ئۈن. ئېشەكنى ماڭدۇرۇش ئۈندىشى. (نىيە، ئاتۇش)
**خىچىك** ئى. مۈزنىڭ ئۈستىگە تېشىپ چىققان سۇ. (قۇمۇل)
**خىدىر** ئى. ھەد، چەك. م: خىدىرىدىن ئېشىپ كەتتى_ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. (ئىلى)
**خىدىڭ** سۈپ (ئىد) گەپكە قوشۇق سالغۇچى. (قۇمۇل)
**خىر** سۈپ. يۈزى قېلىن، ئۇياتسىز. م: تازا خىر نېمىكەن. (قۇمۇل)
**خىراجە** ئى. (تېب) سۆرگە. (خوتەن)
**خىرەك** ئۈن. ئېشەكنى ھەيدەش ئۈندىشى. (قەشقەر)
**خىرپە** ئى. (بوت) سېمىز ئوت.
**خىرتىڭ- سىرتىڭ** سۈپ. قوپاللىق، قىرىچە- يېنىچە. م: ئىمامغا خىرتىڭ- سىرتىڭ تەگمەگتە. (ئىلى)
**خىرگەي** سۈپ. خىر- خىر، بوغۇق. م: خىرگەي ئاۋازدا مۇنداق دېدى... (قەشقەر)
**خىرىت** ئى. رەخت، ئەن ماتېرىيال. (خوتەن) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «خىرنەك» مۇ دېيىلىدۇ)
**خىقۇق** ئى. (بىن) دەرۋازا، تاشقىرىقى ئىشىك. (قۇمۇل)
**خىڭ** سۈپ. بىر نەرسىنى بىلسىمۇ بىلمەسكە

www.uyghurkitap.com

سـالـمدىغان ئـادەم، ئـىچ سـىرىنى ئاشـكا-
رىلىمايدىغـان ئـادەم، ئـۆزىنى ئۇپـراتمايدىغان
ئادەم: مەرد، گاڭگۇڭ، نوچى. (خوتەن، كېرىيە)

**خىمخام قىلماق** دۇدۇقلىماق، ھودۇقماق. (قۇمۇل)

**خىمىنەك** ئى. ‹ئانات› ئۇشۇق. م: خىمىنەككە ئورا كولاپ، جان تالىشار بۆچچى. (ماقال) (كېرىيە)

**خىنا** ئى. توي سوۋغىسى. م: بۇ تويغا خىنا كۆپ چۇشۇپتۇ. (قۇمۇل)

**خىنلىق** ئى. سوۋغاتلىق. (قۇمۇل)

**خىي** ئى. (خەن‹街 ) مەھەللە، كوچا، تالا. (قۇمۇل)

**خىي كۆت** سۇپ. ‹ئىد› تالادىن كىرمەيدىغان، لالما. (قۇمۇل)

## د

**داپەندى** سۇپ. ئورۇق، ئاجىز (ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ). م: پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان داپەندى نېمىكەن. (خوتەن)

**داپخانا** ئى. تونۇرنىڭ ھاۋا كىرگۈزۈش تۆشۈكى. (مەكىت يانتاق)

**داپساقال** سۇپ. يۇملاق، قويۇق ساقال. (خوتەن)

**داپشايماق** بېزەڭلىك قىلماق، يۇزى قېلىنلىق قىلماق، بىشەملىك قىلماق. (تۇرپان)

**داپشۇنماق** خىرىس قىلماق، ھەملە قىلماق، باغلاقتىن بوشىنىشقا ئۇرۇنماق. م: بىر ئىت يەنە بىر ئىتقا قاۋايتتى، چايناپ پاكپاكىز يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا داپشۇناتتى. (خوتەن)

**داتخور** سۇپ. دادلىغاق، قاقشىغاق. (قەشقەر)

**داخشالماق** سىلكىنمەك، قېقىلماق. م: تولا يۆتىلىپ

بەدەنلىرىم داخشىلىپ كەتتى .

**داخماي** سۇپ. يۈزى قېلىن ، ئۇياتسىز، نومۇسسىز. (شايار)

**داخىڭگەي** سۇپ. ھاكاۋۇر چوڭچى . (ئىلى ، تۇرپان)

**دادۇزا** ئى . ‹بوت› دادۇر. (قۇمۇل)

**دادىكا** ئى . دادا ، ئاتا (مېھرى يېقىنلىق ، ھۆرمەت مەنىسىدە ئېيتىلىدۇ). (خوتەن ، قەشقەر)

**دا(ر)** ئى . كىيىم ئاسقۇچ . (شايار)

**دارا 1** ئى . ئېقىن ، جىرا ، ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان جىلغا . (خوتەن)

**دارا 2** سۇپ. ئۇدۇل ، تۈز. م: گەر بېشىمغا كەلسە تاللاش مەزگىلى ، پۇلنى قوي ، چاپقىن دارا — ئاۋۇي كېرەك . (خوتەن)

**داراتتىغ** سۇپ. يەككە، يالغۇز، سالتاڭ. م: داراتتىغ ئادەم — سالتاڭ ئادەم. (لوپنۇر)

**دارازا رەندە** ئى . تىغى كىچىك، ئۇزۇن رەندە. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**دارايى** ئى . سەيناق يېپتىن توقۇلغان رەخت. (خوتەن)

**دارداڭ** سۇپ. كېرىلگەن ، يېيىلغان . م: دارداڭ قۇلاق ئادەم — قۇلىقى كېرىلىپ تۇرىدىغان ئادەم . (ئىلى)

**دارۇغا** ئى . دەللە، ۋاسىتىچى ، تونۇشتۇرغۇچى . م: ئاراۋىزا ئايىمخاللا دارۇغا — ئارىمىزدا ئايىمخانلار ۋاسىتىچى . (لوپنۇر)

**دارىماق** تارتماق، جەلپ قىلماق . مەپتۇن قىلماق . م: ئاق ـ ئاققىنە چىشلىرى ، دىلنى دارادۇر. قاشلىرى قارى بولۇپ، يۈرتنى سورادۇر. (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**داربي** ئى. غوزەك يىپ ئارقىلىق توقۇلىدىغان رەخت، توقۇلما. (پىچان)

**داسى** سۇپ. ھەممىسى، بارچىسى. م: داسى مېنى بىر تۇققانىم — ھەممىسى مېنىڭ بىر تۇغقانلىرىم. (لوپنۇر)

**داشمان** سۇپ. شورلۇق. (كېرىيە)

**داشى** ئى. شورلۇق كۆل، كۆلچەك. م: داشى ھەم بار، داشىلاردا ياۋا ئۆردەك، ياۋا غازلار بار. (لوپنۇر)

**داغال** سۇپ. قوپال، يىرىك. م: داغال قول — يىرىك قول. (خوتەن)

**داغ چاي** ئى. (يېم) چاي ئورنىدا ئىچىلىدىغان قايناق سۇ. (مارالۋېشى چارباغ)

**داغدىرىماق~داۋدىرىماق** ھولۇقماق، ئالاقزادە بولماق، تەسلىكتە قالماق، ئىككىلەنمەك، چارچىماق، قېتىپ قالماق. (بۇ سۆز «داغدارماق» مۇ دېيىلىدۇ) (خوتەن)

**داغلىما** سۇپ. داغلانغان. م: ئۇستىگە بېسىلغان داغلىما گۆش. (قەشقەر)

**داغۇل** سۇپ. ھىيلىگەر، قۇۋ، مەككار، ئالا كۆڭۈل. (خوتەن)

**داغى~داقى** سۇپ. قاقشال، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ؛ كۆچ: ئاۋاق، ئورۇق، ئەتسىز. م: △ بىر پۇتۇمنى شاققا ئىلدىم، بىر پۇتۇمنى داغىغا. ئەمدى مەن قانداق قىلاي، بۇۋاپانىڭ ھالىغا؛ △ داقى قوي — ئورۇق قوي. (لوپنۇر، ئاقسۇ، كۇچا، مەكىت)

**داققالچى** ئى. چاپانچى، تەخسىكەش. (قەشقەر)

**داقىراتما** ئى. لەگلەكنىڭ داقىراتمىسى. م: داقىراتمىلىق

لەگلەك . (ئىلى)

**داگۇر** ئى . ئىلمەك . (ئىلى)

**داڭزا** ئى . (خەن‹ 当本) نىسى ھىسابات دەپتىرى . (قۇمۇل)

**داڭغىل** سۈپ . ئىگىز ـ پەس ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل . م: داڭغىل يولدا مۇڭلۇق غىچىرلاپ كىلىۋاتقان شاھ ھارۋىسى . (قەشقەر)

**داڭگىر** سۈپ . قىرچاڭغۇ . م: داڭگىر ئات . (لوپنۇر)

**دالتەك~دەلتەك** سۈپ . گەپ توشۇغۇچى ، ئاقساقال ، قوشۇق سالغۇچى ؛ غالچا ، يالاقچى ، سۇخەنچى . م: ئادەمنىڭ ئەسكىسى دالتەك ... (قەشقەر، خوتەن ، نىيە ، كىرىيە)

**دالغاتقۇ** ئى . داغلاتقۇ ، كۆيدۈرگە . (لوپنۇر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «داغلاتقۇ» دىيىلىدۇ)

**دالۋاي چۆرۈمەك** كۆز ـ كۆز قىلماق ، كۆپتۈرمەك ، بازارغا سالماق ، داملاتماق . م: تەكەببۇر بولمىغىن يۈرتقا ، كىبىردىن چۆرىمە دالۋاي ... (نىيە ، خوتەن) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «دالۋاي قاقماق» دىيىلىدۇ ۋە «قاش ـ كۆزنى ئويناتماق» مەنىسىنى بىرىدۇ .)

**دالىڭ** ئى . خۇرجۇن . م: بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا ، دالىڭ قاچا ئوتلاقتا ، بىزنى دىگەن يارەنلەر، ئۇرۇمچىدە سولاقتا . (قۇمۇل)

**دام** ئى . سىرتماق ، تۇزاق . (خوتەن)

**دامان** ئى . تونۇر داپخىنىنىڭ ئىچكى ئەتراپى ؛ تونۇرنىڭ ئەڭ پەستىكى گىرۋىكى ؛ چوڭ گىردە نان . (خوتەن ، نىيە ، مەكىت يانتاق ، كىرىيە)

**دامبۇغ** سۈپ . قۇرۇق ؛ بوش ، بىكار . (گۇما)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**داماللىماق** ئەخمەق تاپماق، كولدۇرلاتماق، مازاقلىماق. (قەشقەر)

**داملۇر** ئى. گۆش پىشۇرغاندا تۇۋاقنىڭ ئىككى چېتىگە قويۇلىدىغان ياغاچ. (قۇمۇل)

**دامىلىماق** داڭلىماق، ماختىماق. (ئاقسۇ، چىرا، قەشقەر)

**دامىگى** سۈپ. ماختانچاق، پوچى. (خوتەن) (بۇ سۆز شايىاردا «دامخو(ر)» دېيىلىدۇ)

**دانا** ئى. ‹تېب› يۈزگە چىقىدىغان مۇدۇر. دانىخورەكنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. (خوتەن)

**دانەكچە** ئى. ‹بوت› يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرۇقى. (مارالۋېشى تۇمشۇق، شايار)

**دان سۈيى** ئى. ‹دېھ› بۇغداي باشاق چىقارغاندا قويىدىغان سۇ. (مەكىت)

**داۋا** ئى. ‹تېب› گىرىژ، يەنى سىرىق ئەتنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى بىلەن ئۈچەينىڭ بۆرەك خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىپ، تاشاق يوغىناپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەل؛ پورداق. كۆچ: ھەرىكىتى چەبدەس بولمىغان، يولنى تېز ماڭالمايدىغان كىشى، سۆرەلمە، قاشاڭ. (تۇرپان)

**داۋان 1** ئى. جىگدە قاقىدىغان تاياق. (قۇمۇل)

**داۋان 2** ئى. سۇپا. ( تۇرپان )

**داۋاي** ئى. بىر خىل باللار ئويۇنى. بىر توپ ئادەم ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، توپنى ئادەم يوق بوش يەرگە ئاتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئادىمى توپنى تۇتۇۋېلىپ، توپنى ئاتقان ئادەمگە ئاتىدۇ. توپنى دەسلەپتە ئاتقان ئادەم ئۆزىگە توپ

تېگىشتىن ئاۋۋال ئۆز جايىغا كېلىۋالسا ئۇتقان بولىدۇ. (مەكىت يانتاق)

**داۋزا قوۋلاق** ئى. دەرۋازا قوۋلاق، يوغان قوۋلاق، سالپاڭ قوۋلاق. (كېرىيە)

**داۋغان** ئى. ‹زوئول› سوۋغۇر. (نىيە، ئىلى، قەشقەر پاخپۇ)

**داۋىماق** ئارتىلماق، داۋان ئاشماق. م: بارادۇرمىز، تۇرادۇرمىز، ياخشى قېلىڭلار. ئېگىز داۋان داۋادۇرمىز، شوتا قويۇڭلار. (قۇمۇل)

**دايمال** ئى. ساڭگىلاپ كەتكەن شاخ ياكى قىڭغىيىپ قالغان تام قاتارلىقلارنىڭ يېرىلىپ كەتمەسلىكى، يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن تىرەپ قويۇلىدىغان ياغاچ؛ تىرەك؛ چوڭ قوزۇق. (كېرىيە دەريا بويى)

**دايىماق** تەمىنلىمەك، قامدىماق. م: ئۆزىنى ئۆزى دايايدۇ — ئۆزىنى ئۆزى قامدايدۇ. (ئىلى)

**دەپسە 1** ئى. ئېگەرنىڭ بېلى (قوڭقىسى) ئۈستىگە سېلىنىدىغان، يۇمشاق كۆن ياكى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن كۆرپە.

**دەپسە 2** ئى. پېيما. م: △ چەملەنگەن دەپسە: △ ئوڭ ئايغىنىڭ دەپسىسى يېرىم سېلىنىپ... (مەكىت يانتاق) (بۇ سۆز خوتەندە «دەپسەن» دېيىلىدۇ)

**دەپسەتمەك** ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن مالنى مالغا چاپتۇرماق. (تۇرپان)

**دەپسەن** ئى. دەسسەپ يانجىلغان پاخال.

**دەپسەنگە** ئى. ۋېلسىپىتنىڭ تەپكىسى، پېدال.

**دەپسىنمەك** يەر تەپمەك، يەر تېپىپ ئاچچىقى بىلەن

ۋارقىرىماق. م: مەلىكە دەپسىنىپ جالالاتقا ۋارقىراپتۇ. (تۇرپان)

**دەپشىگۈچ** ئى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاتنى دېۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسىگە بېكىتىلىدىغان مېتال غىلدۇرغۇچ. (تۇرپان)

**دەپشىمەك** دېۋىتمەك. ئات ياكى ئېشەك مىنگەندە تېز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى بىقىنىغا تېقىمدىماق. (تۇرپان)

**دەپلەنمەك** قىزىتىلغان تونۇرنىڭ نان يېقىشقا ماس ھالەتكە كېلىشى. م: ئوت ـ ھارارەت تونۇردا دەپلىنىپ... (خوتەن)

**دەتتە ـ دەتتە** سۆپ. بىر ۋاراقى، بارا ـ بارا، ئاستا ـ ئاستا، پەيدىنپەي. (تۇرپان) (بۇ سۆز نىيىدە «دەت ـ دەت» دېيىلىدۇ)

**دەجگۈشلىمەك~دەشكۈشلىمەك** ئىتتەرمەك، نوقۇماق، سىلكىشلىمەك. (قەشقەر)

**دەچە** ئى. تارتما. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**دەخمە** ئى. دەپنە. م: دەخمە قىلىش ـ دەپنە قىلىش. (قۇمۇل)

**دەخۋىچى** سۆپ. ئاغلاقچى، خەۋەرچى، گەپكە ئارىلاشقۇچى. (خوتەن)

**دەر** ئى. شارىك، ساقا. (قۇمۇل)

**دەرە** ئى. پوتا. (مەكىت يانتاق)

**دەرەبزۇن** ئى. ‹بىن› دېرىزىگە ياغاچتىن چىقىرىلغان گۈل، نەقىش؛ نەقىشلەنگەن ياغاچ تام. (خوتەن، كېرىيە)

**دەرەپچە~دەرەپچى** ئى. بېگىز، موزدۇزنىڭ بېگىزى. (لوپنۇر) (بۇ سۆز خوتەن، ئىلىدا «دەرەش»، نىيىدە

«دەرەپشە~دىرەپشە» دېيىلىدۇ)

**دەرەپچىل** ئـــى. ‹بــــن› ۋادۇك، ۋادەك. م: هويلۇنــــۇ (هويلىنىڭ) دەرەپچىلى (ۋادىكى). (لوپنۇر)

**دەرۋەڭ** ئى. ئىشىك. (خوتەن)

**دەس** سۈپ. تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، توساتتىن. م: ناخشى دەس ئېسىمدىن چىقىپ كىتىگىلىگ ــ ناخشا تۇيۇقسىز ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. (خوتەن)

**دەسسەڭگۇ** ئى. ئاياغ ئاستى، دەپسەندە. م: دەسسەڭ(گۇ) قىل(ل) ـ غان گاختى. (تۇرپان ئاستانە)

**دەسلەنچۈك** ئى. ‹زوئول› كەسلەنچۈك. (قۇمۇل)

**دەشە** رەۋ. ئاشۇ يەر. (تۇرپان)

**دەكچە~دەكچەك** ئى. ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان. (خوتەن، پىچان، ئىلى)

**دەكە ـ دۈرۈم** سۈپ. دەككە ـ دۈككە. (قەشقەر)

**دەڭدەپ قالماق** قېرىپ ئەس ـ هوشىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق. (قۇمۇل)

**دەڭگىدۈگا** ئى. ‹بوت› مىڭ دىۋانە. (قۇمۇل)

**دەڭگىرەك** سۈپ. چوڭچى، پوچى؛ قولى كەڭ، مەرد؛ تولا سۆزلەيدىغان (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**دەڭگىرەكلىمەك** پو ئاتماق، ماختانماق، چوڭ سۆزلىمەك. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**دەڭگىرما** سۈپ. قوتۇر ئات. («سوكسوك ئات» مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**دەڭگىم** ئى. رەگەتكە. (پىچان لۈكچۈن)

**دەگدەك** ئى. ئەندىشە. (قۇمۇل)

**دەگدىمەك** ئەنسىرىمەك، تەشۋىش قىلماق، ساراسىمىگە چۈشمەك، قورقۇنچ باسماق، دەككە ـ دۈككە

www.uyghurkitap.com

بولماق. م: بۇ يەر يۇرتقۇرلار سىنى خاپا قىلىپ قويارمىكىن دەپ دەگدەۋاتىمەن. (قۇمۇل) (بۇ سۆز قەشقەردە «دەكە - دۇرۇم بولماق» دېيىلىدۇ)

**دەلەزەدە** تىنچلىق جاۋابىنى قايتۇرماق. (خوتەن)

**دەلدەيمەك** دىڭگايماق. ھايۋان قۇلاقلىرىنىڭ تىك تۇرۇشى. (خوتەن)

**دەلەپكۇر** ئى. دولقۇن. م: دەلەپكۇر يامان ئىكەن، ھازىر دەييادىن ئۆتالمايمىز. (لوپنۇر)

**دەلگۇ** ئى. ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى، كەچ كۈز. م: دەلگۇنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما، دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە. (خوتەن)

**دەلۋانچى** ئى. دەللال، تېپىشتۇرغۇچى. (كېرىيە)

**دەمبى** ئى. ‹تىب› قورساق كۆپۈش، دەم سىقىلىش كېسىلى. (قۇمۇل)

**دەمزەك** ئى. ياردەمچى، يار- يۆلەك. م: دەمزەك بولىدۇ - ياردەمچى بولىدۇ. (قۇمۇل)

**دەمكۆتە** ئى. ‹تىب› دەم سىقىلىش كېسىلى، نەپەس بوغۇلۇش كېسىلى، زىققا. (نىيە، خوتەن) (بۇ سۆز شاياردا «دەمكۈتۈ» دېيىلىدۇ)

**دەنە** رەۋ. ئەنە. (تۇرپان)

**دەندەرەكلىمەك** دەلدۈگۈنەمەك، سەنتۈرۈلمەك. (خوتەن)

**دەۋەمەك** تەۋرىمەك، جىغىلدىماق. م: ئۇرەگىمە دەۋەپ تۇرادۇ - يۈرىكىم جىغىلداپ تۇرىدۇ. (لوپنۇر)

**دەۋەسكەل** ئى. قىبلىن كۆرپە. (لوپنۇر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «دۆرەسكەل» دېيىلىدۇ)

**دەيخاڭلىماق** (خەن ‹ 得上+لا-) كۆرەڭلىمەك، ھەددىدىن ئاشماق. م: سەن تولا دەيخاڭلىما، ئاكام سىنى

دەيخاڭلىتار، ئالا ئاتنى مىندۈرۈپ قومۇل سايان دوڭغاقلىتار. (قومۇل)

**دوبازا~دوۋازا** ئى. (خەن‹刀把子› ‹يېم›) هورنان. (قومۇل، تۇرپان)

**دوبدۇلماق** دىۋەيلىمەك، تومشۇقىنى سوزۇپ كۆزىگە كىرىۋالماق، قادىلىۋالماق. م: ماڭا نېمە دۇبدۇلىسەن (دىۋەيلەيسەن)؟ (قومۇل)

**دوپ سالماق** داۋراڭ سالماق. (قومۇل)

**دودا 1** سۈپ. خاپىلىق، خۇي. م: دودىسى تۇتماق — خۇيى تۇتماق. (تۇرپان)

**دودا 2** سۈپ. دۆت، مۆڭ. (قومۇل)

**دورايچى** رەۋ. تەخمىنەن، پىلانسىز، قارىسىغا. م: دورايچىلا (قارىسىغىلا) گەپ قىلىپ قالدىڭغۇ؟ (قومۇل)

**دورايچىسىغا** سۈپ. تەخمىنەن، قىياسەن، قارىسىغا. م: دورايچىسىغا گەپ قىلما! (قومۇل)

**دورغىلىق قىلماق** گەپ توشۇماق، ئاقساقاللىق قىلماق. (قومۇل)

**دورىدىن** سۈپ. دەستىدىن. (قومۇل، تۇرپان)

**دوزاخ ئويۇنى** ئى. بىر خىل بالىلار ئويۇنى. يەرگە كاتەكچىلەرنى سىزىپ، مەلۇم كىچىك نەرسىنى پۇت بىلەن تېپىپ ئوينايدۇ. نەرسە سىزىق ئۇستىدە توختاپ قالسا، ئۇتتۇرغان بولىدۇ. (تۇرپان)

**دوزو** سۈپ. ئىلگىرى باسمايدىغان، كېيىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان. (خوتەن)

**دوزولە بولماق** ۋەيران بولماق، زىيان تارتىپ دەسمايىسىنى يوقىتىپ قويماق. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوشاپ 1 ئى. تېرە ئاشلايدىغان ئاش. م: پوستەك جۇۋىدىن دوشاپنىڭ ئۆتكۈر ھىدى كېلەتتى. (قەشقەر)

دوشاپ 2 ئى. تاۋۇز ئۇرۇقى. (قۇمۇل)

دوغ دېمەك قورقماق. م: دوغ دېدىڭمۇ؟ — قورقتىڭمۇ؟ (مەكىت يانتاق)

دوغدىرا ئى. ‹زوئول› سايدا ياشايدىغان توخۇچىلىك بىر قۇش.

دوغۇلا سۈپ. چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى، قۇۋ، ھىيلىگەر، جاسۇس، ئىشپىيون. (قۇمۇل)

دوقال 1 ئى. توقۇنۇش، پەسىل ئالمىشىش ۋاقتى، پەسىل ئالمىشىشدا بولىدىغان ھاۋا توقۇنۇشى ياكى جۇدۇن ـ چاپقۇن. م: ئالدىرىمايلى سەيلىگە، ئالدىمىزدا دوقال بار. (ئىلى)

دوقال 2 ئى. دوقمۇش. (مەكىت)

دوقۇل رەۋ. تۆۋەن تەرەپ. (تۇرپان)

دوك ـ دوك سۈپ. ئالدىراڭغۇ. سالماق ئەمەس. (قەشقەر)

دوكسا سۈپ. بىر ئېغىز گەپ ئازلىق، ئىككى ئېغىز گەپ جىقلىق قىلىدىغان ئادەم. (خوتەن)

دولخاي ئى. ‹ئانات› گەجگە، پاتاڭ، شىللە. م: دولخىيىغا بىرنى قويۇۋىدىم، تىك چۈشتى. (ئىلى)

دومبا 1~دۇمبۇرئى. سۇدان. (پىچان، تۇرپان)

دومبا 2 ئى. بوينى ئۇزۇن، قورسىقى يوغان، تۇتقۇچى يوق تاھارەت چۆگۈنى. (كېرىيە)

دومبۇل ئى. خام. (كېرىيە)

دومبىلەك سۈپ. دومباق، دومبايغان، تومپايغان (نەرسە). م: دۇتار دېگەن ياغاچتۇر، ئاۋاز بەرگەن

دۆڭگىلەك. مىنىڭ ئىچىمنى كۆيدۈرگەن مەيدەڭدىكى دومبىلەك. (مەكىت يانتاق)

**دومساق** سۈپ. يۈزى يۇمىلاق، سىمىز. (قەشقەر)

**دومسىماق** تەڭلىمەك. م: ئۇ مىلىنى ئۇ يەرگە دومساپ، بۇ يەرگە دومساپ ئاخىرى ساتالمىدى. (قەشقەر)

**دونىقاي** ئى. توقاي، يارنىڭ دوقمۇشىنى ئەگىپ ئۆتىدىغان يەر. (ئاقسۇ)

**دۆپ** ئى. 〈بوت〉 كوكات، چۆپ. (خوتەن)

**دۇخۇلۇر** ئى. تۇغۇر، قۇيرۇق سۆڭىكى. (قۇمۇل)

**دۇرغۇن** ئى. ئىقىن، دەريانىڭ ئىقىنى. م: سۇ دۇرغۇنى بويىدا — سۇ ئىقىنى بويىدا. (لوپنۇر)

**دۇرۇشلىماق** گەپ تالاشماق، ئەيىبلىمەك، سۆكمەك، سىلكىشلىمەك. (قۇمۇل)

**دۇرۇقلىماق** تاراقلىماق، تاراق - تۇرۇق قىلماق. (نىيە)

**دۇرۇن** سۈپ. دەلتە، دەلدۈش، مۆڭ. (شايار)

**دۇز** سۈپ. قىزىقچى، ھەييار. (قۇمۇل)

**دۇزارمەن** سۈپ. كەپسىز، ئالىقاپ. (قۇمۇل)

**دۇشالقا** ئى. 〈ئانات〉 شىراق، مىلتىق شىرىقى. (قۇمۇل)

**دۇغ** دېۋىنمەك، ئۆزىنى توختاتماي، ئۇسكەندەكلا، پالاق - پۇلۇق قىلىپ كىرمەك. م: دۇغۇڭگۇ (ئۆزۈڭنى) تۇتالماي كىرۋەردىڭ، مىنى (مىنىڭ) بارىمى (بارىمنى) بىلمەي. (لوپنۇر)

**دۇغدۇر- دۇڭدۇر** سۈپ. كوت - كوت، غودۇڭشىغاق، ئۇششاق گېپى تولا. (خوتەن)

**دۇكان پاچىقى** ئى. گىلەم دۇكىنى گۇندىسىنىڭ يان تەرەپتىكى ياغىچى. (خوتەن)

**دۇكان قىلىچى** ئى. گىلەم دۇكىنىنى چوڭلىتىدىغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىكلىتىدىغان ياغاچ. (خوتەن)

**دۇكان گۇندىسى** ئى. گىلەم دۇكىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ياغاچ. (خوتەن)

**دۇككا** ئى. كىچىك قايچا. (قەشقەر)

**دۇگىنا** سۈپ. ساراڭ. (كېرىيە)

**دۇمبۇل 1** سۈپ. خامراق، چالا پىشقان؛ نادان. م: △بۇ بۇغداينىڭ مايىرى سەل دۇمبۇلراقكەن؛ △بۇ بالا تېخى دۇمبۇلكەن؛ △دۇمبۇل نان. (قەشقەر)

**دۇمبۇل 2** ئى. ‹مۆز› ئىدىشسىمان چۆيۈن تەشتەكنىڭ ئاغزىنى كالا تېرىسى بىلەن يېپىپ ياسالغان، ناغرىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان يوغان دۇمباق. (تۇرپان)

**دۇمبۇلا** ئى. ‹بوت› جۇجەمنىڭ يېڭى چىققان غورىسى. (كۇچا)

**دۇۋاز~دېۋەز** ئى. قىزىل ئۇن، كېپەك ئارىلاش ئۇن، تورۇندى ئۇن، جىرىس ئۇن. (كېرىيە، نىيە) (بۇ سۆز خوتەندە «دۆۋەزۇن~دۆۋەزىن» مۇ دېيىلىدۇ)

**دۆتۈلۈمەك** تېڭىرقىماق. (لوپنۇر)

**دۆرە 1** ئى. تۆت ئۆزگىرىشتىن تەركىب تاپقان بىر مەيدان دولان مەشرىپى. (مەكىت يانتاق)

**دۆرە 2** ئى. ئىسقات، سەدىقە. (كېرىيە دەريا بويى)

**دۆرەسكەل** ئى. تاۋار، دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يۇمشاق، قېلىن كۆرپە.

**دۆرە كەلمەك** قىماردا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلمەك، ئۇدا كەلمەك. م: دۆرە كەلدى. (مەكىت يانتاق)

**دۆرخەي** ئى. ‹بوت› دېۋىرقاي. (قۇمۇل)

**دۆرۈلمە** سۈپ. ئۆيدىن ـ ئۆيگە كىرىپ يۈرۈپ كۈن

ئۆتكۈزگۈچى، ساياق. م: نەدە دۆرۈلۈپ يۈردۈڭ؟ (قۇمۇل) (تۇرپاندا «تۆرەلمە» دېيىلىدۇ)

**دۆرى** ئى. ئەتلەسنىڭ يىپلىرىنى يىغىدىغان چاقپەلەك. (خوتەن)

**دۆش ماڭلاي** سۈپ. دۆڭ پېشانە. (تۇرپان، لوپنۇر، قەشقەر)

**دۆشمەل** ئى. قوناق سوقۇقاندا ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدىغان شال. (لوپنۇر)

**دۆشۆلگە** ئى. دۆشە، گۆش چاپايدىغان، گۆش - سەي توغرايدىغان كۆتەك. (لوپنۇر) (ئىلى، تۇرپاندا «دۆشە»، قۇمۇلدا «دۆڭزا» دېيىلىدۇ)

**دۆشكاسا** ئى. ئوتتۇرىسىغا دۆشە چىقىرىلغان كاسا (تاۋاق). (كېرىيە)

**دۆشمەمەل** سۈپ. ساراڭسىمان، قوپال (ئادەم). م: دۆشمەمەل ئادەمكەنسەن. (لوپنۇر)

**دۆك** ئى. «جىن»، قورقۇنچ مەنىسىدە. م: قورسىقىمدا دۆك بولمىغاندىن كېيىن... (خوتەن)

**دۆڭگە** ئى. كۆتەك، ھەرىلەپ قويۇلغان كۆتەك. (قۇمۇل)

**دۆڭگەنمەك** دۆڭگىمەك. (خوتەن)

**دۆڭگۈرچەك** ئى. يانتاق كۆتىكى؛ يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرىغان يىلتىزى. (قۇمۇل)

**دۆڭگۈلۈك** ئى. كېلەڭسىز ئاياغ. (قۇمۇل)

**دۆلەت قوڭغۇزى** ئى. ‹زوئول› بوڭ - بوڭ قوڭغۇز، ماي قوڭغۇز. (مەكىت)

**دۆللەپ قالماق** ‹تېب› تۇتقاقلىقى تۇتماق، تېلىپ قالماق. (مەكىت)

**دۆم** سۈپ. ئۆرە، تىك. م: دۆم تۇرماق — ئۆرە تۇرماق. (قۇمۇل)

دۆمبە ئى. تۆپە، تۆپىلىك يەر. (لوپنۇر) (بۇ سۆز كېرىيىدە «دۆمبەل»، مارالۋېشىدا «دۆۋىلىك»، مەكىتتە «دۆڭچەك» دېيىلىدۇ)

دۇ- دۇ- دۇ ئۈن. تۇ- تۇ- تۇ، توخۇنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قۇمۇل)

دۇر ئى. دۇغ. م: ياقىقى دۇرۇ — ياغىنىڭ دۇغى. (لوپنۇر)

دۇرت قويماق تىكشۈرمەك، قېچىپ كەتمەك. (قۇمۇل)

دۇركە سۈپ. قوپال. م: دۇركە ئادەم — قوپال ئادەم. (ئاقسۇ قارىتال)

دۇركۈن رەۋ. كەينى- كەينىدىن؛ توپ، نۇرغۇن. م: △دۇركۈن ئېتىلغان مىلتىقنىڭ ئۈنى؛ △بىرىنچى دۇركۈن — بىرىنچى توپ. (ئىلى)

دۇڭگە سۈپ. دوقا ماڭلاي. (قۇمۇل)

دۇڭگەل ئى. چوققا. (قۇمۇل)

دۇڭگەي ئى. (ئانات) دۇمبە، ئۇچا. (تۇرپان ئاستانە)

دۇڭگىلەك ئى. ھالقا. (تۇرپان)

دۇڭلە ئى. (يېمەك) قورۇما. (خوتەن)

دۇگجىمەك سەنتۈرۈلمەك، ئالدىغا مۇدۇرۇلۇپ كەتمەك. م: ئالدىغا ئىككى قەدەم دۇگجۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. (خوتەن، مەكىت)

دۇگدەك سۈپ. غۇجمەك، تۈگۈلگەن، دۇگدەيگەن. (ئىلى)

دۇلەي سۈپ. دۆت. (ئىلى)

دۇمبەك سۈپ. دوك، دۇمچەك. (نىيە)

دۇمچە ئى. (ئانات) دۇمبە. (خوتەن)

دۇمچە تۇماق ئى. تۇم قاسقانلىق، دوخاۋا تاشلىق ئەرەنچە قارا كۆرپە تۇماق. (قەشقەر)

**دىبۇ~دىۋۇ** ئال. ئاۋۇ، ئاشۇ (كۆرسىتىش ئالماش). (قۇمۇل)

**دىبۇت** ئال. ئاۋۇ يەر (كۆرسىتىش ئالماش). (قۇمۇل)

**دىرەپتا** سۇپ. تەڭ، بىردەك. (خوتەن)

**دىرەڭسىز** رەۋ. كىچىكمەي، كۆپ تۇرمايلا، ھايال قىلمايلا.

**دىگىنە** ئال. ئەنە (كۆرسىتىش ئالماش). (قۇمۇل)

**دىكىلىڭ** بىرى كىلىڭ، مەيەرگە كىلىڭ، بۇياققا كىلىڭ. (كىچىك بالىلارنى ئەركىلىتىپ ئىيتىلىدىغان سۆز) (قەشقەر)

**دىكىنمەك** دىۋىنمەك، ئورنىدا تۇرۇپ ئاچچىقلاپ دىۋىنمەك، بوينىنى ئۇچلاپ گەپ قىلماق. م: دىكىنمەي گەپ قىل! (قەشقەر)

**دىڭخۇلۇ** ئى. كارىز چاپىقاندا ياكى كان قۇدۇقىغا كىرگەندە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك شىشىسى يوق پانار چىراغ. (تۇرپان، ئىلى)

**دىلىگەي قىلماق** كۆز- كۆز قىلماق، بازارغا سالماق. (ئىلى)

**دىمىجە** ئى. قوشۇمچە. (ئاقسۇ قارىتال)

**دىمىغىزا قىلماق** قورساقىنىڭ ئاچلىقىنى باسقۇدەك ئاز- تولا بىر نەرسە يىمەك. (خوتەن، ئىلى)

**دىۋۋار** ئى. سەيياھ، ساياھەتچى، جاھانكەزدى. (يەكەن)

**دىداڭ** تىتىك، تىمەن، چەبدەس، كۇچلۇك. م: ھارۋىنىڭ ئاتلىرى بەك دىداڭ ئىكەن. (قۇمۇل)

**دىرايماق** تارتىشماق (بەدەن ھەققىدە)، ھوشىدىن كىتىپ قىتىپ قالماق. (قۇمۇل)

**دىرىڭدىرىڭ** سۇپ. چەبدەس، يەڭگىل.

**دىستە** ئى. پاشنا، ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسى. (خوتەن)

www.uyghurkitap.com

**دىستىمەك** خېمىر چەيلىگەندەك مۇشتى بىلەن چەيلىمەك (خوتەن)

**دىغ** سۈپ. راسا سەمرىگەن، سەمرىپ تۇلۇم بولۇپ كەتكەن. م: بۇ ئېشەك دىغ بولۇپ كېتىپتۇ. (قۇمۇل)

**دىغمارلىماق** دۆشكەلىمەك. ئازار بەرمەك. م: ئۇششاق سۆزلۈك قۇشناچىلىك ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن دىغمارلاپ، ھەتتا بەزىدە قاتتىق - قاتتىق چىمدىۋېلىشلىرىغىمۇ چىداپ يۈردى. (قومۇل) (بۇ سۆز مەكىتتە «دىغماللىماق» دېيىلىدۇ)

**دىغىر - دىغىر** تەق. غىچىر - غىچىر. م: تاغلار يولى توپىلىق، ھارۋالىرى دىغىر - دىغىر. يېڭى يارنى يار دېمەڭلار، كونا يار يۈرەك - بېغىر. (قۇمۇل)

**دىغىرىماق** يايرىماق، يايراپ كەتمەك (ھايۋانلار ھەققىدە). (كېرىيە)

**دىڭچىش** سۈپ. توڭكاي چىش، ھىڭگاك چىش. (كېرىيە)

**دىڭگىل قاش** سۈپ. تىك قاش، ئۈچلىما قاش. (قەشقەر)

**دىگەك** ئى. ھېكايە، نۇتۇق، بايان. م: ئاتا - ئانىمىز دىگەكنى ئاڭلىغان — ئاتا - ئانىمىزنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىغان. (كېرىيە كۆكمەت)

**دىگەلىمەك** ھېسابلىماق، خۇلاسىلەپ چىقماق. (ئاقسۇ)

**دىك - دىك** سۈپ. تەنتەك، ئالدىراڭغۇ (ئادەم). (كېرىيە دەريا بويى)

**دىگىلدەي** ئى. (بىن) چەنزىلەرنى تىكلەپ ياسىغان كەپە. (قۇمۇل)

**دىلغا** سۈپ. خىلىلانغان، تاللانغان، ئەلا. (كېرىيە)

**دىلكار~دىلغا** ئىمارەت سالغۇچى، نەققاش؛ سۇۋاقچى. م:

ئۇزۇن يىل دىلخا ئىشلەپ كەلگەن. (خوتەن)

**دىلى قېيىق** سۇپ. دىلى ئەگرى، بەتنىيەت، قارا كۆڭۈل. (كېرىيە)

**دىلىۋۇش** ئى. ‹تېب› كالىنىڭ تىلىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. (قۇمۇل)

**دىم ـ دىراي** ئى. دەم. م: دىم ـ دىراي ئىچىگە كىرىپ كەتتى ــ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. (قۇمۇل)

**دىمىسەڭ** ئى. قىش، زىمىستان. م: دىمىسەڭ تالا ـ قىش ھاۋاسى. (لوپنۇر)

**دىم ـ دام** سۇپ. چالا ئۇيقۇلۇق ھالەت، سەگەك ئۇيقۇلۇق ھالەت. (تۇرپان)

**دىمىقىنى قاقماق** «خېڭ! ھېھا!» دەپ نارازىلىق بىلدۈرمەك. (ئىلى)

**دىۋانىخان** سۇپ. دەلدۈش، دۆت، كالۋا. (گۇما )

**دىۋە پىچەك** ئى. ‹بوت› ئېتىزلىق ۋە ئوتلاقلاردا يۆگىشىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. (خوتەن)

**دىۋەڭ** سۇپ. كالۋا، دۆت، ھاماقەت. (خوتەن)

**دىيەك** ئى. تىرەك، شۇشاڭنىڭ تىغىنى قايچىلاشتۇ ـ رۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان شوتا ياغاچ. (قەشقەر)

## ر

**راسكا:لىماق** راسلىماق، تەييارلىماق، جايلاشتۇرماق، يۇرۇشتۇرمەك. م: قوي سويۇپ، قۇدىلارغا سورۇن راسكا:لىدىم. (مەكىت)

**راگازا قىلماق** ئۆتكەن ـ كەچكەن گەپ ـ سۆزنى تەگىمەك. (ئاقسۇ)

**رالىماق** بوزەك قىلماق، دەپسەندە قىلماق، ئاياغ

ئاستى قىلماق؛ پاسكىنا قىلىۋەتمەك. (قومۇل)

**راۋات** ئى. قونالغۇ، ئۆتەڭ، چۈشكۈن. م: قارىسام كۆرۈنمەيدۇ دۇنيانىڭ ئۆچى، دۇنيا دېگەن ئەسكى راۋات، مەن يول ئۆتكۈنچى. (قومۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «رابات» دېيىلىدۇ)

**راۋتە** ئى. بېرىش- كېلىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت. م: △بىز ئىككىمىز راۋتە قىلىشمايمىز؛ △مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن راۋتەم يوق. (قەشقەر)

**رەپتا- رەپ** سۈپ. تۈتامى يوق، تايىنى يوق. م: ئەمدى كۈن ئۆتمەيدۇ «رەپتا- رەپ» بىلەن. (خوتەن)

**رەخپا** ئى. دېرىزە تەكچىسى. (كېرىيە)

**رەزگى** ئى. بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ ئىلغىنىپ قالغان دېنى.

**رەڭگىۋا** سۈپ. رەڭ، رەڭگى، رەڭلىك. (كېرىيە)

**رەل ئالماق** قايىل بولماق، تەن ئالماق. (ئاقسۇ)

**روجاق** ئى. قەدىمكى جەڭ قوراللى. ئوقيانىڭ بىر خىلى. (خوتەن)

**روزى- شەپ** رەۋ. كۈندۈز- كېچە. (خوتەن)

**روكۇلدىماق** تەق. توخۇنىڭ «روك- روك» قىلىشى. م: كاتەكلەردىن توخۇلار باشلىرىنى چىقىرىپ روكۇلدىشاتتى. م: دانىنى ئۈزمەي چېچىپ تۇرساڭ روكۇلدىسا، نەپ يەتكۈزسەڭ تاپان بېسىپ سوكۇلدىسا. (قەشقەر، خوتەن)

**رومال تاشلىماق** يىگىت تويى ئۈچۈن مەسلىھەت چېيى ئۆتكۈزمەك، مەسلىھەت چېيى بەرمەك. (مارالبېشى چارباغ)

**روۋۆدا** سۈپ. كونىرىغان، يىرتىلىپ، ئەسكىرىپ

كەتكەن، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن. (خوتەن)

**روياچىلىق** سۆپ. ئادالەتسىزلىك، ئادىل بولمىغان ئىش، ئۆۋالچىلىق. (ئاقسۇ)

**رۇلچاق** ئى. ئوقيا. (كېرىيە)

**رۇمچە** ئى. كۆن كېسىدىغان يانتۇ تىغ. (مەكىت يانتاق)

**رىزە** سۆپ. نازۇك، نېپىز؛ جاپاغا چىدىمايدىغان (ئادەم). (خوتەن)

**رىشۋە** ئى. پارا، ئىلاجسىز بېرىلىدىغان سوۋغا ـ سالام. (خوتەن)

## ز

**زاتۇل** ئى. (تېب) ئىلما، ئىلغا. دۇمبىگە قىزىل قاپارتقۇ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. م: زاتۇل (ئىلما) ۋۇلۇپ قالىپتىمەن. (لوپنۇر) (بۇ سۆز مارالۋېشىدا «زاتىل» دېيىلىدۇ)

**زاخا قىلماق** تەگمەك، چېقىلماق. م: بىزگە زاخا قىلمىدى ــ بىزگە چېقىلمىدى، تەگمىدى.

**زاغپىر** ئى. نەشىنىڭ ناچار سورتى. (كېرىيە)

**زاغرا قايناق** ئى. (يېم) قورۇمىغا زاغرىنى چىلاپ قاينىتىپ يېيىلىدىغان تاماق. (نىيە)

**زاغۇنباش** سۆپ. كاللىسىنىڭ سۆيى بار، ساراڭ قېتىش. (نىيە)

**زاغىۋاتماق** زاڭلىق قىلماق، مازاق قىلماق. (شايار) (بۇ سۆز خوتەندە «زاغۇ تۇتماق»، لوپنۇردا «زاغۋا قىلماق» دېيىلىدۇ)

**زاقا** ئى. ئازار، دەشنەم. (ئاقسۇ)

**زاك 1** ئى. بىر خىل بۆز. (كېرىيە)

**زاك 2** سۇپ. ئاق بوزغا مايىل بىر خىل رەڭ. (كېرىيە)

**زاكاۋەت** سۇپ. زىرەك، ئۆتكۈر (كۆپرەك كىچىك باللارغا قارىتىلىدۇ).

**زاڭ** ئى. (يېمى) ئۇماچنى قويۇقراق ئېتىپ، تۆپىسىگە قورۇما سېلىپ يەيدىغان تاماق. م: ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ زاڭ ئېتار (ماقال). (خوتەن، قەشقەر)

**زاڭاق** ئى. (ئانات) ئېڭەك. (شايار، خوتەن)

**زاڭكار** سۇپ. پاسكىنا، مەينەت، كىر. (تۇرپان)

**زاڭكار باسماق** دات باسماق؛ بىر جايدا ئۇزاق يىللار يۆتكەلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى ياكى قىزلارغا ئەر چىقماي تۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ «زاڭكار باستى» دەيدۇ. (قەشقەر)

**زاڭگۈل - زۇڭگۈل** سۇپ. ئۇششاق- چۇششەك، ئىكىر- چىكىر ئىشلار. م: ئۆي دېگەندە زاڭگۈل - زۇڭگۈل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. (قەشقەر)

**زال** سۇپ. گەپ ئۆتمەس، قاشاڭ، قوۋ، تادان. (خوتەن)

**زاماگەش** ئى. ئاشپەز. م: زاماگەش (ئاشپەز) قاتۇنلار (خوتۇنلار). (لوپنۇر)

**زانانە** سۇپ. نازۇك. نەپىس. م: بۇ تولىمۇ زانانە قىز بوپتۇ. (تۇرپان) (بۇ سۆز قەشقەردە «ھەزىلەك مىجەز» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ)

**زاۋان** ئى. (بوت) «پەنجە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى. دورا قىلىنىدۇ. (نىيە)

**زاياڭ** سۇپ. ئاجىز. (قومۇل)



www.uyghurkitap.com

زە:دەك ئى. ‹بوت› سەۋزە. (كېرىيە، نىيە، خوتەن، قۇمۇل)

زەرت سۈپ. سەت، بەتبەشىرە. (كېرىيە)

زەرگىزە ئى. دەرد، ھەسرەت. م: تورغايىمنى (تورغىيىمنىڭ) دەردىدە يۇرۇيدىمەن (يۈرىمەن) زەرگىزە (ھەسرەتتە). (لوپنۇر)

زەشو ئى. زەي ۋە شور. زەي ۋە شور ئۆرلەپ كەتكەن يەر. (كېرىيە)

زەكچى سۈپ. باشلامچى، قوي پادىسىنى باشلىغۇچى سەركە. (قۇمۇل)

زەمباقى سۈپ. ھاۋارەڭ، كۆك بىلەن يېشىلنىڭ ئارىلىقىدىكى رەڭ. م: كۆرپە جۇۋا، بارا جۇۋا، زەمباقى تاشلىق. مېنىڭكى ئاندا بىر يارىم بار، قەمبەرخان ئاتلىق. (قۇمۇل)

زەن ئى. خوتۇن. (خوتەن)

زەۋەي سۈپ. ئويۇنچى، نازلىق ئايال. (لوپنۇر)

زەۋلەڭ ئى. زېمىن، جاي، ئورۇن؛ تىنچ - ئامانلىق. (لوپنۇر)

زەي ئى. ‹دېھ› ئۇزۇم تەكلىرىگە سۇ باشلايدىغان ئېرىق. (خوتەن)

زەيتاپ ئى. تار ياسىغۇچى.

زەيدان ئى. زەيكەش، زەي چىقىرىش ئۆستىڭى. (خوتەن، كېرىيە) (مەكىتتە بۇ سۆز «زەيلاڭ» دېيىلىدۇ)

زەي رەندە ئى. ئىشىك - دېرىزىلەرگە گۈل چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان رەندە. (خوتەن)

زەيسا گۈل ئى. شارسىمان گۈل. (خوتەن)

زوتالىماق (خەن‹糟踏) سەتلەشتۈرمەك، يۈزىنى تۆكمەك،

تۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپسەندە قىلماق. (پىچان، قۇمۇل)

**زوچۇ** ئى. نىپىز، يۇمشاق يىپەك رەخت. م: گۈلى زوچۇ پوتىنى، ئىككى چىرماپ باغلاپتىلا، يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ، يۈرەك ـ بېغىرنى داغلاپتىلا. (قۇمۇل)

**زور** سۈپ. باتۇر، چېلىشچى، پالۋان؛ يوغان، چوڭ. (قۇمۇل، تۇرپان)

**زور ئانا** ئى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئانىسى. (مەكىت)

**زور چىقماق** يەڭمەك، غالىب كەلمەك. (قۇمۇل)

**زور قىلماق** چېلىشماق، كۈچ چىقارماق، كۈچىمەك. م: «قېنى، سەن زور قىل دېسە، سەن زور قىل دەپ چېلىشنى باشلاپ كېتىدۇ. (ئىلى)

**زۇلپۇك** ئى. ‹زوئول› ھەرە، بوغۇن. م: ئۈنىڭ قولىنى زۇلپۇك چېقىۋاپتۇ. (تۇرپان)

**زۇلپىكەش** ئى. ئاياللارغا چاچ سالغۇچى. (كېرىيە، خوتەن)

**زۇۋانداشماق** سۆھبەتلەشمەك. (لوپنۇر)

**زۆتىنە** ئى. زەيتۇنە. م: ئاقتونۇڭنى نەدە كۆردۈم، زۆتىنە تونۇم تۇرۇپ، بىگۇپانى نەدە سۆيدۈم، غۇنچىدەك يارىم تۇرۇپ. (قۇمۇل)

**زىدىقىماق~زىدىكىمەك** زىرىكمەك، يالچىماق. م: دەۋا توغرىسىدا تولا يول مېڭىپ زىدىقاپ كەتكەن سادىق چەكەدى مېڭىسىدىن ئېزىپ، ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. (قەشقەر، ئاتۇش)

**زىغىرلاش** ئى. تەكنى كۆمگەندە يېپىلىدىغان توپا. (پىچان تۇيۇق)

**زىھنىيات** ئى. ئەس ـ ھوش، زىھىن ـ ياد. م: بارىكاللا، زىھنىياتىڭغا! (خوتەن)

**زىب ـ زىب** سۈپ. بىر جايدا تۇرالمايدىغان (بالا). (تۇرپان)

**زىبىز** سۆپ. زادى، پەقەت. م: بىزنىڭكىدە تۇرۇڭلار دېسەم زىبىر ئۇنىمايدۇ ئۇلار. (ئىلى)

**زىبىلدىماق** بىر جايدا جىم تۇرماي سەكرەپلا يۈرمەك. (تۇرپان)

**زىخو** سۆپ. (خەن‹自豪›) نامدار، باي. (قومۇل)

**زىرىپ** سۆپ. ئىنچىكە، زىل؛ ئىنچىكە ئىش (يىڭنە ئىشى) قىلىدىغان ئادەم، تىككۈچى. م: △ ھاكىمجاننىڭ مۇنچىلىك زىرىپلەپ سورايدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن؛ △ بۇ تازا بىر زىرىپ بالا. (خوتەن)

**زىرى يامان** سۆپ. نىيىتى يامان، ئىچى قارا. م: سەيپۇڭ توختى ناھايىتى ئاچ كۆز، جېنىغا جۇت كىرگەن، ئىچى تار، ھەسەتخور، زىرى يامان ئادەم ئىكەن. (قومۇل، ئىلى)

**زىزىلىمەك** ئەركىلىمەك. (قومۇل)

**زىلپۇش** ئى. يوپۇق. (قومۇل)

**زىل - زىلاي** سۆپ. زىلۋا بوي، نازۇك، چىرايلىق، كېلىشكەن. م: بىر قاتىلسام (قوشۇلسام) ئارمانىم ئىدى، قاشى ئەگلىك زىل - زىلايغا. (لوپنۇر)

**زىمات** ئى. ‹تىبب› يارىغا سۈرتۈلىدىغان مەلھەم دورا. م: ئەجەپىمەس دەرتلەرىڭ پۈتسە، ئىجادىمىنىڭ زىماتىدىن. (خوتەن)

**زىمىندار** ئى. دوپپىنىڭ زەر باسقان توقۇشى. م: زىمىندار باسقان دوپپا كىيىپتۇ پۈغۈندا باسقان بېشىغا. (قومۇل)

**زىندىپاي** ئى. پەلەمپەي. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ژ

**ژۆل** ئى. بۆلاق. (مەكىت)

## س

**ساپاق** ئى. تاشلاندۇق بالا، شۇم، شۇمتەك. (قۇمۇل)

**ساپقان** ئى. سالغا، تاش ئاتقۇچ. (قەشقەر)

**ساپتىق** ئى. قوشۇق. (لوپنۇر)

**سات** رەۋ. پەيت، ياخشى پۇرسەت، قولاي پۇرسەت؛ ۋاقىت، چاغ. م: ساتىم توشۇپ بىر بارسام ئويمان كۆلگۈ – قولاي پۇرسەت كېلىپ قېلىپ، ئويمان كۆلگە بىر بارسام ئىدىم. (لوپنۇر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «سەت» دېيىلىدۇ)

**ساچقاق** ئى. بېلىق سانجىيدىغان ئارا. (لوپنۇر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سانچقاق»، خوتەندە «سايغاق» دېيىلىدۇ)

**ساخال** ئى. تامنىڭ ئۈستىگە سانجىلغان تىكەنلىك شاخ. م: گەپ ماقۇلدىن ئاشماس، تام ساخالدىن (ئاشماس) (ماقال). (نىيە، كېرىيە)

**ساخو** سۈپ. (خەن ‹傻货›) ساراڭ، مۆڭ، دۆت، گۇمۇش، كالۋا، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان. (قۇمۇل، پىچان، نىيە، خوتەن، قەشقەر)

**سارا سالماق** ئى. چوقان سالماق، ۋارقىرىماق. م: سارا سېلىپ توۋلاشتى. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «سۈرەن سالماق» دېيىلىدۇ)

**ساراغا** ئى. ‹بوت› شورلۇق يەرلەردە بولىدىغان كۆك قومۇشقا ئوخشاش بىر خىل ئوت؛ قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق يەر. (لوپنۇر)

**سار ئالار** ئى. ‹زوئول› قارچىغىنىڭ بىر خىلى. ئايىغى ئاق، يۈڭلىرى قاتتىق، پەنجىسى يوغان بولىدۇ.

**سارسىلماق** تاسقالماق؛ قىينالماق، خارلانماق، سەرسان بولماق. م: مۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ، شۇم تەلەي بولۇرمەنمۇ. سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ، سارسىلىپ يۈرەرمەنمۇ. (قۇمۇل)

**سارسىماق** سىلكىنىشلىمەك، دۈشكەلىمەك. (تۇرپان)

**سارغاق** ئى. ئولجا. (كېرىيە)

**سارغىشىن** سۈپ. سارغۇچ. (لوپنۇر) (بۇ سۆز خوتەندە «ساغرىنجى» دېيىلىدۇ)

**سارۋا** ئى. ‹زوئول› غونان تاي. (لوپنۇر)

**سارۋاڭ** سۈپ. پاخما، چىچىلاڭغۇ، چىڭگىلىماچ، پاخپىيىپ كەتكەن. م: سارۋاڭ چاچ ــ پاخما چاچ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز قەشقەر، كۇچادا «سالۋاڭ» دېيىلىدۇ)

**سارىغۇچ** ئى. ئايالار رومىلىنىڭ بىر خىلى. (ئاتۇش، قەشقەر تاشمىلىق)

**سارىكەپ** سۈپ. تۈزكور. نېزىقغاق، قېيدىغاق. (قۇمۇل)

**سا ـ سا** ئۈن. ئوۋ قۇشلىرىنى (قۇرغۇيىنى) چاقىرىش ئۈندىشى.

**ساغدىقىنى ئاسماق** ئۇرۇشۇشقا تەييارلانماق، غەزەپلەنمەك. م: سانىخان بىر نېمە دېسە، ساغدىقىنى ئېسىپ ئۇنى ئېغىزـ بۇرنىغىچە تويغۇزاتتى. (قەشقەر، ئىلى)

**ساغرا كېپىش** ئى. ئېشەك تېرىسى ئايىغى. (قۇمۇل)

**ساغرو** سۈپ. گاس، پاڭ. (پىچان، تۇرپان) (بۇ سۆز خوتەندە «ساغرۇغى»، پىچاندا يەنە «سارۇ» مۇ دېيىلىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ساق** ئى. ‹ئانات› پاچاق، پاقالچەك. (مەكىت يانتاق)

**ساقاتقا~ساقاتقۇ** ئى. ‹زوئول› كانا. يايلاق ماللىرىنىڭ قېنىنى شورايدىغان ھاشارات. (نىيە)

**ساقاق 1** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك. م: ئۆستەڭ بويىدىن چۆپ ئورسام، تەگدىن تولىسى ساقاق. ئىككى يۇرت ئاتلاپ بېرىپ، ئالغان خوتۇنۇڭ پوقاق.

**ساقاق 2** ئى. ‹ئانات› بىلىقنىڭ نەپەس ئېلىش ئەزاسى («ئايقۇلاق» مۇ دېيىلىدۇ). (لوپنۇر)

**ساقام** ئى. «بالام، قوزام» دېگەن مەنىدىكى ئەركىلەتمە سۆز. (ئىلى)

**ساقتاش** ئى. ئامبارچى. (لوپنۇر)

**ساقلاندى** سۈپ. ‹تىل ھا› «يېتىم ئوغلاق، ھارامزادە» مەنىسىدىكى تىللاش سۆزى. (كۇچا)

**ساقۇن** سۈپ. خالاس، خالاسلىق. (قۇمۇل)

**ساقۇن بولماق** قۇتۇلماق. (قۇمۇل)

**ساقىسى ئالچۇ چۈشمەك** ‹ئىد› ئامىتى كەلمەك، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك. (ئىلى)

**ساقىلوت** ئى. ‹بوت› سۈتلۈكئوت، تىكىساقال. (لوپنۇر)

**ساڭساك** سۈپ. گالۋاڭ، ھۇرۇن. (مەكىت)

**ساڭقارا** ئى. ‹زوئول› سار. (تۇرپان ئاستانە) (لوپنۇردا «سالۋا»، قۇمۇلدا «ساقارا»، بەزى جايلاردا «ساڭقار» مۇ دېيىلىدۇ)

**ساڭقالىماق** ئاڭقىرالماسلىق، چۈشىنەلمەسلىك، دىققەت قىلالماسلىق، ئەستە تۇتالماسلىق. (مەكىت يانتاق)

**ساڭقىماق 1** كۆزگە ئىلماق، ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار بەرمەك. م: △ئۇندىاق نېمىگە كىم ساڭقىپتۇ!

△ئۇ ھېچكىمنى ساڭقىمايدۇ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز يەنە «سەڭگىمەك» مۇ دېيىلىدۇ)

**ساڭقىماق 2** مايالقىلماق، تېزەكلىمەك. م: قۇش ساڭقىدى؛ △ساڭقالىڭ ئېشىكىم ساڭقالىڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقالىڭ.

**سالات** ئى. باش كىيىم. (خوتەن)

**سالاشماق** ئارقىسىغا كىرىۋالماق. م: تامغا چىقتىم يا ـ مىشىپ، پەسكە چۈشتۇم سالىشىپ. (خوتەن)

**سالپاڭ** ئى. قۇلاقچىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قىسمى. م: ئېچىكىنىڭ ئاستىدىن سالپىڭىنى چىگىۋالغان... (ئىلى)

**سالتاڭ** ئى. ھارۋىكەشكە ياردەملىشىپ، قىغ ئۇسۇشۇپ ۋە توشۇشۇپ بېرىدىغان ئىشچى. (قۇمۇل)

**سالجىماق** يۇرتتىن چىقىپ كەتمەك، مۇساپىر بولماق. (ئىلى)

**سالچە** ئى. پالاز. (خوتەن)

**سالدار** ئى. ‹زوئول› ئانىسىدىن ئايرىپ باققان قوزا. (لوپنۇر)

**سالدۇ** سۇپ. ئېشىنچا، قالدۇق.

**سالدۇرماق** يورغىلاتماق، بۆرە مېڭىشىدا ماڭدۇرماق. م: ئاتلىرىنى سالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. (ئىلى)

**سالغۇ** ئى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سېلىنىدىغان يالغۇز ئاياغلىق كۆۋرۈك. (لوپنۇر)

**سالقىن قاتراتماق** ئاستا يورغىلاتماق، ئۆز يورغىسىغا قويۇپ بەرمەك. م: سەلىم ئاتلىرىنى سالقىن قاتراتتى. (خوتەن)

**سالما** ئى. چاچقا چىگىلگەن جالا؛ سېلىنچا، كۆرپە. (تۇرپان)

www.uyghurkitap.com

**سالماق** ئالمماق، يۆگەشتۈرمەك. م: ئارغامچىنى مەن قاتاي. سەم (سەن) ماڭغا (ماڭا) سالىپ (ئالماپ) بەر. (لوپنۇر)

**سالۋاڭ** تەق. پاخپاق، رەتسىز. بىر نەرسىنىڭ رەتسىز ساڭگىلاپ تۇرۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت تەقلىدى. م: سالۋاڭ تۇماق — ئۈزۈن تۈكلۈك، تۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تۇماق. (خوتەن)

**سالۋاسلىماق** قەدەمنى چوڭ ئېلىپ تېز ماڭماق. م: سالۋاسلاپ ماڭماق. (ئىلى)

**سالىك** ئى. ئەگەشكۈچى، قولچوماق، غالچا. م: ئارقىدا ھېلىقى ئىككى سالىكى تۇرسا. (ئاتۇش)

**سامانچى** ئى. ‹زوئول› ياۋا مۈشۈك، تالا مۈشۈكى، ئوغرى مۈشۈك. (قۇمۇل)

**سامبا** ئى. پىلە قۇرتىنى ئالىدىغان قاچا. (خوتەن)

**سامدىماق** بىر تەرەپكە بېسىپ كەتمەك، يەڭدەپ كەتمەك؛ كۆچ: يان باسماق، ئاغماق. (خوتەن)

**سان** سۈپ. ئەھمىيەت، ئېتىبار، قىممەت. (قۇمۇل)

**سانچالاق** ئى. تىكەن. (لوپنۇر)

**ساندىكتاز** ئى. ‹زوئول› بۆلبۆلنىڭ بىر تۈرى. كۆچ: ھاڭناز، تۇتۇرۇقسىز ئادەم. (كۇچا)

**سانسالىماق** بۆلغۈشلىماق، دۈشكەلىمەك. م: △سار چۈجىنى سانسالىۋەتتى؛ △بالامنى تولا سانسالاپ قورقۇنچاق قىلىپ قويدۇم. (قەشقەر)

**ساي 1** رەۋ. ھازىر، ھېلىلا، ئەمدىلا، ھازىرلا. (كېرىيە، خوتەن)

**ساي 2** ئى. قارىلىغۇچ، قارىغا ئېلىش تۆشۈكى. م: مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىغا ساي چىقىرىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىلغان ئوقنىڭ مۇساپىسى قىسقا.

دەللىك دەرىجىسى تۆۋەن ئىدى. (كېرىيە)

**سايا** رەۋ. بايا، ھېلى. (خوتەن)

**ساياپ كەتمەك** يوقاپ كەتمەك. م: قۇش ـ كەپتەرلەر ساياپ كەتتى. (كېرىيە)

**سايات** ئى. ئوۋچى. م: قارچىغىدەك بويۈگىغا بولدۇم سايات يار ـ يار. (ئىلى، قۇمۇل)

**سایاتىن** رەۋ. باياتىن، ھېلىلا. (خوتەن)

**سایاز** سۈپ. ئانچە چوڭقۇر بولمىغان، دۆڭ. م: سایاز كۆل. (ئاتۇش) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سایاڭغۇ» دېيىلىدۇ)

**سایاڭغۇ** ئى. دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ سايلاشقان يەر، دەريا سۈيىنىڭ تېيىزلەشكەن يېرى. (خوتەن) (بۇ سۆز ئاتۇشتا «سایاز» دېيىلىدۇ. م: قېيىقنى سايازدىن ئىتتىرىپ چىقىرىپ...)

**سايان** رەۋ. تەرەپ، تامان، ياق. م: قارلىغىم قارلىق سايان، سەگەنچۈگى سەرۋەڭ سايان. زامانىنىڭ دۇشقارىدا، سەن بىر سايان، مەن بىر سايان. (قۇمۇل)

**سايپاق** سۈپ. سۆرەلمە، پۇتىنى تېز يۆتكىمەيدىغان كىشى. (خوتەن)

**سايزا** ئى. (خەن‹筛子› غەلۋىر. (قۇمۇل)

**سايغاتماق** كالىنىڭ سايغاق (كالىنى چاقىدىغان بىر خىل ھاشارات)تىن قېچىشى. (ئىلى)

**سايغاق** ئى. سانجىغاق. بېلىق تۇتىدىغان سايمان. (لوپنۇر)

**سايقى ئۈزۈم~سايىك ئۈزۈم** ئى. ‹بوت› كۆك كىشمىش ئۈزۈم، ئۈرۈقى يوق ئۈزۈم. ئۈزۈمنىڭ بىر خىل سورتى. («سایاقی ئۈزۈم~سايلا ئۈزۈم» مۇ دېيىلىدۇ)

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(خوتەن، كېرىيە)

**ساي كەلمەك** ياپسا كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك، دەل كەلمەك. (ئىلى)

**سايلاتما** ئى. سايىۋەنلىك لاپاس. م: ئىشىك ئالدى سايلاتما، سايلاتمىغا تاش ئاتما. مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس، قاش ـ كۆزۈڭنى ئويناتما. (قۇمۇل)

**سايماق 1** سانجىماق؛ ئۇچلۇق نەرسە بىلەن دېۋەيلىمەك. م: △نەيزە سايماق ــ نەيزە سانجىماق؛ △ئۇ قوللىرىنى كۆزۈمگە سايىپ تۇرۇپ تىللىدى. (خوتەن)

**سايماق 2** سانىماق، ھېسابلىماق، كۆرمەك.

**سايۋاغ** ئى. كۆكتاتلىق. (كۇچا)

**سايىسىغا قارىماق** تەرزىنى تۈزىمەك، ئۆزىنى ياساپ يۈرمەك. م: سايىسىغا قاراپ ماڭىدىغان ئادەم ــ ياسانچۇق ئادەم. (ئىلى)

**سايىقى** رەۋ. ھېلىقى، بايىقى. (خوتەن)

**سايىل** ئى. دىۋانە. (لوپنۇر)

**سەپ** ئى. كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان زېبۇ ـ زىننەت، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۆي جاھازلىرى. (قەشقەر، لوپنۇر)

**سەپچى 1** ئى. 〈بوت〉 قوغۇننىڭ بىر تۈرى. (قۇمۇل)

**سەپچى 2** ئى. قىرنى تۈزلىگۈچى. (ئىلى)

**سەپكىلىمەك** سېپىلىمەك، تامچىماق. م: ئاخشام يامغۇر سەپكىلەپ ئۆتتى. (ئىلى)

**سەجە~سەچە** ئى. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدىغان بىر خىل جاھاز (ئىچىگە سۈت قاچىسى ياكى باشقا نەرسە قويۇلىدۇ): ئۆيلەردە گۆش ئېسىپ ساقلايدىغان

قارماق. (نىيە)

**سەجۇ** ئى. ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يىغىدىغان ھەربىي گازارما. م: يۇسۇپ بەگ سەجۇ قۇرۇپ سامان، پىچان ئالۋىڭى يىغىشقا باشلىدى. (كېرىيە)

**سەجى** ئى. ئۇلاغ باغلايدىغان ⌒ شەكىللىك ياغاچ تۈۋرۈك. (خوتەن)

**سەددەڭ** سۈپ. بەستلىك، قاۋۇل. (قۇمۇل)

**سەدىلىك** سۈپ. خاسلىق، مىجەز، ئادەت، خۇسۇسىيەت. (ئىلى)

**سەر** ئى. ‹ئانات› بەدەننىڭ پاتاڭدىن تۆۋەن، بەلدىن يۇقىرى قىسمى، دۈمبە. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**سەر~سەرلىك** ئى. تۆپە، تۆپىلىك؛ دۈمبە. بۇ سۆز «سىر» مۇ دېيىلىپ «ئېگىز- پەس يەرلەردىكى دائىرىسى تار دۆڭلۈك» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. م: چوڭ تارىمىي ياقاسى پۈتا سەرلىك، ئۆيۆڭگۈزۈ ئارقاسى ناما يەرلىك. (لوپنۇر)

**سەراتىغا چىقماق** ئەمەلگە ئاشماق، ئىشقا ئاشماق، ھەل بولماق، بىر باشقا چىقماق. م: بۇ ئىش مۇشۇ كەمگىچە سەراتىغا چىقمىدى. (ئاتۇش)

**سەربەر** ئى. شامال. (كېرىيە)

**سەرتەمەك** تاشلىماق، چەتتە قويماق. م: ئۆي- يۇيتۇنۇ سەرتەپ چىقىپ – ئۆي- يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ. (لوپنۇر)

**سەرجانلىماق** ئى. ئوتۇننى 50- 60 س م ئۇزۇنلۇقتا كەسلەپ، يىقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ھەجىمدە تىزىپ قويماق. م: ئوتۇنلارنى لاپاسقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لىققىدە سەرجانلاپ قويدۇم. (ئىلى)

**سەرخۇش** سۈپ. ئېلىشاڭغۇ، ساراڭ قېتىش، تەلۋە. (قومۇل)

**سەرساراڭ** سۈپ. چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى رەتسىز ئاياللارغا قارىتىلىدۇ. (تۇرپان)

**سەرسۇك** سۈپ. بېشى قايغان، ھوشىنى يوقاتقان. (قومۇل)

**سەركىچۈك** ئى. ‹زوئول› ئىككى - ئۈچ ياشلىق ئەركەك ئۆچكە، سەركە. (قومۇل)

**سەرگەنچۈك** ئى. تاغدىكى جەينەك، ئايلانما؛ سۈنىڭ ئايلىنىپ ئاققان جايى. (قومۇل)

**سەرمە** ئى. تارتما، سىيرىتما. (قومۇل)

**سەرمە چاپان** ئى. سىيرىتمىلىق چاپان. (قومۇل)

**سەرىچ** ئى. سەرپۇش، سەرپۇش تۇماق. چۆرىسىگە قاما تېرىسى تۇتۇلغان تۇماق.

**سەرىغ~سەرىق~سەرىق قۇرۇق** ئى. ‹زوئول› چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل جانىۋار. (گوما)

**سەرىمەس** سۈپ. غەم يىمەس. (ئىلى)

**سەرىمەك** غەم قىلماق، غەم يىمەك. (ئىلى)

**سەرى ئوت** ئى. ‹بوت› يىلتىزى، يوپۇرمىقى، گۈلى ھەممىدە ئۆزۈقىمۇ يوق بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يۆگىمەچكە ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىق بولۇپ، پارازىت ئۆسىدۇ.

**سەسۇك** سۈپ. بەڭۋاش، گەپ ئاڭلىماس؛ پاڭقۇش، گومۇش، گالۋاڭ. (نىيە)

**سەزمەك** تەزمەك. م: تاقۇ (توخۇ) ئۇگاسىدىن (ئۇۋىسىدىن) سەزىپ كېتىپتۇ. (لوپنۇر)

**سەكسەك** ئى. ئىنتايىن تېز يۈگۈرىدىغان بىر خىل

هايۋان؛ كۆچ: ئۆيمۇ- ئۆي دوقۇرۇپ يۈرىدىغان كىشى. م: ئاتىنىڭ يامىنى تەپكەك. ئادەمنىڭ (خوتۇنىنىڭ) يامىنى سەكسەك. (ماقال) (ئىلى)

**سەكسەن پاچاق** ئى. كەلكۈننى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان ياغاچ قۇرۇلما. (خوتەن)

**سەكسەن پۇت** ئى. ‹دېھ› خامان ياكى ئېتىز ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ تۇلۇق. («سەكسەن ئاياغ»مۇ دېيىلىدۇ). (قەشقەر)

**سەكلەشمەك** ئەركەك ئەت بىلەن قانجۇق ئىتنىڭ جۈپلىشىشى. (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «چاقلاشماق»مۇ دېيىلىدۇ)

**سەگ** ئى. ‹زوئول› ئىت. (نىيە، گۇما، كېرىيە، خوتەن)

**سەگۈنچەك** ئى. چاچقا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى. م: قارا قاش باشتا بولۇر، سەگۈنچىكى ساچتا بولۇر. مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم، ئەتىلىك ناشتا بولۇر. (قۇمۇل)

**سەگۋاز** ئى. ئىتۋاز، ئىت ئويىنىغۇچى. (كېرىيە، خوتەن)

**سەگىن** سۈپ. چۈچمەل. (قەشقەر پاخپۇ)

**سەڭسەڭ** ئى. ‹زوئول› ئانىسى ئىتالغۇ، ئانىسى لاچىن، پېيى قارا، بويى چوڭ، تۇكى كۆك بىر خىل قۇش.

**سەڭگەرمەك~سەڭگىرمەك** زەن سالماق، سەپسالماق، دىققەت قىلماق، سەزمەك، چۈشەنمەك، پەرق ئەتمەك، ئاڭقارماق. م: ئۇ كىمنىڭدۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك سەڭگىرەپ قارىدى. (قۇمۇل، تۇرپان) (بۇ سۆز خوتەندە «سەڭكىمەك» دېيىلىدۇ)

**سەل** ئى. تەخسە. (گوما)

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەلەڭگەرىمەك ساڭگىلىماق. (قۇمۇل)

سەلىقىلىق سۈپ. ئۇستا. ماھىر. (خوتەن)

سەلكەچ سۈپ. توختاپ، ئاتلاپ. م: بۇ مۇسەللەسنى ئىككى پىيالىدە سەلكەچ يۇرگۇزىمەن. (خوتەن)

سەللە ئى. (ئەر‹) قىيىقچە. م: سەللە پىشۇرماق.

سەلىدىخە ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك.

سەمەن ئى. ‹زوئول› يوگۇرۇك ئات. (خوتەن)

سەمەيگىنە~سەمەيلىكچە سۈپ. يوشۇرۇنچە، ئوغرىلىقچە. م: سەمەيگىنە (سەمەيلىكچە) تىڭشاۋالدىم — يوشۇرۇنچە ئاڭلىۋالدىم. (لوپنۇر)

سەمبە گۇل ئى. ‹بوت› سەبدە گۇل. (كېرىيە)

سەندەل پەۋادىسى ئى. ناۋات قىيامىنىڭ كۆپۈكىدىن ياسالغان يېمەكلىك؛ ناۋاتنىڭ قازان تېگى. (كېرىيە)

سەندى ئى. ‹تىل ھا› سەتلەش، يامانلاش، ئۆچ كۆرۈش سۆزى. م: سېنىڭدەك سەندىنى، سەنمۇ دىمەسمەن. قەنت ـ ناۋات بەرسەڭ، ھە(ر)گىز يېمەسمەن. (قۇمۇل)

سەنسەن ئى. يۈكى سەل ئۆسۈپ، چېچىلىپ تۇرىدىغان پاقلان تېرىسى. م: ئۇ سەنسەن جۇۋىنى يېپىنچاقلىدى. (ئىلى)

سەنۇي ئى. پەگاھ. (خوتەن)

سەيە ئى. ‹بوت› (خەن‹) (菜芽) ياڭيۇ. (قۇمۇل)

سەيپۇڭ ئى. كۆچ: غىتمەك، ئەرلىكى زەئىپ، زەيپانە، ئايالىلىق مىجەزگە ئىگە ئادەم. (كېرىيە)

سەيچى ئى. ئىلغۇ، كانار. م: گۆشتنۇ (گۆشنى) سەيچىگە ئاسماق. (لوپنۇر)

سەيخالىلماق ماي ياكى چاق قومىنى بىلەن ئەسۋابنى پارقىراتماق.

**سەيدۇ** ئى. تېرە كېسىدىغان يا شەكىللىك پىچاق.
(تۇرپان)

**سەيراش** ئى. (ئەر‹) سەرراچ. ئات- ئېشەك قاتارلىق
ئۇلاغلارنىڭ جابدۇقلىرىنى ياسىغۇچى. (كېرىيە)

**سەي قەلەم** ئى. ‹بىن› بىناكارلىق نەقىشلىرىنىڭ
بىرىنىڭ نامى. م: △ئۇ كۆچۈك چىش چىقىرىپ
سىرلانغان سەي قەلەملەرگە
قاراپ...؛ △مېھراب شەكىللىك نەقىشلىرى،
سەي قەلەم قىيما تۆۋرۈك زىننەتلىرىمۇ ئۆزگىچە
ئىدى. (خوتەن)

**سەيلە** ئى. گۈللۈك چاسا پوتا. م: بېلىمنى سەيلىدە
باغلىدىم. (كېرىيە)

**سەيلەڭ** ئى. ‹يېم› قورۇما. (گوما)

**سەيلىمەك** (خەن‹晒+لە) ئاپتاپقا سالماق، قاقلىماق؛
رەتلىمەك تەرتىپكە سالماق. (قۇمۇل، قەشقەر)
(بۇ سۆز كېرىيىدە «سايلىماق» دېيىلىدۇ)

**سەيما** ئى. كۆكۈل ئېچىشقا ئامراق ئايال، ئىشقىۋاز
ئايال، بۇزۇق خوتۇن. (خوتەن)

**سەيىنگە** ئى. ‹تېب› سەينەك. تىرناق ئىچىگە چىققان
يارا، جاراھەت.

**سەيۋە** سۈپ. كاللىسى ئېلىشىپ قالغان، گالۋاڭ،
ھاڭۋاقتى. (ئادەم)

**سەييات** ئى. ئوۋچى. (خوتەن)

**سەيىغ شامال** ئى. ئەتىياز ۋاقىتلىرى يوپۇرماق ۋە چاڭ-
توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ چىقىدىغان سېرىق شامال.
(گوما)

**سوپەك** ئى. قول تراكتور. (خوتەن)

**سوت** ئى. داكا. (قۇمۇل)

سوتۇق ئى. ‹مۇز› ئاھاڭ، كۈي، ئۈن، ئاۋاز؛ كۇپلېت، بېيىت؛ قائىدە ـ نىزام. م:△سوتۇقى يوق ئادەم ـ ناخشىغا ئاۋازى كەلمەيدىغان ئادەم؛△سەن مېنى ئۇردۇم دەمسەن، سېپى يوق قامچاڭ بىلەن. سەن مېنى سۆكتۈم دەمسەن، سوتۇقى يوق ناخشاڭ بىلەن. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «سۇتۇغ~سۇتۇق» دېيىلىدۇ)

سوچى ئى. ۋاستىچى، ئەلچى.

سوختا 1 سۈپ. بەستىلىك، قاۋۇل. (كېرىيە)

سوختا 2 ئى. ‹يېم› قازان سوقتىسى، گۆش نان؛ قىيمىلىق كۆمەچ. (ئاقسۇ ئاقساقارال) (بۇ سۆز كېرىيە دەريا بويىدا «سوقتا» دېيىلىدۇ)

سوختىناماق مۆزلىماق، توڭماق. (تۇرپان، پىچان)

سوخرۇن سۈپ. ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس. (ئىلى)

سوخو ئى. ‹تېب› ماڭقا كېسەللىكى. (قۇمۇل)

سورانماق تەلەپ قىلماق، ئۆتۈنمەك، ئىلتىماس قىلماق. (تۇرپان)

سورۇق ئى. تېپىلگەن بۇغداي، بۇغداينى خامانىدا سورۇپ تازىلاش ئىشى. م: بۇگۈن سورۇق سورىدۇق. (ئىلى)

سوزا 1 ئى. لەغمەن، گاڭپەن قاتارلىقلارنىڭ قورۇمىسى، سېيى. (نىيە، كېرىيە)

سوزا 2 ئى. ناچا. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ناچىسى.

سوزماق ئى. رەڭگە تكە. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «سوزۇلداق~دەڭگىم» دېيىلىدۇ)



www.uyghurkitap.com

سوغات~سوۋغا ئى. (يېم) پىشلاق. قېتىقنى ئۇيۇتۇپ، يېغىنى سۈزۈۋېلىپ، قالغىنىنى قايناتسا «سوغات» بولىدۇ. (خوتەن)

سوغالماق ئازلىماق، ئازىيىپ كەتمەك، تارتىلىپ كەتمەك. م: دەريا سۈيى سوغالدى، بېلىقلىرى بوغالدى. (ئاقسۇ، قەشقەر) (بۇ سۆز تۇرپان، پىچاندا «سوغۇلماق»، نىيىدە «سۇغۇلىماق» دېيىلىدۇ)

سوغتاناماق توڭلىماق، توڭماق، ئۇششۇمەك. (تۇرپان) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سوقتۇنماق» مۇ دېيىلىدۇ)

سوغچى سۈپ. دادىسىز بالا.

سوغۇن~سوغۇنا ئى. ئىشىك - قوۋۇق ياكى دەرۋازىلارغا، دېرىزىنىڭ كۆزنىكىگە ئوخشاش ئېچىپ قويۇلىدىغان تۆشۈك. (قۇمۇل)

سوغىچاق ئامبارئى. سوغىغا ئوخشايدىغان ئامبار. (مەكىت)

سوق ئى. قىزىقچى، ھەزىلكەش، سوغۇق گەپ قىلىپ، قىزىقچىلىق قىلىش. (قۇمۇل)

سوقا 1 ئى. سۇ ئارقىلىق گۈرۈچ ئاقلايدىغان سايمان. (قەشقەر).

سوقا 2 ئى. كۈرۈشكا. (قۇمۇل)

سوقا جىگدە ئى. (بوت) نان جىگدىدىن چوڭراق بولىدىغان جىگدە سورتى. (نىيە)

سوقان ئى. (زوئول) لەيلەك.

سوقۇما ئى. تۇۋرۇك. م: ئايۋاننىڭ سوقۇمىسى. (گوما)

سوقتا~سوختا ئى. (بوت) تەكنىڭ يېڭى ئۆسۈپ چىققان نوتىسى. (پىچان)

سوققا ئى. زەربە، دەككە. (ئىلى)

سوقما تاش ئى. تام سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەسۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(چويۇندىنمۇ ياسىلىدۇ). (ئىلى)

**سوقماق 1** ئى. ‹يېم› قورۇق ئۈزۈم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ تەييارلانغان يېمەكلىك. (كېرىيە، خوتەن)

**سوقماق 2** ئېگىرمەك، توقۇماق. (لوپنۇر)

**سوقنەپەس~سوغنەپەس** سۈپ. قىلىقى سەت، قىلمىقسىز؛ سورۇن تاللىمايدىغان گەپدان، ھاياسىز قىزىقچى. (قۇمۇل، شايار)

**سوقىچىلان** ئى. ‹بوت› چىلاننىڭ بىر خىلى. (قەشقەر)

**سوك ئوغلاق** سۈپ. يېتىم ئوغلاق. م: سوك ئوغلاقتەك مەرەۋەرمە. (مەكىت)

**سوكا** ئى. ‹ئانات› كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. م: سۈننەت قىلغان بالىنىڭ سوكىسىغا پاختا يۆگىگەندەك... (قەشقەر، مەكىت)

**سوكسوك** ئى. قومۇش ئېڭىزى. (خوتەن)

**سوڭچى** ئى. ‹ئانات› پۈتنىڭ سوڭىكى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەن، نىيىدە «سونجاق» دېيىلىدۇ)

**سوڭدىماق** پۈتنىڭ سوڭى بىلەن چەيلىمەك، دەسسىمەك، چىڭدىماق. م: سوقمىنىڭ نەم توپىسىنى سوڭدىماق (دەسسەپ چىڭدىماق). (ئىلى)

**سوڭسارىماق** زوڭزايماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «سوڭسايماق» دېيىلىدۇ)

**سوڭسار** ئى. ‹زوئول› تىيىن. (قۇمۇل)

**سولاش** سۈپ. ئېزىلەڭگۈ، روھسىز، جانسىز. (ئىلى، خوتەن)

**سولۇما يىڭنە** ئى. بۇلاپكا. (قۇمۇل)

**سوم 1** ئى. پۇل بىرلىكى، كوي، يۇەن. (ئىلى)

**سوم 2** سۇپ. كۆپ، جىق. (كېرىيە)

**سومەن** ئى. تاۋۇت قويۇلىدىغان ئۆي. (قۇمۇل)

**سوملىماق** قىرلىماق، ياغاچنىڭ تۆت تەرىپىنى ئوخشاش چوڭلۇقتا رەندىلەپ چىقماق. (بۇ سۆز بەزى جايلاردا، «يۇمشاق نەرسىلەرنى پومىداقلاش» مەنىسىدە كېلىدۇ) (قۇمۇل)

**سومۇن** ئى. تىزىملىك، ئىسىملىك، رۇيخەت، تىزىملىك دەپتىرى؛ ئالۋان ـ ياساق ئىسىملىكى. (قۇمۇل)

**سونچاق~سونجاق** ئى. ‹ئانات› پۇتنىڭ سوڭى. (خوتەن، نىيە)

**سونو(ر)** سۇپ. غەلىتە، يوچۇن، ئۆمسە. (تۇرپان، قومۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا يەنە «سون»مۇ دېيىلىدۇ)

**سونورقىماق** ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك، غەلىتىلىك ھېس قىلماق. (قۇمۇل)

**سونۇ كەلمەك** نەقمۇ نەق كەلمەك، دەل جايىغا كەلمەك. م: بۈگۈن ئىش تازا سونۇ كەلدى. (ئىلى)

**سونۇن** رەۋ. سەھەر؛ دەسلەپ، ئىلگىرى. م: ئەتە سونۇندا (سەھەردە) كەلەي. (لوپنۇر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سونۇر» دېيىلىدۇ)

**سونۇن بۆلۆك** ئى. مېۋىنىڭ باش بۇرنىدىن قىلىنىدىغان سوۋغا. (لوپنۇر)

**سوۋۇتۇق** سۇپ. سوۋۇتۇق، ھاردۇق. (قۇمۇل)

**سويا** ئى. قومۇشنىڭ يېڭى چىققان مايسىسى. م: ئىسسىق، يەر بېتىگە تېپىشى بىلەنلا قومۇشنىڭ ئىنچىكە سويىسى تۇپراقنى يېرىپ چىقىشقا باشلىدى. (خوتەن) (لوپنۇردا «سويو» دېيىلىدۇ)

**سويا تىش** ئى. ‹ئانات› ياۋا توڭگۇزنىڭ مەرگەن چىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

(قۇمۇل)

**سويان** سۈپ. تۇراقسىز. (لوپنۇر)

**سويتۇپ كەتمەك** يانداپ كەتمەك، بىر ياققا ئېغىپ كەتمەك. م: △ تاغار سويتۇپ كەتتى؛ △ ئۇ خىيالغا چۆمگەن ھالدا يەنە بىر ھازا بېشى سويۇتقان تەرەپكە ماڭدى.

**سويسۇك** ئى. ‹زوئول› مايسۇڭدىن تۇغۇلغان موزاي. (قۇمۇل)

**سويلا** ئى. چىۋىق. م: △ ئۇلارنىڭ قولىدا سويلا بار: △ قولىدىكى ئۇزۇن سويلىلىرىنى پۇلاڭلاتتى. (ئىلى)

**سويلىماق** تېز ھەم سىلىق ئۇزمەك؛ بوي تارتىپ كەتمەك؛ ئويناقلىماق، پىلتىڭلىماق. م: △ گۈللەر كۈن تەگمەي سويلاپ كېتىپتۇ؛ △ تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق، سۇدىن چىقتى ئاق بېلىق. سويلاپ ـ سويلاپ ئويناڭلار، ھەيران قالسۇن خالايىق. (قەشقەر، كېرىيە، قۇمۇل، خوتەن)

**سويمەك** سۈپ. بۇ «سويما» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلمىسى بولۇپ، كىچىك بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (ئاقسۇ)

**سۇپساق** سۈپ. لاۋزا، تېتىقسىز. (خوتەن)

**سۇ توگۇم** ئى. ‹يېيىم› جۇۋاۋا، بەنشىر. (تۇرپان) (مارالۋېشى چارۋاغدا «سۇ مانتىسى» دېيىلىدۇ)

**سۇجا** سۈپ. قىيسىق، قىڭغىر. م: △ نېمە تۈز ئولتۇرماي سۇجا ئولتۇرىسەن! △ بۇ ئەدىيالنى سۇجا سېلىپ قويۇپسەن. (قەشقەر)

**سۇخسۇر** ئى. ‹زوئول› قوشماق ئۆردەك. (قۇمۇل.

لوپنۇر)

**سۇخۇنەك** ئى. ئۇزۇك. (لوپنۇر)

**سۇرداماق** سىغىنماق. (لوپنۇر)

**سۇرقى** سۈپ. ئورۇق، يادائغۇ.

**سۇرقىدىماق** يادىماق، ئورۇقلىماق.

**سۇزماق** (تاماق) ئۇسماق. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**سۇغا ئالماق** غۇسىل قىلدۇرماق، مېيىتنى يۇيماق. (تۇرپان)

**سۇغا پىشماق** سۇغا شۇڭغۇتماق، سۇغا چۆكتۇرمەك (كېرىيە) (بۇ سۆز گۇمىدا «سۇغا پىشنىماق» دېيىلىدۇ)

**سۇغان** ئى. ئاسما قىلتاق، غاز- ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان قىسماق. م: ئۈۋچى تۇتار سۇغاندا، ياۋۇز تۇلكە بۆرۈنۇ. (لوپنۇر)

**سۇغۇرتما** ئى. ئۈستەل تارتمىسى. (تۇرپان، پىچان)

**سۇق كېسەل** ئى. ‹تېب› سىفلىس. (لوپنۇر)

**سۇقۇشماق** يۇقۇشماق. م: سۇقۇشۇپ قاپتۇ - يۇقۇشۇپ قاپتۇ.

**سۇقۇلۇشماق** كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق. م: △ خەقنىڭ ئىشىغا نېمە سۇقۇلۇشۇپ يۈرۈيسەن؟ △گەپكە سۇقۇلۇشماي جىم ئولتۇرساڭچۇ! (قۇمۇل)

**سۇقىلەت** سۈپ. ھەممە ئىشقا بىھۇدە ئارىلاشقۇچى، يوق ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان، چات كېرىۋالىدىغان، مەمەدان. (قۇمۇل)

**سۇ قىلماق** مالنى ياكى نەرسىنى پۇلغا ئايلاندۇرماق.

**سۇ كالتىكى** ئى. ‹يېم› تاماقنىڭ بىر تۈرى. (نىيە)

**سۇلاغ~سولاغچى** ئى. سۇ باشقۇرۇش ئىشى: سۇ باشقۇرغۇچى، سۇ

نازارەتچىسى. م: سۇلاغ قىل دېدى. سۇنى باغلاپ قوياپ، بۇيان كىيدۇك. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «سولاقچى» دېيىلىدۇ)

**سۇلاما** ئى. ‹يېم› سۇلاما نان، سۇت قوشۇپ يېقىلغان نان.

**سۇلۇ** سۇپ. چىرايلىق، گۈزەل. م: زىل كۆڭۈلنى خار قىلما، كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما. ئۆزگىلەرنى يار قىلما، يارىم سۇلۇ ياخشى قال. (لوپنۇر)

**سۇمال** ئى. تاغار. م: بۇغداينى سۇمالغا قاچىلاپ قوي. (قۇمۇل)

**سۇمتارا** ئى. ‹بوت› سۇمبۇل. م: ساچىڭ سېنىڭ سۇمتارا، ئۆرەگىڭدە بىر جۇپ ئانار. (لوپنۇر)

**سۇمۇق** ئى. زەمچە. (قۇمۇل)

**سۇنجۇ** ئى. مانجا، سىمكار، ئىش ھەققى. (نىيە)

**سۇنۇقماق** رەڭگى سۇنماق، رەڭگىدىن كەتمەك. م: مەنستمىدى ئۇ بىزنى، رەڭگىمىزدىن سۇنۇقتۇق.

**سۇۋاي قالماق** قىسىر قالماق، بوغاز بولماسلىق. بۇقا ياكى قوچقار ئارتىلسىمۇ بوغاز بولماسلىق. (نىيە، لوپنۇر)

**سۇۋۇق** ئى. ‹بىن› گەمە. (خوتەن، نىيە)

**سۇيۇلتماق** سۇيۇقلاندۇرماق. (قەشقەر)

**سۆجە** ئى. ‹ئانات› ساغرا، كاسسا، يانپاش، سۆڭگەچ. م: سۆجەسى يوغان جوگان، كۆرۈنمەيدۇ ماللىسىدە. (لوپنۇر، تۇرپان، قۇمۇل) (بۇ سۆز نىيەدە «سۆڭگەچ» دېيىلىدۇ)

**سۆرە** ئى. ‹بىن› ئوت- چۆپ دۆۋىلەنگەن لاپاس، لەمپە. (لوپنۇردا قالىق چەللە «سۆرۇ»

دېــيىلــىدۇ) م: ســـۆرۈدە ئـــات يۈگـــۈرتمەك ــ چــەللىدە ئــات چاپــتۇرماق. (لوپــنۇر، قۇمــۇل، نىيە)

**سۆرۈندىمەك** سالقىندىماق، سەگىدىمەك. (تۇرپان) (گـۇمىدا «سۆرۈمەك» دېيىلىدۇ)

**سۆزەڭگۈر** سۆپ. ئۇششاق سۆزلەيدىغان، تولا سۆزلەيدىغان، قۇسۇرچى. م: بۇ سۆزەڭگۈر ئايالنىڭ ئۇششاق گەپلىرىنى بىر كېچە بولسىمۇ ئاڭلىماي... (قۇمۇل، تۇرپان)

**سۆز سالماق** ئېغىز ئاچماق، ئوتتۇرىغا قويماق، تەلەپ قىلماق، ئەلچى قويماق. (تۇرپان)

**سۆز قويماق** ئەيىبلىمەك، زاڭلىق قىلماق. (خوتەن)

**سۆزلەگ** سۆپ. سۆزمەن، گەپدان. (خوتەن)

**سۆزىنى بە(ر)مەك** خوتۇنىنىڭ خېتىنى بەرمەك، نىكاھتىن ئاجراشماق. (نىيە)

**سۆسۆك** سۆپ. نىمجان، يېرىم جان. م: بالىق سۆسۆك ۋۇلۇپ قالىپتۇ. (لوپنۇر)

**سۆكە** ئى. سۆپا. (خوتەن، نىيە، كېرىيە، چىرا)

**سۆكەن** ئى. سۆك ئەن. قوينىڭ قۇلىقىنى بېقىنىدىن ئىككــى ـ ئــۈچ س م ئارىلىقتـــا كېســـىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

**سۆكچەك** ئى. تاكچا. (شايار)

**سۆككە** ئى. 〈زوئول〉 چاشقان تۇرىدىكى بىر خىل قان شورىغۇچ جانىۋار. شەپەرەڭگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (قۇمۇل، خوتەن)

**سۆگە~ئۇرۇقچۇ** ئـــى. ئۇرۇقچـــا. م: جىگـــدەنى سۆگۈســـى ــ جىگدىنىڭ ئۇرۇقچىسى. (لوپنۇر)

**سۆڭگۈچكۇ** ئى. يالاقچى. (لوپنۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**سۈل** سۇپ. ‹يېم› قىزىرىپ پىشمىغان، خام، چالا پىشقان؛ كۆچ: چېنىقمىغان. (نىيە، خوتەن)

**سۈنگە** ئى. ‹تېب› بەدەنگە چىقىدىغان كۆيدۈرگە خاراكتېرلىك بىر خىل كېسەللىك.

**سۈپتەمەك~سۇۋۇلەمەك** ساپماق، ئۆتكۈزمەك. م: ئىگنىنەگە ئىپ سۈپتەش — يىڭنىگە يىپ سېپىش. (لوپنۇر)

**سۈپرەندە** ئى. ئەخلەت، چاۋا. (تۇرپان، پىچان) (بۇ سۆز كېرىيىدە «سۈپۈندە»، قۇمۇلدا «سۇۋۇ(ۋ)- رىندى» دېيىلىدۇ)

**سۈپۈتمۆرە** ئى. ‹مۇز› بۇرغا، قۇلۇلە قېپىدىن قىلىنغان كاناي. (قۇمۇل)

**سۇتلىگەن** ئى. ‹بوت› سۇتلۇكئوت. م: شاخاراپ كەتكەن سۇتلىگەنلەر... (خوتەن، ئىلى)

**سۈت ھەققى** ئى. تۇوي قىلغاندا قىز تەرەپكە بېرىشكە تېگىشلىك مېھىر ھەققى. (تۇرپان)

**سۈتۈن** سۇپ. دېنى پىشمىغان، قاتمىغان. (خوتەن)

**سۇدۇكلۇك** ئى. ‹ئانات› دۈۋسۈن. (ئاقسۇ قارىتال، شايار) (بۇ سۆز لوپنۇردا «سىيگۇلۇك~سۇگۇلۇك» دېيىلىدۇ)

**سۇر** ئى. ئەپ، پەم، يول. ئىشنىڭ ئېپى. م: ئىشنىڭ سۇرىگە كىرىۋالدى — ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز كوچا، تۇرپاندا «سۇرۇم» دېيىلىدۇ. م: ئۇلار ئىشنىڭ سۇرۇمىگە كىرىۋالدى)

**سۇرەن سالماق** ۋارقىرىماق. (بۇ سۆز يەنە «سىرەن» مۇ دېيىلىدۇ) (تۇرپان)

**سۇردىمەك** ھودۇقماق. (قۇمۇل)

**سۇرۇچكە** سۇپ. توغرا- خاتاسىنى ئايرىماسلىق، ئاق-

قارىنى پەرق قىلماسلىق. (نىيە)

**سۈرۈك** مىق. توپ، پادا، گۈرۈھ. م: △مېلىمنى سۈرۈككە قوشتۇم — مېلىمنى پادىغا قوشتۇم؛ △سايدا كېيىكلەر سۈرۈكى بىلەن يۈرۈيدۇ — سايدا كېيىكلەر توپى بىلەن يۈرۈيدۇ. (قۇمۇل)

**سۈز** سۈپ. سۈزۈك. م: باغدىكى مارجان تېرەكتەك، بويىڭىزنىڭ تۈزلۈكى. باغدا پىشقان ئاق يېمىشتەك، ئۈزىڭىزنىڭ سۈزلۈكى. (قۇمۇل)

**سۈزگار** ئى. كۆزنىڭ قارىقى، گۆھىرى. م: سەھەر ۋاقتىدا ئۆتتۇ، قارا كۆززۈ سۈزگارى؛ △ سۈزگارىم كۆڭلۈم ئاچتى، ھاممەسىنى ئۇنۇتتۇم. (لوپنۇر)

**سۈزمەك** ئۈسمەك. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**سۈزمە ھۆل** سۈپ. چىلىق- چىلىق ھۆل. م: كىيىمىمنىڭ سۈزمە ھۆل بولۇپ كېتىپتىغۇ. (تۇرپان)

**سۈكۈنمەك** بىراۋنى قىستىماق، سۈركەشمەك، ئىتتىرمەك، قىستاشماق.

**سۈگۈن** ئى. ‹بوت› رەڭگى قارا، ئۆزى تىكەندەك بىر خىل تاغ دەرىخى.

**سۈڭگۈچ** ئى. ‹زوئول› سۈندۈك. (قەشقەر) (بەزى جايلاردا «سۈڭگۈت~سۈڭگۈلۈغۈچ» دېيىلىدۇ)

**سۈلەي** سۈپ. ئىشتىھاسى ناچار. م: ئەپرۇزخان بەكمۇ سۈلەي. (قەشقەر)

**سۈلەيسۈن** ئى. كۆچ: ھېجىقىز، ئەرلىكى زەئىپ ئادەم. (كېرىيە)

**سۈلۈك** ئى. يول، مەسلەك، ئېقىم. (ئىلى)

**سۈمەل** ئى. دورا سۈرىدىغان تاش. كۆچ: گەپ ئۆتمەس، خىجىل بولمايدىغان. (قەشقەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**سۇمبەتچى** سۇپ. ماختانچاق، پوچى. (مەكىت)

**سۇمبىلىمەك** ئوققا تۆمۈر ياكى مىس باشاق بېكىتمەك. م: پاۋان مىلتىقلىرى سۇمبىلەپ ئوقلاندى. (كېرىيە)

**سۇمۇلەك** ئى. (يېم) ئۈجمىنىڭ سۆيىنى قاينىتىپ، بىر ئاز ئۇن چېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھالۋىغا ئوخشاش تاماق. (تۇرپان، قەشقەر)

**سۇنگۇ** ئى. نەيزە، مىلتىقنىڭ نەيزىسى. (ئىلى)

**سۇۋەت** ئى. خۇش خەۋەر. ئايالار يەڭگىگەندە يەتكۈزۈلگەن خۇش خەۋەر. (قۇمۇل) (لوپنۇر، تۇرپان، پىچاندا «سىبۇيت» دېيىلىدۇ)

**سىرىغئۇي** ئى. (بوت) چۇچۇكبۇيا. (كېرىيە دەريا بويى)

**سىرىق سەيۋى** ئى. (بوت) ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى. (قەشقەر)

**سىرىق - سۇرۇق** سۇپ. سىرىق (جۈپ سۆز). (قەشقەر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «سىرىق - سۇمۇل» دېيىلىدۇ)

**سىرىققۇش~ھۆيتقۇش** ئى. (زوئول) ئۆكە، ھۇۋقۇش، قارىغۇ ياپىلاق. (قۇمۇل)

**سىرىق قۇيرۇق** ئى. (زوئول) كۆسۈتكە. (مەكىت)

**سىرىق ئىتىگە كىرىۋالماق** (ئىد) قىتىغا كىرىۋالماق، ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالماق. (ئىلى)

**سىرىلما** ئى. دولان مەشرىپىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى. (مەكىت يانتاق)

**سىسىق لويلا** ئى. (بوت) بىنەملەردە ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**سىغىن چىچىكى** ئى. (بوت) نەمخۇش جايلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چىچەك. (كۇچا)

**سىقىمە** ئى. ئادەت، ئەنئەنە. (ئاقسۇ قارىتال)

**سىكىرگۈچ** ئى. (زوئول) چېكەتكە. (لوپنۇر)

**سىكىرمەك** سەسكەنمەك. م: ئۆزۈم ئىچتىم ھاراقنى، سىكىرىپ ساي باشىدا. (قۇمۇل)

**سىلىق** ئى. يېڭى كەلگەن كېلىننىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان نەرسىلەر. (قۇمۇل)

**سىۋەپخانا** ئى. مۇنچا. (خوتەن)

**سىبجىماق** يانپىشى بىلەن سىيرىلىپ ئىلگىرىلىمەك، سىلجىماق (بوۋاقلار). (ئىلى) (قۇمۇل، تۇرپاندا «شىۋجىماق» دېيىلىدۇ)

**سىپا** ئى. ئالامەت، نىشان، بەلگە.

**سىپايلاماق** ئەيمەنمەك. م: باشقالا ئۇ موللۇدۇن سىپايلانتى — باشقىلار ئۇ موللىدىن ئەيمىنەتتى. (لوپنۇر)

**سىپەچ** ئى. سەللىنىڭ تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قىسمى. (خوتەن)

**سىپەر** ئى. قالقان. (قۇمۇل)

**سىپۆك 1** ئى. ‹زوئول› (خەن‹刺蜂) ھەرە، ياۋا ھەرە. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**سىپۆك 2** ئى. ياغاچ قاتارلىقلارنى كېسىدىغان چىشلىق تۆمۈر ئەسۋاب، ھەرە.

**سىتەر** ئى. ۋاقىت ئۆلچىمى؛ كۆچ: ۋاقىت، زامان. (كېرىيە)

**سىجاق** ئى. سىزىق، جىجىق.

**سىجىماق** جىجىماق.

**سىرە** سۈپ. دانلىق. (كېرىيە)

**سىرەك** سۈپ. شالاڭ. (ئىلى)

**سىرت** ئى. ‹ئانات› قوي، كالا قاتارلىقلارنىڭ ئۇمۇرتقىسى. (كېرىيە، مەكىت)

**سىرتلىق ئۆرۈچ** ئى. گىلەمنىڭ يان تەرپىنى تەڭشەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇربىدىغان يىپ. (خوتەن)

**سىرتىق** ئى. خەۋەر، ئۇچۇر، دېرەك. (قومۇل)

**سىركايە** ئى. پىيالە. (ئىلى، تۇرپان) (خوتەن، نىيە، كېرىيىدە «سىنچاي چىنە» دېيىلىدۇ)

**سىركە** ئى. ‹يېم› ئاچچىقسۇ: ئۇزۇم شەربىتى. ئۇزۇم سۈيىنى ئېچىتىش يولى بىلەن تەييارلىنىدىغان چۇچۇمەل ئىچىملىك. (تۇرپان، ئىلى، كېرىيە)

**سىركە پىياز** سۈپ. تاۋى نازۇك، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان؛ ئىشنى تۇجۇپىلەپ قىلغۇچى. (قەشقەر)

**سىركىسى سۇ كۆتۈرمەسلىك** ‹ئىد› گەپ ياكى چاقچاق كۆتۈرەلمەسلىك. (ئىلى)

**سىرلىما نوچى** سۈپ. ‹ئىد› تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال. (خوتەن)

**سىرى** سۈپ. سەرخىل، دانلىق. (كېرىيە)

**سىغۇنوت** ئى. ‹بوت› ئادەمگىياھ. (قومۇل)

**سىقماق 1** ئى. ‹يېم› بىر خىل تاماق. م: ئۇ بىر تاۋاق سىقماقنى خولوپلىتىپ ئىچىۋەتتى. (خوتەن)

**سىقماق 2** ئى. تېزەك بىلەن كۆمۈر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قول بىلەن سىقىپ ياسىغان يېقىلغۇ. (خوتەن)

**سىقىق~سىقىم** سۈپ. ئازاب، جاپا، چەكلىمە. (ئىلى)

**سىڭا ـ پاتا** سۈپ. جايىدا، لايىقىدا. م: گەپنى سىڭا ـ پاتا قىلساق بولارمىكىن؟ (خوتەن)

**سىڭا(ر) كۆز** سۈپ. قىيا كۆز، كۆز قۇيرۇقى. م: سىڭا(ر) كۆزدە قارايدۇ ــ قىيا كۆزدە قارايدۇ. (مەكىت، يانتاق)

**سىڭا(ر)يان** سۈپ. ئەگرى. م: سىڭا(ر)يان كەتتى. (تۇرپان)

**سىڭىر** ئى. بۇرجەك؛ دوقمۇش؛ تۆت كوچا ئاغزى.

(قۇمۇل)

**سىڭرى** قوش. گويا، دەك، تەك. ئوخشىتىش قوشۇمچىسى. (كېرىيە، تۇرپان) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «سەڭرى» مۇ دېيىلىدۇ)

**سىنەكىمەك** ئېتىبار بىلەن قارىماق، دىققەت ئېتىبارىنى قويماق. م: مۇنداق ئىشلارغا سىنەكەپ كەتمەيمەن. (نىيە، قەشقەر)

**سىنەم** سۇپ. (مۇز) ئىنچىكە ئاۋاز، زىل ئاۋاز، سەنەم. (كېرىيە)

**سىنچەكلىمەك** قالىق ياكى باراڭ ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

**سىنجا** ئى. (بىن) تام ئۇستىنىڭ تۆت تەرىپىگە بالانى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان ياغاچ. م: تاملاردىكى خە، سىنجا تۆشۈكلىرىدىن ئۇنىڭ بۇرۇن پېشايۋان لاپاسلىرى بار ئۆيلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. (خوتەن)

**سىنجۇ** ئى. شورلۇق سېغىز توپا. (مارالۋېشى)

**سىنچاي 1** ئى. قۇدىلىشىشتا قىز تەرەپكە دەسلەپ ئاپارغان چاي. (مەكىت يانتاق)

**سىنچاي 2** ئى. ھۆرمەتلىك مېھمانلار كەلگەندە ساھىبخانا چىنىگە ئازراق (بىر ئوتلام) چاي قۇيۇپ، ھەر بىر پىيالىنى چايقاپ مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىچە ئىچىۋېتىدۇ، بۇ چىنەم پاكىز، چېيىمدا زەھەر يوق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەشغۇلات مېھمانلارغا رەسمىي چاي قۇيۇش ئالدىدا داستىخاندا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ «سىنچاي» قۇيۇش دېيىلىدۇ. بۇ مېھمانلارغا تۇتۇلغان «كۆڭۈل چېيى (سىنە چاي)»دۇر. بىر- بىرى بىلەن ئازارلىشىپ قالغانلارمۇ سىنچاي قۇيۇش

ئارقىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەرنى يۇيىدۇ. (كېرىيە) (قەشقەردە بۇ سۆز «سىنچەي» دېيىلىدۇ)

سىنچەك ئى. بېدىش، قالىق، باراڭ. م: سىنچەك بولمىسا كاۋا ئۆگزىگە چىقمايدۇ. (ماقال). (خوتەن)

سىنچى ئى. (بىن) جەگە، لىم. (لوپنۇر)

سىن ـ ساپ سۈپ. بېجىرىم. (خوتەن)

سىنماق ئىشەنمەك. (قومۇل)

سىۋىل سۈپ. نازۇك، ئاجىز، قورقۇنچاق. م: ھەجەپمۇ جېنى سىۋىل بالا ئىكەنسەن! (قەشقەر)

سىياچۇك ئى. ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بوغا. (مەكىت يانتاق)

سىيپاق ئى. سۇۋاق. (تۇرپان ئاستانە)

سىيپاڭ ئى. (تېب) بەدەننىڭ بىر نەرسىگە سۈركىلىپ يارا بولۇپ قېلىشى. (قومۇل)

سىيپە مىق. قېتىم، نۆۋەت؛ ھازىر، شۇ تاپتا. (نىيە، كېرىيە، گۇما، خوتەن)

سىيرىغۇ ئى. ئايالالارنىڭ چاچ تارايدىغان سۈزگۈچى. (كېرىيە) (بۇ سۆز تۇرپان، پىچاندا «سۈزگۈ» دېيىلىدۇ)

سىيرىما ئى. ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدىغان تارتما. م: △ سىيرىما ساندۇق؛△سىيرىما كۆلتۈك

سىيكىنمەك بەدەنگە ئۆششاق قىزىل ئۆرلەپ كەتمەك. م: بالا سىيكىنىپ كېتىپتۇ. (قەشقەر)

سىيگىلخانا ئى. ھاجەتخانا، خالا. (مەكىت)

سىيلە ئى. رەھىم، شەپقەت. م: سىيلە ـ رەھىم ـ رەھىم ـ شەپقەت. (قەشقەر)

**سىيلە قەۋرە** ئى. ئادەم ئۆلۈپ يەرلىككە قويغان كۈننىڭ ئەتىسى قىرائەت ياكى مولّلامنىڭ قۇرئان تەپسىرىنى ئاڭلاش پائالىيىتى. (كېرىيە)

**سىيلىماق** غەمخورلۇق قىلماق، شەپقەت كۆرسەتمەك، كۆيۈنمەك. م: يامان كىشى سىيلىغاننى بىلمەس. (ماقال) (قەشقەر) (بۇ سۆز پىچاندا «سىخولى قىلماق» دېيىلىدۇ)

**سىينە ساندۇق** ئى. كۆڭۈل ساندۇقى، قەلب ساندۇقى؛ مەيدە، كۆكرەك. (كېرىيە)

**سىينە** ئى. (ف‹سىينە› ‹ئانات› كۆكرەك، مەيدە. م: سىينە بەل ــ لىپتىك. (قۇمۇل)

**سىينەك** ئى. ‹زوئول› ئىككى ياشلىق چىشى ئۆچكە. (قۇمۇل)

# ش

**شا بولماق** هوشىدىن كەتمەك، ئېسىنى يوقاتماق. م: ئىمام شا بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى. (ئىلى)

**شاپ** رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك. م: بالام شاپ بولاڭ، بومىسا كېچىكىپ قالىسىز ــ بالام تېز بولۇڭ، بولمىسا كېچىكىپ قالىسىز. (نىيە، كېرىيە، خوتەن، قۇمۇل)

**شاپاق دوپپا** ئى. ئاق خەسىدىن شىرىپ تىكىلگەن دوپپا، لاتا دوپپا. (پىچان)

**شاپاق ئەن** ئى. قوينىڭ قۇلىقىنى تىلىپ، بىر ياپرىقىنى قىسقىراق قىلىپ كېسىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

**شاپاللىماق** قاناتلىرىنى هۆرپەيتىپ قورۇقدالماق (ئۈچار قاناتلار). (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**شاپتۇك** ئى. شۆپۈك، پوست. (نىيە)

**شاپتۇل قاقماق** كۆچ: كۆرەڭلەپ ئۆزىنى كۆرسەتمەك، بويىنىنى سىلكىمەك. (كۆپىنچە ئاياللارغا قارىتىلىدۇ) (ئىلى)

**شاپتۇل مونكى** ئى. شاپتۇلنىڭ يارماي قۇرۇتقان قېقى، مونكى. (قەشقەر)

**شاتاۋا** ئى. گۇللۇك ماتا. (قەشقەر)

**شاخارىماق** شاخلىماق، شاخ ئايرىماق. م: ئۇلار تاش ئارىلىقىدىن شاخاراپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئەگرى قارىغايغا تىكىلدى. (خوتەن)

**شاخشا** سۈپ. زىلۋا، قاملاشقان، كېلىشكەن. م: تام بېشىدا ئولتۇرادۇ، شاخشا بويلۇق شا يىگىت. ئاغزىدىن شەرۋەت ئاقادۇ، شەرۋىتى ئالتۇن يىگىت. (قۇمۇل)

**شاخشارما** سۈپ. چۇل ـ چۇل، پاچاق ـ پاچاق، كۆكۈم ـ تالقان. م: ئوتۇننى يېرىپ شاخشارما قىلىۋەتتى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز «شاخشا» مۇ دېيىلىدۇ)

**شاخشاق** ئى. ‹ئانات› قوي ـ كالىلارنىڭ تۇۋىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدىغان بىر جۈپ كىچىك كۆمۈرچەك؛ كۆچ: ئاغزى ئىتتىك، يەڭگىلتەك، جىم تۇرمايدىغان، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ گەپ توشۇيدىغان ئايال. م: △قوي پاچىقىنىڭ شاخشىقى؛ △شاخشاق خوتۇن. (لوپنۇر)

**شاخشۇر~شۇراخقا** ئى. تاغ جىنسلىرىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئۇششاق تاشلار. (قۇمۇل)

**شاخشىلە** ئى. كۆن نۇرى چۈشمەي پىشقان تاماكا.

(كېرىيە)

**شاخىنە** ئى. شاتراق. م: شاخىنە قويۇۋەتتى ــ شاتراق قويۇۋەتتى. (قەشقەر)

**شاخىنەك 1** ئى. ئويماق، تىككۈچىلەر يىڭنە ئىشىدا يىڭنە سانجىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بارمىقىغا كىيىۋالىدىغان ئويماق. (قەشقەر، خوتەن، مەكىت)

**شاخىنەك 2** ئى. ‹بوت› پىشىپ ئېزىلىپ كەتكەن ئۆرۈك. (قەشقەر)

**شاخىنەك 3** ئى. بىلەزۈك. م: ئوڭ قولۇغا ياراشىپتۇ، يارى بەرگەن شاخىنەك. (لوپنۇر)

**شادا** ئى. ئۆسۈملۈكنىڭ غولى؛ چاقنىڭ گۇگۇسۇنى، ئوقى؛ قاشا (رىشاتكا). م: △كېۋەز شادىسى؛ △ چاقنىڭ شادىسى؛ △ شادىلىق كارۋات ــ رىشاتكىلىق كارۋات. (خوتەن، لوپنۇر)

**شاراجىل~شاراچىن** ئى. ‹بوت› توپ ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى ئۇششاق، ئەمەنگە ئوخشاش سارغۇچ ئېچىلىدىغان بىر خىل ئوت. قوي ئامراق. (قۇمۇل)

**شارۇپ** ئى. مەنچاناق. قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ياغاچ قۇرۇلما. (خوتەن)

**شاقارەت قىلماق** ھاقارەت قىلماق، زاڭلىق قىلماق، مازاق قىلماق. م: بىززى (بىزنى) شاقارەت ئايتىۋاتادۇ. (لوپنۇر)

**شاقاڭلىماق** پالاقلىماق، شالاقلىماق. م: ئۇ دەرياغا شاقاڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. (كېرىيە)

**شاق ـ شاق** مىق. چىپ ـ چىپ. م: شاق ـ شاق تەرلەش ــ چىپ ـ چىپ تەرلەش. (لوپنۇر)

**شاقۇر** ئى. شارقىراتما. (كۇچا) (بۇ سۆز لوپنۇردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«شاقۇرۇن» دېيىلىدۇ)

**شاقىدىماق** تاش بەدەنگە تۇخۇم چېپىپ بەرمەك. م: بالىنى تۇخۇمدا شاقىداپ بەرسە، ئاسان ساقىيىدۇ (مەكىت)

**شاقىلداق** ئى. بىر خىل ئويۇنچۇق.

**شاكال بەدىيان** ئى. ‹بوت› كاۋاۋىچىن، خاجو. (قەشقەر پاخپۇ)

**شاكال توپ** ئى. ‹تەن› تىكتاك توپ. (قەشقەر)

**شاكۇم** ئى. تويغا ئاپىرىدىغان سوۋغات، بوسۇت. (نىيە)

**شاكىلاك كېپىش** ئى. ساپما كەش. (پىچان)

**شاك 1** ئى. ئۆتۈكنىڭ قونچىغا ئورنىتىلغان ياغاچ قېلىپ. (تۇرپان)

**شاك 2** ئى. يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان پاختا رەخت. (شايار) (بۇ سۆز خوتەندە «ماتا، بۆز، يەرلىك رەخت» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ)

**شاڭغۇر ـ شۇڭغۇر** تەق. جاراڭ ـ جۇرۇڭ. (قۇمۇل)

**شالاسىن** ئى. شالا. مەشنىڭ كۆل چۈشىدىغان تەگلىكى.

**شالاڭزا** سۈپ. بۇرنى ئاق (قوي). (تۇرپان)

**شالدام** سۈپ. شالى ئېقىپ تۇرىدىغان ئادەم. (مەكىت)

**شالدۇرۇق** ئى. شالداما. (مارالۋېشى چارباغ، مەكىت) (بۇ سۆز شاياردا «شالدامچى» دېيىلىدۇ)

**شالدىرشاپ~شالدىراپ** ئى. ئۇچمە ياكى ئۆرۈك قېقىپ چۈشۈرىدىغان داستىخان. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان) (بۇ سۆز قەشقەر، خوتەندە «شىدىشاپ~شىدەشاپ» دېيىلىدۇ)

**شالدىرشاق** ئى. ‹بوت› قويلار يەيدىغان بىر خىل ئوت. (نىيە)

**شالۇق** ئى. شال، شۆلگەي، شالۋاق. م: شالۇق ئېغىز. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «شالۋاق».)

قەشقەر، ئىلىدا «شال»، بەزى جايلاردا «شۆلگەي» دېيىلىدۇ)

**شالىغۇچ** ئى. سەۋزە قاتارلىقلارنى شالايدىغان (قىرىدىغان) سايمان، سەۋزە قىرغۇچ. (قۇمۇل)

**شالىماق 1** سەپمەك. (قۇمۇل)

**شالىماق 2** قىرماق، ئاقلىماق (سەۋزە)؛ ئىلغا ئاغرىقنى ئىلماق. (قۇمۇل)

**شالىماق 3** قىيمىغا توز ئىلەشتۈرمەك. (خوتەن)

**شامال ساندۇقى** ئى. قول ياكى دۇڭگاتېل بىلەن ئايلاندۇرۇپ شامال چىقىرىش ئارقىلىق تېپىلگەن دانلىق زىرائەتلەرنىڭ سامىنى بىلەن دېنىنى ئايرىيدىغان بىر خىل قۇرۇلما.

**شامال كېسىلى** ئى. ‹تېب› بىر خىل كېسەللىك. (قۇمۇل) (بۇ مەكتەتە «قارا شامال كېسىلى» دېيىلىدۇ)

**شامبا** ئى. چوڭ سۈپۈرگە. (شايار)

**شام قۇشقىچى** ئى. ‹زوئول› بوينى قارا، بېشى ئاق قۇشقاچ. (قۇمۇل)

**شاناز كەتمەن** ئى. ئۇزۇنچاق، بۆرەكسىمان كەتمەن. (قەشقەر)

**شاۋۇكا** ئى. ‹بىن› سىنجا ياكى بالاغا قىزىل رەخت ياكى قەغەز ئوراپ ياساش ئۇسۇلى. (كېرىيە)

**شاي** سۈپ. شاش، كۆندۈرۈلمىگەن، تېز، يوگۇرۈك. (قۇمۇل، ئىلى)

**شاياردى** سۈپ. داۋراڭچى، پوچى. (قۇمۇل)

**شايلىماق 1** خۇش قىلماق.

**شايلىماق 2** نەشىنى ئۈۋۈتۈپ تەييارلىماق. (كېرىيە)

**شەپشۇك** سۈپ. شەپشەك، شوخ، بەڭۋاش، شاللاق، تەنتەك، بەتخۇي. م: △شەپشەك ئات؛ شەپشەك چوكان. (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**شەتتارى** سوپ. ئورۇق، ئاۋاق. (كېرىيە)

**شەترەنجى** ئى. 〈تەن〉 شاھمات. (خوتەن)

**شەررەك** ئى. ھايۋانلارنى سويغاندا بويىنىدىن كېسىپ تاشلىۋېتىلىدىغان قان ئارىلاش نىپىز گۆش؛ كۆچ: ئورۇق، ئاۋاق كىشىلەرنى تىللىغاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (نىيە)

**شەر- شەر** يۇك. بارىكاللا، ھەشقاللا، رەھمەت. («ھەششەرە»مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**شەشكەن** ئى. چوكانتال. (كېرىيە)

**شەك تارتماق** كاۋنىنىڭ تۇۋىگە قىغ يۆلىمەك. (كېرىيە)

**شەلپەر نان~شەلپە نان** ئى. 〈يېم〉 كاكچا نان، چاۋات. (لوپنۇر)

**شەللەك** ئى. گۆشنىڭ چاندىرى. (قۇمۇل) (تۇرپاندا بۇ سۆز «شەللەت» دېيىلىدۇ)

**شەللەڭ گويەك** ئى. چاچتەڭگە. (خوتەن)

**شەلىگا** سوپ. گاللۋاڭ، ھاماقەت؛ ۋاللاقتەگكۇر، گېپىنىڭ تۇتۇرۇقى يوق. (قۇمۇل)

**شەيتان سىيمەك** قول ئالىقانلىرى سارغىيىپ قالسا «شەيتان سىيىپتۇ» دەپ قويىدۇ. (مەكىت)

**شەيدا** ئى. كۆتۈرمە بۆك. پوسما. م: بالانى شەيداسى — بالىنىڭ پوسمىسى. (لوپنۇر)

**شەيلىمەك** چەنلىمەك. م: ئۇ جىننى شەيلەپ بېرنى ئۇردى.

**شوپۇرچى** ئى. شىرىق چاپان. (مەكىت يانتاق)

**شوپۇق ئەتمەك** مىتكوت بولۇپ، ئۇشۇق ئىششىپ كەتكەندە، تۆگە يۇڭىنى شاكاراپقا چىلاپ شوپۇق ئېتىپ تاڭماق. (ئىلى)

**شوتا ئات** ئى. ئىچ ئات، شوتىغا قوشىدىغان ئات. (خوتەن)

**شوت- شوت** سوپ. ۋاللاقتەگكۇر. (قەشقەر)

شوچا	ئى. ‹يېم› بىر خىل تاماق. گۆش، كۆكتات، پىنتوزا قاتارلىقلارنىڭ شورپىسىغا، دورا-دەرمەكلەرنى تېتىتىپ تەييارلىنىدۇ. (قۇمۇل)

شوخلا	ئى. ‹بوت› ئىت ئۈزۈمى. (كېرىيە)

شوخلا چۆپ	ئى. ‹يېم› شوخلا سېلىپ ئېتىدىغان چۆپ. (قەشقەر)

شوداڭ	سۈپ. ئىنچىكە، ئېگىز، توغرىسىغا يوغىنىماي، ئېگىزگە ئۆسكەن ھەر قانداق نەرسە. (ئىلى)

شودرۇق	ئى. سويلا ئىنچىكە، ئۇزۇن بادرا، خادا ياغاچ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «شورۇق» دېيىلىدۇ)

شوركا	ئى. ‹زوئول› بۆدۈنىنىڭ مېكىيىنى، چىشى بۆدۈنە.

شوغ	مىق. پارچە، دانە، تال. م: بىر شوغ قىزىل مۇرچ — بىر تال قىزىلمۇچ.

شوكۇم	ئى. ئىتائەت، يېلىنىش؛ مېھمانلار توي ئىگىسىگە ئېلىپ كەلگەن سوۋغات.

شوللۇكۋاز	ئى. سۆخەنچى، گەپ توشۇغۇچى. (كېرىيە)

شوم	ئى. داۋراڭ. (قۇمۇل)

شومچى	سۈپ. كۆز-كۆزچى، دامدامچى، داۋراڭچى، ماختانچاق. (قۇمۇل)

شوم قىلماق	كۆز-كۆز قىلماق، داملىماق، ماختىماق. (قۇمۇل)

شوۋا	ئى. ئۆزىگە يېقىن ھېسابلانغان كىشىلەرنى ئاتاش سۆزى. «ئاداش، دوست» مەنىسىدە. (كېرىيە)

شوينا بەل	سۈپ. نازۇك، ئاجىز؛ بېلى بوش، بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ، جاپادىن قاچىدىغان، ئاقنانچى. (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

شۈپتاق ئى. ياۋىداق، ئېگەرسىز ياكى ئۇچۇلۇقسىز ئات ــ ئۇلاغ. (نىيە)

شۈپۈر 1 ئى. كېسىلگەن شاخ ــ پۇتاق، شاخ ــ شۇمبا. (تۇرپان)

شۈپۈر 2 ئى. شاپتۇلنىڭ شۈپىكى. م: يىگەن شاپتۇلنىڭ شۈپۈرىدا ئۆتكەمىنىڭ تۆشۈكلىرىنى چاپلاپ... (لوپنۇر)

شۈپۈك ئى. ‹بوت› چىۋىق. (مەكىت)

شۈت ئى. شوتا. (نىيە)

شۈدايماق گەۋدىلەنمەك، يالىڭاچلىنىپ قالماق. م: قاتتىق مۆلدۈردىن كېيىن، كۆممىقوناقلار يالىڭاچلىنىپ شۈدىيىپ كېتىپتۇ. (قەشقەر)

شۈدلۇق~شۈدى بار سۈپ. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمىدىغان، بىر ئىشنى يولىدا قىلالايدىغان؛ قابىلىيەتلىك، چىدامىلىق؛ شوخ، ئوچۇق. م: بەكمۇ شۈدى بار ئايال ئىكەن، شۇنچە دەرد ــ ئەلەمگە چىداپ، يەنە ئۆرە يۈرۈۋاتىدۇ. (خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، (بۇ سۆز نىيىدە «شۈتلۈغ» دېيىلىدۇ)

شۈر ئى. چىلە، قىغ. ئېغىلدىكى پوق ــ سۈيدۈكنىڭ ئارىلاشمىسى. (قۇمۇل)

شۈرداق ئى. زىننەت، بېزەك. (قەشقەر)

شۈرلىما ئى. ‹بوت› كۆممىقوناق. (قۇمۇل)

شۈرلىماق چالا كۆيدۈرمەك، پۇچۇلىماق. م: قوناق شۈرلىماق ــ قوناق پۇچۇلىماق. (قۇمۇل)

شۈشىماق ياغىسىرىماق. م: باللار شۈشاپ كەتتى ــ باللار ياغىسراپ كەتتى. (ئىلى)

شۈغۈر ــ شۈغۈر سۈپ. ناھايىتى كۆپ. (تۇرپان)

شۈغۈنۈتتە رەۋ. شۇ يەردە. (قۇمۇل)

**شۇڭگۇتماق** ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنىدىن خېمىر قىلىنىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق. قوناق ئۇنى سۇيۇقراق يۇغۇرۇلۇپ، قايناۋاتقان قازانغا كومۇلەك قىلىپ سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ. (خوتەن، كېرىيە)

**شۇمبا** ئى. كەكە ياكى كەتمەننىڭ دەستە كىرگۈزىدىغان تۆشۈكى. (خوتەن)

**شۇمقۇش** ئى. ‹زوئول› مۇشۇك ياپىلاق. (لوپنۇر)

**شۇنا** ئى. جىگدە شېخى. (خوتەن)

**شۆپۈك ئېغىز** سۈپ. گەپ تاپقاق، گەپ توشۇغۇچى، ئاغزى بوش. (تۇرپان)

**شۆرلىمەك** ئاختۇرماق، مالتىلىماق، ئاربلاشتۇرماق. (قۇمۇل)

**شۆلتەڭ** سۈپ. ۋالاقتەگكۈر. (قۇمۇل)

**شۆلتەڭلىمەك** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك، كاپشىماق. (قۇمۇل)

**شۆلۈمدىمەك** ئاغزىدا شوراپ ھۆل قىلىپ قويماق. (قۇمۇل، ئىلى)

**شۆۋەك** سۈپ. ‹تىل ھا› ئادەم تىللايدىغان ھاقارەت سۆزى. م: ھاي شۆۋەك! نېمە بولدى ساڭا؟ (نىيە)

**شۈپتۇر** ئى. پوق - سۈيدۈكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى (پاسكىنا ئادەملەرنىمۇ «شۈپتۇر» دەپ تىللايدۇ) (تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى)

**شۈت** رەۋ. شۇ يەر. (قۇمۇل)

**شۈتە** ئى. يىپەك. (قۇمۇل)

**شۈتۈمە قىلماق** يىتۈپ كەتتى، دەپ تۇرۇۋالماق. (نىيە)

**شۈدە** سۈپ. قاسماق، ماي يۇقى ئۈستىگە توپا قونۇپ ھاسىل بولغان قاسماق. (تۇرپان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**شۇشە** ئى . ‹بوت› بىر خىل خوش پۇراق ئوت.

**شۇكلۇك** ئى . يۇكلۇك ، ئاسقۇ. ئىلغۇچ . (نىيە)

**شۇللە** ئى . ‹يىم› شوۋىگۇرۇچ . (كېرىيە)

**شۇمەك** ئى . قوناق مەدىكى . (خوتەن)

**شۇمدەكلىمەك** شىمايلىماق ، تۇرمەك . (ئىلى) (بۇ سۆز تۇرپاندا « شىمايلىماق » دېيىلىدۇ)

**شۇمشۇك** سۈپ . گېلىغا ئامراق ، ئاچ كۆز، نەرسىلەرنى ئوغرىلىقچە يەۋالىدىغان بالا (قومۇل)

**شۇمۇر** ئى . ‹يىم› ئۇماچ . (خوتەن تامئېغىل)

**شۇيزى** رەۋ. ئاشۇ تەرەپ ، شۇ يوزى . (قومۇل)

**شىپ** ئى . ‹بىن› تورۇس ، ئۆي ئىچىنىڭ ئۈستى . (قومۇل ، تۇرپان ، پىچان ، خوتەن)

**شىپا** سۈپ . سۆز- ھەرىكىتى نازاكەتلىك، تۇرمۇش ، ئىش- پائالىيىتى رەتلىك. پوختا ھەم پاكىز ئادەم . (تۇرپان ، قەشقەر)

**شىپاق كەش~شىپەك كەش** ئى . ساپما كەش . (قەشقەر) (بۇ سۆز مەكتتە « شىپەك »، نىيە ، تۇرپاندا « شىپىلداق » دېيىلىدۇ)

**شىپە** ئى . يەر قوشنا ، ئېتىز قوشنا . (كېرىيە)

**شىپشىدار** سۈپ . ناھايىتى زىچ ، ناھايىتى قويۇق ، ناھايىتى قېلىن . (ھەم كۆپ ھەم زىچ ، ھەم مىغ- مىغ ھالەتنى بىلدۈرىدۇ) م: شىپشىدار دەرەخلەر — قويۇق دەرەخلەر. (قومۇل)

**شىپقىماق** ئالدىغا سۈرۈلمەك ، ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئالدىغا سۈرۈلمەك . م: قارا ساقال كىشى شىپقىدى . (ئىلى) (قومۇل ، تۇرپاندا « شىمۇجىماق » دېيىلىدۇ)

**شىت** ئۇن . ئۆردەكنى ھەيدەش ئۈندىشى .

شىداق سۆپ. ئاۋاق، ئورۇق. (خوتەن، نىيە، كېرىيە) (شاياردا بۇ سۆز «شىرداق» دېيىلىدۇ)
شىددەت سۆپ. مۇتەئەسسىپ، دوگما. (نىيە)
شىرا ئى. كالا تېرىسى. (قۇمۇل)
شىراغول سۆپ. جاھىل، گەپ ئۆتمەس، قېلىن. (قۇمۇل)
شىرەم 1 ئى. سىزىپ ئاققان سۇ. (قۇمۇل)
شىرەم 2 ئى. سازلىق يەر. م: شىرەمگە باغلىغان ئېشەك. (خوتەن)
شىرداگا سۆپ. تويماس، ئوپقان. (قۇمۇل)
شىرغا ئى. سېپىتىلانغان كۆن. م: شىرغا توقۇم. (كۇچا)
شىرلىشىپ قالماق قاسقاندا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكنىڭ ياخشى پىشماي، قېتىپ قېلىشى. (بەزى جايلاردا «شىردىشىپ» دېيىلىدۇ). (خوتەن)
شىش ئى. ساڭزا سالىدىغان چوكا؛ ئارغامچا تۆگۈنلىرىنى يېشىدىغان مۈڭگۈز ياكى ياغاچ زىخ. م: بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش (ماقال). (قۇمۇل)
شىشى ئى. ماتا، خام. (ئاقسۇ)
شىغا سۆپ. سۇس قىزىلغا مايىل بىر خىل رەڭ. (كېرىيە)
شىغىلداق سۆپ. يەڭگىلتەك، مىجەزى يېنىك، ئويۇنپەرەس. م: شىغىلداق ئايال. (ئىلى)
شىكاراپ ئى. ‹يېم› زاغرا. (قۇمۇل)
شىكشىن ئى. ئۆتكۈنچەك. بۇغداي، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دان ئالماي قالغان قالدۇقى ياكى تاسقىغاندىن كېيىن قالغان قالدۇقى. (قۇمۇل)
شىلك ئى. يىپ ئېگىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سايمان. (كېرىيە)

**شىڭتايماق** دىڭگايماق، تىك كۆتۈرمەك. م: △ ئاتلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ تىپىرلايتتى؛ △ كېيىكلەر ئەتراپقا شىڭتىيىپ قارايتتى؛ △ كېيىك بىچارە غېمىدە يوق شىڭتىيىپ جىم تۇراتتى. (ئىلى) (بۇ سۆز خوتەندە «شىڭغايتماق» دېيىلىدۇ)

**شىڭلى** ئى. پىلتە، لەغمەن پىلتىسى. (خوتەن)

**شىلدىپ** ئى. ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق يېپىنچا. (ئىلى)

**شىلدىشاپ** ئى. كىرلىك، يوتقان ـ كۆرپە كىرلىكى. (قەشقەر)

**شىلگەي** ئى. خالات، شالدۇرۇق. (خوتەن)

**شىللىپاتاڭ** ئى. تاياق، تەستەك؛ پەشۋا. (كېرىيە) (بۇ سۆز نىيىدە «شاللىپاتاڭ» دېيىلىدۇ)

**شىلۋە** ئى. ‹بوت› تاغدا ئۆسىدىغان جىگدىگە ئوخشايدىغان مېۋىلىك دەرەخ. (قۇمۇل)

**شىلىشماق** چاپلاشماق، يېپىشماق. (كېرىيە)

**شىلىمەك** كېسىپ ئاجراتماق، كۈرىمەك. م: قار شىلەش ـ قار كۈرەش. (لوپنۇر)

**شىمچى** ئى. يىپ بىلەن باغلايدىغان ئىشتان. (پىچان)

**شىمشانماق** تىمىسقىلىماق، مارىماق. (قۇمۇل)

**شىمىقماق** قورۇلۇپ كىچىكلەپ كەتمەك. م: △ ھۆل قوناق شىمىقىپ كىتىپتۇ؛ △ ئۈنىڭ پۇتىدىكى ئىششىق شۇمۇقاپ قاپتۇ. (ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان) (بۇ سۆز قۇمۇل، تۇرپاندا يەنە «شۇمۇقماق» مۇ دېيىلىدۇ)

**شىنەك ئۇينىماق** بىر ـ بىرى بىلەن قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ پىششىق ـ خاملىقى ھەققىدە بەسلەشمەك.

(كېرىيە)

**شىنەك ئۇرماق** چاقماق ئۇرماق، قوغۇن- تاۋۇزنىڭ پىششىق- خامىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كىچىك يېرىنى كېسىپ سىناپ كۆرمەك. (كېرىيە)

**شىۋاق** ئى. سازلىق، چىملىق. (قۇمۇل)

**شىۋانچى** ئى. تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغ. (پىچان)

**شىۋە~شىۋەدان** سۈپ. تولا سىيىدىغان، سىيگەك. (نىيە)

**شىۋەر** ئى. ئېغىلنىڭ چىلىسى، قىغى. (قۇمۇل)

**شىۋەلىك** ئى. سازلىق، كىچىك دائىرىدىكى سازلىق. (خوتەن، پىچان)

**شىۋەكچى** سۈپ. گەپ تاپقۇچى، گەپ توشۇغۇچى. (تۇرپان)

**شىۋىرغاق** ئى. (ئانات) چارۋا ماللارنىڭ تۆيىقى ئىچىدىكى سۆڭەك. (قۇمۇل)

# غ

**غاپشىماق** ھاۋشىماق، قاۋىماق. م: ئىت غاپشىدى.

**غاتاڭ** ئى. كۆتەك. م: غاتاڭدەك ئادەم — كۆتەكتەك ئادەم. (قەشقەر)

**غاجىماق** قايىماق، قېيىپ قالماق. م: ئېشىك غاجىپ (قېيىپ) قاپتۇ. (لوپنۇر)

**غاچچا** ئى. (بوت) چار ئوت، سۈتلۈكئوت، بىر خىل ئوتنىڭ ئىسمى. م: غاچچا، چۇجگۈن. يالپۇزلار ئۆسۈپ كەتتى. (نىيە، مەكىت) (بۇ سۆز شاياردا «غاچچى»، ئاقسۇدا «غەچچەي» دېيىلىدۇ)

**غاداڭشىماق** قېرىماق، ئاجىزلىماق، زەئىپلەشمەك (كېرىيە)

**غادان** سۈپ. دائىملىق، تۇراقلىق. م: غادان بوغان مۇساپىرغا — دائىملىق مۇساپىرغا. (كۇچا)

**غادىر- سۇكۇر** ئاختۇرماق، تىنتىماق. م: ئۆيگە بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

كىرىپ ھەممەيلەننى غادىر- سوكۇر قىلدى. (قەشقەر)

غارا ئى. قويۇق جاڭگاللىق. (كېرىيە دەريا بويى)

غارال 1 ئى. 〈بوت〉 قوتاننىڭ شادىلىق ياغاچ ئىشىكى، بالداقلىق توساق، رىشاتكىلىق قاشا. ئېغىللارنىڭ ياغاچ بالداقلىق توسىقى. (كېرىيە، خوتەن)

غارال 2 سوپ. ساپ، پۈتۈنلەي، تامامەن. م: غارال قومۇشلۇق. (خوتەن)

غارەك سوپ. خىر- خىر، خىرىلداپ سۆزلىگۈچى. (ئاقسۇ قاراتال)

غار- غار ئى. يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ ئوقى.

غارغالتا ئى. پورت، قولۋاق ياكى كىيمە توختىتىدىغان ئورۇن. (لوپنۇر)

غارىشتامال ئى. 〈زوئول〉 شەپەرەڭ. (لوپنۇر)

غاز قوغۇن ئى. 〈بوت〉 قوغۇننىڭ بىر تۈرى. (خوتەن)

غالجاق ئى. 〈زوئول〉 چىشى كېپىنەك. (قۇمۇل) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «قالجاق» دېيىلىدۇ)

غالغۇي سوپ. تەرسا، سەپرا، ئەڭگىز، كاج.

غالغىماق غالىلدىماق. م: قورقۇپ غالغىپ تىترەپ كەتتىم. (لوپنۇر)

غالمۇس- غۇلمۇس تەق. شالاپ- شۇلۇپ. (قۇمۇل)

غالۋارىماق پايپېتەك بولماق، تەمتىرىمەك، ئالدىراپ- تېنىمەك. (ئىلى، پىچان)

غانجۇغا ئېرىق ئى. تارماق ئېرىق. (قۇمۇل)

غانجۇ قاۋاق ئى. 〈بوت〉 بوغما قاپاق. (قۇمۇل)

غايلىماق دەلدەڭشىمەك، چەتلىمەك، قېيىپ كەتمەك: غۇلىماق. م: △ مىلتىق ئوقى يامان نىمە

ئۇيــان ـ بۇيــان غايلىمــاس، يىــراقتىكى يــار
كەلگــۈچە يــۈرەك ـ بىغىـــر پــايلىماس؛ △
ئۆزگۈدۈن (ئۆگــزىدىن) غايلاپ (غۇلاپ) چۈشتۇم.
(قۇمۇل، لوپنۇر)

**غايمۇق** ئى. ‹زوئول› قارا قارلىغاچ. (قۇمۇل)

**غاينۇق** ئــى. ‹زوئـول› ئـارغۇن. قوتــازنىڭ يــەرلىك كــالا
بۇقىسىدىن تۇغقان بالىسى. (قۇمۇل)

**غەپسە** ســۈپ. بــەك، ناهــايىتى، ئەجــەب. م: غەپســە
يوغان ئادەم ئىكەن. (قەشقەر)

**غەجەپ** ئى. خەتكۈچ. كىتــاب ئوقۇغــاندا، يەتكــەن يەرگــە
قىســتۇرىدىغان گــۈل چىقىــرىپ ياســىغان قەغــەز
ئايرىغۇچ. (قۇمۇل)

**غەجەپ سالماق** پـــۈكمەك. م: غەجـــەپ سې(لى)پ قويـــدۇم
كۆڭلۈمگە ـ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. (قۇمۇل)

**غەجرۇق** ئـــى. ‹بـــوت› كـــۆك چىچەكلـــەيدىغان، دەم
سىقىلىشقا پايدا قىلىدىغان ئۆسۈملۈك. (نىيە)

**غەزنە** ئى. يىپەك ۋە بۆز ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان بىــر
خىل رەخت. (كېرىيە)

**غەزىمەت** ئى. ‹بوت› ئالمىنىڭ بىر تۈرى. م: بىر مەڭزى
قىزىل غەزىمەت ئالمىسى. (خوتەن)

**غەزنىمەت** ئى. تاپا ـ تەنە. (خوتەن)

**غەسسال** ئـى. مېيىتــنى يۇيىدىغــان، غۇسـلى قىلــدۇرۇ ـ
دىغان ئادەم. (ئىلى، نىيە)

**غەلبىر** مــق. ئېغىــرلىق بىــرلىكى.1 غــەلبىر=71.68
كىلوگرام

**غوپ ـ غوپ كەلمەك** بـــوش كــېلىپ قالمــاق. م: چاپــان
ئۇچامغا غوپ ـ غوپ كېلىپ قالدى. (تۇرپان،
خوتەن)

**غوجا خونەك** ئى. ‹زوئول› بىر خىل ياۋايى قۇش. (لوپنۇر)

**غوجا كۆرسۇن** سۇپ. ‹ئىد› خوجايىن ياكى باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىشنى كۆرسىتىپ قىلىپ، ياخشىچاق بولۇشقا خۇشتار ئادەم. م: تازا غوجا كۆرسۇن نېمىكەن. (ئىلى)

**غوجام چاڭگىلى قىلماق** ‹ئىد› ھەممىگە چات كېرىۋالماق، مونوپول قىلىۋالماق. (قەشقەر)

**غوجۇ بولماق** 6-، 7-، 9- ئايلاردا غاز- ئۆردەكلەرنىڭ تۈك تاشلىشى. (لوپنۇر)

**غودۇراڭغۇ** سۇپ. كوت- كوت، غۇدۇڭشىغاق. (قەشقەر)

**غودىرا** ئى. ئورۇلماي قالغان باشاقلار. م: غۇدىرانى قويموي — باشاقلارنى قالدۇرماي. (لوپنۇر)

**غودىرىماق** كوتۇلدىماق، نارازى بولۇپ سۆزلىمەك. (خوتەن)

**غوراپ** ئى. خام ئۈزۈم، توڭ مېۋىنىڭ سۈيى. (كېرىيە، خوتەن)

**غوزاق** ئى. مىشەك، پىستان، مىلتىق ئوقىنىڭ غوزىكى. (قۇمۇل)

**غوزو** ئى. مەڭگەن، بۇغداي پاخلى، ئۈيە. (لوپنۇر)

**غوش** ئۈن. قوينى نېرىغا ھەيدەش ئۈندىشى. م: قويۇڭنى چەتكە «غۇش» قىلغىن. (خوتەن، نىيە)

**غوڭ قاپاق** ئى. كەپتەرلەرنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە ئېسىپ قويىدىغان كىچىك قاپاق، كەپتەرلەر ئۇچقاندا غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىدۇ. م: كەپتەرۋازلار ئىشلىتىدىغان غوڭ قاپاقچە بار ئىدى. (قەشقەر)

**غول** ئى. دەريا، ئۆستەڭ، ئېقىن؛ تەكتى، ئەسلى. م: ئۇلۇغ- ئۇلۇغ سۇنى كەچتىم، يەنە بارمۇ

غـول، ئاسـان قـىـل پەرۋەردىگـارىـم مـەن يېـتـىم ئوغۇل. (قۇمۇل)

**غولجا** ئى. ‹ئانات› قاڭشار؛ قۇلاقنىڭ تۇۋى. م: △ بۇ تازا غولجالىق بالا ئىكەن؛ △ غولجاسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويسام تىك چۈشتى. (نىيە)

**غول ئۇستىخان** ئى. ‹ئانات› ئۇمۇرتقا. گەردەندىن بەلگىچە بولغان ئۇمۇرتقا سۆڭەك. (مارالۋېشى، شايار)

**غولى~غۇلى** تىر. زادى، پەقەت، ھەرگىز. ئاشۇرۇش، تەكىتلەش تېركەلىمىسى. (خوتەن، نىيە، كېرىيە)

**غۇچچۇق** ئى. قىچىق.

**غۇجۇرى كەلمەك** تەسىرلەنمەك، قايىنىماق، غەزەپلەنمەك. ھايا-جانلانماق. (قۇمۇل)

**غۇجۇم** ئى. سېپىدىن ئاجراپ كەتكەن ئۇۋاق ئۇزۇم. (خوتەن)

**غۇجىكا** ئى. كۈيئوغۇل بولغۇچى قېيناتىسىنى ياكى ھامما ۋە ئۆزىگە يېقىنراق تۇغقانلىرىنىڭ ئەرلىرىنى شۇنداق ئاتايدۇ. (قەشقەر)

**غۇدا** ئى. ئورەك، ئازگال. (پىچان)

**غۇرتەك 1** سۈپ. شوخ بالا. (خوتەن) (تۇرپان، قەشقەردە بۇ سۆز «شۇمتەك» دېيىلىدۇ)

**غۇرتەك 2** مىق. يۇتۇم، ئوتلام. م: ئۇنىڭ بىر- ئىككى غۇرتەك ئاتقۇسى كەلدى. (قەشقەر) (بۇ سۆز لوپنۇردا «غۇرتتام» دېيىلىدۇ)

**غۇرتتاماق** ئوتلىماق، سۈمۈرمەك، يۇتماق. م: مەن تاغى (تېخى) ئاغزىمغا سۇما غۇرتتامادىم (ئوتلىمىدىم). (لوپنۇر)

**غۇژغۇن** سۈپ. تېز ئاچچىقى كېلىدىغان، سەپرا؛ زىچ، قويۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**غۇست ـ غۇست** ئۇن. قوينى ھەيدەش ئۇندىشى. (گۇما)

**غۇلۇ** ئى. تۇگمەننىڭ كويلىسى. م: تۇگمەننىڭ غۇلۇ-
سىدىن پۇتۇن چىقىدىغان نەرسە. (مەكىت)

**غۇلاجىماق** غۇلاچلىماق. م: ئوغلىنىڭ چالغىنى غۇلا-
جىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ، تولغىنىپ
چېپىشلىرىنى كۆرۈپ... (ئىلى)

**غۇلاجىن** ئى. ‹زوئول› يىڭناغۇچ. (پىچان)

**غۇلاسەن** سۈپ. چوڭ، گەۋدىلىك، قامەتلىك. (قەشقەر)

**غۇلجا** ئى. ‹زوئول› ياۋا قوي (ئارقار) نىڭ ئەركىكى،
غۇلجا. (قۇمۇل، ئىلى)

**غۇلغۇر** سۈپ. چوناق، قۇلىقى كەمتۈك. (قۇمۇل)

**غۇلغۇن** مىق. توپ، ئادەملەر توپى. م: △غۇلغۇن بازار:
△ئۇ قەدىمىنى چوڭ- چوڭ يۆتكەپ
غۇلغۇندىن تېزلا ئايرىلدى. (قەشقەر)

**غۇلغۇي** ئى. غۇلغۇلا، توپىلاڭ، مالىمان، ئەنسىزلىك.
م: غۇلغۇي كۆتۈرمەڭلار. (قەشقەر)

**غۇلۇتمان** ئى. گۇلخان. م: غۇلۇتمان بولۇپ يالجىپ
يانادۇرمەن. (غۇلۇتمان ـ تالادىكى ئوچاق
بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر جاڭگالغا چىققاندا
يەرنىڭ ئۈستىگە ئوت قالايدۇ. بۇنداق ئوت
ئوچۇق يەردە بولغاچقا كېچىسى ناھايىتى
يىراق يەرگە كۆرۈنىدۇ ھەمدە بەكمۇ يالقۇنلۇق
كۆيگەندەك بولىدۇ.) (لوپنۇر)

**غۇم ـ غۇم يېمەك** ئىتتىك يېمەك، تېز- تېز يېمەك. (كېرىيە)

**غۇملىماق** دەرد ئېيتماق، كوتۇلدىماق. (خوتەن)

**غۇمۇكلەشمەك** بىرلەشمەك، تىل بىرىكتۈرمەك. م: ئۇ ئاباق
بىلەن غۇمۇكلىشىپ... (قەشقەر)

**غۇنچا** ئى. ساپالدىن گۇل چىقىرىپ ئىشلەنگەن گۇل

لوڭقىسى. (قۇمۇل)

**غۇيياڭشىماق** غۇيۇلدىماق.

**غىجىر** سۆپ. ئىچى تار، مىجەزى ئوسال، تەرسا. (قۇمۇل)

**غىپچا** ئى. جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ (پوروپكا).

**غىپچىدىماق** چىڭدىماق.

**غىپچىنماق** ئەيمەنمەك، تارتىنماق.

**غىجەك** ئى. ‹زوئول› هايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يەيدىغان قۇش، تاپخور قۇش. (ئىلى) (بۇ سۆز خوتەندە «غىچىش» دېيىلىدۇ)

**غىجىمدىماق** مىجىقلىماق، سىقىمدىماق. (قەشقەر)

**غىجىملانماق** پۇرلەشمەك، قاتلىشىپ كەتمەك. م: كۆينەك غىجىملىنىپ كېتىپتۇ. (قەشقەر)

**غىجىنماق** سەسكەنمەك، يىرگەنمەك. م: گۈلنار غىجىنغاندەك قىلىپ... (خوتەن)

**غىدىك** سۆپ. غىڭشىق، غىڭشىغاق. (قۇمۇل)

**غىرتىلداق** ئى. ‹ئانات› بوغۇز، كېكىردەك.

**غىرلاڭ** سۆپ. تۈز يەر. (مەكىت)

**غىژما** سۆپ. جاھىل، كاج؛ نېرۋىسى ئاجىز، ساراڭقېتىش (ئادەم). (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «غىژمال» دېيىلىدۇ)

**غىژمۇدۇن** سۆپ. يىغلاڭغۇ، يوق باھانىلەر بىلەن يىغلايدىغان باللار؛ غەلۋىچى، جېدەلخور بالا. (ئىلى، قەشقەر)

**غىل** 1 سۆپ. تۈز، سىلىق، تېيىلغاق. م: غىل تېيىلماق — سىلىق نەرسە ئۈستىدە تېيىلماق. (خوتەن) (مەكىتتە «غىلتاڭ»

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىيىلىدۇ)

**غىل 2** سۈپ. ھېچ نەرسە يوق؛ پەقەت، ساپ. (مەكىت)

**غىلام ـ غىلام** سۈپ. لۆم ـ لۆم، م: كۆزگە غىلام ـ غىلام ياش ئېلىپ، سۈرۈپ كەتتى بىر خىيال. (خوتەن)

**غىلتاك** ئى. قوڭالتاق، ئاياغنى پۇتقا پايپاقسىز كىيمەك. م: ئاياغنى غىلتاك كىيىپلا چىقتىم. (نىيە)

**غىلجىر** سۈپ. ئەيىب. م: قىزنى غىلجىرىنى ئۆزۈ ئايتتى ــ قىزنىڭ ئەيىبىنى ئۆزى ئېيتتى. (لوپنۇر)

**غىلجىق** سۈپ. ئەلەس كۆز، ئالىغاي. (قۇمۇل)

**غىلدىرەك** ئى. غالتەك (بالىلار ئويۇنچۇقى)؛ تۆمۈر ھالقا. (ئىلى)

**غىلدىرغۇچ** ئى. قىيىقچە، بوغۇرساق خېمىرلىرىنى كېسىدىغان چىشلىق غالتەك. (تۇرپان)

**غىلدىرىماق** تېيىلماق. (قۇمۇل)

**غىلىم** ئى. ئۆكتە. (خوتەن)

**غىمسا** سۈپ. يوشۇرۇن، پىنهان، بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، خىلۇەت؛ تار يول. م: چوڭقۇر، غىمسا دەڭ ئىچىگە قاراپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. (قۇمۇل، خوتەن، تۇرپان)

**غىمىسسىماق** ھەۋەس قىلماق، قىزىقماق، ياخشى كۆرمەك. (قۇمۇل)

**غىمىسسىدە** سۈپ. ئاستىلا، تۇيۇقسىزلا. م: غىمىسسىدە يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك... (مەكىت)

**غىمىس ـ غۇمۇس** تەق. شالاپ ـ شۇلۇپ. تېز تاماق يېگەندىكى ئاۋاز تەقلىدى. (قۇمۇل)

**غىنجىرئەن** ئى. قوش ئەن، ياندىشىپ تۇرغان ئەن. قوينىڭ قۇلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئويۇپ چىقىرىلىدىغان ئەن. (نىيە)

**غىنچە** ئى. ئىتنىڭ بوينىغا باغلاپ قويىدىغان كالتەك؛ ئىتنى باغلايدىغان ئارغامچا ئورنىدىكى كالتەك. م: تاغىل تايغانى غىنچىدە يوقتۇر. (خوتەن، لوپنۇر)

**غىنچىباغ** ئى. چانا ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئارغامچا. (ئىلى)

## ق

**قاپ** سۈپ. يالغان. م: △ قاپ ئېيتماق ـ يالغان ئېيتماق؛ △راست گەپنىڭ چېچىكى قاپ گەپ (ماقال). (قۇمۇل)

**قاپاق ئۇيقۇسى** ئى. پىلە قۇرتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇخلىشى. (خوتەن)

**قاپاق ياردى** ئى. قىش پەسلىدىكى مەۋسۇملەرنىڭ بىرى. بۇ «دەلۋە» مەۋسۇمىدىن كېيىن كېلىدۇ. يېڭىچە 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ، 21 ـ كۈنلىرىدىن باشلىنىپ، قىش پەسلى مۇشۇ مەۋسۇم بىلەن ئاياغلىشىدۇ. (قەشقەر)

**قاپالاڭ** سۈپ. غالجىر. (قۇمۇل)

**قاپتۇرغا** ئى. قاپچۇق، پۇل قاپچۇقى. (ئىلى)

**قاپ تېشەر** سۈپ. ئۆز بېشىمچى، باشباشتاق.

**قاپتىلىغا ئالماسلىق** نەزىرىگە ئالماسلىق، ئېرەن قىلماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق. م: دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ. (ماقال) (ئىلى)

www.uyghurkitap.com

**قاپچى** ئى. يالغانچى؛ چاقچاقچى، ھازىر جاۋاب. (قۇمۇل، پىچان)

**قاپچىمال** ئى. ھەر خىل ياغلىق دانلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ تارتىلغان سۇ يېغى؛ كۆچ: سارالڭ قىتىش. (كېرىيە)

**قاپسىماق** تىللىماق.

**قاپقا** ئى. دەرۋازا، دەرۋازا قانىتى. (ئىلى)

**قاپلاڭغۇ** ئى. تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان يەر. (قۇمۇل)

**قاپلىپچەك** ئى. ئېڭەكتىن باغلايدىغان ئاياللار ياغلىقى. (پىچان)

**قاپلاق** ئى. قۇلاقچا. (قۇمۇل تاغلىقلار سۆزى)

**قاپلاك** سۈپ. يالغانچى، ئالدامچى. (ئىلى)

**قات** مىق. مەرتەم، قېتىم. (قەشقەر)

**قاتاڭشىماق** قېرىپ مۇنۇپ قالغان ئادەم ياكى مېۋە بەرمەيدىغان بولۇپ قالغان دەرەخلەر شۇنداق دېيىلىدۇ. (قەشقەر)

**قاتايماق** قېتىپ تورماق، بەدىنىنى تىك تۇتماق. (كېرىيە)

**قاتىلاك** سۈپ. ئالدىراش، جىددىي. (ئاتۇش)

**قاچار** ئى. ‹ئانات› يۈز، چىراي، مەڭز. م: يار سەپەرگە ئاتلانىپتۇ، مىنگەنى دۇلدۇل. قاچارلارى قىزىل ئالما، ساچلارى سۇمبۇل. (قۇمۇل)

**قاچارە** ئى. پەنەركە. (لوپنۇر)

**قاچا ـ ساۋا** ئى. قاچا ـ قۇچا. (لوپنۇر)

**قاچانمىتەم** ئال. نەدىمۇ، قاچانمۇ. م: قاچانمىتەم قىز بالىنىڭ رايىغا بارغان بار؟ (خوتەن، قۇمۇل)

**قاچورا~قوچورا** ئى. ‹بوت› قارىغاي، ياغلىق قارىغاي. (قۇمۇل) (تۇرپاندا بۇ سۆز «قوچۇرا» دېيىلىدۇ)

**قاچوراگۇل** ئى. ‹بوت› قارىغايگۇل. (قۇمۇل)

**قاچىماق** قىسماق، تولغىماق، بۇرىماق، قايرىماق. (كۇچا)

**قاخشىراق** ئى. ‹ئانات› ئوشۇقنىڭ ئۇستى قىسمى، پاقالچەك. (قۇمۇل) (بۇ سۆز شايياردا «قاخشىرا»، نىيىدە «قاقپاچا» دېيىلىدۇ)

**قاخشىماق** غاقىلدىماق. م: قارغىلار قاخشىدى — قاغىلار غاقىلدىدى. (قۇمۇل)

**قادا~قادى** ئى. ‹يېم› مۆز قىرىندىسىغا قېتىق بىلەن شىرنە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان سوغۇق ئىچىملىك، دوغاپ. (مۆز قىرىندىسى قارىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن «قادا» دەپ ئاتالغان) (خوتەن، نىيە، كېرىيە)

**قاداق** ئى. ‹تېب› سانجىق. (نىيە)

**قاداڭ** سۈپ. قاتمال. ئۇدۇر- بۇدۇر. قوپال.

**قاداڭشىماق** قوپاللاشماق. قاتماللاشماق.

**قادىغاللىماق** دۈۋىلىمەك. ھۈرپىيىپ كەلمەك. م: ئەركىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قادىغاللاپ كەلدى. (قەشقەر)

**قادى ياغ** ئى. ئەبجەش ياغ، قوي يېغى بىلەن سۆ يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ياغ. (كېرىيە)

**قارا ئەتكۈلۈك** سۈپ. قارىلىق (ماتەم بەلگىسى)؛ قارىلىق ئۇشتۇش سوۋغىسى. (قۇمۇل)

**قارا بالىق** ئى. ‹زوئول› ئاغزى ئۈچلۈق، قورسىقى يېرىق بېلىق. (لوپنۇر)

**قارا بۇيا** ئى. ‹بوت› چۈچۈكبۇيا. (تۇرپان)

تۈگۈر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراپاچۇق~ قارا پانچۇق ئى . قارا پاتقاق ، قارا لاي . (پىچان)
قارا پىشىن رەۋ. كەچ پىشىن . (ئىلى)
قارا تاپشۇرماق قىز تەرەپكە تويلۇق تاپشۇرماق .
قارا تۇلەك ئى . ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۇچىنچى قېتىم تۈك تاشلىشى . (قەشقەر)
قارا تۈنكە ئى . سىرسىز قاچىلار .
قارا چاچقا ئى . قارا كۇيە . (لوپنۇر)
قاراچۇقتانماق~مىختانماق بىخلانماق . م: تۈزۈرۈق . (توغراق قاراچۇقتانىپتۇ (بىخلاپتۇ) . (لوپنۇر)
قاراچى 1 سۈپ . ئاددىي پۇقرا . (لوپنۇر)
قاراچى 2 ئى . تىلەمچى ، قەلەندەر ، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرىدىغان تىلەمچى . (خوتەن)
قارا چىراغ ئى . ‹يېم› نەزىر ئېشى . (ئاقساقمارال)
قارا چىلان~قارا چىلەن ئى . ‹زوئول› تۇمشۇقى ، پۇتى ئۇزۇن ، بېلىق يەيدىغان بىر خىل قۇش؛ قاقىرا . (مەكىت ، لوپنۇر)
قارازەل ئى . كۆزى ، قۇلىقى تۇمشۇقى قارا قوي . (نىيە)
قاراسۇ 1 ئى . سازلىق سۈيى ، بۇلاق سۈيى . (ئىلى)
قاراسۇ 2 ئى . شۆلگەي . (لوپنۇر)
قارا سىڭگەك ئى . ‹زوئول› چىۋىن . (لوپنۇر)
قارا شامال كېسىلى ئى . ‹تېب› تېرە يېرىلىش ئالامىتى كۆرۈلىدىغان كېسەل . (مەكىت)
قاراشقا ئى . قارانچۇق . (مارالۋېشى تۇمشۇق) (بۇ سۆز شاياردا «قاراشقى» دېيىلىدۇ)
قارا شېتىراق ئى . ‹تېب› كالىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل . (قۇمۇل)
قارا غاز ئى . ‹زوئول› رەڭگى قارا ، پارقىراق كېلىدىغان ، تۇمشۇقى ياپىلاق ، بېلىق تۇتۇشقا ماھىر بىر

خىل سۇ قۇشى. (مەكىت) (بۇ سۆز لوپنۇردا «قارۇنا» دېيىلىدۇ)

**قارا غازاڭ** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. (ئاقسۇ)

**قارا قۇمچاق** ئى. ‹زوئول› قۇمچاق، پاقا بالىلىرى. (خوتەن، كېرىيە)

**قارا كۆرۈم كۆرۈنمەك** سۈپ. قارىسى كۆرۈنمەك. م: ئەمدىلا قارا كۆرۈم كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا... (خوتەن) (بۇ سۆز ئىلىدا «قارا كۆرۈنەر» دېيىلىدۇ)

**قارا كۆز بېدىيان** ئى. ‹بوت› رەڭگى قارا ئارپا بېدىيان. (مەكىت)

**قاراڭغۇ راتما** ئى. ‹تېب› زۇكام. م: قاراڭغۇ راتما تەگمەك — زۇكام تەگمەك. (لوپنۇر)

**قارا- گۇجۇر** سۈپ. قارام، تەۋەككۈلچى، قارىسىغا. (قۇمۇل)

**قارامتۇرلۇق** سۈپ. كۆڭلى قارا، زالىم، قارام. م: مېنى چاققان سەن ئايلام، قارامتۇرلۇق ئۇسمانغا. (لوپنۇر)

**قارا ياما(ن)** سۈپ. شەپقەتسىز، گىرى. (قۇمۇل)

**قارا يېلىم** ئى. يار يېلىم. (قۇمۇل)

**قارتا** ئى. ‹ئانات› ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى (كۆتەن بېشى) (ئىلى)

**قارساق** ئى. ‹زوئول› تۈلكە جىنسىدىكى بىر ھايۋان. (تۇرپان، قۇمۇل)

**قارغۇ ياپىلاق** ئى. ‹زوئول› شەپەرەڭ. (بەزى جايلاردا بۇ سۆز «ھۇۋقۇش» مەنىسىدە قوللىنىدۇ) (قۇمۇل)

**قارغىنا** ئى. ‹بوت› قارىغان، ئوتۇن قىلىنىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**قارقارىماق** چىرقىرىماق، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىماق.

**قارنىيورۇق** ئى. ‹بوت› كاۋاۋچىن. (قۇمۇل)

**قارۇپسە** ئى. ‹زوئول› پاتمىچۇق. (تۇرپان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**قارىشقۇ** ئى. 〈زوئول〉 بۆرە. م: قارىشقۇ يامان ئاپەت. توگەتەدۇ قويۇمىنى. (لوپنۇر)

**قازاك قاپى** ئى. 〈زوئول〉 قۇلۇلە. (لوپنۇر)

**قازانقىرىدى** ئى. 〈زوئول〉 قازانقىرىدى، سۇ ئۈستىدە يۈرىدىغان بىر خىل ھاشارات. (قومۇل)

**قازانوچۇق** ئى. ئاشخانا. (لوپنۇر)

**قاساك** ئى. قىر، قاش (دەريانىڭ). (نىيە)

**قاش** ئى. ئوردا خېنىملىرى تاقايدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى. (قومۇل)

**قاشا(ر)دى بولماق** قاشىربۇالماق، گاللىشىۋالماق، قاشاك بولۇۋالماق. (كېرىيە)

**قاشاق** سۈپ. ئالغاي. كۆز قارىچۇقىنىڭ ئورۇنلىشىشى نورمال بولمىغان.

**قاشاماق** ئاجىزلاشماق، ماغدۇرسىزلانماق. م: زومىگەر قاشادى، كامبىغەل ياشادى. (كېرىيە كۆكمەت)

**قاشراق** ئى. ساپال ئىدىش، جاۋۇر. قەدىمدە تاماق ئىچىدىغان قاچا. (پىچان)

**قاشقا چۆنۈن** ئى. 〈زوئول〉 ئادەم چاقىدىغان چىۋىن. (مەكىت)

**قاشقا دەسسىمەك** ئىشى ئاۋۇماسلىق. (قەشقەر)

**قاشقالداق** 1 ئى. 〈زوئول〉 ئاق تاجىلىق، قىزىل تۇمشۇقلۇق. قارا ئۆردەك. م: بۇ يەردە يەكەن قۇشقىچى، قاشقالداق، ئۆدەكلەر بار. (لوپنۇر، مەكىت)

**قاشقالداق** 2 سۈپ. كۆچ؛ ھازازۇل، داپيۇز؛ شاللاق ئايال. (نىيە)

**قاشقانچۇق** ئى. باللار ئوينايدىغان پوغزەك ئويۇننىڭ بىر تۈرى.

**قاشقىنا** ئى. قاش، يان.

**قاش كۆتۈرمەك** قاش چىقارماق، قىر چىقارماق. (كېرىيە)

**قاشلىقئوت** ئى. ‹بوت› ئوتلاق، ئېتىز، نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. (كۇچا)

**قاغا قامغىقى** ئى. ‹بوت› پالەككە ئوخشاش يوپۇرماقلىق، كۆك چېچەكلەيدىغان بىر خىل ئوت. (مەكىت)

**قاغجىرىما (يەر)** سۈپ. ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان، تېتىر (يەر). (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**قاغدال** ئى. ‹بوت› قۇرۇپ كەتكەن قومۇش. م: قېرىدىم، قاغدالدى ئۆمۈر باغلىرىم. (قۇمۇل، خوتەن) (بۇ سۆز يەنە «قاغداك» مۇ دېيىلىدۇ)

**قاغدالما** سۈپ. جىق ئىش كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن كىشى (سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «قاغجالما»مۇ دېيىلىدۇ). (ئىلى)

**قاغدان قامۇش** ئى. ‹بوت› قۇملۇق چۆلدە ئۆسىدىغان قومۇش. م: قاغدان قامۇشۇ. (لوپنۇر)

**قاغماق~جەقۇلاق** ئى. ‹بوت› چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل تىكەنلىك چۆپ. (لوپنۇر)

**قاغىچاق** ئى. كىچىك كېمە. (ئاقسۇ قاراتال)

**قاغىزاپپاق** سۈپ. زىل، ئىنچىكە. م: قاغىزاپپاق ئادەم ــ زىل ئادەم. (قۇمۇل)

**قاغىناق** ئى. ‹بوت› ئاق قېيىن. (تۇرپان)

**قاقان** سۈپ. قۇرغاقچىلىق. (ئاقساقمارال)

**قاقپاچا** ئى. ‹ئانات› تىزنىڭ ئاستى قىسمى. (نىيە) (بۇ سۆز قەشقەردە «قاقپاچاق» دېيىلىدۇ)

**قاقپو** ئى. تاڭ سەھەر. (كېرىيە)

**قاقرام** سۈپ. قېقىر، تېتىر، ھېچنېمە ئۈنمىگەن (يەر). م: ئاپئاق قاقرام شورلۇق ئېتىزلار. (قەشقەر)

www.uyghurkitap.com

(بۇ سۆز مەكتتە «قاتراك» دېيىلىدۇ)

**قاقما 1** سۇپ. كاتاك، يولنىڭ ئويمان يېرى. (كۇچا)

**قاقما 2** ئى. مېتىن، تاش چوقۇيدىغان ئەسۋاب. (لوپنۇر)

**قاقتىماق** ئىتنىڭ غەزىپىنى قوزغىماق.

**قاقىلاق** سۇپ. ئالدىراشچىلىق، بېسەقچىلىق، تېنەشچىلىك. (قەشقەر) (بۇ سۆز يەنە «قاقىلاڭ» مۇ دېيىلىدۇ)

**قاقىلاي - سوقۇلاي** سۇپ. قېقىلىپ - سوقۇلۇپ. م: ئۇ بالا ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، قاقىلاي - سوقۇلاي كۈن كەچۈردى.

**قاقىندى** سۇپ. پالاندى. (لوپنۇر)

**قاڭغۇرا** ئى. قوڭغۇراق. م: جىڭغىراپ ئۇن كېلىدۇ، قىز بېشىدا قاڭغۇرىسى. (قۇمۇل)

**قاڭقىرا** ئى. ‹زوئول› سۇلۇق، سازلىقلاردا ياشايدىغان ئۇزۇن تۇمشۇق، ئۇزۇن پۇتلۇق قۇش.

**قاڭقىرىماق** تېنىمەك، سەرسان بولماق، زار- زار بولماق. م: ئاسماندىكى ئاي چولپان، ئانار لەيلىگە ئوخشايدۇ، يالغۇز قالغان يارىمنىڭ، كۆڭلى قاڭقىر ئوخشايدۇ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «قاڭغىرىماق» دېيىلىدۇ)

**قاڭقىغاق** ئى. پۇرژىنا. (ئاقسۇ)

**قاڭلىماق** كەتمەننى ئوتتا تاۋلاپ بىس چىقارماق، تىغ چىقارماق. (كېرىيە)

**قالاق** ئى. ياغاچ قوشۇق: ھور چىقىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن قازاننىڭ چۆرىسىگە قويۇلىدىغان چەمبەر. (قۇمۇل)

**قالتىرىماق** تىترىمەك، سىلكىنمەك. م: ئۇ سىلكىنىپ،

بەدىنى قالتىراپ كەتتى. (خوتەن)

**قالغاي** ئى. ‹بوت› چاققاقئوت. (قۇمۇل)

**قالقا** ئى. ماڭلايچە. (قۇمۇل)

**قالقان** ئى. مۇداپىئە ئۈچۈن، قورغان تامىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە تىزىلغان كېسەك قۇرۇلما. (تۇرپان)

**قالۇن** ئى. ‹زوئول› قۇندۇز. م: قالۇننۇ تېرىسى. (لوپنۇر)

**قالىغۇلۇق** ئى. يېقىلغۇ، ئوتۇن. (كېرىيە، قۇمۇل)

**قالىق 1** سۈپ. ئېگىز. م: بىر قالىق تاغ — بىر ئېگىز تاغ. (تۇرپان بۇلىۋق)

**قالىق 2** ئى. ‹بىن› باراڭ، سىنچەك، بېدىش، چەللە، لاپاس. م: ئۈزۈممۇ (ئۈزۈمنى) قالىققا (بېدىشكە) ئالماق. (لوپنۇر، ئاقسۇ، شايار)

**قالىن** ئى. تويغا بېرىلىدىغان نەرسە. (لوپنۇر)

**قاما** ئى. بىلىق تورىنىڭ قول بىلەن قاماپ تۇتىدىغان يېرى، باشۋاغ، لەيلەتكۈچ. (لوپنۇر)

**قاماق تۆت كۆز** ئى. كۆچ: خورجۇننىڭ گۈل نۇسخىسى. (كېرىيە)

**قامچا باسماق** قامچىلىماق، قامچا بىلەن ئۇرماق. م: ئۇ ئېتىغا قامچا باستى. (ئىلى)

**قام كەلمەك** قوۋۇشماق، قولاشماق، يېپىشماق.

**قامىماق** (چىنىنى) قادىماق، چىنىگە قاداق سالماق م: چىنە قامىماق. (كېرىيە)

**قاندىماق** قانغا بويىماق، قان قىلماق.

**قانىشا كاۋا** ئى. تونۇرغا كۆمۈپ يەيدىغان كاۋا. (كېرىيە)

**قاۋاق 1** ئى. ‹بىن› ئىشىك، دېرىزە كېشەكنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچ. بۇ ياغاچ ئىشىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىرىزىلەرگە بىسىم چۈشۈرمەيدۇ. (كېرىيە)

**قاۋاق 2** سۈپ. خىلۋەت، چەت، ياقا؛ جىمجىت، تىنچ.

**قاۋاماش** ئى. ‹يېم› ياغ سىپىلگەن كاكچا نان. (قۇمۇل)

**قاۋلىماق** قاۋىماق، هاۋشىماق.

**قاۋۇشماق** جەم بولماق، بىر يەرگە يىغىلماق. م: بىز ئاتا ـ بالا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قاچانمۇ قاۋۇشارمىز؟ (لوپنۇر)

**قاۋۇقچۇ** ئى. دەرۋازىۋەن. (لوپنۇر)

**قاۋىماق** سولىماق، قاماپ قويماق، سىلىپ قويماق، تىقىپ قويماق. م: ئاچقۇچنى ئىشكاپقا قاۋاپ قويۇپتۇ. (ئاقتۇ)

**قايچا** ئى. جۇۋازنىڭ كالا سۆرەيدىغان ئاچا ياغىچى. (خوتەن)

**قايراق 1** ئى. كىچىك تاغ، ئېدىر.

**قايراق 2** ئى. بىلەي. م: قايراقنى ئىشتان قىرغىقىغا قىستۇرۇپ... (ئىلى)

**قايرىماق** بىلىمەك؛ ئارقىسىغا ياندۇرماق. م:△ پىچاقنى قايرىماق؛△قوينى قايرىماق. (ئىلى)

**قايناغ** ئى. قايناق سۇ. (كېرىيە)

**قايىر~قېيىر** ئى. دەريانىڭ لېۋى، قىرغاق، ساهىل. سۇ يالاپ، تەكشى بولۇپ قالغان، كېمە چىقىدىغان قىرغاق. م: تارىم تاشىپ قالغاچقا، ياقاسىغا چىققان قايىر. (لوپنۇر)

**قەتەڭگىر** سۈپ. ئاۋاق، ئورۇق. (شايار) (بۇ سۆز ئىلى، تۇرپاندا «قاتاڭغۇر» دېيىلىدۇ)

**قەددى گۇۋا بولماق** قېرىپ هالىدىن كەتمەك. م: قەددى گۇۋا بولۇپ قالدى ـ قېرىپ تېنىلا قالدى. (ئىلى)

**قەدرەم** يوك. هەرگىز، پەقەت، هېچقانداق. (نىيە)

**قەرز- قۇۋۇل** ئى. قەرز، بېرىم. م: ئۇ قەرز- قۇۋۇللىرىنى ئاخىرى بېرىپ تۈگەتتى. (قەشقەر)

**قەستە قىلماق** ئەمەل قىلماق، ۋاپا قىلماق، گېپىدە تۇرماق. م: قارا ئۆينىڭ مۆڭگۈزىنى، غېجىكىڭگە دەستە قىل. ئەر بولساڭ بېلىڭنى باغلاپ، دېگەن گېپىڭگە قەستە قىل. (قۇمۇل)

**قەلەم قۇيرۇقى قىلماق** قۇيرۇقىنى خادا قىلماق. م: بۇ كېيىك ئادەمنىڭ ھىد- پۇرىقىنى ئېلىپ قۇيرۇقىنى قەلەم قۇيرۇقى قىلىپ تاغقا قاراپ قاچتى. (كېرىيە)

**قەلقامىشىق** سۈپ. قېلىپ، ئەندىزە. (قۇمۇل)

**قەلقە** سۈپ. شالاڭ، بوش.

**قەلمي** ئى. قورۇما، سەي (قورۇلغان سەي). (قۇمۇل)

**قەلمي پولوسى** ئى. ‹يېم› بەتتە پولۇ. (پىچان)

**قەنەر** ئى. قاسساپلارنىڭ گۆش ئاسىدىغان ئىلگۈچى. م:△بۇ بازاردا قەنەرگە چىقارمىغان نەرسىنى بىركىم ئالمايدۇ؛△بىر قەنەرلىك تېپىپ كېلىڭلار. (خوتەن) (بۇ سۆز نىيىدە «قەنە(ر)» دېيىلىدۇ)

**قەنە(ر) قوساق** سۈپ. ئۆپقان، تويمىغۇر. (خوتەن)

**قەندىلەك** سۈپ. قەندەك، شېرىن، تاتلىق. م: چوكان ئايلام قەندىلەك. (مەكىت يانتاق)

**قەۋزە (قىلماق)** نەزىرگە ئاتالغان پۇلنى ئۆلگۈچى نەچچە ياشقا كىرگەن بولسا، شۇنچە كىشىگە «ئالدىم- بەردىم» دېيىشىپ تەڭلىمەك. (مەكىت يانتاق)

**قوپقالجىماق** قوزغالماق. م: ئۇ نەچچە قېتىم قوپقالجىپ... (قەشقەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**قوپقا ـ موپقا** سۈپ. قوپال، يېرىك، توڭ. (قۇمۇل)

**قوتايماق** تۈگۈلمەك، دولىسىنى قورۇۋالماق. كۆچ: ئېغىر كۆرمەك، قىممەت كۆرمەك. م: △ماۋۇ ئېشەك يۈكىنى كۆتۈرەلمەي قوتىيىۋالدى؛ △ماۋۇ چاپاننى 30 كويغا ئال دېسەم، سەل قوتىيىپ تۇرىۋالدى. (تۇرپان)

**قوتۇماق** ئى. ‹يېم› قوتۇرماچ، چەلپەك. (نىيە)

**قوداق** ئى. ‹يېم› كاۋاپ.

**قورام** سۈپ. ئۇۋاق. م: سوپۇننىڭ يېنچىكە قورامى با(ر) — سوپۇننىڭ ئۇششاق ئۇۋاقلىرى بار (چىرا)

**قورتماق** ئى. لاي سۇ ياكى قويۇلۇپ كەتكەن سۈيۈقلۇق، چۆكمە. (قۇمۇل)

**قورداىلىق** سۈپ. تارلىق، ئىچى تارلىق. (قۇمۇل)

**قورساق يېشى** ئى. يالغان ياش، تۆھمەت يېشى، تۆرەلمە ھالەتتىكى ۋاقتى. (قەشقەر)

**قورقاق** سۈپ. بىشەم، ھازازۇل، ئەسكى؛ قىزىتما. (كېرىيە)

**قورما~قۇرما** ئى. قونداق. كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ قونۇشى ئۈچۈن ئۆگزە، ھويلا قاتارلىق جايلارغا توغرا قويۇلغان بادرا ياغاچ. (مەكىت)

**قورو** ئى. تۈينىڭ ئىككىنچى كۈنى. (پىچان لۈكچۈن)

**قورۇغۇچ** ئى. ياغاچتىن ياسالغان بىر خىل جاھازا بولۇپ، قوشلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قوزى چۇش** رەۋ. چۈشتىن ئىلگىرىكى، يەنى چۈشكە يېقىن قالغان چاغ. (ئىلى)

**قوزى يۇلتۇز** ئى. ‹ئاستر› ھەمەل يۇلتۇز، 3 ـ ئايدىن

باشلاپ كۆرۈنىدىغان يۇلتۇز بولۇپ، بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى مۇشۇ يۇلتۇز كۆرۈنگەن مەۋسۇمنى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ھېسابلايدۇ.

**قوش** ئى. كويلا، تۇگمەننىڭ كويلىسى. (قۇمۇل)

**قوشام** ئى. ‹بىن› چىتلاق، يۇلغۇن ياكى شاخلار بىلەن توقۇلۇپ، ياسالغان توساق. م: قوغۇنلۇقتا يۇلغۇندىن قوشام تارتتۇق. (ئاقسۇ، نىيە، خوتەن)

**قوشقاق گۆشى** ئى. ‹ئانات› پاقالچاق مۇسكۇلى، شىراقنىڭ لوق گۆشى. (نىيە)

**قوشقاۋاق** ئى. شاكىلىدىن ئاجرىتىلمىغان دان. م: خامانىنىڭ ئاخىرقى قوشقاۋاقلىرى ئۆيگە توشۇلۇپ بولغۇچە... (ئىلى، قۇمۇل)

**قوشقىراق** ئى. كۆچ؛ خۇرجۇننىڭ گۇل نۇسخىسى. (كېرىيە)

**قوشلاش** ئى. ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلىدىغان يېرى. (ئىلى)

**قوشلاق** سۇپ. قوش، جۇپ. (قەشقەر)

**قوشلاڭ** ئى. كىگىز ئۆينى باغلايدىغان يوڭ ئارغامچا. (قۇمۇل)

**قوشماق** ئى. بىر خىل ئويۇننىڭ نامى.

**قوشۇغلۇق** ئى. كىچىك سېۋەت، سېۋەتلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى. م: كىچىك قوشۇغلۇق سېۋەتنى... (مەكىت)

**قوشۇق پولۇسى** ئى. ‹يېم› شويلا. (شايار)

**قوشۇق سالماق** ‹ئىد› گەپ قىستۇرماق، لوقما سالماق. (قەشقەر)

www.uyghurkitap.com

**قوشۇماچ** ئى. ‹دېھ› بوقۇسا، ساپان. م: قوشۇماچ ھەيدىمەك ــ ساپان ھەيدىمەك. (لوپنۇر)

**قوشۇۋا** ئى. ‹بوت› بىر خىل تاغ ئوتى، گۈلى چوڭ قوشۇۋقتەك، گۈلى قىزىل، يوپۇرمىقى يالاڭ، يۇمىلاقراق كېلىدۇ، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**قوشىغى بار** سۈپ. ‹ئىد› ساراڭ قېتىش، دۆت، ئەخمەق، نېرۋىسى سەل ئاجىز. (قومۇل)

**قوش يول** ئى. ئاچا يول. (لوپنۇر)

**قوغ** ئى. قوقاس، ئۆچۈشكە ئاز قالغان، كۈل ئارىلاش چوغ، پاخال، سامان چوغى. (قومۇل)

**قوغاش** ئى. ئۈستى ئوچۇق نور؛ تۆگمەننىڭ سۇ چۈشۈرىدىغان نورى. (خوتەن، كېرىيە) (بۇ سۆز لوپنۇردا «قوغۇچ» دېيىلىدۇ)

**قوغاچ** ئى. پىرقىرىغۇچ، نۇر. باللار مۇزدا پىر-قىرىتىپ ئوينايدىغان نۇر. (نىيە)

**قوغان** ئى. ‹بوت› گۈرۈچ، ماش قاتارلىقلارنىڭ سىرتقى پوستى، چىقىرىندىسى، توزۇندا. م: قىز بىردە ئاياغ سېلىشقا، بىردە قوغان ئېتىشقا، ...ئېتىز ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول سېلىپ باقاتتى. (ئىلى، مەكىت) (بۇ سۆز نىيە، كېرىيىدە «قوقان» دېيىلىدۇ)

**قوغدا** ئى. سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانا. (خوتەن، ئىلى، كۇچا)

**قوقاندا** ئى. ‹تېب› ئىسسىتما. قىزىتما. م: قوقاندام (ئىسسىتمام) باسقىپ قالدى. (لوپنۇر)

**قوقلاق** ئى. ‹زوئول› ئانىسىغا ئەگىشەلمەيدىغان كىچىك قوزا. (ئىلى، قەشقەر)

**قوقۇناق** ئى. خۇي، خاپىلىق، نارازىلىق، كۆڭۈلسىزلىك.

**قوڭارماق** ئۆرۈك رەڭ تۇزمەك. (قۇمۇل)

**قوڭغاق** ئى. يېڭى تۇغۇلغان بالا ۋە ھايۋانلارنىڭ پوقى. (قۇمۇل)

**قوڭغۇزلىماق** ئۇششاق مېۋە بىخلاش. م: ئۇششاق شاخلار-دىكى بوغۇملار غوۋچىدە قوڭغۇزلاپ، چېچەك ئېچىشقا ئالدىراۋاتاتتى. (خوتەن)

**قوڭغۇلاق** سۈپ. سولاق. (قۇمۇل)

**قوڭ قارغا** ئى. 〈زوئول〉 قاغىنىڭ بىر خىلى. (قۇمۇل)

**قوڭگۇرچۇق** ئى. 〈بوت〉 بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك. (لوپنۇر)

**قوڭۇق** ئى. قاقاچ. م: تازىنى باشىداغى قوڭۇقتارىدەك ــ تازنىڭ بېشىدىكى قاقاچتەك. (لوپنۇر)

**قولاش** سۈپ. پۇرلەش، پۇرلەنگەن (كىيىم).

**قولتۇقماش** ئى. ئىككى قولتۇقتىن ئۆتكۈزۈشكە لايىق قىلىپ باغلانغان باغلاق. كۆپىنچە يۇدۇ-لىدىغان ئوتۇن شۇنداق باغلىنىدۇ. (ئىلى) (بۇ سۆز خوتەندە «قولدىماچ» دېيىلىدۇ)

**قولدۇراك** ئى. كۈلدۈرما، تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىلىدىغان چوڭ قوڭغۇراق. (يەكەن)

**قوللاپ~قۇللاپ** ئى. گىرە، گىرەچە. ئىشىك- دېرىزىلەرنىڭ گىرەچىسى. (خوتەن، كېرىيە)

**قوللۇق** ئى. تۇتقۇچ. (قۇمۇل)

**قولۇشتۇق** ئى. مۇھەببەت- سۆيگۈ. (لوپنۇر)

**قولى ئەمگەكلىك** سۈپ. 〈ئىد〉 قولى ئەگرى، ئوغرى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز كېرىيىدە «قولى قېيىق» دېيىلىدۇ)

**قولى شور** سۈپ. 〈ئىد〉 قولىدىكى نەرسىلەرنى ھە دېسە بۇزۇپ- چېچىپ قويىدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىرىكمە.

www.uyghurkitap.com

(تورپان، كۇچا)

**قولى گۈل** سۈپ. ‹ئىد› قولىدا ھۈنىرى بار. (قەشقەر)

**قولى گىرى** سۈپ. ‹ئىد› قولى گال. (ئىلى)

**قوليۇغۇش** ئى. ‹بوت› قول يۇغۇش، بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**قونارچى** ئى. قونۇپ ئۆتكۈچى، مېھمان. (خوتەن)

**قوناغ** ئى. قونالغۇ، ئۆتەك. (خوتەن)

**قوناق** ئى. مېھمان. (ئىلى)

**قوناق بەرمەسلىك** ‹ئىد› گەپنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىماسلىق. م: △ياندىكى ئۆيدە ئىككى ئايال بىر- بىرىنىڭ گېپىگە قوناق بەرمەي، غەزەپ بىلەن ۋارقىراشماقتا ئىدى؛ △بىر- بىرىگە قوناق بەرمىگەن ھالدا... (ئىلى، خوتەن)

**قوناق پوخىقى** ئى. ‹بوت› كۆممىقوناق باش ئالغاندا ئۆسۈپ چىقىدىغان قارا كۈيىسىمان ئۆسۈملۈك. (كۇچا)

**قونغاق** ئى. قونداق. م: ئاق توخۇ، ئاپپاق توخۇ قونغاقتىدۇر، بىزگە ساقلىغان تۇخۇملىرى قاياقتىدۇر. (ئاقسۇ، نىيە)

**قوۋۇرماق** جەيلىمەك، سۈركىمەك، كاپلىماق. م: پىچاقنى قوۋۇرۇش — پىچاقنى جەيلەش. (قۇمۇل)

**قوۋۇز** مىق. پارچە، بۇردا، چىشلەم، ئېغىز. م: △بىر قوۋۇز نان — بىر بۇردا نان؛ △بىر قوۋۇز گەپ — بىر ئېغىز گەپ. (خوتەن)

**قوۋۇق 1** ئى. ‹ئانات› مالنىڭ دوۋسىقى. (خوتەن)

**قوۋۇق 2~قوق** ئى. ئىشىك، دەرۋازا، قوۋۇق. (قۇمۇل)

**قويناق يەر** ئى. ئويمانلىق؛ چۆرىسى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان يەر. (نىيە)

**قويۇش بەرمەسلىك** ساقايماسلىق، ئوڭلانماسلىق. م: كېسىلىم ھېچ قويۇش بەرمەيۋاتىدۇ. (قومۇل)

**قويۇشۇپ كەتمەك** نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتمەك. (قومۇل)

**قويۇغاش** ئى. 〈يېم〉 پولو. (كېرىيە، تورپان، مارالۋېشى ئاقسامارال، قەشقەر پاخپو)

**قو 1** ئى. 〈زوئول〉 ئاق قو. (لوپنور)

**قو 2** ئى. لېنتا. (كېرىيە)

**قوبوق** ئى. بويۇنغا سېلىنىدىغان تاقاق، جازا قورالى.

**قوپال** رەۋ. ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن. (نىيە)

**قوتوپ كەلمەك** چىپ كەلمەك، دەل كەلمەك. م: بو چاپان ساڭا قوتوپ كەلىپتو. (لوپنور)

**قوجو** سوپ. قىرتاق. (پاخپو)

**قوچ ـ قوچ** ئون. كوچوكنى چاقىرىش ئوندىشى. (قەشقەر)

**قوچوت** مىق. ئوچوم. (تورپان)

**قودىغوي** ئى. ئايال قودا. (قومۇل)

**قوراق** ئى. 〈بوت〉 قىياقنىڭ قوروقلوقتا ئوسىدىغان تورى.

**قورامساق** ئى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كونا نەرسىلەر. م: ئونىڭ ئاتىسىدىن قالغان قورامساقلىرى كوپ. (قەشقەر)

**قورتقا** ئى. ئانىسىنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانا، موما. م: مېنى قورتقام تاغى ھايات. (لوپنور)

**قورت ـ قومورلوق** ئى. 〈زوئول〉 قورت ـ قوڭغوز، قورت ـ قومورسقا. (قومۇل)

**قورشو** ئى. قورشاق، ياغاچتىن قورشاپ ياسالغان قوتان. (قومۇل)

**قورما** ئى. چوڭراق، ئوي شەكلىدىكى كەپە. (ئاقسو)

**قوروتما بولماق~قوروتما توشماق** يىگىلمەك. م: خەمەكتەر

www.uyghurkitap.com

(خەمەكلەر) قورۇتما بولوپ (يىگىلەپ) كېتىپتۇ.
(لوپنۇر)

**قورۇغ پوققا قوك ياقماق** تەخسكەشلىك قىلماق، كۆز بوياماچىلىق قىلماق، ئارتۇقچە سوركەشمەك. (نىيە)

**قورۇق تەن** ئى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنى، جەسەت. (لوپنۇر)

**قورۇقشىمال** سۆپ. دەرەخنىڭ چالا قورۇپ قېلىش ھالىتى ياكى قورۇق بىلەن ھۆلنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشى.

**قورۇم** ئى. ئىككى تەرىپى لاي بىلەن سۇۋالغان قوشام تام. (خوتەن)

**قورىماق** قوراپ تىكمەك. ھەر خىل پارچە- پارچە رەخت، رەختنىڭ پۇرۇچلىرى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى بىر- بىرىگە ئۇلاپ، قوشۇپ، بىرەر پۈتۈنلۈك، پۈتۈن نەرسە ھاسىل قىلماق.

**قوز 1** ئى. ‹زوئول› قوزغۇن، يىرتقۇچ. م: سېخىينىڭ بېغىغا قوز كەلمەس (ماقال). (قەشقەر)

**قوز 2** ئى. تاغنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان تەرىپى. تەسكەي. (خوتەن)

**قوشاما** ئى. ساتما تىمىنى بۆلۈپ قويغان يېرى. (لوپنۇر)

**قوشت- قوشت** ئۈن. ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنى ھەيدىۋېتىش ئۈندىشى. (گۇما)

**قوشقاچ تىلى** ئى. ‹بوت› پالەككە ئوخشاش يوپۇرماقلىق، گۈللى يوق بىر خىل ئوت. (مەكىت، ئىلى)

**قوشقاچ ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› ئۆرۈك سورتى. خونەكتىن كىچىكرەك بولىدۇ. (كېرىيە)

**قوش قورۇغى** ئى. ‹تېب› چىقان. (شايار)

**قوْ- قوْ** ئوْن. ئوۋ قوْشلىرىنى ھەيدەش ئوْندىشى. (گوْما)

**قوْلاق** مىق. سوْ ئوْلچىمى. كىچىك بىر ئېرىق سوْ، بىر قوْلاق سوْ دېيىلىدوْ. (ئىلى)

**قوْلاقتىن سەل كەلمەك** قوْلاق ئاقماق. (مارالۋېشى توْمشوْق)

**قوْلاق قاقماق** 〈ئىد〉 ئاڭلىماق. م: ئوْ سۆزوْمگە قوْلاق قاقمىدى. (ئىلى)

**قوْلاق قېقىشماق** 〈ئىد〉 ئۆزئارا ئوْقوْشوْۋالماق، ئۆزئارا پاراڭلىشىۋالماق. (ئىلى)

**قوْلاقنىڭ توپىسىنى قېقىۋەتمەك** 〈ئىد〉 سەگەك بولماق، ھوشيار بولماق. (خوتەن)

**قوْلاق ياقتى گەپ** ئى. 〈ئىد〉 كوْسوْر- كوْسوْر گەپ. م: قوْلاق ياقتى گەپلەر تېرىقتەك چېچىلىپ كەتتى. (خوتەن)

**قوْلاي** ئى. 〈زوئول〉 يىڭناغوْچ. (لوپنوْر)

**قوْلتوْق** ئى. قوْتلوْق. (لوپنوْر)

**قوْلىقى توْشوْك** سوْپ. 〈ئىد〉 قوْلىقى ئوْزوْن، ھەممىدىن خەۋەردار ئادەملەرنى سوْپەتلەشتە قوللىنىدىغان بىرىكمە.

**قوْما** ئى. كەپتەرخانا، كەپتەر قەپىزى. كەپتەر، توخوْ قاتارلىقلارنى سولاش ئوْچوْن تالدىن، ياغاچتىن ئاراچ- ئاراچ قىلىپ ياسالغان يازلىق كاتەك. (قەشقەر، خوتەن، نىيە)

**قوْماق** ئى. پەقەچ، بوۋاق بالىنىڭ پوقى. (كېرىيە دەريا بويى)

**قوْمباش~قوْمچوْچەك~قوْمتېلى** سوْپ. گەپدان، گېپى تولا. (قوْموْل) (بوْ سوْز بەزى جايلاردا «قوْمتەللە»، ئىلىدا «قوْمقازى» دېيىلىدوْ)

**قوْمچاق** ئى. 〈زوئول〉 پاقا. (خوتەن. نىيە، كېرىيە)

**قوْمچاق يوتقىنى** ئى. 〈بوت〉 پاقا يوپوْرمىقى. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**قۇمدىن يىپ ئەشمەك** ‹ئىد› خام خىيال قىلماق، ھىيلە مېكىر ئىشلەتمەك. (ئىلى، ئاقسۇ)

**قۇمرا** ئى. چۆگۈن. م: ئۇ ھويلىدىكى قۇمرىدا يۇزىنى يۇدى. (خوتەن)

**قۇمساق~قۇمساز** سۇپ. قۇم ئارىلاش، قۇمساڭغۇ. م: قۇمساق يەرگە تاۋۇز تېرىدىم، پېلەكلىرى تۇز. سويمىلىرى پىشىپ قاپتۇ، يارىم كېلىپ ئۇز. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز خوتەندە «قۇمۇلاق» دېيىلىدۇ)

**قۇمغۇق** ئى. قاغا تېپىدىكى بىر خىل قۇش. (خوتەن)

**قۇنتلىماق** سۇپ. ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىمەك. م: قۇنتلاپ ئىشلىدى — ئىنچىكىلەپ ئىشلىدى. (ئىلى)

**قۇۋ 1** سۇپ. قاقشال، قورۇپ چېكىگە يەتكەن. م: قورۇپ قۇۋ بولماق. (تۇرپان)

**قۇۋ 2** مىق. ئۇلۇش، نېسىۋە. م: بىس (بىز) ئۆز قۇۋۇمۇزنى (ئۇلۇشىمىزنى) ئالدۇق. (لوپنۇر)

**قۇۋ 3** ئى. ياپىلاق قىلىپ توقۇلغان ئىشتانباغ. (قەشقەر)

**قۇۋا** ئى. باشقا تاقايدىغان غاز پېيى. (لوپنۇر)

**قۇۋاق** سۇپ. كاۋاك، قورۇق، بوش. (قۇمۇل، تۇرپان)

**قۇۋداماق** ئۇلەشتۇرمەك. م: بۇ گۆشتۇ (گۆشنى) سەن قۇۋداپ (ئۇلەشتۇرۇپ) بەر. (لوپنۇر)

**قۇۋۇرماق** بىلىمەك، سۇركىمەك، غىردىماق. م: پىچاقنى قۇۋۇرۇش — پىچاقنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن، ساپال قاچىنىڭ تۇۋىگە غىرداش، سۇركەش، بىلەش. (قۇمۇل)

**قۇياك** ئى. ‹ئانات› سۆڭگەچ. (لوپنۇر)

**قۇيداڭ~قۇيي سۆڭەك** ئى. سۇپ. ھايۋانلارنىڭ ئۇگىسىز

قاتتىق سۆڭەكى؛ يېشى چوڭ، كۆپنى كۆرگەن،
ئۆز ئىشىغا پىشقان كىشى؛ ھېلىگەر ئادەم. م:
قېرى تاۋۇزنىڭ سۆڭەكلىرى يېغى چىقمايدۇ. (ماقال)
(كىرىيە)

**قېرىراق چۆرىگۈچ** سۆپ. (ئىد) پۈتۈش ئالدىدىكى ئىشنى بۇزۇپ
كەينىگە ياندۇرغۇچى. (كۇچا)

**قېرىراق سېلىپ يۈرمەك** ئىشىنى چالا قىلىدىغان ئادەملەرنى
سۆپەتلەشتە قوللىنىدىغان بىرىكمە. م:
سېلىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئايىغى قاچان
ئۆزۈلگەن، ھەر كۈنى قېرىراق سېلىپ
يۈرگەنلىرى يۈرگەن.

**قېرىقا** ئى. سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان شارقىراتمىلىق
توما، زاكۇ.

**قېرى - قېرى** سۆپ. سەت، كۆرۈمسىز.

**قېرىمۇچۇق~قېرىمچاق** ئى. (ئانات) تۇغۇر. (قۇمۇل)

**قېرىمۇچ~قېرىمۇش** ئى. (ئانات) ساغرا. (قۇمۇل)

**قېرىۇت** ئى. ئوغۇت. م: قېرىۇتنى كۆپ ياغايلىق —
ئوغۇتنى كۆپ يىغايلى. (لوپنۇر)

**قېرىۇتلىماق** ئوغۇتلىماق. (لوپنۇر)

**قېرىۇچ** ئى. پولات، گاڭ. كۆچ: قۇۋۋەت. م: ئاتلارغا
بوغوز بېرىپ قېرىۇچ باغلايلى. (قەشقەر) (بۇ سۆز
كۇچادا «قۇروۇچ» دېيىلىدۇ)

**قېپىشماق** يانماق، تۇتاشماق (ئوت). م: ئوتۇن ھۆل
ئىكەن، ھېچ قېپىشمايۋاتىدۇ. (قۇمۇل)

**قېتىراقچى** سۆپ. سوكسوك ئات. (تۇرپان)

**قېتىقى ئۆيىماسلىق** كۆڭلى قانائەت تاپماسلىق. ئەمىن
تاپماسلىق.

**قېجىي** ئى. (زوئول) قۇماي. تاپقۇش. (قەشقەر پاخپۇ)

www.uyghurkitap.com

**قىچىق~خىچىكئى** . ‹زوئول› كانا . (قۇمۇل)

**قىرىغ** سۈپ . بىرەر ئىشنى قىلىشنى خالىمايدىغان، ھۇرۇن . يالقاۋ . (نىيە، خوتەن)

**قىرىغ سۇ** ئى . ئېرىقتىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن سۇ. (نىيە)

**قىرىغ يەر** سۈپ . قىقىر يەر، دۆڭ يەر، سۇ چىقمايدىغان يەر. (كېرىيە)

**قىرىن ياغلىق** ئى . لۆڭگە . (پىچان)

**قىسىرماق** ئى . ياڭاق . گازىر قاتارلىقلارنىڭ تاشقى پوستى . (قۇمۇل)

**قىقىراك** سۈپ . تاقىر، تېتىراك . (قۇمۇل) (بۇ سۆز كېرىيىدە «قىقىر ساي» دېيىلىدۇ)

**قىيىق** ئى . ‹تېب› قويلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەل . (قۇمۇل)

**قىيىن بۇيان** ئى . قۇدا ـ باجا (ئايال ياكى ئەرنىڭ تۇغقانلىرى). (نىيە)

**قىپال** ئى . ‹ئانات› چېكە، ئادەمنىڭ چېكىسى . (لوپنۇر)

**قىتا** ئى . ۋارۇنكا؛ چىدام ، سەۋر- تاقەت. (كېرىيە)

**قىتراتماق** قىمىرلاتماق ، مىدىرلاتماق . م: ئېڭەكنى قىترىتىپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى .

**قىتلانماق** ئادەتلەنمەك ، يولغا كىرمەك ، تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلمەك . م: قىتلانمىغان پىچاق ـ تېخى ئىشلىتىلمىگەن پىچاق . (ئاقسۇ)

**قىخ** ئۇن . ئېشەكنى ھەيدەش ئۇندىشى . (قەشقەر)

**قىرتو** سۈپ . ئورۇق ، ئاۋاق . (قۇمۇل)

**قىرتىش** ئى . يۈز، چىراي .

**قىرتىشلىماق** غىردىماق ، چاچنى ئۇستۇرا بىلەن بىر قېتىم

چۇشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىرىش. (قۇمۇل)

**قىرچاق** ئى. (ئانات) ياۋا توڭگۇزنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرگە زىيان سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يان چىشى. (كۇچا)

**قىرچىلىق** ئى. يايلاقلارغا چىقىپ ئۇششاق تىجارەت قىلغۇچى. م: دادىڭىز قىرچىلىق قىلاتتى - ھە؟ (ئىلى)

**قىرغىن** ئى. دېدەك، تېجىمەل، كۇڭ، قۇل. (قۇمۇل)

**قىر- قىر** سۈپ. كۆپ، تولا، مىغ - مىغ. م: △بازاردا قىر- قىر ئادەم؛ △قىر- قىر مال. (قۇمۇل)

**قىرلىق** سۈپ. گەۋدىلىك، بويلۇق، بەستلىك. (قۇمۇل)

**قىرماق** ئى. قازان تۈۋى، قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالغان تاماق يۇقۇندىسى. (بەزى جايلاردا «قىسماق~قىژماق» دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**قىرمىزاق~قىرمىنداق** ئى. ئۆينىڭ تېمىغا نەرسە - كېرەك قويۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان گىرۋەك، تەكچە. (قۇمۇل)

**قىرىچە بولۇپ يۇرمەك** (ئىد) قېيىداپ يۇرمەك، تەتۈر قاراپ يۇرمەك، ماي تارتىپ يۇرمەك. (تۇرپان)

**قىرىقچاچ** ئى. بالىنىڭ قورساقتىكى چېچى. (قۇمۇل)

**قىر يېغى** ئى. چوڭ غوۋغا، قاتتىق ئۇرۇش، قاتتىق ماجىرا. (قۇمۇل)

**قىزغىشمال** سۈپ. قىزغۇچ. (لوپنۇر)

**قىزقارماق** يېمەك - ئىچمەكتىن چەكلىمەك.

**قىز كۆرۈش** ئى. توي پۈتۈشكەندىن كېيىن، توي بولۇشتىن ئىلگىرى قىزنى كۆرۈش نامىدا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يىگىت تەرەپتىن بىر مۇنچە كىشى

بىرىپ بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېلىش «قىز كۆرۈش» دېيىلىدۇ. (شۇ كۈنى قىز كۆرۈنۈش بېرىدۇ). (قەشقەر)

قىز مېلى ئى. تويلۇق. (ئىلى)

قىزىل ئى. چەشلەنگەن بۇغداي. (ئىلى)

قىزىلاك ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. (ئاقسۇ)

قىزىلچا~قىزىلچى ئى. تاختا بېشى، تامنىڭ تورۇس تەرىپىگە چىقىرىلغان تەكچە. (كېرىيە)

قىزىل چىۋىر ئى. بىر خىل قىزىل توپا. (قۇمۇل)

قىزىلزەل ئى. كۆزى، قۇلىقى، تۇمشۇقى قىزىل قوي. (نىيە)

قىزىلمۇچ سۈپ. كۆچ: ئۇششۇقلۇق، مۇتتەھەم؛ ئاچچىقى يامان. (قەشقەر، مارالبېشى تۇمشۇق، ئىلى)

قىزىل نان ئى. ‹يېم› كېپەكتىن ياخشى، ئۇندىن ناچارراق قىزغۇچ ئۇندا يېقىلغان نان. (نىيە، كېرىيە)

قىساك ئى. جىلغىنىڭ تار يېرى. (تۇرپان)

قىسراق سۈپ. تۇغماس. (پىچان)

قىسرەمدى ئى. ‹زوئول› قىسىر كالىنىڭ موزىيى. (بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قىسىر ئەمدى — قىسىر (كالىنى) ئەمگەن موزاي») (ئىلى)

قىسماچلىماق چىڭ تۇتماق. (لوپنۇر)

قىسماق ئى. موزدۇزلۇق ئەسۋابى. (قۇمۇل)

قىسىر~تومۇز ئى. بىر يىل ئاغدۇرۇلماي دەم ئالدۇرۇلغان يەر. (قۇمۇل)

قىسىل ئى. بوغۇز (جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى). (ئاقسۇ)

قىسىلاچ ئى. قىسىلچاق.

قىسىم مىق. زۇلۇم، سىقىق، سىقىم، سىقىن.

(قەشقەر)

**قىسمى** سوپ. تېگىشلىك ئۆلۆشكە ئېرىشەلمىگەن، مەھرۇم قالغان.

**قىش- قۇرۇن** رەۋ. قىش ۋاقتى. م: قىش- قۇرۇندا توقاينىڭ جاڭگىلىدىن ئوتۇن ئەكەلمەك ئاسان ئىش ئەمەس. (قەشقەر) (بەزى جايلاردا «قىش قۇرۇ» مۇ دېيىلىدۇ)

**قىش قىش** ئۇن. ئىتنى چاقىرىش ئۈندىشى. (گوما)

**قىشقىل** ئى. كىسلاتا. م: قىشقىللاش - كىسلاتا- لاشتۇرۇش. (ئىلى)

**قىغ- قات** ئى. قىغ- پىغ، قىغ. م: پاخالغا قىغ- قات ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇت ياسىدۇق. (كۇچا)

**قىقاراماق** (ئاتلارنىڭ) كىشنىشى، كىشنىمەك. (گوما)

**قىقو- ماچو** ئى. ئولاش- چولاش؛ غەلۋە- غوۋغا. (قومۇل)

**قىڭ** ئى. تاغنىڭ تىك يېرى. (نىيە)

**قىڭراقتۆش** سوپ. بەك كەمبەغەل، يالاڭتۆش.

**قىلاندان** ئى. قىل بىلەن توقۇلغان ھەميان. (مەكىت يانتاق)

**قىلچاق** ئى. (دېھ) بوقۇسىنىڭ ئاستى ياغىچى بىلەن ئۈستى ياغىچىنى چېتىپ تۇرىدىغان ياغاچ. (ئاقسۇ)

**قىلقان ئوتۇن** ئى. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئوتۇن. (لوپنۇر)

**قىلقاقى** ئى. ئۆسۈملۈك قۇرۇقى. م: قىلقاقىدا قالا- دىكەن. (لوپنۇر)

**قىلىچ** ئى. قىلدىن ئىنچىكە، تىۋىتتىن تومراق كېلىدىغان تۈك.

**قىمدىماق** باستۇرماق، باستۇرۇپ قويماق، ئىچىگە پوكۇپ قويماق. م: يوتقاننىڭ چۆرىسىدىن سوغۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىشۋاتىدۇ. قىمداپ قويغىنە. (تۇرپان)

**قىمماق** بىر ئامالار قىلماق، چارە- تەدبىر تاپماق، ھىيلە ئىشلەتمەك. (كۇچا)

**قىنا** ئى. پىچاق سالىدىغان غىلاپ. (قۇمۇل)

**قىياق** ئى. قىيا، قىيپاش.

**قىياق - ئېجرىق** ئى. ئوت- چۆپ. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**قىيپال** ئى. (ئانات) ئادەمنىڭ قېشىنىڭ ئۇچىنىڭ ئۈستى تەرىپى. (لوپنۇر)

**قىيدام** ئى. يىكەن يوپۇرمىقى. (لوپنۇر)

**قىيدامچى** ئى. دەرەخ شاخلىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پالتا شەكىللىك كەكە.

**قىيدام قاپاق** ئى. سۇ توشۇيدىغان قاپاق. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**قىيغا** ئى. دەرەخ پۇتايدىغان، ئۇچىدا ئورغىقى بار بادرا. (نىيە)

**قىيما** ئى. يۇلغۇننىڭ كۆتەك، شاخلىرى.

**قىيمقا** ئى. (بوت) پاقا يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، يوپۇرمىقى پاقا يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، رەڭگى قىزغۇچ كېلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. (نىيە) (بۇ سۆز ئەلىدا «قىيمىقۇ» دېيىلىدۇ)

**قىيىقلىق** سۈپ. ئەگرىلىك، تەرسالىق. م: قىيىق ئادەم — تەرسا ئادەم. (تۇرپان)

**قىيىقتىمەك** ئاچچىقلانماق.

## ك

**كا** ئى. (تار س) پادىشاھ ياساۋۇلى، قوغدىغۇچى، قورۇقچى. م: ئىتلىرىگنى دوغا ياراتىملىك،

مۇشــۇكلىرىڭنى كــا. ئىشــىكىڭدىن ئــالدى چۈجىنى، قانىتى يوق سا. (قۇمۇل)

**كاپان** ئى. ئويۇپ ياسالغان كېمە. (لوپنۇر)

**كاپەر** ئى. كافۇر، خۇش پۇراقلىق، سۇيۇق جىسىم. (قۇمۇل)

**كاپپاڭ** مىق. كاپام. (قۇمۇل)

**كات 1** ئى. ئاشلىق ساقلايدىغان يوغان ساندۇق. (قەشقەر)

**كات 2** ئى. ياغاچ كارىۋات. (مەكىت يانتاق، كېرىيە) (بۇ سۆز خوتەندە «كاتۇ» مۇ دېيىلىدۇ)

**كاتا** سۈپ. كەپسىز، شوخ. (گۇما)

**كاتاك** ئى. ئورەك. (نىيە)

**كاتاكشىتماق** ئويمانلاتماق، ئويۇلماق. م: بۇ يەردىن كاتاكشىتىلغان تاش قوراللار تېپىلدى. (كېرىيە)

**كاتمۇاش** ئى. ‹زوئول› يىڭناغۇچ. (شايار)

**كاج تالاشماق** كاجلىق بىلەن تالاشماق. م: ئارتۇقچە كاج تالىشىپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. (قەشقەر)

**كاداڭ** سۈپ. ئىش بىلىدىغان، تەجرىبىلىك، كۆپنى كۆرگەن ئادەم. م: ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن. (ماقال) (خوتەن، نىيە، كېرىيە، قەشقەر)

**كاراسكى** سۈپ. پاسكىنا، كىر. (خوتەن) (بۇ سۆز نىيىدە «كاشا» دېيىلىدۇ)

**كاراك~كارەك** ئى. قىرغاق، ئىشتاننىڭ قىرغىقى. م: هازىلىخاننىڭ ئىشتان كارىكىگە تىقىپ قويغان ئاخىرقى پۇللىرىنىمۇ... (خوتەن)

**كارەك** ئى. كاناي. (خوتەن)

**كارداڭ** ئى. چوڭ سېۋەت. (قۇمۇل)

**كاردان** سۈپ. ئۆزىنى ئىش بىلەر قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئادەم. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «كاداڭ» دېيىلىدۇ)

**كارسان** ئى. ساپال قاچا، ئىدىش. (قۇمۇل)

**كارگەر** ئى. ئىشچى، تېخنىك، ھۈنەرۋەن. (قۇمۇل)

**كارنەيچۈك** ئى. ‹زوئول› بىر خىل قۇرت. (قۇمۇل)

**كارىز** ئى. ئويمان يەر، ئازگال. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**كارىمگال** ئى. ئېكەك، ئۈچ قىرلىق ئېكەك. م: غاجاڭ دېسە، چىشىغا كارىمگال سېلىپ سۆڭەكلىرىنىمۇ يورگىۋېتىدۇ. (قۇمۇل)

**كازا** سۈپ. گەپ تالاشقاق. (پىچان)

**كاژكۆل قوي** ئى. ‹زوئول› قارا قوي، يۈڭلىرى بۇدۇر، كۇچا كۆرپىسى چىقىدىغان قوي. (كۇچا)

**كاسا** ئى. قوشۇقنىڭ ئويمان يېرى. (نىيە)

**كاساڭ** ئى. تەڭنە. م: تام ئويۇقىدا كاساڭ، ئاياق، جاملار قالايمىقان يېيىلىپ تۇراتتى. (خوتەن، مەكىت)

**كاساڭ ئوچاق** ئى. يوغان ئوچاق. (قەشقەر)

**كاسىنا** ئى. بۇيرۇتما، ئۆيدە ئىشلەشكە بېرىلگەن ئىش. (كېرىيە)

**كاشكات** ئى. قاسقان ئويىدىغان، تاسما تىلىدىغان ھىلال ئايسىمان پىچاق. م: ئاممىنەمنى كاشكاتتا قىرسىمۇ گۆش چىقمايدۇ. (كېرىيە)

**كاشىلا** سۈپ. تەلەيسىز، بەختسىز؛ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قامالاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان ئادەم. (قەشقەر)

**كاككۇك سايرىدى** ئى. ياز پەسلىدىكى مەۋسۇملارنىڭ بىرى

بولـۇپ، يېڭىچـە 5 ـ ئـاينىڭ ئوتتۇرىلـىرىدىن باشلىنىدۇ. (خوتەن)

**كاكىلاڭ** ئى. ياڭيۇ. (قەشقەر پاخپۇ)

**كاكىلىماق 1** قۇچىقىغـا ئالمـاق. م: زەينەپـخان كەچكىچـە بالىسىنى كاكىلاپ ئولتۇرىدۇ. (تۇرپان)

**كاكىلىماق 2** توخۇ تۇخۇم تۇغماق. (قەشقەر)

**كاڭكا 1** ئى. چوڭ سېۋەت. (خوتەن)

**كاڭكا 2** سۈپ. كاللەك، مونەك. م: لەغمەن خېمىرى كاڭكا بولۇۋاپتۇ. (تۇرپان)

**كاڭكىلىماش** سۈپ. كاللەك، مونەك. (تۇرپان)

**كالا** ئـى. تەپكۈچ ئويۇنىنىـڭ پاشـنا بىلـەن تېپىـپ ئوينايدىغان بىر خىل شەكلى.

**كالا ـ كۆتە** سۈپ. مۇجمەل، تۇتۇق، ئېنىقسىز. (قەشقەر)

**كالا ئويۇنى** ئى. بـىر خـىل بـالىلار ئويۇنى. كـالا ئوشـۇقىنى تۆشۈككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن قول بىلـەن ئـاتىدۇ، باشـقىلار ئوشـۇقنى كالتـەك بىلـەن ئۇرىـدۇ. (تۇرپان)

**كالەك** ئى. (دېھ) خامان تەپكەندە چارۋىلارنى مومىغا چاتىدىغـان ياغـاچ چـەمبىرەك. م: كالـەكنى تۇتۇپ بىر تارتىۋىدى... (خوتەن)

**كالپۇكىدا يەر سۈپۈرمەك** (ئىد) دومسـايماق، قاپىقىنى تۈرمـەك، ئاچچىقلانماق (نىيە)

**كالتا** ئى. خامـان قوشـقاندا ئەنجىلـەرنى تارتىدىغـان ئاچىماق ياغاچ. (نىيە)

**كالتەكچە** ئى. جاۋەن. (نىيە)

**كالتىساق** ئـى. قىسـقا قونچلـۇق ئايـاغ. م: پـۇتىدىكى كالتىسـاقىنىڭ سـىرتىغا لاي چاپلىشـىپ، ئىچىگە سۇ تولۇپ قالغان ئىدى. (قەشقەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**كالچۇك** ئى. كاچكۇل. (خوتەن)

**كاللا ساپ** ئى. مېۋىسى زىچ ساپاق، كۆمۈلگەن تاللارنىڭ ساپىقى. (كېرىيە)

**كاللەك** سۈپ. پاكار، سېمىز ئادەم. (نىيە)

**كاللىكو** سۈپ. ساراڭ، غەرەز ئۇقمايدىغان، بىغەرەز، كاج. (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «كالىكو» دېيىلىدۇ)

**كاللىگىر** ئى. پاشنا، ئۆكچە. م: ئۆتۈكۈمنىڭ كاللىگىرى چۇشۇپ قالدى. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز پىچاندا «كەلگىرە»، لوپنۇردا «كاللاگەر» دېيىلىدۇ)

**كالو** مىق. كاللەك، يۆگەم، تۇرتەك. م: △بىر كالو ساڭزا — بىر كاللەك ساڭزا؛ △بىر كالو يىپ — بىر كاللەك (يۆگەم) يىپ. (قۇمۇل)

**كالۇ** ئى. كويلا. توگمەننىڭ چاقپېلىكى تۇرىدىغان جاي. (خوتەن)

**كالۇبېشى** ئى. توگمەننىڭ نورىغا سۇ چۈشىدىغان جاي. (خوتەن)

**كالۇرات** ئى. ياغاچقا تۆشۈك ئاچىدىغان ئۇشكە. (مەكىت، مارالۋېشى تومشۇق)

**كالى** سۈپ. توق. م: بالىسى يوقنىڭ گېپى كالى، بالىسى بارنىڭ گېپى چالى. (ماقال) (كېرىيە)

**كامال** ئى. گىلەمنىڭ ئۆرۈشلىرىنى يۇرۇشتۇرىدىغان كالتەك. (خوتەن)

**كامالەك** ئى. رەگەتكە، سوزماق. (كېرىيە، مەكىت يانتاق)

**كامپا** ئى. مال ـ ئۇلاغلارنىڭ ئېغىلدىكى قېتىپ كەتكەن قىغى. (كېرىيە)

**كامپاش~قامپاش** ئى. قومۇش پۆپۈكى. (لوپنۇر)

**كامدۇ ـ كاسات** سۇپ. كەم ـ كۇتا. (لوپنۇر)

**كامشۇك~كاۋشۇك** ئى. ‹ئانات› تۇمشۇق، ئېڭەك، لەۋ. م: كېپەك بىلەن ئۇننى، كامشۇك بىلەن بۇننى(بۇرۇننى) پەرق قىلالمايدىغان لەقۋا. (نىيە)

**كانار** ئى. گىلەمنىڭ چۆرىسىدىكى پاراللېل سىزىقلارنىڭ ئارىسى. (خوتەن)

**كانايە** ئى. چەت، قىرغاق، چۆرە. م: گىلەمنىڭ كانايىسى ـ گىلەمنىڭ چۆرىسى. (خوتەن)

**كانەيچۇك** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**كانتا** ئى. ئېشەكتە خىش توشۇيدىغان ئىككى باشلىق ياغاچ قۇرۇلما. (مەكىت)

**كانتۇ** ئى. ئوغرى. (تۇرپان، پىچان، قۇمۇل)

**كانتۇلىماق** ئوغرىلىماق. (پىچان، تۇرپان، قۇمۇل)

**كانتىلىماق** سوزماق، تارتماق، چۇجىمەك. م: قۇلىقىڭنى كانتىلاپ قويماي يانا. (مەكىت)

**كانجا سۇيى** ئى. ‹دېھ› كۇزلۇك مايسىغا قۇيىدىغان كەچ كۇز سۇيى. (مەكىت)

**كان ئوچاق** ئى. ئۇستىگە قازان ئاسقىلى، ئىچىگە نان ياققىلى بولىدىغان ئوچاق. (خوتەن)

**كاھ** ئۇن. ئاتنى كەينىگە شوخشىتىش ئۇندىشى. (بەزى جايلاردا «ساھ» دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**كايا~كايە** ئى. قىسقا چاپان، ئاياللارنىڭ قىسقا چاپىنى. (نىيە، كېرىيە)

**كايىش قىلماق** كۆڭۈل بۆلمەك، ئامال قىلماق، بېجىرمەك. م: چاققانراق كايىش قىلسىلا. (خوتەن)

**كايىماق I** ئاۋارە بولماق، ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار قىلماق. م: كايىماسلىق ـ ئاۋارە بولماسلىق؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆنچىلىك كايىمىسىلىمۇ بولاتتى. (خوتەن) (بۇ سۆز كېرىيىدە «كېيىماق» دېيىلىدۇ)

**كايىماق 2** خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق. (ئىلى، تۇرپان)

**كەپ 1** ئى. تور توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب. (لوپنۇر)

**كەپ 2** ئى. قېلىپ (كېسەك قېلىپى)؛ يەڭلىك (نان ياققاندا قولغا سالىدىغان). (قۇمۇل)

**كەپە** ئى. ‹بوت› قۇرغاق، تاشلىق يەرلەردە پەلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك. (بۇ سۆز قەشقەردە «بۆرە سويمىسى»، قۇمۇلدا «كەلپىغون» دېيىلىدۇ)

**كەتخۇدا** ئى. ئەر. (قۇمۇل)

**كەتمە دۆڭ** ئى. شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن دۆڭ. (كېرىيە)

**كەتمەگلىك** ئى. يار كەتكەن يەر. (خوتەن)

**كەتو** ئالىيۇمىن.

**كەتىل** ئى. دۆمبىگە ئارتىپ نەرسە توشۇيدىغان سايمان. م: دۆمبىلىرىگە كەتىل بىلەن يوغان تاش تۈز ئارتىلغان. (قەشقەر)

**كەتىمەك** بوۋاقلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشى؛ تايتاڭلاپ ماڭماق. م: رەنا قىز چوڭ ـ چوڭ كەتەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. (قەشقەر)

**كەتىۋال** ئى. ئىگىسىز، مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى باشقۇرغۇچى، ئىجارە يىغقۇچى؛ يېتىم ئاقساقال. (قەشقەر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «كېتىۋال» مۇ دېيىلىدۇ)

**كەچتە ـ پاتتا** رەۋ. كەچتە، كەچ ئەتراپىدا، كەچقۇرۇن. (قەشقەر)

**كەرەل** ئى. ‹زوئول› كېلەر. م: كەرەل (كېلەر) نىڭ

تۆت پۇتۇ (پۇتى) بار. (لوپنۇر)

**كەرگە** ئى. پەن ئورنىغا تېگىگە رەخت تارتىپ قويۇلغان بۆشۈك. (قۇمۇل)

**كەرۆ~كەڭرۆ** سۈپ. كۆپ، جىق. (تۇرپان، قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپان، پىچاندا يەنە «كەرى»مۇ دېيىلىدۇ)

**كەسكە** ئى. ئىتنىڭ بوينىغا باغلاپ قويۇلىدىغان تاياق. م: باغلاقتا تۇرمىغان ئىت كەسكىدە تۇرار، ياخشىدا تۇرمىغان خوتۇن ئەسكىدە تۇرار. (ماقال) (قەشقەر)

**كەسكەكچى** ئى. خەتنىچى، خەتنە قىلغۇچى. م: ئۇلار ناسىر كەسكەكچىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى. (ئىلى) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «كېسىكچى»مۇ دېيىلىدۇ)

**كەسمە ئاش** ئى. ‹يېم› ئۇگرە ئاش. (تۇرپان)

**كەسمە ئەن** ئى. قوينىڭ قۇلىقىنى كېسىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

**كەشپى** سۈپ. ئۇيقۇلۇق، چۈش ۋە خىيالىي كۆرۈنۈشلەر ئارىلىشىپ كەتكەن روھىي ھالەت. (ئاتۇش)

**كەشكىل** ئى. ‹دېھ› ساپاننىڭ تەڭشەك ياغىچى. م: قوشچى بالا قوش ھەيدەپ، سۈندۇرۇۋەتتى كەشكىلنى، ئاخشاملىرى كەل دەيسەن، سەن بىلمەيسەن تەشكىلنى. (ئاقسۇ)

**كەشمىر** ئى. سېھىرگەر، سېرىكچى. (تۇرپان، پىچان تۇيۇق)

**كەشمىر جىنى** سۈپ. ئالەم سارىڭى، يالغان ساراڭ. (كېرىيە)

**كەڭكى~كەڭگە** ئى. ‹دېھ› دانلىق زىرائەتلەرنىڭ چارىدىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى. (قۇمۇل)

**كەلتەك** ئى. ياغاچ غاڭزا. (تۇرپان)

www.uyghurkitap.com

كەمەك ئى. بىر خىل رەخت. (كېرىيە)

كەمەل ئى. ئەجەل. (قۇمۇل)

كەمبەر ئى. ئارزۇ، ئىستەك. (يەكەن)

كەمزىر چاپان ئى. ئۆتۈشمە تۈگمىلىك ئۇزۇن چاپان. (مەكىت يانتاق)

كەمسۇخەن سۈپ. كەمسۆز، ئېغىر- بېسىق. م: كەمسۇخەن يىگىت ئىكەن. (قەشقەر)

كەمىدەك~كەندەك ئى. ‹ئانات› بېلىق سۆڭىكى، بېلىق ئىسكىلىتى. (لوپنۇر)

كەندىر ئى. ‹تېب› سۇ چېچەك.

كەيلۇك ئى. كالا بىلەن قوتاز بۇقىسىنىڭ چېتىلىشىدىن تۇغۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد موزاي. (قۇمۇل)

كو:تىرناق ئى. بىر قېتىم چىقىپ كېتىپ قايتىدىن ئۆسكەن تىرناق. (قەشقەر)

كودەك ئى. ئۆسمۈر، بالا، گۆدەك. (قۇمۇل)

كودەي ئى. ئوت كەتكەندىن كېيىنكى قومۇشلۇق قالدۇقى. (لوپنۇر)

كوراك سۈپ. بوش، كاۋاك. (خوتەن)

كوراچ سۈپ. تاشتەك قېتىپ كەتكەن، قورۇپ تاراقشىپ كەتكەن. م: △كوراچ نان؛ △كوراچ جۇۋا. (قەشقەر)

كورتغاق سۈپ. گېپى جىق، تولا گەپ قىلىدىغان، ۋالاقتەگكۇر (ئادەم). (تۇرپان)

كورۇك سۈپ. غەمسىز ئادەم. (كېرىيە)

كوزاغرا ئى. ‹يېم› بۇغداي ئۇنى قوشۇلۇپ، چوك قىلىپ يېقىلغان نان. (ئاتۇش)

كوسا ئى. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇتاق، يوپۇرماق ياكى چېچەك چىقىرىدىغان تۇگۇرچەك يېرى، بىخ.

(قەشقەر)

**كوساتماق** تۇغماق، بوشانماق. (قەشقەر)

**كوسپاڭ** سۇپ. قىسماق. (ئىلى)

**كوسودا** سۇپ. سودا قىلىشنى، نەرسە ئېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم؛ بەتخەج. (ئىلى، شايار)

**كوسۇغۇر** سۇپ. كوتكوت، تولا سۆزلەيدىغان.

**كوكا** ئى. پىستە ئىت، خاۋازا. م: سۇۋاشقان كوكىدەك كۈچۈكلىنىۋاتقان بۇ ئادەم تۇردى ھېكىم ئىدى. (خوتەن)

**كوكاچ** سۇپ. سەت، بەتبەشىرە. م: مەزھەپ بىلەن دىننى، كوكاچ بىلەن جىننى پەرقلەندۈرمەك تەس. (خوتەن) (بۇ سۆز نىيىدە «كۆكاچ» دېيىلىدۇ)

**كوكۇنە** ئى. (تېب) تىرناق گۆشلىرىنىڭ يىرىڭلىشى، سەينەك.

**كوكۇنچىلىق~كاكۇنچىلىق** سۇپ. ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار، ئاۋارىچىلىك، ھەلەكچىلىك. م: ئۈچ بالىنىڭ كوكۇنچىلىقىدىن باشقا، دۈشمەننىڭ ئەلىمىگە چىدىماي، دەرياغا ئۆزىنى ئاتقانمۇ ماماي بولدى. (ئىلى)

**كوكىرام** ئى. سۇنىڭ ئېگىزلىكتىن چۈشىدىغان جايى. (ئىلى)

**كوڭتەي** ئى. ئوقۇر. قېيىق قىلىپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. تەبىئىي توغراقنى ئويۇپ ياسايدۇ. (مەكىت يانتاق، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**كوڭكالاك** سۇپ. كاللەك، مونەك. (قۇمۇل)

**كولىما ياڭاق** ئى. (بوت) پوستى قېلىن، مېغىزىنى پىچاقتا كولاپ ئالىدىغان ياڭاق. (خوتەن)

كو:مەمە ئۇن. ئىتنى چاقىرىش ئۇندىشى. (قۇمۇل)

كوملاپ ـ سوملاپ سۇپ. ئەپلەپ ـ سەپلەپ. م: كوملاپ ـ سوملاپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. (خوتەن)

كۇبۇر سۇپ. بىمەنە، مەززىسىز. (كېرىيە)

كۇت سۇپ. نەق، دەل. م: بۇ بالا كۇتىلا دادىسىنىڭ ئۆزى. (ئىلى)

كۇتكۇيلۇق قىلماق سۇرۇشتە قىلماق، كوچىلىماق. م: بۇ ئىش كىشىلەردە ئېنىق گۇمان پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە كۇتكۇيلۇق قىلىشمىدى. (قەشقەر)

كۇچۇك ئى. ئىلغۇر. (خوتەن)

كۇچۇلۇق ئى. ئۇۋچىلىق. (خوتەن)

كۇدا ئى. (يىپ ئېگىرىشتە) يىپ يۆگىلىدىغان غالتەك؛ چاق مەركىزى. (كېرىيە)

كۇدەك سۇپ. چوناق (قۇلىقى كېسىك) كىشى. (خوتەن)

كۇرسىماق كۇرسۇكقا كىرمەك، كۇيلىمەك (قانجۇق ئىتلارغا قارىتا). م: يا كۇرسىغان قانجىقمۇ بۇ؟ (قەشقەر، ئىلى)

كۇس سۇپ. تەمسىز، پىشمىغان، تېتىقسىز بىمەززە، لاۋزا (قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە) (كېرىيە)

كۇس سالامەت سۇپ. بەئەينى، ئوپمۇ ئوخشاش، قۇيۇپ قويغاندەك. (خوتەن)

كۇسكا چاشقان ئى. ‹زوئول› چاشقاننىڭ بىر خىلى. (لوپنور)

كۇش ئى. ‹بىن› بالا ياغىچى قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يوچۇقلارنى ئېتىش ئۈچۈن قويغان تام. (كېرىيە)

كۇكۇ سۇپ. پاكىنەك، پەتەك، پاپا. (مارالبېشى چارباغ)

كۆك ئى. دېدەك، قۇل ئايال. (قۇمۇل)

كۆمۈلەك~كۆمۈلەك ى. ‹يېم› قوناق ئۆنى خېمىرىنى قۇشقاچنىڭ تۇخۇمىدەك قىلىپ قازانغا تاشلاپ، چامغۇر قاتارلىقلارنى سېلىپ ئېتىدىغان تاماق. (كېرىيە، نىيە، خوتەن)

كۆننۈس سۈپ. بېخىل، پىخسىق. (كېرىيە)

كۆۋۈچ ئى. ‹بىن› ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ياغاچتىن ياسالغان چۆرىسى ئوچۇق قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۆنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان لاي. (نىيە)

كۆبدۆن سۈپ. ئاۋاق. م: كۆبدۆن بالا ـ ئاۋاق بالا (لوپنۇر)

كۆ:پە - قىياق ئى. قېلىن ئوت - چۆپلۈك. (كۇچا توخۇلا)

كۆپەش سۈپ. كالۋا، دۆت. (خوتەن)

كۆپسىمەك ئېچ - ئىچىدىن يىغلىماق، يىغىسى ئەدەپ كەتمەك. (تۇرپان)

كۆپۈك ئى. ئاچچىق، دەرد. (قۇمۇل)

كۆتەكباش ئى. پۇچەك باشاق (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «كولتۇكباش» دېيىلىدۇ). (قەشقەر)

كۆتەڭگەي ئى. ‹تېب› يىغىر، يارا.

كۆتەل ئى. تاغ بېلى، قاپتال. داۋاندىن پەسرەك، دۆڭدىن ئېگىزرەك پەلەمپەيسىمان يەر. م: شۇ خىلدا مىڭىشىپ خېلى ئېگىز بىر كۆتەلدىن ئاشقان چاغدىلا... (قۇمۇل)

كۆتتەك ئى. ئەڭ ئاخىرقى، تۆگەنچە. (قۇمۇل)

كۆتلۈك ئى. قۇشقۇن. ئات ياكى ئېشەكنى هارۋىغا قوشقاندا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق.

كۆتۈك ئى. پادىچىلارغا بېرىلىدىغان ئىش هەققى.

كۆتۈك ئى. ئازگال. (لوپنۇر)

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆتۇ:مە ئى. 〈بىن〉 ھاجەتخانا، تەرەتخانا. (كېرىيە)

كۆتۇۋەللىك ئى. قۇشقۇن، ئات ـ ئېشەكلەرنى ھارۋىغا قوشقاندا، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ سۆڭگۈچىدىن باغلايدىغان تاسما. (قۇمۇل)

كۆتنىنىڭ پېرىسى تۇتماق رەنجىپ قېيدىماق، تەتۇر قاراپ يۈرمەك. (تۇرپان)

كۆچە ئى. ئايال، خوتۇن، رەپىقە. م: △ئوك قولۇمدا يېتىلەي مەلىكەزادە كۆچۈڭنى بالام: △ئۆزلەنىڭ كۆچىمۇ ـ سىزنىڭ ئايالىڭىزمۇ؟ (لوپنۇر، خوتەن، قۇمۇل)

كۆچە قاينىماق پاتىپاراق بولماق، قالايمىقانلاشماق، تېنىمەك. (قۇمۇل)

كۆچە:مە ئى. 〈بوت〉 كۆكتات كۆچىتى. (خوتەن)

كۆچكۇن ئى. قاتتىق جىسىمنىڭ پېرىلىشى، پارچىلىنىشى. م: △قار كۆچكۇنى: △تاغ كۆچكۇنى.

كۆچمۇر~كۆشمۇرئى. ئوت يېقىلغان پىچانلىق يەر. م: مەن قۇشۇمۇ ھايدايمەن توپا شە(ر)دە كۆشمۇرگە. (لوپنۇر)

كۆچۈرمە ئېرىق ئى. سۇنى ئىككىنچى بىر تەرەپكە ئۆتكۈزىدىغان نور. (خوتەن)

كۆچۈگۈچ ئى. ئۆي بۇلۇڭى. (كېرىيە)

كۆچ يول ئى. چارۋا ماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ياكى قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈرىدىغان يول (لىنىيە). (ئىلى)

كۆدەز ئوت ئى. 〈بوت〉 يېكەنگە ئوخشاش بىر خىل ئوت. پاكاررااق، ئىنچىكە بولىدۇ. (لوپنۇر)

كۆدۈ ئى. سۆڭگۈچ. باغقا سۇ كىرىدىغان ئېرىق. م:

باغنى كۆدۈسۈ ــ باغنىڭ سۈڭگۈچى. (لوپنۇر)

**كۆرەك** ئى. كۆرەك، توي، بايرام: كۆركەم. م: بالاڭنىڭ كۆركى ــ بالاڭنىڭ تويى. (قۇمۇل)

**كۆرتە** ئى. ‹بوت› كۇدە، جۇسەي. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «كۇدە» دېيىلىدۇ)

**كۆررەك** سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل، ياڭاڭتۆش. (قەشقەر)

**كۆرگە** ئى. ‹بوت› چۆلدە ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈملۈك. م: قار ئېرىپ، كۆدەك، پىچان، قىغ ئۇۋاقلىرىدىن... (لوپنۇر، مەكىت) (بۇ سۆز نىيىدە «كۆرۈك» دېيىلىدۇ)

**كۆركۈتمە قىلماق** كۆز- كۆز قىلماق، باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىپ كۆرسەتمەك. (لوپنۇر)

**كۆرۈشمەك** ئۇنۇم بەرمەك، پايدا قىلماق. م: بۇ كېسەلگە ھېچقانداق دورا كۆرۈشمىدى. (بەزى جايلاردا «كىرىشمەك» دېيىلىدۇ). (قۇمۇل)

**كۆرۈكلىمەك** تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىنى باسماق. م: ئاندىن ئوتنى كۆرۈكلەپ ئۇلغايتتى. (كورلا)

**كۆز** ئى. ‹تېب› چىقان، قوڭى يوغان. م: كۆز چىقتى. (مەكىت)

**كۆز تاش** ئى. كۆز مونچاق. (مارالۋېشى چارباغ)

**كۆز تۇما(ر)** ئى. تىلتۇمار. (كېرىيە)

**كۆزگىمەك** كۆزەتمەك، نازارەت قىلماق. (قۇمۇل)

**كۆز نوتىسى** ئى. سورتلۇق دەرەخلەرنى ئۇلاشقا كۆز (بىخ) ئالىدىغان نوتا. (خوتەن)

**كۆزنىڭ ئۇينىغۇچى** ‹ئانات› ئى. كۆز قارىچۇقى. (مەكىت)

**كۆزۈكەنمەك** كۆز تەگمەك. م: ...چەتنەيدۇ، كۆزۈكۈنۈپ كېتىدۇ دەپ... (قەشقەر) (بۇ سۆز ئىلىدا

www.uyghurkitap.com

«كۆزەكمەك» دېيىلىدۇ)

**كۆزىگە ئەلگەك كىيىۋالماق** (ئىد) كۆزى ساق تۇرۇپ كۆرمەي قالماق، تونۇماي قالماق.

**كۆسەك 1** سۇپ. چالا كۆيگەن. م: ناۋاي نېنىدىن كۆسەكلەرنى تېرىپ، ئۇنى يېدۇردى. (خوتەن)

**كۆسەك 2** ئى. (دېھ) كېۋەزنىڭ مايسىدىن غوزا تۇتۇش دەۋرىگىچە بولغان دەۋرى. (كوچا)

**كۆسەي** ئى. پاشنىسىز خورۇم ئاياغ، مەيسە. (يەكەن)

**كۆشۈك 1** ئى. كۈن نۇرى ئانچە چۈشمەيدىغان جاي. (قومۇل)

**كۆشۈك 2** ئى. تۆت ئەترابى ۋە ئۈستى رىشاتكىلانغان هارۋا؛ يوشۇرۇنىدىغان جاي؛ ئېشەكنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ساندۇق شەكىللىك نەرسە. م: دىنىي زىيالىيلار ئاياللارنى تۇتۇپ كۆشۈككە سولاپ قويىدى. (خوتەن، كېرىيە)

**كۆشمەل~كۆشۈمەل** ئى. گۈللۈك تاغار. گۈللۈك تاغار توقۇغاندا، ئىككى خىل رەڭنى بىر- بىرىدىن ئايرىپ تېخىمۇ كۆركەم قىلىش ئۈچۈن ئارىسىغا يەنە بىر خىل رەڭلىك يىپنى تارتىش «كۆشمەل قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈللۈك تاغار — «قىزىل قارىلىق پالاز» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈللۈك پالازدىن ياسىلىدىغان ئات يوپۇقى «كىيىم» دەپ ئاتىلىدۇ. (لوپنۇر)

**كۆك 1** ئى. (بوت) قىشلىقى قاچىدا ئۆستۈرۈلگەن مايسا، كۆكتات. م: △كۆك مەشرىپى (بۇ مايسا بىيىت بىلەن بىراۋغا تۇتۇلسا، شۇ كىشى ئۇنى ئېلىپ مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ يەنە بىر كىشىگە تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ مايسا

ئەتىيازغىچە ئايلىنىدۇ): △گۈل ـ چېچەكلەرگە ئوراپ كۆكنى تۇتتۇم ئالسىلا، دۇنيا دېگەن كارى چاغلىق، يىراقتىنە قويسىلا. (قۇمۇل)

**كۆك 2** سۈپ. كۆكەمە، ئۇششۇق، مۇتتەھەم. م: نېمىدىگەن كۆك بالا ــ نېمىدىگەن ئۇششۇق بالا. (قۇمۇل)

**كۆك ئانا** ئى. مومىسىنىڭ ئانىسى. (لوپنۇر)

**كۆكەر** ئى. سۇ قاچىسى، سۇدان. (لوپنۇر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «كۆكۈر»، قۇمۇلدا «كۆرتە» دېيىلىدۇ)

**كۆك ئەمەن** ئى. ‹بوت› يول بويلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

**كۆك پىتەك** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**كۆك پىشت** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. (ئاقسۇ)

**كۆك تاشقا مىنمەك** مەقسەت ـ مۇرادىغا يەتمەك.

**كۆكتوش** كەمبەغەل، يالاڭتۆش، نامرات، يوقسۇل. م: ھەممىسى ماڭا ئوخشاش كۆكتوش. (مەكىت)

**كۆك تۇلەك** ئى. ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۈك تاشلىشى. (قەشقەر)

**كۆك چۆچۈرىسى** ئى. ‹يېم› بېدە چۆچۈرىسى. (ئىلى، قەشقەر، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**كۆكچى** ئى. كۆكتات تېرىغۇچى دېھقان. (قۇمۇل)

**كۆكچىلىك** ئى. كۆكتاتچىلىق. (قۇمۇل)

**كۆكرەك پۇرمە** ئى. ئاياللارنىڭ يەرلىك نۇسخىدىكى تۈز كۆڭلىكى. (مەكىت يانتاق)

**كۆكسار** ئى. ‹زوئول› سارنىڭ بىر خىلى.

**كۆكسۇ~كۆكسۆ** سۈپ. تولا يۆتىلىدىغان، يۆتەلگەك. (قۇمۇل)

**كۆك سۇ~كۆكلۈك** ئى. ‹دېھ› مايسا بىر غېرىچ بولغاندا كۆكلىتىش ئۈچۈن قۇيىلىدىغان تۇنجى سۇ.

www.uygurkitap.com

(مەكتت) (بۇ سۆز قەشقەردە «كۆك سۆيى» دېيىلىدۇ)

**كۆكسۆ** ئى. ‹تىبب› قويدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل. (قۇمۇل)

**كۆك شۆلتا** ئى. ‹بوت› بادىرىدىن كىچىك، چۈشقىتىن چوڭ كۆچەت. (مەكتت)

**كۆكشىرە** سۈپ. كۆكەرمە، ئۆششۈق، مۆتتەھەم، ھازازۇل. (نىيە، كېرىيە)

**كۆ(ك)گۈل** ئى. ‹بوت› كۆككۈل، بىر خىل دورا ئوت. (قۇمۇل)

**كۆكلەم** ئى. ئەتىيازدا مال ـ چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق. (تۇرپان)

**كۆكلىمەك 1** تىكىمچىلەرنىڭ رەسمىي تىكىشتىن بۇرۇن بەلگە سىلىش ھېسابىغا شالاڭ تىكىپ قويۇشى. (تۇرپان)

**كۆكلىمەك 2** يوقىرىغا كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك؛ سەكرىمەك. م: △ گۈلەڭگۈچتە كۆكلەپ ئۇچماق؛ △ ئۇچار قاناتلار كۆكلەپ ئۇچماق ـ ئېگىز ئۇچماق. (تۇرپان، قۇمۇل)

**كۆكۈنە** ئى. ‹تىبب› تىرناق گۆشلىرى يىرىڭلىشىش كېسەللى، سەينەك. (نىيە) (بۇ سۆز قەشقەردە «كۆكۈنەك» دېيىلىدۇ)

**كۆكۆجۇ** سۈپ. بىشەم، كۆكەرمە، ئۆكتەم، ھازازۇل. (لوپنۇر)

**كۆك ئۇچەي** سۈپ. كۆكەرمە، مۆتتەھەم (ئادەم). (ئاقسۇ)

**كۆكۈر** ئى. سۇدان، سۇ قاچىسى. (تۇرپان) (بۇ سۆز لوپنۇردا «كۆكەر» دېيىلىدۇ)

**كۆك ئۇزۇك** سۈپ. ‹تىل ھا› نامرات، يالاڭتۆش. (كېرىيە)

**كۆكۆشكەن~كۆكشكەن** ئى. ‹زوئول› كەپتەر. (قۇمۇل)

**كۆكىمەك** گەپ تالاشماق، گەپ تەگىمەك، ئەزۋەيلىمەك، تېرىكمەك. م: △ئۇنىڭغا كۆكەپ قان قىزار-تىشىڭ ھاجىتى يوق؛ △ سىز كۆكەپلا كەتتىڭىزغۇ؟ (ئىلى) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «كۆكسىمەك»مۇ دېيىلىدۇ)

**كۆك ئىنەك سۈتى** ئى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدىغان ئېشەك سۈتى. م: كۆك يۆتەلگە كۆك ئىنەك سۈتى ئەم بولىدۇ. (قۇمۇل)

**كۆكيار** ئى. ‹زوئول› قۇلان. (لوپنۇر)

**كۆگە** ئى. ياغاچ كۆيۈندىسى، ياغاچ كۆمۈر، قازان قارىسى. م: قۇم قازان تۇتقان بىلەن، قولۇمدا يوقتۇر كۆگىسى. يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنىڭ، دولامدا يوقتۇر يارىسى. (قۇمۇل)

**كۆگەشمەك** كۆگەنگە باغلىماق. (خوتەن)

**كۆگەل~كۆگەن** ئى. ‹زوئول› ئەركەك ئۆردەك. (قۇمۇل)

**كۆگەن** ھەسەن- ھۈسەن يايى. (خوتەن)

**كۆڭلى چىگىلمەك** كۆڭلى ئاغرىماق. م: كۆڭلىڭىز چىگىلگەندەك بىر ئىش بولغانمىدى؟ (ئىلى)

**كۆل** ئى. گۈلدۈرماما. (قۇمۇل)

**كۆل بۇقىسى** ئى. ‹زوئول› بېلىق يەيدىغان بىر خىل قۇش. (مەكىت)

**كۆلچۈ** ئى. بېلىقچى. (لوپنۇر)

**كۆللەك** ئى. ئۈيمانلىق. (كېرىيە دەريا بويى)

**كۆلمەنچەك** ئى. كۆلچەك. م: ئىشىك ئالدى كۆلمەنچەك، مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك. بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق، كاككۇك بىلەن زەينەپتەك. (ئاقسۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(بۇ سۆز قۇمۇلدا «كۆلمەك»، كېرىيە دەريا بويىدا «كۆلمەن» دېيىلىدۇ)

كۆلۈ رەۋ. كېلەر يىلى. (قەشقەر، ئىلى)

كۆلۈك ئى. ئۇلاغ، ئىش ھايۋانلىرى. (قۇمۇل، ئاتۇش)

كۆلۈكەچ ئى. سايە. م: كۆلۈكە بولودىمەن ئىچىلىمگە ـ يارىمغا سايە بولىمەن. (لوپنۇر)

كۆمەك 1 ئى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئۇرۇق ـ جەمەت؛ ئائىلىدىكى جان سانى. (نىيە)

كۆمەك 2~كىمەك ئى. دالدا، دالدا جاي. (قۇمۇل)

كۆمەل ئى. شورمەل. (كۇچا)

كۆمەل تاش ئى. ئىشلەنمىگەن تەبىئىي تاش (بەزى جايلاردا «تاختاتاش»، «شىبەنتاش» مۇ دېيىلىدۇ). (كۇچا)

كۆمبەنان ئى. (يېمەك) كۆممىقوناق ئۇنىدا قىلىنغان نان، زاغرا. م: ئۇزلىرىمۇ كۆمبەنان بىلەن غىزالىنىپ. (ئىلى)

كۆمۆر ئى. (ئانات) دومبە، دولا. (لوپنۇر)

كۆمۈلەك ئى. (يېمەك) خېمىرنى قوناقتەك چوڭلۇقتا يىمىرىپ ئېتىلىدىغان تاماق. م: ئۆتكەندىلا بىر ئاياق كۆمۈلەك ئاشلىرىنى ئىچتىمغۇ. (خوتەن)

كۆنەگسىز سۈپ. كۆندۈرۈلمىگەن، ياۋا. م: كۆنەگسىز تۆگۆگە ئاغامچا سالغۇلۇق ـ كۆندۈرۈلمىگەن تۆگىگە ئارغامچا سالغۇلۇق (كېرىيە قارلۇق)

كۆندۈ ئى. ئېدىر ئارىلىقىدىكى يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان چوڭ جىلغا. (قۇمۇل)

كۆندۈك ئى. سېغىز لايدىن ياسالغان ساندۇق. (قۇمۇل)

كۆۋە ئى. كۆرپە.

كۆۋەت ئى. ‹زوئول› دۆ. (تۇرپان)

كۆۋرەك ئى. ‹بوت› يۇلغۇننىڭ ئاق رەڭلىك بىر تۈرى. (مەكىت)

كۆۋرىمەك ئۇلغايماق (سۇنىڭ ئۇلغىيىشى)، سۇنىڭ تېشىشى. (كۇچا، پىچان)

كۆۋۈلگۈچ ئى. ئۇلاغ ئېغىنايدىغان يەر. (لوپنۇر)

كۆۋۈلىمەك ئېغىنىماق. م: ئات كۆۋۈلەيدۇ (ئېغىنايدۇ). (لوپنۇر)

كۆيە ئى. ياغاچ كۆمۈر، ياغاچ كۆيۈندىسى.

كۆيەڭ بولماق ئى. تاماق ئىس تارتىپ قالماق. (قۇمۇل)

كۆيۈكمەك كۆيۈنمەك. م: ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈكۈپ يىغلىماق.

كۇپتە سۇپ. ناھايىتى سېمىز. (خوتەن)

كۇپتى سۇپ. دائىرە، كۆلەم، تۇرق. م: يۇزىنىڭ كۇپتى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن چوڭ روشەن كۆزلىرى شۇنداق يارقىن ئىدى. (قەشقەر)

كۇپكەك~كۇپەك ئى. يېڭى تۇغۇلغان قوزا، ئوغلاقلارنىڭ تۇرىدىغان جايى. (قۇمۇل)

كۇتلەك ئۆي ئى. بىر ئېغىزلىق ئۆي. (قۇمۇل)

كۇتۇمخانا ئى. كۇتۇش ئۆيى، قوبۇلخانا. م: شۇ گەپتىن كېيىن، ئۇ خوجىنىياز پالۋاننى كۇتۇمخانىدا قالدۇرۇپ ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. (قۇمۇل)

كۇچە ئۇن. چاغ. ئىتنى نېرىغا ھەيدەش ئۈندىشى. (نىيە)

كۇچ سالماق كۇچ سەرپ قىلماق، تىرىشماق. (قەشقەر)

كۇرەك سۇپ. ياخشى پىشقان، چىرايلىق، كېلىشكەن، قاملاشقان. م: △ ھەجەپ كۇرەك قوغۇن ئىكەن؛

uyghurkitap.com

△كۆرەك ساڭزا ــ ئوخشىغان ساڭزا. (قومۇل)

**كۆ(ر)گەك** ئى. خاماندا ئاشلىق سورۇيدىغان ياغاچ گۈرجەك. م: كۆ(ر)گەكتە توپاننى توختىماي سورىدۇق. (كېرىيە)

**كۆرۈت** ئى. ‹زوئول› ئات پىتى. (قومۇل)

**كۆزەيمەك** يەڭگىمەك، بالا تۇغماق، بوشانماق. (قەشقەر)

**كۆزلەم** ئى. كۆزدە مال ـ چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق. (تۇرپان)

**كۆزۈكەنمەك** كۆز تەگمەك. (نىيە)

**كۆزۈكدىمەك** تاغارنىڭ ئاغزىنى پۈرۈپ يىغماق. م: موما، ماڭا قارىشىپ كۆزۈكدەپ بەرسەڭچۇ؟ (لوپنۇر)

**كۆسۆتكە** ئى. ‹زوئول› لەگمەنتاقتاق. (پىچان)

**كۆشەيلىگ** سۇپ. كۆيۈمچان، تۇغقانچى. (نىيە)

**كۆككۆمە~كۆنكۆمە** ئى. ‹يېمەك› پوستۇمبا. (لوپنۇر)

**كۆلەك** ئى. داپخۇن، تونۇرنىڭ داپخۇنى. (لوپنۇر)

**كۆلدە كۆمەچ بولماق** ‹ئىد› پايپېتەك بولماق. م: ئەتىدىن كەچكىچە كۆلدە كۆمەچ بولۇپ ئىشلىسەك، يە خېنىم رازى بولمىغان، يە بېگىم. (قەشقەر)

**كۆلۈگىدەپ قالماق** سايداپ قالماق (ئاقسۇ)

**كۆنەز** ئى. كۆنگەي. (مەكىت) (بۇ سۆز خوتەندە «كۆنەس» دېيىلىدۇ)

**كۆنچەك** ئى. ياقا. م: ئىچ كۆينەكنىڭ كۆنچەكلىرى يىرتىلىپ كەتتى. (قەشقەر)

**كۆنچېچەك** ئى. ‹بوت› ئاپتاپپەرەس. (لوپنۇر)

**كۆنلەم** رەۋ. كۈن بويى. (خوتەن)

**كۆنۆشلىمەك** كۈن ئارىلىماق.

**كۆنۆن** رەۋ. ھەر كۈنى.

**كۆيىباش** ئى. قارا كۆيە. كۆمىقوناقتا بولىدىغان بىر

خىل كېسەللىك. (كۇچا)

**كۆيمەسلىك** چىداپ تۇرالماسلىق، تاقەت قىلالماسلىق. م: △ خىيالىنى ئاياغلاشتۇرۇشقىمۇ كۆيمەستىن، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى؛ △ئۇ ياتاققا كىرىپ كەشىنى سېلىشقىمۇ كۆيمەي، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. (قەشقەر)

**كۆيمۈنمەك** شۇغۇللانماق، ئەرمەك بولماق. (قۇمۇل)

**كۆيۈ** ئى. (زوئول) مىتە قۇرت. (قۇمۇل)

**كۆيۈنده** ئى. قارا توزان كېسىلى، قارا كۈيە.

**كېپىتكىن** ئى. (زوئول) كىرپە. (نىيە) (بۇ سۆز كەلپىنندە «كىرۋى»، «ئاقسۇدا «كىۋە» دېيىلىدۇ)

**كېپىش 1** ئى. كەش، قونچىسىز ئاياغ. ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق قونچلۇق ئاياغ كىيىملەردىن باشقىلىرى. (تۇرپان، پىچان، قۇمۇل، كېرىيە)

**كېپىش 2** ئى. خام كېسەك. (ئاقسۇ)

**كېپىلىماق** غىڭشىماق، تولا يىغلىماق (بالا). تولا گەپ قىلماق. م:△ھەجەپ كېپىلىغاق بالىكەن — ئەجەب يىغلاڭغۇ بالىكەن؛△ھەجەپ كېپىلاپ كەتتى — ئەجەب تولا گەپ قىلىپ كەتتى. (قۇمۇل)

**كېچىكىن** ئى. كىچىك، دەريا كىچىكى. م: دەييانىڭ ئاياغىدا بىر كېچىكىن بار. (لوپنۇر)

**كېر** سۇپ. جەدە بىلەن تورۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتنىڭ تۈسى ـ رەڭگى. (ئىلى)

**كېرەجىمەك** ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇۋالماق. (قۇمۇل) (باشقا جايلاردا «كېرەلمەك»، تۇرپاندا «تىرەجىمەك» دېيىلىدۇ)

**كېرىش** ئى. ھەرنىڭ ئىككى بېشىدىن تارتىپ

تۇرىدىغان سىم. (ئىلى)

**كېرىك** ئى. سۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن ئورنى. (قۇمۇل)

**كېسە** ئى. ‹ئانات› جەينەك بوغۇمى (نىيە)

**كېسەر** كەسكىن ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە قارىتىلىدۇ. م: △تۈيغۇن كېسەر؛△ ئابدۇرېھىم كېسەر. (قەشقەر)

**كېسەك تۆكمەك** كېسەك قۇيماق. (خوتەن)

**كېسلىمە** سۈپ. ‹تىل ھا› ئىككى خۇيلۇق، ئاسان ئاچچىقلاپ قالىدىغان، تەرسا، سەپرا. (كېرىيە)

**كېشىك** ئى. تاماقتىن قىلىنغان زەللە. م: كېشىككى بەرسەم ھەرگىز يېمەيدۇ. (لوپنۇر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «كىشىگە» دېيىلىدۇ)

**كېككەيمەك** غۇرۇرلانماق، تەكەببۇرلانماق، گىدەيمەك. (ئىلى)

**كېكتىمەك** تەنە قىلماق، ھەجۋ قىلماق، ياپتا گەپ قىلماق. م: كېكتىپ گەپ قىلماق — تەنە بىلەن تەگكۈزۈپ گەپ قىلماق. (قۇمۇل)

**كېلەپ** ئى. ‹بوت› مالنى تېز سەمرىتىدىغان بىر خىل ئوت. (خوتەن، نىيە)

**كېمسەن** ئى. سېرىق رەڭلىك ئۆچكە تېرىسى. (كېرىيە)

**كېمىرلەنمەك** پۇچۇلماق، يېيىلمەك، ئۆپىرىلماق، سىلىقلانماق. م: دېڭىز شاماللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كېمىرلەنگەن تاقىر دۆڭلۈك...

**كېيلىمەك** كۆڭلىنى ئالماق، ياخشىچاق بولماق. (لوپنۇر)

**كېيىكتال** ئى. ‹بوت› مەجنۇنتال. (لوپنۇر)

**كېيىماق** ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىبار بەرمەك. م: خوتەنلىكلەر ئۆيگە ئانچە كېيىمايدۇ. (كېرىيە)

**كى** قوش. سۆز ئاخىرىسىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەكــەللۇپ قوشۇمچىســى. م: △ تامــاقلاردىن يېســـلەكى؛ △ قېــنى، ئۆيگــە كىرســـلەكى. (قۇمۇل)

**كىتە - مىتە ئىشلار** سۆپ. ئۇششاق - چۇششەك ئىشلار، چەككە - چۆككە ئىشلار. (خوتەن)

**كىت - كىت** ئۇن. كۈچۈكنى چاقىرىش ئۇندىشى. (نىيە)

**كىچىك بەھەڭ** ئى. پىلە قۇرتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى. (خوتەن)

**كىرت~كىرىت** ئى. ‹بوت› سېرىق پۇرچاق. (پىچان)

**كىرشەك** ئى. ‹ئانات› تاشلاي. (لوپنۇر)

**كىركەش** ئــى. مــەدىكار، مــالاي، چاكــار، يىلللىقچــى. (كېرىيە، نىيە)

**كىرگەت** ئــى. ‹ئانــات› قوينىــڭ تاغــاق سۆڭىكىنىڭ ئىچىدىكى يۇمشاق، يېيىشكە بولمايدىغان ئاق نەرسە، كۆمۈچەك. (نىيە)

**كىرمەن** ئى. سىرتماق، سالغا. م: ئۇ ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بوينىغا كىرمەن تاشلىدى. (كېرىيە)

**كىرىش تاسما** سۆپ. ‹تىل ھا› لىڭتاسما، بولۇمسىز، يارامسىز. (ئىلى)

**كىسە** ئى. ئوقدان. (لوپنۇر)

**كىستىكوچا** ئى. پۇل سالىدىغان خالتا. (شايار)

**كىسسە** ئى. غەيۋەت - شىكايەت. (ئاقسۇ)

**كىسىلدەك** سۆپ. ‹تىل ھا› جۇۋاينىمەك. (تۇرپان)

**كىشكايتماق** ئۇلغايتمــاق، ئۆرلەتمــەك. م: قوپــە، ئوتــنى كىشكايتىۋەت. (خوتەن)

**كىشى - قارا** ئال. بىر كىم، بىراۋ. (قۇمۇل)

**كىشى قويماق** ئەلچى قويماق. (تۇرپان)

**كىك** ئى. ‹ئانات› بالىياتقۇ بوينى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**كىل** ئى. تىل. (گوما، خوتەن)

**كىلىت** ئى. ئاچقۇچ. (تۇرپان، قۇمۇل، پىچان، ئىلى)

**كىلىگى** سۈپ. تىلى كەمتۈك، چالا گەپ قىلىدىغان ئادەم. (قۇمۇل)

**كىن** ئى. غوم، ئۆچ، ئاداۋەت. بىراۋغا دىلىدا ساقلانغان خاپىلىق، نارازىلىق. م: كىن ساقلىماق ــ ئاداۋەت ساقلىماق. (لوپنۇر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «گىنا» دېيىلىدۇ)

**كىنىمەك** ئەسلىمەك، سېغىنماق، ياد ئەتمەك. م: △ كۆڭلۈك كىنەيدىكەن؛ △ مانا سېنى كىنەپ كەلدىم. (ئىلى)

**كىۋە** ئى. ‹زوئول› كىرپە. (ئاقسۇ)

**كىۋەك سىركىسى** ئى. ‹يېم› بۇغداي كېپىكىدىن تەييارلانغان ئاچچىقسۇ. (پىچان)

**كىيتىپ كەتمەك** تارتىشىپ قالماق. (كېرىيە)

**كىيىم** ئى. ‹دېھ› دەرەخ ياكى ئۈزۈمنىڭ چوڭقۇرراق، تېخىمۇ ياخشى يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قېزىلغان ئازگال بولۇپ، سۇ تولدۇرۇلىدۇ. (گوما، يەركەن)

## گ

**گاپشىماق** هاۋشىماق، قاۋىماق. م: ئىت گاپشىيتتۇ ــ ئىت هاۋشىۋاتىدۇ. (قۇمۇل)

**گاتار** سۈپ. ساراڭ، ئەقىلسىز، دۆت، كالۋا. (پىچان)

**گاجاك** ئى. ماڭقا. (ئىلى)

**گادا ــ گۇدۇ** سۈپ. مۇنەك ــ مۇنەك. (قۇمۇل)

**گاداي** ئى. كۆچ: ئادەم، كىشى. بۇ «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ ئەركىلىتىپ ياكى جۆكۈرۈپ ئاتىلىشى.

م: △ ئاۋۇ گادای ـ ئاۋۇ ئادەم؛ △ روزی مەزكۇر پۇشتی دېھقان ئىلچى ماچىنلىق گادای. (خوتەن، نىيە، كېرىيە)

**گادو** ئى. تېرە ئەيلىگەندە ئۇستىدىكى ياغنى تازىلايدىغان ئەسۋاب. (قۇمۇل)

**گارا** سۈپ. كىر، پاسكىنا، قاسماق. م: كۆينىكىنىڭ ياقىسى گارا بولۇپ كېتىپتۇ. (قۇمۇل)

**گازان** ئى. (ئانات) يەملىك، دانلىق. بوغۇزلۇق. كەپتەر، توخۇغا ئوخشاش جانۋارلارنىڭ گېلىدىكى دانلىقى. (كۇچا)

**گاژگۇل (گىج گۇن** سۈپ. ساراڭ، دېۋەڭ. (نىيە) (بۇ سۆز شاياردا «گاراي» دېيىلىدۇ)

**گاس** ئى. مەشنىڭ شالا ئۇستىدىكى يان تەرەپلىرىگە سېلىنغان لاي؛ كۆچ: يارامسىز، سۈپەتسىز، قوپال.

**گاستاڭ** ئى. ئاپتاپپەرەسنىڭ گەردىشى. (ئاقسۇ)

**گاس چىقماق** نەرسىلەر يارامسىز، سۈپەتسىز بولۇپ قالماق. م: ئىشلەنگەن مەشلەر ئون كۈن ئوت قالىسمۇ ئالىقانىنى ئىسسىتالمايدىغان گاس چىقتى. (قەشقەر)

**گاشات** ئى. بىرەر مەسىلە ياكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ھەققىدە قىلىنغان غەم؛ تەشۋىش، ئەندىشە، ئەنسىرەش. م: خەير ئاكا، مەندىن گاشات قىلما. (تۇرپان) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «گەشەت» دېيىلىدۇ)

**گاگا** ئى. گۇۋاھ. (قۇمۇل)

**گاگار** ئى. ۋەللەي. بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياق بىلەن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنى ئۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئوينايدىغان بىر خىل بالىلار ئويۇنى. م: بالچۇق گاگار ئويناپ، گاگار بالچۇق تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۇشۇپ كەتتى. (تۇرپان، خوتەن) (بۇ سۆز پىچاندا «گاگو» دېيىلىدۇ)

**گاھ- گاھ** ئۇن. ئوۋ قۇشلىرىنى چاقىرىش ئۈندىشى. (گوما)

**گالموس** سۈپ. ئەقىلسىز، دۆت. (قومول)

**گاڭ- گالاس** سۈپ. قولىقى ئاڭلىمايدىغان، گاراڭ، گاراخ.

**گاڭلىغوت‹گاڭلىق ئوت** ئى. ‹بوت› قوچاققول، بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك. (قومول)

**گالدا(ر)** سۈپ. ئاچ كۆز، ئاچ پاقا. گېلىغا ئامراق. نەپسى يامان. (نىيە)

**گالدۇك** سۈپ. دۆت، ئەخمەق، دەلدۈش. (نىيە) (بۇ سۆز ئىلىدا «گالزاڭ»، لوپنۇردا «گۆلۆزاڭ» دېيىلىدۇ)

**گالدۇك~گالدىۋاك** ئى. توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل قورۇلما. (خوتەن)

**گالارماق** قاشارماق، ئاستىلىماق. م: △پىچاق گالىرىپ قاپتۇ؛ △ئىشەك گالىرىسا، ئايىغى قويۇلۇپتۇ. (ماقال) (كېرىيە)

**گەپ- كالىچى** ئى. گەپ- سۆز. م: بۇگۇنكى گەپ- كالىچىنى مۇئەللىم بالا ئۇقمىسۇن. (خوتەن)

**گەجگە سۈيى** ئى. ‹دېھ› ئاختارما سۈيىدىن كېيىن قويۇلىدىغان ئىككىنچى سۈيى. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**گەجگىلىمەك** قايتىلىماق، ئاختارمىغا بىرىنچى قېتىم سۇ قويۇلۇپ، ئانچە ئۆتمەي، يەنە سۇ قويماق. (ئىلى)

گەختە ئى. قىشلىقى كىيىدىغان چوڭ تېرە پايپاق. (قۇمۇل)
گەخۋە ئى. ۋەخپە. (قۇمۇل)
گەدىش تاپماق بىرەر كەسپىنىڭ يولىنى تاپماق. (قۇمۇل)
گەردىن ئى. چوڭ چىنە. (تۇرپان، پىچان، ئىلى)
گەركە ئى. گايكا. (كېرىيە)
گەز ئى. سۆتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگىگە يېپىشىپ قالغان قالدۇقى. (قەشقەر)
گەزئەن ئى. قوينىڭ قۇلىقىنى كېسىپ ئاچا شەكىلدە چىقىرىلىدىغان ئەن. (نىيە)
گەزلەشمەك ئۇچراشماق، دوقۇرۇشماق. م: كوچىدا ئۇنىڭ بىلەن گەزلىشىپ قالدىم. (كۇچا)
گەكسە~گەكسى سۈپ. تىكىلىپ قارىغۇچى؛ قېلىن، تاماخور، داپشاق. م: كالىغا چاپلاشقان گەكسىلەردەك چىڭ يېپىشقان... (ئىلى)
گەگمتەل سۈپ. بوزغۇل، چار مەيدە (ئۆردەك).
گەڭكىلىمەك ئىككى پۇتىنى نوۋەت بىلەن دەممۇ دەم كۆتۈرۈپ ماڭماق. (تۇرپان)
گەلدەك سۈپ. بېشىنى چايقاپ ماڭىدىغان ئادەم. (قۇمۇل)
گەللە ئى. ‹ئانات› گەجگە، گەدەن. (قۇمۇل)
گەلۋۇر سۈپ. ‹تىل ھا› ئۇياتسىز، يۈزى قېلىن. (قۇمۇل)
گەم 1 سۈپ. تۇتۇق. م: ھاۋا گەم ئىدى. (قەشقەر، ئاتۇش)
گەم 2 ئى. دەرد، ئاغرىق. (قۇمۇل)
گەملەنمەك ئاغرىماق، ساقسىزلانماق، بىتاپ بولماق. (قۇمۇل)

**گەنجە 1** ئى. ‹بوت› ئىككىنچى قېتىم يېڭى ئۆسكەن ئوت- چۆپ. مايسا. م: تۆ(ر)تىنچ(ى) ئاي پەسلى بولدۇ، يەردىن چىققان گەنجەسى. (لوپنۇر)

**گەنجە 2~گەنجى** ئى. ‹بىن› گەج. م: △ئىچىمىزدە گەنجى بولۇپ كەتكەن ھۇنىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىمىز؛ △ئاغزىدا ئىلمى بار، ئىچى گەنجە بولۇپ كەتكەن ئادەملەرگە ئۆچ ئوخشايدۇ (خوتەن، كېرىيە)

**گەندەي** ئى. قالپاق، شىلەپە. (تۇرپان، پىچان)

**گەۋرە~گەۋرى** سۈپ. چوڭ، يوغان، بەستلىك. (نىيە، خوتەن)

**گەيتو** ئى. (خەن‹ 搁头) يالغۇز كالىلىق بويۇنتۇرۇق. (قۇمۇل)

**گوشتاپ** ئى. قالۇننىڭ پەدىسىدىن مۇڭ چىقىرىدىغان ئەسۋاب. (مەكىت)

**گوكەي نان** ئى. ‹يېم› تاۋىدا ياكى قازاندا پىشۇرۇلغان نان. (نىيە)

**گولمۇيماق** گۆلەيمەك، ھومايماق.

**گولىماق** ئەرز قىلماق، دادلىماق.

**گومباڭ** سۈپ. يوغان، قېلىن. (خوتەن)

**گوياخەي** ئى. ‹بوت› يوپۇرماقسىز ئۆسۈملۈك، يەردىن بىر تاللا ئۈنۈپ چىقىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بېشىدا قالپىقى بولىدۇ، بەزىلىرى ئۈچلۈق بولىدۇ. غولى قىزىل، خەنزۇلار قورۇما قىلىپ يەيدۇ.

**گۇدۇك~گۇدۇك** ئى. كولدۇرما. (شايار، مەكىت، مارالۋېشى تۇمشۇق)

**گۇسا** ئى. ‹بىن› ۋاسا. (شايار) (قۇمۇلدا «گۇسە» دېيىلىدۇ)

**گوسالغو** ئى. ‹بوت› ۋاسالغو. قورۇتولغان جوجەم، ئوجمە قورۇقى. (كوچا، شايار)

**گوگوت~گوگوت** ئى. گوڭگورت، سەرەڭگە. (نىيە، كېرىيە، خوتەن، قەشقەر، لوپنور، ئاقسو، قومول)

**گوڭ** ئى. غوم، ئاداۋەت، ئۆچ. م: قورسىقىڭدا گوڭ ساقلىما. (ئىلى)

**گوڭ ـ موڭ بولماق** پاراڭلاشماق، ھال ـ موڭ ئېيتىشماق. م: گوڭ ـ موڭ ئولتۇرايلى. (خوتەن) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «گوڭور ـ موڭور» مۇ دېيىلىدۇ)

**گولاۋا پوتا** ئى. گوللۈك پوتا. م: بىر گولاۋا پوتام باردى، چىت تۆۋىدە قاپتۇ، دەيتۇ. (خوتەن)

**گولاۋا قوغون** ئى. ‹بوت› قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. م: ئەكىرگەن گولاۋا قوغۇندىن... (ئىلى)

**گولوقتورماق** ئونتولدورماق. (كېرىيە)

**گوم** ئى. دەريالاردا سۇ توختايدىغان چوڭقۇرلۇق. (خوتەن)

**گومان** ئى. خەۋەر. م: بالاڭدىن گومان (خەۋەر) بارمى؟ (لوپنور)

**گوماندار** ئى. سېزىك. (قومول)

**گومبات** ئى. گومبەز. (قومول)

**گومىنا** ئى. گومان (نىيە)

**گونجى** ئى. خىلۋەت جاي، خالىي ماكان. (خوتەن)

**گوندا 1** ئى. ‹تار س› تورمە، سولاقخانا. م: پايدىسى يوق ئوغرىدىن گوندىنىڭ بىكار تورغىنى ياخشى. (ماقال) (قەشقەر)

**گوندا 2** ئى. ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشلىرى ئۆتكۈزۈلگەن چوك ياغاچ. (خوتەن)

**گۆپشىمەك** سىلكىشلىمەك، ئىككى تەرەپكە چايقىماق. م:

www.uyghurkitap.com

ئاق ئەت بىر چۆرۈلۈپلا سېرىق ئەتىنىڭ قۇلىقىنى مەھكەم چىشلەپ گۆپشىگىلى تۇردى. (خوتەن) (بۇ سۆز يەنە «گۆۋشۇمەك»مۇ دېيىلىدۇ)

**گۆدەگە** سۈپ. ئوڭدىسىغا. م: گۆدەگىسىگە ئۆرۈلۈ(پ) كېتىپتۇ ـ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «گۆددەڭگە» دېيىلىدۇ)

**گۆدىش تاپماق** روناق تاپماق، ئەپ تاپماق، كۆنۈكمەك. (قۇمۇل)

**گۆسمە** ئى. غەيۋەت، شىكايەت. م: ياخشىنىڭ يادىگاسىنى كۆزلەر قىتىدا ساقلىغىن، ياماننىڭ گۆسمەسىنى يىراقلارغا تاشلىغىن. (قۇمۇل)

**گۆسمۇس** سۈپ. قاۋۇل، كۆچتۈڭگۈر. (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «گۆسمەك»، «گوسمەس~گۆسمەس» دېيىلىدۇ) (تۇرپان)

**گۆشتۆل** سۈپ. بويىدىن ئاجرىغان گۆش ھالىتىدىكى بالا.

**گۆشمالتاق** ئى. ‹زوئول› قۇشقاچنىڭ تېپىغى تۆك چىقارمىغان بالىسى. (كېرىيە) (بۇ سۆز يەنە «گۆشمىلەك»مۇ دېيىلىدۇ)

**گۆشۆنە** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئۆسۈملۈك. بۇنىڭ يىلتىزى «رەۋەن» دېيىلىدۇ. (قۇمۇل)

**گۆكۆ** ئى. بېلىق تۇتىدىغان قارماق. (لوپنۇر)

**گۆلەخ~گۇلەخ** ئى. ھاممامغا قالغان قوقاسىنى تارتىپ قويىدىغان ئورۇن. م: پادىشاھىنىڭ تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغىنىدىن كۆلا كىيىپ گۆلەختە ياتقىنى ياخشى مەلىكەم. (قەشقەر)

**گۆلەش** سۈپ. بىرەر ئىشقا دەرھال ئەقلى يەتمەيدىغان،

ھاڭۋاقتى، دەلدۈش، گومۇش.

**گۆلمە** ئى. سۇغا تىك سېلىنىدىغان. ۋالىبول سېتكىسىغا ئوخشاش تور. م: گۆلمۆممۆ سالىپ قويدۇم، دەرياداقى ئاقىشقا. (لوپنۇر)

**گۆۋۈمەك~گۆپۈمەك** قاقماق؛ قېقىشتۇرماق، سىلكىمەك. م:
△قازۇق گۆۋۈمەك — قوزۇق قاقماق؛
△چاپانىڭگى گۆۋۈۋەت — چاپىنىڭنى قېقىۋەت؛
△ قوي گۆۋۈندى. (لوپنۇر، نىيە)

**گۆپسەيمەك** ئىششىپ قالماق، كۆپۈپ قالماق. (ئىلى)

**گۆجەك** ئى. ‹بىن› كىچىك قوتان. (مەكىت)

**گۆجۈر** سۈپ. قارا- قۇرا. (قۇمۇل)

**گۆدرەت** ئى. گۇمان، شەك، شۇبهە، گۇمانلىق. م: كۆڭلۈم گۆدرەت بولۇپ قالدى. (قۇمۇل، پىچان)

**گۆر- گۆر** سۈپ. لاپ ئارىلاش سۆزلەيدىغان، چوڭ سۆزلەيدىغان (ئادەم). (ئىلى)

**گۆرۆچ خوردا** ئى. ‹يېم› گاڭپەن، گۆرۆچ ئاش. (كېرىيە)

**گۆزەر** ئى. بازار بولىدىغان تۆت كوچا. م: بىر جىڭ پاختا ئۈچ يىللىق، ئوقەت گۆزەر ئاغىچام. ھەپتە يۈزىنى يۇمايتتى، ناماز گۆزەر ئاغىچام. (قەشقەر، ئاقسۇ)

**گۆلەش** سۈپ. سۆرەلمە، ھۆرۈن. (خوتەن)

**گۆلەڭ** ئى. دەريالارنىڭ چۆرگىلەپ، ئاقماي تۇرۇۋا- لىدىغان يەرلىرى، قاينام. (ئىلى)

**گۆلەمچى** ئى. گۈل باققۇچى. (قۇمۇل)

**گۆلەمشۋا** ئى. ‹بوت› (ف‹ كل هميشه‌بهار) كۆندە باهار، ھەمىشە ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل گۈل. (قۇمۇل)

**گۆل توي** ئى. يىگىت توي، چوڭ توي. (كېرىيە)

**گۈل تۈگمەك** چاي ئىچۈرمەك. م: بۈ قىزغا گۈل تۈگۈپ (چاي ئىچۈرۈپ) قويغىن. (لوپنۇر)

**گۈلدۈرمە** ئى. كىچىك شارقىراتما. م: ئېگىز تۈگمەنگە نو قويدۇم، پەس تۈگمەنگە گۈلدۈرمە. ھەرقانچە ئەلەم تارتساڭ دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە. (خوتەن، كېرىيە)

**گۈلدۈرھان** ئى. 〈بوت〉 تاغ رەيھىنى. (قۇمۇل)

**گۈلدۈز** رەۋ. گۈل ئېچىلغان پەيت. (خوتەن)

**گۈلگۈرمە** رەۋ. گۈگۈم. (لۈكچۈن)

**گۈلگۈم** ئى. 〈بوت〉 زەپىرەڭ. (قۇمۇل)

**گۈلمە** ئى. ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئاستىغا سالىدىغان، كۆلمى قاپتالدىن سەل چوڭراق كىگىز توقۇم، جەزلىك.

**گۈلچى** ئى. 〈بوت〉 ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. (ئاقسۇ)

**گۈن** سۈپ. چوڭقۇر، تىرەن. م: كۆللۈ (كۆلنىڭ) گۈن (تىرەن) يېرى. (لوپنۇر)

**گۈندە** ئى. تاماقنى ئىلەشتۈرىدىغان كىچىك ياغاچ.

**گۈۋزى** ئال. بەزى، بەزىلىرى. (لوپنۇر)

**گېدە** سۈپ. بۈدۈر، بۈجۈغۇر؛ قوزا كۆرپىسى. م: △ئۆينىڭ ئارقىسى بېدە، تۈماقنىڭ كۆپىسى گېدە، زالىملارنىڭ زۈلمىدىن، يۈرەكنىڭ ياتىسى زىدە؛ △مەن ساڭا ئاتاپ قويدۇم، قارا كۆرپۆ گېدەنى. (ئاقسۇ، لوپنۇر، خوتەن)

**گېلەك** ئى. يۈگى 3 س م دىن قىسقا تېرە.

**گېلىكتەمەك** گىرە سالماق. م: بالا ئىنەسىنى بوينىنى گېلىكتەۋالدى. (لوپنۇر)

**گىجىك** سۈپ. ۋىجىك، كىچىك؛ شالاڭ. م: ئۇ بىر گىجىك ساقال ئەرەب ئىدى. (شايار، قەشقەر)

**گىجىڭلىماق** ئىككىلەنمەك، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك. (تۇرپان)

**گىجىم رومال** ئى. بۆرتمە شال. (قەشقەر، مارالۋېشى)

**گىچاڭلاتماق** كۆز- كۆز قىلماق، داملاتماق. (نىيە، كېرىيە) (گۇمىدا «گىجىڭ ئېيتماق» دېيىلىدۇ)

**گىدىك** ئى. (زوئول) ماڭغۇدەك بولغان كۈچۈك. (مارالۋېشى چارباغ، مەكىت يانتاق) (بۇ سۆز لوپنۇردا «گىدەي» دېيىلىدۇ)

**گىدىگەي** سۈپ. ھاكاۋۇر، چوڭچى، گىدەيگەك. (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «گىدەڭ» دېيىلىدۇ)

**گىدىيىپ قالماق** ئاغرىق ياكى ئورۇقلۇقتىن كۆزى ئولتۇرۇشۇپ قالماق. (ئىلى) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ھىڭگىيىپ قالماق»، تۇرپاندا «ئوڭغىيىپ قالماق» دېيىلىدۇ)

**گىرتىلەمە~كىرتىلمە** ئى. (ئانات) كۆمۈرچەك. (لوپنۇر)

**گىرشىر** رەۋ. زاۋال، گۇگۇم. (نىيە)

**گىرۋى** ئى. قىرغاق، ئۇپۇق. م: كۈن چىقار گىرۋى بىلەن، يارلار چىقار جۈپتى بىلەن. ھەممە خەق جۈپتى بىلەن، مەن ئۆزۈم يىگانىمەن. (قۇمۇل)

**گىرىشىم** ئى. ياغاچنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈر تەييارلايدىغان ئورەك.

**گىرىم- سىرىم** سۈپ. گىرىمسەن، غۇۋا، چالا- پۇچۇق. م: ئۇ قاراڭغۇ قازناقتىكى خالىقنى گىرىم- سىرىم كۆردى. (خوتەن)

**گىلاڭ** ئى. تىك يار، ھاڭ. (قۇمۇل)

**گىلاماق** خىيال قىلماق، ئويلىماق، سېغىنماق، ئەسلىمەك. م: كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ، تاش بىلەن قۇمنى ساناپ. كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلدىكى يارنى گىلاپ. (قۇمۇل) (بەزى جايلاردا «كىلىمەك»، ئىلىدا «كىنىمەك» دېيىلىدۇ)

**گىلگال** ئى. بۇلاپكا. م: كۆكسىدە گىلگال يانىپ... (لوپنۇر)

**گىلىگىتاك** سۇپ. تايىنى يوق، تۇتامى يوق، ئاساسسىز. م: گىلىگىتاك گەپ ــ تايىنى يوق گەپ. (قەشقەر، خوتەن) (بۇ سۆز نىيىدە «گالىگىتاك» دېيىلىدۇ)

**گىنەپشە** ئى. ‹بوت› كاشكاپ تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇمغاقسۇت ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك. زوكام، قىزىتما قاتارلىقلارغا شىپا قىلىدۇ. (نىيە)

# ل

**لاپەندى** سۇپ. كالامپاي، پالاكەت. (تۇرپان)

**لاپچاق** سۇپ. لاپچىيىپ ئولتۇرىدىغان (ئادەم). (ئىلى)

**لاپچۇق** سۇپ. پاناق. م: لاپچۇق بۇرۇن. (تۇرپان)

**لاپچىن** ئى. يوپۇرماق. (لوپنۇر)

**لاپخور** سۇپ. لاپ ئۇرغۇچى، پوچى، ماختانچاق. (مارالبېشى تۇمشۇق، قۇمۇل، خوتەن)

**لاپسايماق** سالپايماق، بوشىشىپ كەتمەك. (قەشقەر)

**لاپساك** سۇپ. سۇس، زەئىپ، سولاشقان. (قەشقەر، قۇمۇل)

**لاپلاخ** سۇپ. تۆگە تاپان (ئادەم). (پىچان لۈكچۈن)

**لاتا ئاشىق** سۇپ. يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان، ھە دېسە ھۇ دەيدىغان ئادەم. (قەشقەر)

**لاتاكۇس** سۇپ. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ ئادەم. (كېرىيە) (بۇ سۆز قەشقەردە

«لاكات» دېيىلىدۇ)

**لاتانگۇرا قىلماق** قوغۇن كاسىسىغا نان چىلاپ يېمەك. (كېرىيە)

**لاخسا** سۈپ. ئاچ كۆز، تويماس. (قۇمۇل)

**لاخشى** ئى. چوغ. (خوتەن)

**لاسكات** ئى. ئاياللارنىڭ يەڭلىك جىلىتكىسى. («ۋاسكات»مۇ دېيىلىدۇ). م: لاسكىتىمنىڭ يېڭى تار، ئاق بىلەكىم قانداق پاتار. بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىم، ئاخشىمى قانداق ياتار. (خوتەن)

**لاشا** سۈپ. لاخشا، لەخشە. (قۇمۇل)

**لاشىن** ئى. ئات- ئۇلاغ باغلايدىغان خادا، موما ياغاچ. (لوپنۇر)

**لاغلا بولماق** ئېسىلىپ قالماق، زەمبىلگە ئوخشاش قورسىقى ساڭگىلاپ قالماق. (سىمتاناپ ياكى تورۇس ۋادەكلىرىنىڭ قورساق سېلىپ ئېسىلىپ قېلىشى). (قۇمۇل)

**لاقا** سۈپ. كاتاڭ، ئازگال، ئويمان- چوڭقۇر. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**لاقسا~لاخسا** ئى. خاماندىن سامان قاچىلايدىغان، ئاتقا ئارتىپ توشۇيدىغان چوڭ تور قاپ. (قۇمۇل)

**لاقۇ** ئى. 〈زوئول〉 سىرتىدا قاسىرىقى بولمايدىغان بىر خىل بېلىق، ئۇ تارىم دەرياسىدا كۆپ. («لوخو بېلىق»مۇ دېيىلىدۇ) (لوپنۇر)

**لاكاسلىماق** بوشىشىپ كەتمەك. م: ئۇنىڭ پۇت- قوللىرى لاكاسلاپ قالغانىدى. (قەشقەر)

**لاڭتا** ئى. 〈بىن〉 (خەن〈榔头) تام سوقىدىغان سوقما تاش؛ بولقا. (قۇمۇل)

**لاڭشىق** سۈپ. تۇراقسىز، تۇتۇمسىز. (قەشقەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لاڭقا 1 ئى . باراڭ . (ئاقسۇ)

لاڭقا 2 ئى . ‹بىن› قاشا ، ئىشىك ئورنىدا ياغاچ ۋە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن قىلىنغان توساق . غورۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى ياغاچ . (ئىلى ، مەكىت يانتاق)

لاڭگوك ئى . ئەپكەش . (خوتەن)

لال~نال ئى . ناھال ، ئۆتۈكنىڭ ناھالى . (قۇمۇل)

لالا سۈپ . بىپەرۋا ، بولۇمسىز . م: ئانىسى لالا بولسا ، بالىسى بالا بولۇر . (ماقال) (كېرىيە)

لالاق سۈپ . ئەركە ـ نايناق ، قىلىقسىز . (كۆپرەك باللارغا قارىتىلىدۇ ، بەزىدە ئادەملەرگە لەقەممۇ بولۇپ كىلىدۇ) . م: ھاشىم لالاق . (قۇمۇل)

لالاي سۈپ . بوشاڭ ، لۆم ـ لۆم . م: تازا لالاي بىر نېمىكەن . (تۇرپان)

لاله ئى . ‹بوت› لويلا . مال يەيدىغان بىر خىل ئوت . م: لاله دېمەك بىزنى ، يىلدىن چىقارغان سىزنى . ئارپا ئوسۇرغاقنى كۆرۈپ ، تاشلىۋەتمەك بىزنى . (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «لالى» دېيىلىدۇ)

لالو ئى . ‹دېھ› ‹خەن› (拉落) زەمبىل . (قۇمۇل)

لامبا~لامباچا(ي) ئى . ‹بوت› لامباچاي ، بىر خىل ئوت . (قۇمۇل)

لاي پاچاق سۈپ . لابدۇر ، لەقۋا . (قەشقەر)

لايپاس سۈپ . مىجىق ، لۆم ـ لۆم ، سۆرەلمە پالاس ، ئېزىلەڭگۈ ، قاشاڭ . م: چاپسانغا بار ، لايپاسقا يوق . (ماقال) (كېرىيە)

لايداڭ ئى . لاي سۈنى سۈزۈلدۈرۈپ ، تىندۇرىدىغان كۆلچەك . (خوتەن ، ئاقسۇ)

**لايلىماچ** ئى. لايلىما؛ لايلىماچ توسما.

**لايلىماق** قىيدىماق، ئاچچىقلىماق، ئۇزاقتىچە توختىماي يىغلاپ كەتمەك. م: ئاللا يارىم بۇ يايلاقنى قانداق يايلايسەن، ئۆزۈك ئوينىاپ، ئۆزۈك كۆلۈپ كىمگە لايلايسەن. (قۇمۇل)

**لەپسەك** سۆپ. لەپ-لەپ، لەپىلدەپ. م: ئۇششاق لەپسەك قار چۈشۈشكە باشلىدى. (قەشقەر)

**لەپشىرىن** سۆپ. يا تاتلىق يا ئاچچىق ئەمەس، لاۋزا، يېقىمسىز تەم. (تۇرپان)

**لەپشىتمەك** پەپىلىمەك. م: ئۆكۆڭگۈ لەپشىتىپ ئۇختاتىپ قوي — ئۇكاڭنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قوي. (لوپنۇر)

**لەپكەگدىمەك** سامانىنى داندىن ئايرىماق. (تۇرپان)

**لەتخور** سۆپ. دەشىنەم يېگەك، داۋىخور. م: ئۇ تازىمۇ لەتخور بىر نېمە. (خوتەن)

**لەتمە** ئى. ‹بىن› لاپاس. (قۇمۇل)

**لەگلەك قاقتى** ئى. ‹زوئول› لەگلەك قاقتى، بىر خىل قۇش. (قۇمۇل)

**لەك 1** سۆپ. كەڭ، ئۇلۇغ. م: ئىشىك لەڭ ئوچۇق تۇرۇپتۇ. (ئىلى)

**لەك 2** ئى. باشقا يۇرتقا توشۇلىدىغان يۈك، مال، ئاشلىق؛ يۈك كارۋانلىرى. (كېرىيە)

**لەڭزە** ئى. (خەن‹粮) يارغۇنچاق، سوقا. (قۇمۇل)

**لەڭگۈت** ئى. ئانىسىنى ئېمىدىغان قىسىرەمدىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىدىغان چۈلۈك. (ئىلى)

**لەڭگۈك 1** ئى. سىياچۈك، ئۆكۈزنىڭ بوينىغا سالىدىغان بوغا. (مارالۋېشى چارباغ)

**لەڭگۈك 2** ئى. ئەپكەش. (گۇما)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**لەڭلەك** سۇپ. لىڭشىپ ماڭىدىغان ئادەم. م: بىر چوكان كۆيۈپ قاپتۇ، شادا پاچاق لەڭلەڭگە. (خوتەن)

**لەڭ ـ لۇڭ** ئۇن. يەر تەۋرىگەندىكى ھالەت، باشنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەسلىك ھېس قىلىش ھالىتى. (ئىلى)

**لەلە** سۇپ. گۇمۇش، پاڭقۇش، ئەقىلسىز، دۆت، لەقۋا. (قۇمۇل) (بۇ سۆز ئىلىدا «لەللە» دېيىلىدۇ)

**لەلىشۆ** سۇپ. گېپى تولا، تېتىقسىز. (قۇمۇل)

**لەمبەر** سۇپ. لىپمۇ لىق، بىراقلا. (قۇمۇل، تۇرپان)

**لەمشىرىمەك** لۆمشىمەك، سىرغىماق. م: لەمشىرەپ ئاققان سۇ ـ سىرغىپ ئاققان سۇ. (قۇمۇل)

**لەنپا** سۇپ. توكۇر ياكى چولاق، كارغا كەلمەيدىغان. (نىيە)

**لەۋنا** ئى. تەخسە. (تۇرپان)

**لەيسلىمەك** نېپىزلىمەك.

**لەيلەتكۇ** ئى. پۈۋەك. م: قا:ماقىقى لەيلەتكۇسۇ ـ قارماقنىڭ پۈۋىكى. (لوپنۇر)

**لو** ئى. تاج. قىز ـ ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىغا تاقايدىغان تاجى. (مەكىت يانتاق)

**لوخشۇق** ئى. شىرىق. (قەشقەر، مەكىت يانتاق)

**لوخشۇق ئەتمەك** يىڭنە بىلەن دوپپا ياكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى شىرىماق. (قەشقەر، مەكىت يانتاق)

**لوخو** سۇپ. سېمىز، دوغىلاق. (قۇمۇل)

**لودىر** سۇپ. (ر(لودىر) ھۆرۈن، بولۇمسىز. (ئىلى)

**لوغۇلدىماق** لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق. م: △ مەشتە

لوغۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى؛△ بىزنىڭ يۈرەك قىزىل چوغدەك لوغۇلداپ تۇرىدۇ. (ئىلى، خوتەن) (قەشقەردە بۇ «لوقۇرىماق» دېيىلىدۇ)

**لوقاق** ئى. ‹بوت› سامان غوللۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**لوكتا** ئى. ‹زوئول› تۆگىنىڭ لوكىسى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «لۆكۆن» دېيىلىدۇ)

**لولاڭ 1** سۈپ. تەمسىز، بەتتەم، لاۋزا. م: لولاڭ قوغۇن — لاۋزا قوغۇن. (ئاقسۇ)

**لولاڭ 2** سۈپ. ئېلىشاڭغۇ، كەلسە- كەلمەس، قالايمىقان، ئالجىغان. م: لولاڭ سۆزلىمەك — قالايمىقان سۆزلىمەك. (قۇمۇل)

**لولاڭ 3** ئى. ‹زوئول› خورازنىڭ بىر تۈرى. (قەشقەر)

**لولاڭچى** سۈپ. ئاياللارغا ئەگىشىدىغان كىشى، ئايالـلارنىڭ ئارقىدىن قاترايدىغان كىشى. (قەشقەر)

**لولو** سۈپ. دۆت، ھاماقەت. (نىيە)

**لومودى** سۈپ. ‹تىل ھا› تېپىشتۇرغۇچى، دەللال، دەللە؛ يالاقچى، تەخسىكەش. (قۇمۇل)

**لوۋيا** ئى. ‹بوت› ماش پۇرچاق، پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى. (لوپنۇر، خوتەن)

**لۆڭگەشلىمەك** ئاسقاقلىماق. (قۇمۇل)

**لۆگەت** سۈپ. ئېغىر- بېسىق، ياۋاش. (پىچان)

**لۆم- لۆم** سۈپ. سىمىز خوتۇن. (كېرىيە)

**لۈيلىمەك** (خەن‹ 累 +لە) ھارماق، چارچىماق. (قۇمۇل، خوتەن)

**لىپەكسىز** سۈپ. بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان. م: باغقا بۇيرۇسا تاغقا، تاغقا بۇيرۇسا باغقا چاپىدىغان

لېپەكسىز، ئىش ئۆقمايدىغان ھۇرۇن ئىدى.
(قەشقەر)

**لېپىر 1** سۈپ. كونا، ئەسكى ـ تۈسكى. م: △لېپىر
ساتتى ـــ كونا، ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى ساتقۇچى؛
△لېپىر جوزام ـــ كونا چاپىنىم. (قۇمۇل،
ئاقسۇ)

**لېپىر 2** ئى. سۆگەت چىۋىقىنىڭ پوستىدىن ياسالغان
نەيچە، پىپى. (تۇرپان)

**لېچەك 1** ئى. كۆچ: قوناق بېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان
پوست. (تۇرپان)

**لېۋىرماق** بوشاشماق. (قۇمۇل)

**لىس** سۈپ. لىق، تولۇق، لىپمۇ لىق. (كۇچا،
خوتەن، قەشقەر) (بۇ سۆز كېرىيىدە «مىس»
دېيىلىدۇ)

**لىقشىپ ئاغرىماق** سانجىپ ئاغرىماق. م: يۈرىكىم لىقشىپ
ئاغرىيدۇ. (قۇمۇل)

**لىقشىتماق** لىق ئالماق، تولدۇرۇپ ئالماق. م: كەتمەن
بېتىگە لىقشىتىپ... (ئىلى)

**لىڭگىر** ئى. ئەپكەش. (تۇرپان) (بۇ سۆز پىچاندا
«لىڭگىرت» دېيىلىدۇ)

## م

**ماپ بولماق** (ئەرمخو) ئۆلۈپ كەتمەك، يوقالماق. (قۇمۇل)
(بۇ سۆز خوتەندە «مەتلىمەك» دېيىلىدۇ)

**ماتاق** ئى. ماتاق. تۈز نەرسىنى ئەگرى قىلىش ياكى
ئەگرى نەرسىنى تۈز قىلىش ئۈچۈن مەزمۇت
تۇرغان ئىككى ياغاچ ياكى تۆمۈرنىڭ ئارىسىغا

سېلىپ قايرىپ تۇزلەش «ماتاقفا سېلىش» دېيىلىدۇ. م: ئورمونۇ ۋاختى يەتتى، ماتاقفا ئارە سالىپ. (لوپنۇر)

**ماتاق چىۋىن** ئى. ‹زوئول› ئات- ئۇلاغلارنىڭ كۆزىگە قونۇۋالىدىغان ئۇششاق چىۋىن. (قۇمۇل)

**ماتال 1** ئى. سوغا، ياغاچ چېلەك. ئىككى يېنىدا قۇلىقى بار يوغان ياغاچ سوغا. ئادەتتە 500 جىڭ ئەتراپىدا ئاشلىق سىغىدۇ. (خوتەن، نىيە) (بۇ سۆز ئاقسۇ قارىتالدا «مالتاق» دېيىلىدۇ)

**ماتو** ئى. ئەتۈركە. (مەكىت) (بۇ سۆز كېرىيىدە «ماتۇك» دېيىلىدۇ)

**ماتىچى** ئى. پاھىشە ئايال. (قۇمۇل)

**ماتىماق** كولىماق. (قۇمۇل)

**ماجازا** ئى. (خەن‹ 马架了) يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق. (پىچان)

**ماجەز~ماجەس** سۈپ. رەزگى. (لوپنۇر، ئىلى)

**ماچىگۇچۇ** سۈپ. ۋاراڭ- چۇرۇڭ. (قۇمۇل)

**ماخار** سۈپ. پاناق بۇرۇن. (قۇمۇل)

**ماختۇم** سۈپ. ماختانچاق. (قۇمۇل)

**ماخرەتلىك~ماقراتلىق** ئى. قەبرىستانلىق. (قۇمۇل)

**ماخولا** ئى. (خەن‹ 马号) ئاتخانا. (قۇمۇل)

**مادىخىدا بولماق** ئارىسالدى بولماق، ئىككىلىنىپ قالماق. (ئىلى)

**مادىڭ** ئى. (خەن‹ 马灯) پانار. (قۇمۇل)

**مارداق** سۈپ. كىچىك، كىچىككىنە، مەردەك. م: گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى بۇ مارداقىنىڭكى (مەردەكىنىڭكى). (قۇمۇل)

www.uyghurkitap.com

**مارقات** ئى. قەبرە. م: مەريەمخانىنىڭ مارقاتى (قەبرىسى). (لوپنۇر)

**مارۇق** سۈپ. قورۇلۇپ قالغان، ۋىجىك، ئىنجىمارۇق. (ئىلى، كېرىيە)

**ماز** سۈپ. ياسانچۇق، سۆلەتۋاز ئەر. (پىچان)

**ماز پايىنەك** سۈپ. تايىنى يوق ئىشلارنى تولا قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قالىدىغان ئادەم. (كېرىيە)

**مازۇ** مىق. دانە، بۇغداي دانىسى. (قۇمۇل)

**مازۈز** سۈپ. پەخىر، ئىپتىخار، مەغرۇرلۇق. م: مازۈزلۈغۈڭدي(ن) ما(ھ)رۇم بولارسە(ن) — مەغرۇرلۇقۇڭدىن مەھرۇم بولارسەن. (قۇمۇل)

**مازۈز بولماق** مەسلىكى كەلمەك، پەخىرلەنمەك، ماختانماق. م: △ قاش قاراسى مەندە دەپ، قاشىڭغا مازۈز بولمىغىن. بارچە تىلەك مەندە دەپ، دۆلەتكە مازۈز بولمىغىن؛ △ ئۇ بالىنىڭ قىلىقلىرىغا ماز بولۇپ كۈلدى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ماز بولماق» دېيىلىدۇ)

**ماشچۆپ** ئى. ‹يېم› ئۈستىگە ماش سېلىپ ئېتىدىغان چۆپ (تاماق). (قەشقەر)

**ماشقاق** ئى. ‹ئانات› پاچاق، پاقالچاق. (قۇمۇل)

**ماشو** ئى. (خەن‹马勺) قورۇما قورۇيدىغان ساپلىق. (قۇمۇل)

**ماشىڭ** ئى. (خەن‹麻绳) ئارغامچا، ئارقان. (قۇمۇل)

**ماشىماق** خام گۆشنى پارچىلىماق. (لوپنۇر)

**ماقال** ئى. ‹ئانات› داقال. ساقالنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يۇمىلاق تۈك. (نىيە، ئىلى، ئاتۇش، قەشقەر) (بۇ سۆز پىچاندا «داقال»

دېيىلىدۇ)

**ماقۇل چېيى** ئى. قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئىلىش چېيى. (پىچان)

**ماكلانماق** ياڭاقنىڭ كۆك پوستى يېرىلىپ چۈشمەك. (خوتەن)

**ماكلىماق** پىشماق، ۋايىغا يەتكۈزمەك، يارماق. م: △شاپتۇلدىن بىر نەچچىنى ماكلاپ يېدى؛ △گۆشگىردىلەر ماكلاندى. (خوتەن)

**ماڭدا~ماندا** ئى. تاپسا، پەگاھ. (قۇمۇل، تۇرپان) (بۇ سۆز قەشقەر، ئىلىدا «مانتا» دېيىلىدۇ)

**ماڭغال** ئى. چوغدان.

**ماڭغىلىماق** ئاستا بولسىمۇ، مىدىرلاپ مېڭىپ تۇرماق. (بۇ سۆز «ماڭگىلىماق»مۇ دېيىلىدۇ) م: ئالدىرىغان يولدا قالار، ماڭغىلىغان ئۆيگە بارار. (ماقال) (لوپنۇر)

**مالامەت** ئى. قىيىنچىلىق. (كېرىيە)

**مالغۇن** ئى. (بوت) يۇلغۇنغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك. يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى. (خوتەن، قەشقەر پاخپۇ)

**مال ـ مېكەت** ئى. مال ـ ۋاران. (خوتەن)

**مالۇن** ئى. (زوئول) جاڭگال كۆسۈتكىسى. (لوپنۇر)

**ما ـ ما ـ ما** ئۈن. ئاتنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قەشقەر، گۇما)

**ماناسقان** ئى. تۈتەك، تۇمان. م: ئادەم قېرىغاندا ھەممە نەرسە ماناسقان ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. (ئىلى)

**ماناق** ئى. كېچىدە ئات ـ ئۇلاغلارنى ئوتلاقتا ئىلىپ چىقىپ بېقىش ھەرىكىتى. م: ئاتلارنى ماناققا ئەپچىقىپ كەتتى. (قۇمۇل)

**مانان** ئى. (بوت) چۆپنىڭ ئۇچى، قوناقنىڭ ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قومۇشنىڭ پۆپىكى. (لوپنۇر)

**مانتا ئۆرۈك** ئى. ‹بوت› ياغلىق ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. (قەشقەر)

**ماپۇ دوپپا** ئى. گۈللۈك دوپپىنىڭ بىر تۈرى. (قەشقەر)

**مانجار** ئى. تار بوغۇزدىكى ئېقىن سۇغا سېلىپ قويۇپ، بېلىق تۇتىدىغان تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئېغىزلىق سېۋەت. (لوپنۇر)

**مانچاناق** ئى. تۈرمە، گۇندىخانا. (كېرىيە)

**ماندار** ئى. ‹بوت› بىر خىل يۆگىمەچ ئوت. رەڭگى ئاق، توزغاقلىق بولىدۇ. م: ماندارلىقتا ئات ئۆلمەس، ئەمەنلىكتە ئەر. (ماقال) (مەكىت، ئىلى)

**مانماق~مانىماق** مىلىمەك، چىلىماق، تەگكۈزمەك. م: ناننى سۇغا ماندى — ناننى سۇغا چىلىدى. (قۇمۇل، ئىلى، لوپنۇر، پىچان، تۇرپان)

**مانۇتاش** ئى. (خەن‹玛瑙) ھېقىق. (قۇمۇل)

**مانىماق** ئاتنى كېچىدە باقماق. (قۇمۇل)

**ماھال** سۇپ. مۇمكىن ئەمەس. (كۇچا)

**ماھ- ماھ** ئۇن. ئىتنى چاقىرىش ئۈندىشى. (نىيە، گۇما، قەشقەر)

**ماۋ بولماق** مۇشۇكلەرنىڭ كۈيلىشى، بوغاز بولۇپ قېلىشى.

**ماي تارتماق** تارتىنماق، تۈزۈت قىلماق. م: يارىم تۇخۇم تەڭلىسە، ماي تارتماي سويۇپ يەيمەن. (تۇرپان)

**مايتۇ** ئى. بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كالتەك. (لوپنۇر)

**مايداك** ئى. چاقچاق، غەلۋە-غوۋغا، ھەزىل، ئوينىشىپ قويۇش. م:△ ئۇ مايداك

كۆتۈرمەيدۇ؛ △ دۆڭ مەلىدە مايداڭ چىقىپتۇ. (قۇمۇل، تۇرپان)

**مايداڭچى** ئى. چاقچاقچى. م: بۇ بالا تازا مايداڭچىكە(ن) (چاقچاقچىكەن). (تۇرپان ئاستانە)

**مايسەن** ئى. بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. (قەشقەر)

**مايسۇڭ** ئى. ‹زوئول› غاينۇقتىن تۇغۇلغان موزاي. (قۇمۇل)

**مەتە** سۈپ. مەتۇ، دۆت؛ تىلى كەمتۇك. (كىرىيە، تۇرپان، قەشقەر) (بۇ سۆز قەشقەر، تۇرپاندا يەنە «مەتۇ»مۇ دېيىلىدۇ)

**مەتەر** ئى. ‹تارس› تۆگىلەرنى باشقۇرغۇچى (ئەمەل نامى). (قۇمۇل)

**مەتەن** ئى. مىتە. م: قونوققو (قوناققا) مەتەن (مىتە) تۇشۇپتۇ. (لوپنۇر)

**مەجرۇن** سۈپ. ئورۇق، ئاجىز كىشى. (نىيە)

**مەجىگە** ئى. ‹زوئول› باچكا، كەپتەر بالىسى. (قۇمۇل)

**مەدەك** ئى. ‹زوئول› چوشقا كۈچۈكى. (كىرىيە، قەشقەر پاخپۇ) (بۇ سۆز لوپنۇردا «مەردەك» دېيىلىدۇ)

**مەددە قويماق** تەمەننا قويماق. (تۇرپان)

**مەرئا** ئى. بوز يەر، تىزىمغا كىرمىگەن، مۇنبەتلەشمىگەن بىنەم. م: يېڭى ئۆستەڭ چاپتۇق بىز، مەرئا يەرنى ئېچىشقا. گۈللۈتۇشچۇن ۋەتەننى، مول ھوسۇللار ئېلىشقا. (خوتەن)

**مەرە** ئى. سۆگەتنىڭ پوقىقى. م: باللار مەرىنى قىش كېچىسى چوغلاندۇرۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدۇ. (كىرىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مەرەز** سۇپ. بۆزغۇنچى؛ يەپ تۈگەتكۈچى. (نىيە)

**مەرەم** ئى. مۇراسىم، بايرام.

**مەرچە** سۇپ. ماكانسىز. (چىرا)

**مەردەشمەك** باغلاشماق، شەرتلەشمەك. (قۇمۇل)

**مەررە بولماق** ئېزىلمەك، ۋايىغا يەتمەك. م: گۆش مەررە بولۇپ پىشتى. (ئىلى)

**مەركاپ** ئى. ئېشەك تېرىسى. (نىيە)

**مەرگ** ئى. ئۆلۈم. (خوتەن)

**مەرگەن چىش** ئى. ‹ئانات› ئوغرى چىش، ھايۋانلارنىڭ قىلىچ چىشلىرىمۇ «مەرگەن~مەرگۈن» دېيىلىدۇ. م: بىر غېرىچ مەرگىنى بار قاۋان. (خوتەن) (بۇ سۆز لوپنۇردا «مارا تىش» دېيىلىدۇ)

**مەرمۇدە قىلماق** چوڭ-كىچىك، ياخشى-يامان ھەممىسىگە ئورتاق باھا قويماق. (كېرىيە)

**مەزىت** سۇپ. مەزمۇت، چىڭ، بەك. (قۇمۇل)

**مەسقى** ئى. مەسخىرىۋاز، قىزىقچى، ھەييار. (تاغلىقلار سۆزى). (قۇمۇل)

**مەسكە** ئى. سېرىقماي. (ئىلى)

**مەشرۇ** ئى. لايىقىدا تىكىلگەن بىر يۈرۈش كىيىم. م: ئاتامدىن كىيىمدىم مەشرۇ، ئانامدىن كىيىمدىم مەشرۇ، خۇدايىم بەختىمنى بەرسە كىيەرمەن قاراقاش مەشرۇ. (قۇمۇل)

**مەششات** ئى. پەرداز. (ئاقسۇ)

**مەششاتە** ئى. پەردازچى ئايال. (ئاقسۇ، ئىلى)

**مەشكە** ئى. ‹زوئول› باچكا، كەپتەرنىڭ تۇخۇمدىن يېڭى چىققان بالىسى. (تۇرپان)

**مەشۇ** ئى. ‹زوئول› بىر خىل قۇش. (كېرىيە)

**مەككە چامغۇرى** ئى. ‹بوت› ياڭيۇ. (خوتەن. كېرىيە)

مەڭدىگۇر سۈپ. مەڭدىگەك. (قۇمۇل)

مەڭزىمەك يېقىنلاشماق. م: ئۆلۈم مەڭزەپ (يېقىنلاپ) قالدى. (لوپنۇر)

مەڭزىتمەك ئوخشاتماق، تەڭ قىلماق، تەققاسلىماق. (خوتەن)

مەڭكۇ ئى. يېشىغا يەتكەن (قويغا قارىتا). (قۇمۇل)

مەڭگىسەر سۈپ. ئۇنۇتقاق، ئالدى ـ كەينىگە يېنىپ ئىش ئاينىتالماس. (قۇمۇل)

مەڭلەشمەك كۆكەرمەك، كۆكىرىپ قالماق. م: يامغۇردا قېلىپ مەڭلىشىپ كەتكەن ھەم ئۇششاق ھەم قۇرۇق جىگدىلەر. (قەشقەر)

مەلەك قىلماق دەخلى قىلماق، ئاۋارە قىلماق، مەشغۇل بولماق. م: ۋاقتىمنى مەلەك قىلما. (ئاقسۇ)

مەلتۈك سۈپ. كەمتۈك. (نىيە، خوتەن، قەشقەر پاخپۇ)

مەلغۇن سۈپ. نېرۋىسى ئاجىز. (مەكىت)

مەللە 1 ئى. ئۆلاغلارغا يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ياغاچ قۇرۇلما. (كۇچا)

مەم ـ مەم ئۈن. پاھ ـ پاھ؛ ئاچچىقلاش، ھاياجانلىنىش ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈندىشى. م: مەم ـ مەم، بۇنداقمۇ ئىش بولۇرمۇ؟ (تۇرپان، قۇمۇل)

مەنۇش سۈپ. يەرلىك. م: مەنۇش كالا ــ يەرلىك كالا. (قۇمۇل)

مەھراپ ئى. تۇر، نۇسخا (گىلەملەردە). م: كىيىچە مەھراپ ــ كېرىيىچە نۇسخا. (خوتەن)

مەيزان ئى. پاختا ئاتىدىغان دۇكان. (خوتەن)

مەيلىس ئى. تويدىكى قىز ئولتۇرۇشى؛ مەشرەپ، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش، يىغىلىش. (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇل، پىچان، تۇرپاندا «مىلىس»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىيىلىدۇ)

**موتەك** ئى. ئۇپراپ كەتكەن، كونىرىغان. (كېرىيە)

**موتۇرخەي** ئى. (خەن‹猫头鞋) كەشتىلەنگەن پۆپۈكلۈك لاتا خەي. (قومۇل)

**موخەك** ئى. ‹ئانات› كېكىردەك، بوغدىيەك. (قەشقەر)

**موخۇليا** سۈپ. گاراڭ. (قومۇل)

**موخۇليا قىلماق** قايمۇقتۇرماق، گالۋاڭ قىلماق. (قومۇل)

**مورخات** ئى. ‹بوت› زىرىق. (قومۇل)

**موروچەن** ئى. توگمەنى توگمىگە سۇقۇپ- ئۆرۈپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى. (كېرىيە)

**مورۇشۇ** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى. (ئاقسۇ)

**موزاي** سۈپ. ‹تىل ھا› ئەرلەرنى ھاقارەتلەش سۆزى. (قاغىلىق)

**موغا** ئى. ‹زوئول› ئېتىز چاشقىنى، دالا چاشقىنى. (خوتەن، كېرىيە)

**موك** سۈپ. پۇتۇنلەي، قويۇق، تولۇق. م: بۇ جاي موك قوغۇنلۇقكەن. (خوتەن)

**موللاۋى** ئى. ‹بوت› ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى. (ئاقسۇ)

**موللىقوپقاق** ئى. باللار ئويۇنچۇقى. (قەشقەر)

**مو- مو** ئۇن. كالىنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قەشقەر)

**مومخەي** ئى. پاختىلىق ئاياغ. (مەكىت يانتاق)

**مونەك** ئى. ئۆرۈقچىسى ئېلىنمىغان شاپتۇل قېقى. (قەشقەر)

**مونەكچە** ئى. ‹بوت› كۆزلۈك شاپتۇل. ھەممىدىن كېيىن پىشىدىغان شاپتۇل. (نىيە)

**مونەك~مونتەك** ئى. ‹يېم› قوناق ئۇنىدا توگۈلگەن گۆشلۈك جۇۋاۋا. (مەكىت، مارالبېشى چارباغ، خوتەن) (بۇ سۆز قەشقەردە «مونەدەك~موكورۇللا»

دېيىلىدۇ)

مونجاق ئى. ھالقا، مونچاق. (نىيە)

مونداك 1 سۈپ. تولغان، كېلىشكەن (ئەر). (كېرىيە)

مونداك 2 ئى. قوناق مەدىكى؛ كۆممىقوناق شېخىنىڭ كۆتۈچىكى؛ كىچىك چوگۈن. (كېرىيە)

مونوخەي ئى. (خەن‹ 模拟黑) قارانچۇق. (قۇمۇل)

مويا ئى. (خەن‹ 毛衣) پوپايكا، يۇڭ مايكا. (نىيە)

مويەكچە ئى. چوتكا. (قۇمۇل)

موينىكەش ئى. تەلپەكنىڭ مويىنى تارايدىغان ئارىسىمان سايمان. (كېرىيە)

مۇت سۈپ. بىكارلىق، ھەقسىز، پۇلسىز. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

مۇجۇق ئى. بۇلۇڭ. م: ئۆينۇ (ئۆينىڭ) تۆت مۇجۇغۇ (بۇلۇڭى). (لوپنۇر)

مۇچقىيام ئى. لازىجاڭ، لازا ئۇنىغا قىزىق ياغ قۇيۇپ ياسالغان قىيام. (كېرىيە)

مۇختەم رەۋ. بىردەم. (قۇمۇل)

مۇدۇۋى سۈپ. دۈشمەن، زىت. (خوتەن)

مۇدۇك سۈپ. دۈمچەك، ۋىجىك، كىچىك. م: مۇدۇك قەلەمتىراچ. (نىيە، خوتەن) (بۇ سۆز كېرىيەدە «مىتىك»، بەزى جايلاردا «مۇدىك~مۇدۇك» مۇ دېيىلىدۇ)

مۇرتارىماق تىكىلمەك، تىكىلىپ قارىماق. (قۇمۇل)

مۇرجۇق ئى. (خەن‹ 门轴) بوسۇغا. (قۇمۇل)

مۇرغىلەكلەشمەك توپلاشماق، غۇجمەكلەشمەك. (كېرىيە دەريا بويى)

مۇرۇللۇغ سۈپ. ۋەدىلەشكەن، باغلىنىپ قالغان. (لوپنۇر)

www.uyghurkitap.com

مۇزا ئى. مانچا، ئىش ھەققى. (تۇرپان)

مۇزەررەت سۇپ. تاپا ـ تەنە، مىننەتلىك ئىش، كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان، رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆز. (خوتەن)

مۇزلاك ئى. نۇر، پىرقىرىغۇچ. (پىچان)

مۇشكەم ئۈن. كالىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈندىشى. (قەشقەر)

مۇغال ئى. باشلام. (خوتەن)

مۇغەمبەر تۇماق سۇپ. ھىيلىگەر، قۇۋ. (مەكىت)

مۇقۇدىماق ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتمەك، قاشارماق. (تۇرپان) (بۇ سۆز قومۇلدا «مۇقىدىماق» دېيىلىدۇ)

مۇقۇلداشماق تىل بىرىكتۈرمەك. (قومۇل، قەشقەر)

مۇكالىم ئى. چۈشەندۈرۈش، چۈشەنچە. (خوتەن)

مۇڭقۇي سۇپ. شىلىم: كۆچ: دۆت، كالۋا. (قومۇل)

مۇڭلۇزا ئى. ئىشىك ئۈستىگە ياغاچتىن قاتمۇ قات گۈل ـ نەقىشلەر ئويۇلۇپ قىلىنغان دەھلىز. (قومۇل)

مۇڭايماق زېرىكمەك، مۇڭلانماق. (قومۇل)

مۇللەك سۇپ. كاللەك. (خوتەن)

مۇم سۇپ. ھەقىقىي، راست، جىڭ. م: مۇم خوتەنلىك ــ جىڭ خوتەنلىك. (خوتەن)

مۇمپۇق سۇپ. ئىچ مىجەز، سىر بەرمەيدىغان كىشى. (قومۇل، ئىلى)

مۇمسىق سۇپ. پىخسىق، بېخىل. م: مۇمسىق ئايالنى جەننەتكە تەكلىپ قىلساڭ، قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ ماڭار. (ماقال) (قەشقەر)

مۇمۇن ئى. ‹دېھ› موما، خامانغا ئورنىتىلغان موما ياغاچ. (خوتەن) (بۇ سۆز قەشقەردە «مومۇ»

دېيىلىدۇ)

**مۇنازا** سۇپ. ئەتىۋار، ئېتىبار. م: ئېشەككە مۇنازا قىل(ـا)ساڭ ئوقۇرغا چىچار ـ ئېشەكنى ئەتىۋارلىساڭ ئوقۇرغا چىچىدۇ. (ماقال) (قۇمۇل)

**مۇنايقىماق** كۆڭۈل ئېلىشماق. (ئاقسۇ)

**مۇنقىش** سۇپ. نېرۋىسى ئاجىز. (پىچان)

**مۇنۇ** ئۇن. ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش مەنىلىرىدىكى ئۇندەش سۆز. (كېرىيە)

**مۇنۇپ قالماق** قېرىپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق، ئالجىماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز قەشقەردە «مۇنىيىپ قالماق» دېيىلىدۇ)

**مۇنۇچ~مۇنۇي** ئۇن. ۋىيەي، پاھ. (ئاياللار قوللىنىدىغان ئۇندەش سۆز) م: توڭلاپ كەتكەنلا، مۇنۇچ قەۋەتلا سوغ بولۇپ كەتتىيا. (خوتەن)

**مۇنۇكۇم** سۇپ. بىچارە، ياۋاش. م: بۇ بەك مۇنۇكۇم ئادەم. (خوتەن، ئىلى) (بۇ سۆز كېرىيىدە «مۇنۇكۇم» دېيىلىدۇ)

**مۇيات** ئى. يادىكار، ئەستىلىك، خاتىرە. (قۇمۇل)

**مۇياتلىق** ئى. ئەتىۋار، ئىسىل، كۆڭۈلدىكىدەك. م: ياخشى يېمەكلىكلەرنى مۇياتلىق مېھمانلار كەلگەندە قويارمىز. (قۇمۇل)

**مۇيلىماق** مىياڭلىماق. م: مۇشۇك مۇيلىدى ـ مۇشۇك مىياڭلىدى. (قۇمۇل)

**مۇيىم ـ تۇيىم** سۇپ. ئەپلەپ ـ سەپلەپ. م: بۇ ئىشنى مۇيىم ـ تۇيىم قىلىپلا ئۆتكۈزىۋەتتى.

**مۆرەن** ئى. (موڭ‹مۆرەن) دەريا. (قۇمۇل) (بۇ سۆز

www.uyghurkitap.com

تۇرپاندا «مۇرەن~مۇرەن» دېيىلىدۇ)

**مۆرلەشمەك** بەسلەشمەك، قول باغلاشماق. م: ھەتتا كەسلەنچۈكنىڭ بېشىغا مۆرلىشىپ تەگكۈزگەنمۇ بولدى. (ئىلى)

**مۆسۆن** ئى. ‹ئانات› قۇلاقنىڭ كۆمۈرچەك قىسمى. (قۇمۇل)

**مۆڭ** سۈپ. دۆت، كالۋا، دېۋەڭ. (تۇرپان)

**مۆڭكۈ سۈيى** ئى. توغراق سۈيى. م: شۇ مۆڭكۈ سۈيىدىن ئالىپ چىقادو ـ شۇ توغراق سۈيىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. (لوپنۇر)

**مۆڭگەك** سۈپ. خۇيى يامان، غەلىتە مىجەزلىك. (كېرىيە)

**مۆلەگ** سۈپ. پۇلغا يارىغۇدەك، ۋەزنى بار. (خوتەن)

**مۆلكە سۈيى** ئى. زەمزەم سۈيى. (قۇمۇل)

**مۆلكۈمەك** ئۆمىلىمەك. م: مۆلكۈپ (ئۆمىلەپ) ئاران تالاغا چىقتىم. (لوپنۇر)

**مۆلۈكۋاش** سۈپ. پاخما باش. (قۇمۇل)

**مۆلۆيمەك** ھۇرپەيمەك، گۆشەيمەك. م: مۆلۆيۈپ (گۆشىيىپ) ئولتۇرما. (لوپنۇر)

**مۆ ـ مۆ** ئۈن. كالىنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قەشقەر)

**مۇجگەكلىمەك** دۈگدەيمەك، بىر يەرگە بېشىنى ئەكىلىۋالماق. م: جانىۋارلارنىڭ مۇجگەكلەپ كەتكىنىنى. (ئىلى)

**مۇرگۈمەك** دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك، مۈدۈرىمەك. م: مۇرگۈمەس ئات يوق، يېڭىلمەس ئادەم. (ماقال) (قۇمۇل)

**مۇرۋەت** ئى. گايكا. (لوپنۇر)

**مۇزدەك** سۈپ. تېتىقسىز. (پىچان تۇيۇق)

**مۇكۇرۇ** سۈپ. ئاۋاق، جىۋەك، ۋىجىك. (قۇمۇل)

**مۇكۇل ـ تېقىل** سۇپ. رەتسىز، تەرتىپسىز، قاتتىق ـ قۇرۇق. (تۇرپان)

**مۇڭايماق** يېلىنماق، يالۋۇرماق. (كېرىيە)

**مۇنگەش** سۇپ. قاتلاق، ئىرماش ـ چىرماش. م: بويۇنلىرىغىچە قېلىن مۇنگەش قورۇقلار قاپلىغان. (مەكىت)

**مۇنۇرىمەك** تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى، سوغۇق ياكى سۇنىڭ تەسىرى بىلەن قول ـ پۇتلارنىڭ قاتتىق توڭۇپ ئاغرىشى. (قۇمۇل، تۇرپان)

**مېڭىز** ئى. (زوئول) بېشىدا تەڭلىك چېكىتلىرى بار ئاق كەپتەر. م: مېڭىز ئۇيانچى. (قەشقەر)

**مىتەۋە** ئى. گەپ، داۋلى، قائىدە، چاقچاق. م:△ گەپ زاۋۇتى، مىتەۋە ساندۇقى، دەپ قويىاتتى؛ △ مېتەۋىنى ئۆزەڭ قىلىسەن. (خوتەن)

**مىتەۋلەشمەك** يوسۇنلاشماق، زاكۇنلاشماق، قائىدە سۆزلەشمەك، سۆزدە بەسلەشمەك، گەپ تالاشماق. (نىيە، خوتەن)

**مىجىق** سۇپ. مىس ـ مىس، ھەرىكىتى سۇس، ئېزىلەڭگۇ. م: △ مىجىق ئادەم ـ مىس ـ مىس ئادەم؛ △ ئۇنىڭ مىجىققىنە مېڭىشلىرى، گەپ قىلماي قالاپ (قاراپ) تۇرۇشلىرى بەك ئىچىمنى پۇشۇرىدۇ. (مەكىت)

**مىجىگەن** ئى. (بوت) قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. (پىچان)

**مىختا** سۇپ. پۇختا، چىڭ. (ئىلى)

**مىدىق** مىق. شىڭگىل، ساپ، تۇتام. م:△ بىر مىدىق يېسىلە تاماقلىرىدا قاتۇ؛ △ بىر مىدىق ئۆزۈمنى تۇتقىنىچە ئويلىنىپ قالدى. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uygurkitap.com

**مىدىقلىماق** تۇتاملىماق، باغلام قىلماق. م: بىر ساپ ئۈزۈمنى مىدىقلاپ... (خوتەن)

**مىرغەمزە** سۈپ. ئۇششاق سۆز ئادەم. (قۇمۇل)

**مىرىڭباش** سۈپ. يىغلاڭغۇ، چىدامسىز. م: تازا مىرىڭباش بالىكەن. (خوتەن، كېرىيە)

**مىزەممىتى** سۈپ. زادى، پەقەت، ئەسلا. م: مىزەممىتى يوق. (خوتەن)

**مىژمىلاق** ئى. ‹يېم› جىگدىنى سۇدا پىشۇرۇپ، مۇجۇپ يۇمشىتىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كەندىر بىلەن قوغۇن ئۇرۇقىنى قورۇپ سوقۇپ، ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان تاماق. (كېرىيە)

**مىساڭزا** ئى. ‹يېم› ماخاردەك گۈل چىقىرىپ مايدا پىشۇرۇلىدىغان قۇيماق. (قۇمۇل)

**مىسلىمياك** سۈپ. ئېزىلەڭگۈ، سولاش، لەقۋا. (ئىلى)

**مىسىل** ئى. پاخال: پاخالدا ياسالغان كۆرپە، پاخال تۆشەك. (خوتەن)

**مىسىن** ئى. ‹بوت› ساسلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىر خىلى. (كېرىيە)

**مىسىي** سۈپ. كۈل رەڭ. (قۇمۇل)

**مىش** ئى. ‹زوئول› مۈشۈك. (نىيە، لوپنۇر)

**مىشمىدىق** ئى. ‹بوت› توشقان تۈكمىدەك يۇمشاق، ئاق رەڭلىك، مال يەيدىغان ئوت- چۆپ. (نىيە)

**مىشمىرىق** سۈپ. چىدىماس، يىغلاڭغۇ. (خوتەن)

**مىشۇر~مىشى** ئى. شاۋرۇن. (لوپنۇر)

**مىشۋىشى** ئى. ‹زوئول› مۈشۈك ياپىلاق. (نىيە)

**مىقرازا** ئى. كىچىك قايچا. (كېرىيە)

**مىقىرماق** يىغلىماق(بالا). (تۇرپان)

**مىكە** ئى. (خەن‹墨) قارا سىياھ. (قۇمۇل)

**مىكىر- چىكىر** سۈپ. ئۇششاق - چۇششەك. (قۇمۇل)

**مىگە** ئى. ‹بوت› يوپۇرماقلىرى نىپىز بولغان، ئۇرۇقىنى يېگىلى بولىدىغان، چۆللۈكتە ئۆسىدىغان بىر خىل زىرائەت.

**مىڭەر** ئى. پۇتۇن بەدەن، ئۇگە- ئۇگىلەر. م: مەتنىياز دەپ قىچقارسام، سىڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى. ئارقىلارنى قوغلىشىپ، مىڭەرلەردىن تەر چىقتى. (قۇمۇل)

**مىڭزا~مىڭ هازا** سۈپ. ناھايىتى، ئالاھىدە، مىڭ مەرتەم. (نىيە، كېرىيە)

**مىڭگەن** ئى. كورا. (قەشقەر) (بۇ سۆز مەكىت يانتاقتا «مىنگەك» دېيىلىدۇ)

**مىڭ يادىلىق** رەۋ. ئۇزۇن يىللار، مىڭ يىللار. (كېرىيە)

**مىنا** ئى. ئۇ تامدىن بۇ تامغا چىقىرىلغان لاي تەكچە. (قەشقەر)

**مىنەپتە كۆن** ئى. دەم ئالىدىغان كۈندىن باشقا كۈنلەر. (قەشقەر)

**مىنچا~مىنچاغىنە** رەۋ. بىر ئاز، ئازغىنە. م: ئىنەم مىنچا (ئازراق) تۇس (تۇز) بەرسە دەيدۇ. (لوپنۇر)

**مىياڭتەي~مىياڭسەپە** سۈپ. كېسەلچان، ئاغرىقچان. (لوپنۇر)

**مىياڭلىماق** ئىنجىقلىماق. (لوپنۇر)

**مىيانسال** ئى. ‹بوت› ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان سۇلۇق، يوغان كۆك شاپتۇل. (خوتەن، نىيە)

**مىيان 1** سۈپ ئوتتۇرا ھال، ئوتتۇرا دەرىجىلىك. م: مىيان ياغ — ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياغ. (چىرا)

**مىيان 2** ئى. يېڭى توغۇلغان (تەخمىنەن بىر ئايلىق بولغان) قوزىنىڭ تېرىسى. (مارالۋېشى چارباغ)

www.uyghurkitap.com

**مىيانە** سۈپ. قىلىقسىز، بولمىغۇر، ئەسكى، ئۇسال، ناچار مىجەز- خۇلق، يامان، يېقىمسىز. م: شياۋدۈيجاڭ كۆچلۈك بولسا دادۈيجاڭ كەتمەس، ئايال مىيانە بولسا تەمىنات يەتمەس. (ماقال) (كېرىيە، خوتەن) (بۇ سۆز نىيىدە «مىيان» دېيىلىدۇ)

**مىلىماق** سۈركىمەك. (تۇرپان)

## ن

**نابىگار** سۈپ. يارىماس، مۇتتەھەم. (خوتەن)

**ناپارما~ناپەرما** سۈپ. بىنەپشە رەڭ. (قۇمۇل)

**ناپىسان** سۈپ. «پىسەنتكە ياقمايدىغانلىق» مەنىسىدىكى سۆز. (خوتەن)

**ناتىيىن** سۈپ. نامەرد، لەۋزىدە تۇرمايدىغان. (نىيە)

**ناجاڭ** سۈپ. نازۇك، ئىنچىكە، زەئىپ، ئاجىز. (قۇمۇل)

**نادىر** ئى. تەشتەك. م: بىر نادىر گۈل — بىر تەشتەك گۈل. (قەشقەر)

**نارىنجى** سۈپ. توق قىزىل. (قۇمۇل، تۇرپان)

**ناسەلقى** سۈپ. نائۇستا. (خوتەن)

**ناغرا تۆگە** ئى. 〈زوئول〉 ئۆزى ئېگىز ۋە چوڭ، بويى ئىنچىكە كەلگەن ئىككى ئۆركەشلىك تۆگە. (تۇرپان)

**ناقىس** سۈپ. كەم، كەمچىل. (خوتەن)

**ناگىرىم** سۈپ. پەرىشان، كۆڭلى يېرىم. م: كۆڭۈللىرىنى ناگىرىم قىلغىلى جېنىمىز ئۇن ئەمەس. (خوتەن) (بۇ سۆز لوپنۇردا «نىگارەن» دېيىلىدۇ. م: نىگارەن بولۇپ ياندىم، قارا كۆزگۈ

ياش ئالـىپ.)

**ناگىلا** سـۆپ. غـەمكىن، مـەيۇس، تۇتـۇق، غـۇۋا. م: بـەزىلىرى ناگىـلا، بـەزىلىرى خۇشـال ئىـدى. (ئـاتۇش، ئىلـى) (بـۇ سـۆز قەشـقەردە «ناگـۇزا» دېيىلىدۇ)

**نال** ئـى. قومۇشـنىڭ ئىچىدىكـى نېپـىز پـەردە. (ئىلى)

**نا:لىماق~ئىرغىنىماق** ئىرغاڭلىمـاق، لىڭشـىماق. م: داراخ شـاقتارى نـا:لـىپ تـۇرادۇ ـ دەرەخ شـاخلىرى لىڭشىپ تۇرىدۇ. (لوپنۇر)

**ناماتمان** ئـى. كىگىـز باسـىدىغان ئۇسـتا، كىگىـزچى. (ئاقسۇ، قەشقەر)

**نامارغۇ~نەمىرغا** سۆپ. نـەمخۇش، نـەم جـاي. م: نامـارغۇ يـەر ـ نەمخۇش يەر. (قۇمۇل)

**نامرات ـ چۇمرات** سۆپ. نامرات، كەمبەغەل؛ ئاجىز ـ ئورۇق.

**نا مۇزۇن** سۆپ. تەمسىز، لەززەتسىز، تېتىقسىز. (لوپنۇر)

**نامىرەن** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئوت. (قۇمۇل)

**نانتەك** ئى. ‹يېمەك› نانقايناق. (خوتەن) (بۇ سۆز تۇرپاندا «نانچۆپ» دېيىلىدۇ)

**نا(ن) چۆكۈچ** ئى. چەككۈچ. (قۇمۇل)

**نان خالتاسى~نانقاپ** ئـى. ‹تـىل هـا› نـان قېپـى، تـەييارتاپ. (لوپنۇر)

**نان ـ كېچە** ئـى. ‹يـېمەك› نـان ـ پـان، نـان قاتـارلىق يېمەكلىكلەر. (لوپنۇر)

**ناها** باغ. ئەگەر، ناۋادا. (قۇمۇل)

**ناها قىلماق** ناشتا قىلماق، بىر نەرسە يېمەك. (كېرىيە)

**ناهان~نىهان** سۆپ. يوشۇرۇن. غايىب، مەخپىي. (خوتەن)

**ناۋايەت** سۆپ. بايلىق، مولچىلىق. (يەكەن)

**ناۋىيات** ئى. سۈپەت؛ ئۇسۇل. (يەكەن)

**نايتاق** ئى. ‹بوت› قاچۇرا، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىسى. (قۇمۇل)

**نايىنناك** سۈپ. ناتايىن، ئېنىق بىر قارارغا كېلىنمىگەن، تايىنى يوق. م: ئۇ بىر نايىنناك ئادەم — ئۇ بىر تايىنى يوق (تەبىئىتى يېنىك) ئادەم. (شايار)

**نايى** سۈپ. ئاسان، ئوڭاي. (قۇمۇل)

**نە** ئى. ‹زوئول› ئەركەك كەپتەر؛ ئۇچار قاناتلارنىڭ ئەركىكى. (خوتەن، نىيە)

**نەت** ئال. قەيەر. (قۇمۇل)

**نەتەك** ئال. قانداق نەرسە. (نىيە)

**نەخشە** ئى. ئويۇلغان، چېكىلگەن گۈل، نەقىش. (قۇمۇل)

**نەخشۇەن** ئى. خەلق ئارىسىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ پىرى. م: نەخشۇەننىڭ بىرىمەن، ھويلا قويماي كىرىمەن (ماقال). (قەشقەر) (بۇ سۆز خوتەندە «نەقشۇەن» دېيىلىدۇ)

**نەدىن ئارا** رەۋ. نەدىندۇ، قاياقتىندۇ (ياقتۇرماسلىق مەنىسىدە كېلىدۇ). م: ماۋۇ نەدىن ئارا كەلدى. (قۇمۇل، ئىلى)

**نەزەر- گۆزەر** ئى. كۆز قىرى، نەزىرى. م: نەزەر- گۆزىرىگىمۇ ئالماي... (قەشقەر، خوتەن)

**نەزەمبىللا** سۈپ. زادى، پەقەت، ھەرگىز. (مەكىت)

**نەسەلقى** سۈپ. نائۇستا. (قەشقەر)

**نەقلىمەك** چەنلىمەك، دەل تەگكۈزمەك. م: سېغىزخاننى نەقلىيەلەيدۇ. (خوتەن)

**نەمتېپە قىلماق** چالا- بۇلا نەمدىمەك. م: ئاشلىق



www.uyghurkitap.com

بولمىغانلىقتىن، چىلان يوپۇرمىقى ۋە تۇلۈك چىلان بىلەنلا ئەمتىپە قىلىپ يۇرەتتى. (قەشقەر)

**نەۋەي** ئى. ئۆزۈن تەكچە. (قەشقەر پاخپۇ)

**نەيزۇ** ئى. يايپاڭ قارا چىنە. (تۇرپان)

**نەيكە** ئى. تاماكا ياكى نەشە چەككەندە، قەغەز ياكى گېزىتنى كاناي ( √ ) شەكىللىك قىلىپ ئوراش شەكلى. (كېرىيە)

**نوپ** ئى. ئىش - كۈچ. (قۇمۇل)

**نوپباسماق** ئەيمەنمەك. (قۇمۇل)

**نوپۇق** سۈپ. يوشۇرۇن، مەخپىي. م: گەپنى نوپۇقراق ئېيتماق. (قۇمۇل)

**نوختىلىق ساقال** ئى. بۇرۇت بىلەن ساقالنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى ساقال. (پىچان)

**نور 1** ئى. تامچە.

**نور 2** ئى. كۆل. (قۇمۇل)

**نوغالچى** ئى. تۆت تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئاكوپ. (قۇمۇل)

**نوغلا** ئى. قوناق ئۇن خېمىرىدا تۈگە ئۈچۈن قىلىنغان كوملاچ، پوم.

**نوغۇچ** ئى. يىپ ئايرىش تاياقچىسى. (لوپنۇر)

**نوغۇچ ئاياغ** سۈپ. ئىنچىكە، ئۇزۇن پۇت. شادا پاچاق. (قەشقەر)

**نوقاتچىلىق** سۈپ. ئالدىراشچىلىق، بېسىقچىلىق. م: بۇ ئىش تازا نوقاتچىلىق چاغدا كەلدى. (ئاقسۇ)

**نوقانچى** سۈپ. خاماندىن ئاشلىق تىلەيدىغان تىلەمچى. م: نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى. (ماقال) (ئىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**نولىماق** (خەن‹ 闹+لا ـ) مۇجۇماق. (قۇمۇل)

**نومچىمەنگۈل** ئى. ‹بوت› كۆك چېچەكلەيدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. (نىيە)

**نوناۋشىتماق** بىر نېمىلەرنى قىلماق، ئەپلەپ ـ سەپلىمەك، سەۋر قىلماق، چىدىماق. (نىيە)

**نوۋەر~نۆبەر** سۈپ. ياش، قىران؛ ياشلىق، قىرانلىق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز نىيىدە «نۆۋەي» دېيىلىدۇ)

**نۇر** ئى. تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ ئارقىچىلاپ پاشنا بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىلى. (ئىلى)

**نۇرما** ئى. قوقاس، ئۆلۈك توپا. (قۇمۇل)

**نۇرۇن** ئى. دەستىگاھنىڭ بىر قىسمى. (لوپنۇر)

**نۆتۆرىمەك~نۆتەرىمەك** گاڭگىرىماق، گالۋاڭلاشماق. (قۇمۇل)

**نۆزەمبىللا** ئى. ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ ئىچىلگەن قەسەم. (قەشقەر)

**نۇچۇك** ئال. قانداق. (قۇمۇل)

**نېغىچاق** ئى. نېغىچاق. تۆگىنىڭ ئۇچۇلۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ياغاچ شال. م: چەرچەندىن كەلگەن نېغىچاق ئۇچ كۇنگىچە غىچىرلاپتۇ. (ماقال) (كېرىيە، نىيە)

**نېقىپ** ئى. نەرخ ـ ھاۋا، جىڭ ـ تارازىلارنىڭ جىڭلىقىنى تەكشۈرگۈچى. (خوتەن)

**نىخ** مىق. يىپنىڭ بىر تېلى، بىر تالاسى. (خوتەن)

**نىزىر ـ نۇزۇرەت** ئى. نەزىر ـ چىراغ. (قۇمۇل)

**نىلقا** ئى. بوۋاق، نارەسىدە. م: نىلقا بالا ـــ نارەسىدە بالا. (قۇمۇل)

**نىمتە** سۈپ. پارچە، پارە ـ پارە. م: ئۇ تاشنى ئىككى نىمتە قىلىۋەتتى. (كېرىيە)

**نىمچاكىسا** مىق. ئېغىرلىق بىرلىكى، چاكسانىڭ يېرىمى،

يېرىم جىلغ. (كېرىيە)

**نىمنە** ئال. نېمە. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**نىمئىششەك** مىق. ئېغىرلىق بىرلىكى، ئىششەكنىڭ يېرىمى، ئىككى جىڭغا تەڭ. (كېرىيە)

**نېمىقوق** يۇك. ھېچقىسى يوق. (خوتەن)

**نىياز چاچ** ئى. ئوغۇل باللارنىڭ توختاپ قېلىشى ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدا بېشىنىڭ بىر چېتىگە چۇشۇرۇلمەي قويۇپ قويۇلىدىغان چاچ، سېكىلەك. (تۇرپان)

**نىياۋە** ئى. نوۋەت، ئۆچىرەت، بىرەر نەرسىنى تۇپلىشىپ ئېلىش ئۈچۈن نوۋەت ساقلاش. م: مېنى (مېنىڭ نىياۋەم كەلدى. (لوپنۇر)

## ھ

**ھاپا قوۋۇز~ھوپقوۋۇز** سۇپ. قوۋۇزى سېمىز، قوۋۇزى ئىششىپ قالغاندەك. (قەشقەر)

**ھاپپا~ھامبا** ئى. شاپىلاق. م: ئەركىن تىزىغا ھاپپاقلاپ، بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە تەۋرىنىپ يىغلىماقتا ئىدى. (كېرىيە) (بۇ سۆز گۇمىدا «ھاپپال» دېيىلىدۇ)

**ھاپ ئۇرماق** لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق. (ئاقسۇ)

**ھاتاڭ** ئۇن. ۋايتاڭ، ئۇقمىدىم، بىلمىدىم مە-نىسىدىكى ئۇندەش. (نىيە)

**ھاتتار** ئى. دورىپۇرۇش. (خوتەن)

**ھادىرۇسكۇن** رەۋ. قالايمىقان، پاتىپاراق.

**ھادىرۇسكۇنچىلىق** ئى. قالايمىقانچىلىق، پاتىپاراقچىلىق.

**ھارە ئەن** ئى. ھەرە ئەن. قوينىڭ قۇلىقىغا كۇچۇك چىشى چىقىرىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**هاراسەنلىك** ئى. خاپىلىق، كۆڭۈل ئاغرىقى. (كېرىيە)

**هاردۇقا چىقماق** پېنسىيىگە چىقماق، دەم ئېلىشقا چىقماق. (قۇمۇل)

**هارمىدىماق** هاردۇق سورىماق. (قۇمۇل)

**هازىنا~هاسىنا** ئى. ياشانغان ئەر- خوتۇنلار ياكى كۆڭلى يېقىن، تەڭ دېمەتلىك كىشىلەر بىر- بىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ئورنىدا ئىشلىتىدىغان «هەي، ۋاي» مەنىسىدىكى تەكەللۇپ سۆز: چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئەركىلىتىپ دەپ قويىدىغان سۆزى. (نىيە) (بۇ سۆز كېرىيىدە «هازناي» دېيىلىدۇ)

**هاسار سېپىل** ئى. شەهەر سېپىلى. (قۇمۇل)

**هاشا توساق** ئى. چىتلاق. (تۇرپان)

**هاش قاپاق** سۈپ. ياپما قاپاق. (خوتەن)

**هاكىنا** سۈپ. ئورۇق، ئاۋاق. (كېرىيە)

**هاكىنەك** ئى. بىلىق يېغىغا ئۇن چېلىپ ئېتىلىدىغان تاماق. (ئاقسۇقارال)

**هاكىۋاتۇ** يۇك. ئىشقىلىپ، قانداقلا بولمىسۇن؛ تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، پەۋقۇلئاددە. (خوتەن، نىيە)

**هاڭگىز** سۈپ. ئېگىز.

**هاڭ** سۈپ. پاك، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان. (نىيە)

**هاڭچى~هاڭدا** ئى. ‹رۇئول› هاڭگا، ئەركەك (ئېشەك). (گۇما)

**هاڭغۇق** ئى. بويۇنتۇرۇق. ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان قوۋۇق. (ئىلى)

**هاڭ قالماق** سۈپ. هاڭ- تاڭ قالماق، هەيران قالماق. (نىيە، تۇرپان)

**هاڭگام** رەۋ. هامان. (تورپان)

**هاڭگامە** سۈپ. ئاۋارىچىلىق. (قومۇل)

**هال** ئى. هويلا. (نىيە) (بۇ سۆز خوتەندە «هالو» دېيىلىدۇ)

**هالاپ** ئى. يالغانچى؛ قىزغانچۇق. (نىيە)

**هالپەش** ئى. ئۈچ تەرەپكە تۇتاشقان پېشايۋان. (كېرىيە)

**هالپو** سۈپ. كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان لاپخور. (خوتەن)

**هالگايى** سۈپ. سېرىق رەڭ. (قومۇل)

**هالگىۋىدىت** ئى. هالۋابېدىت، شىرى. (قومۇل)

**هاللازلىماق** هاڭگا ئېشەكنىڭ هاڭراپ يوگۇرۇشى. (بۇ سۆز يەنە «هاللاز ئاتماق» مۇ دېيىلىدۇ). (كېرىيە، خوتەن)

**هاللازچى** ئى. يامان خۇيلۇق ئېشەك. م: ئېشەك قېرىسا هاللاز- چى بولۇر، جالاپ قېرىسا نامازچى (بولۇر). (ماقال) (كېرىيە)

**هاللاڭ** سۈپ. ئوچۇق، ئېچىقلىق. م: ئىشىك هاللاڭ قالدى. (كېرىيە)

**هاللەسە** سۈپ. بار نەرسىنى تەڭ كۆرۈپ پايدىلىنىش. (قومۇل)

**هالۇ** ئى. هويلا. (خوتەن) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «هال~هولو» دېيىلىدۇ)

**هاما** يۈك. «شۇنداقمۇ، شۇنداققۇ، قانداق دېدىم» دېگەندەك تەستىقلاش مەنىسىدىكى يۈكلىمە. (خوتەن) (بۇ سۆز قومۇلدا «هامۇ» دېيىلىدۇ)

**هاما - هاما** يۈك. «ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ماڭا قاراڭا» دېگەندەك تەكىتلەش مەنىسىدىكى يۈكلىمە. (خوتەن)

**هامات قىلماق** پەش قىلماق. (قومۇل)

هامنام سۆپ. تىنچىق، دىمىق. (قومۇل)
هام يول ئى. چوڭ يول. (كېرىيە)
هانا سۆپ. بەدەنىنىڭ ئېگىلىپ قالغان، بىر تېرە- بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىتى. (خوتەن)
هانناز سۆپ. ئىش خۇشياقماس، جايىدا تۇرمايدىغان (ئادەم). (كۇچا)
هاۋتاشام قىلماق غەلۋە- غۇدۇر قىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەك. (كېرىيە)
هاۋلىماق زوكامدىماق، تومۇدىماق. (نىيە)
هايتاق سۆپ. كەپسىز، بەڭۋاش، گەپ ئاڭلىمايدىغان. (نىيە)
هايداخچى ئى. ‹دېھ› قوشچى، قوش ھەيدىگۈچى. (ئاقسۇ)
هايلى ئى. مىجەز، ساقلىق. م: بۈگۈن ھايلىم يوق. (تۇرپان)
ھەب دورا ئى. ‹تېب› تابلېتكا دورا. (مەكىت)
ھەپپەت ئى. ‹يىم› قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان پېتىر خېمىرنى قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ، ھوردا پىشۇرۇلىدىغان مانتا. يېقىشتىن ئىلگىرى كەينىنى تۈزلاپ، قازاننى قىزىتىپ، قازان ئىچىگە سۇ قۇيۇپ قايىنىتىپ، ئاندىن يېقىلىدۇ. (پىچان) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ھەپەش» دېيىلىدۇ)
ھەپتىرەڭ سۆپ. ئۆزگىرىشچان، ئالىجوقا، تۇتۇرۇقسىز. (قومۇل)
ھەپسەر سۆپ. تويماس. قارنى يامان. (تۇرپان)
ھەپسىلا ئادەم سۆپ. كۆڭلىنىڭ شېرىسى بار ئادەم. (خوتەن)
ھەتتەم~ھەتتەمشا سۆپ. پوچى، تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، ئۆكتەم.

(قۇمۇل)

**ھەجەڭگە~ھەجەڭگۈچ** ئى. ئىلەڭگۈچ. (قۇمۇل)

**ھەجەن** ئىسم. ئەجەبلىنىش، كەمسىتىش، كۆزگە ئىلماسلىق، كۆرەلمەسلىكنى ئىپادىلەيدىغان سۆز. (نىيە)

**ھەربار** رەۋ. ھەرقېتىم، ھەر قاچان. (خوتەن، قەشقەر)

**ھەرراس** ئى. دېھقان.

**ھەزىتى غۇم** ئى. (يېم) بىر خىل ئۇماچ. سۇغا ئازراق ماي، كۆكتات، قاتتىق نان سېلىپ قاينىتىپ، پىشۇرۇلىدىغان تاماق. يەنە بىر خىل ئاتىلىشى «شايى پەتتا». (پىچان)

**ھەسەلى** سۈپ. بوز، قوڭۇر (قوينىڭ رەڭگى). (قەشقەر)

**ھەش** سۈپ. سەت، پاسكىنا. م: ئەل جېنى بىلەن، ھەش قىز ئېرى بىلەن. (ماقال) (ئىلى)

**ھەققۇۋ** ئى. ۋەج، بىسات، دۇنيا. (خوتەن)

**ھەگىنە دەرۋازا** ئى. ئۇستى تەرپى شادىلىق دەرۋازا. (ئاتۇش)

**ھەلەق** سۈپ. پاسكىنا، كىر. (خوتەن)

**ھەلەلەك** سۈپ. ئەخمەق، گول.

**ھەللى** سۈپ. «ئۇيات»، «نومۇس» مەنىسىدىكى ئۆكۈنچ سۆزى. (خوتەن)

**ھەللىسى** سۈپ. چېغىدا، نورمال. (خوتەن)

**ھەمزەك** ئى. گۈل باسقان ماتا. م: ھەمزەك يوتقان. (مەكىت)

**ھەمسات** سۈپ. بىردەم، قىسقا ۋاقىت، دەرھال، شۇئان. م: ھەمساتنىڭ ئىچىدە بېرىپ كېلىمەن. (كۇچا، ئىلى، مەكىت)

**ھەمسال** سۈپ. تەڭتۇش، قۇرداش؛ كۆيۈمچان، مېھرىبان. م: ئۇلار بىر-بىرىگە بەك ھەمسال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(تۇرپان)

**ھەمكام** سۈپ. ئىناق، ئىتتىپاق. (خوتەن)

**ھوبو** يۈك. ھەيران قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆز. (قاغىلىق)

**ھوپ** ئۈن. ياتقان ئۇلاغنى قوپۇرۇش ئۈندىشى.

**ھوچ~ھويتچ** ئۈن. ئېشەكنى توختىتىش ئۈندىشى. (قەشقەر تاشمىلىق)

**ھور 1** ئى. چوڭ ياغاچ ھاۋانچا. (قومۇل)

**ھور 2** ئى. بوغداي ياكى گۈرۈچ ئاقلايدىغان سوقا. (قەشقەر)

**ھورنى چىقارماسلىق** ‹ئىد› چاندۇرماسلىق، تۇيدۇرماسلىق. (قەشقەر)

**ھوششەرە** سۈپ. باركاللا. يارايدۇ. (ئىلى، قومۇل)

**ھوشۇقچە** ئى. دوپپا شاپىقىغا پاراللېل ھەم قايچىلاش قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن سىزىقچىلار ئارىسىغا بالداق شەكىللىك تىكىلگەن گۈل. (قەشقەر)

**ھوگا** سۈپ. چوقان- سۈرەن. م: پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان تېخىمۇ كۆچلۈك ھوگا كۆتۈرۈلدى. (قەشقەر)

**ھوگاز** ئى. ئويۇق. (قومۇل)

**ھوگۇنا** ئى. ‹زوئول› جەرەننىڭ ئەركىكى. (قومۇل)

**ھوڭ** ئى. نىشان ئۈچۈن تاش ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان دۆۋە، ئېگىزلىك. (قومۇل)

**ھولا** ئى. ئوت، يالقۇن، گۈلخان. م: تونۇرنىڭ ئوتى ھولا بولۇپ كېتىپتۇ. (قەشقەر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ھالۇ~ھولۇ» مۇ دېيىلىدۇ)

**ھوۋۇقماق** ئىششىپ قالماق. م: ئۇنىڭ كۆز- قاپاقلىرى ھوۋۇقۇپ قاپتۇ. (ئىلى)

هۇجرا گېپى ئى. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز ۋە يىگىتنىڭ دوستلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە. (ئىلى)

هۇجرا ئۆي ئى. يىگىت بىلەن قىزغا تۇتۇپ بېرىلگەن ئۆي. (پىچان، ئىلى)

هۇجۇن ئۈن. قورقۇش ياكى سوغۇقتىن شۈركۈنۈشنى بىلدۈرىدىغان سۆز. (نىيە)

هۇررەك 1 ئى. نۇر، نۇرەك. باللار مۇزدا ئوينايدىغان نۇر، پىرقىرىغۇچ. (نىيە)

هۇررەك 2 سۈپ. ئۇششۇق، كۆكەرمە، مۇتتەھەم. م: جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان هۇررەكلەر. (ئىلى)

هۇرۇڭقىماق تاماقتا بىزەپ بولماق. (تۇرپان)

هۇقۇيتماق ۋارقىرىماق، توۋلىماق، چاقىرماق. (خوتەن)

هۆپلىمەك ئىسسىق ئۇرۇپ كەتمەك. م: ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بۇغدايلار هۆپلەپ يېتىپ قالدى. (تۇرپان)

هۆپىگەن ئى. ‹زوئول› چاشقان جىنسىغا كىرىدىغان بىر خىل هايۋان. (خوتەن)

هۆپىلەكتاش ئى. بىر خىل باللار ئويۇنى. «بەش تاش» نىڭ چوڭى. (ئىلى)

هۆجىمەك~نۆجىمەك گۇمۇرۇلمەك. (قۇمۇل)

هۆدەك~هوداق سۈپ. ئۇششۇق، بىشەم، كۆكەرمە، تۆهمەتخور. (كېرىيە، خوتەن)

هۆدەيچى ئى. خەۋەرچى. (قەشقەر)

هۆددەس رەۋ. مۇتلەق، پەقەت، زادى، ئەسلا (نىيە، خوتەن)

هۆسۈت ئى. هەسەت، قىزغىنىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ھۆلتەن~يۆلتەن** ئى. تىرىك جان. (لوپنۇر)

**ھۆندىگە- سۆندىگە بولماسلىق** ھېچنىمىگە دال بولماسلىق. م: ئۇنىڭ ئازغىنە پۇلى ھۆندىگە- سۆندىگە بولماپتۇ. (خوتەن)

**ھۆشكۇش- ھۆشكۇش** ئۇن. موزايىنى چاقىرىش ئۈندىشى. (نىيە)

**ھۆكۈنەك** ئى ھەرە ئۇۋىسى، ھەرە كۆنىكى. (خوتەن)

**ھۆللە** ئى. بىر- بىرىنى تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى. (كېرىيە)

**ھۆللىمەن** سۇپ. مۇتتەھەم، بويۇنتاۋ، گەپ ئاڭلىماس. (نىيە)

**ھۇل** سۇپ. ئىسسىق، تەپت. (قۇمۇل)

**ھېجىپپىندەي** سۇپ. غەلىتە، ئەقىلگە سىغمايدىغان. (نىيە)

**ھېرىقماق** ھارماق، چارچىماق. (قەشقەر، ئاتۇش)

**ھېشىق** ئى. جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۇيۇقلۇق؛ كۆچ: ‹تىل ھا› قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان؛ ھاراملىق. (كېرىيە)

**ھېكىماچ** ئى. ‹دېھ› تاق كالا تارتىدىغان قوش، ساپان. (خوتەن)

**ھېلىلىق** سۇپ. پاسكىنا، كىر. (خوتەن)

**ھېيجېن** ئۇن. «ۋىيەي، قويە سېنى» دېگەندەك يات قىلىقلارنى ئەيىبلەش مەنىسىدىكى ئۈندەش سۆز. م: ھېيجېن، شۇنىڭغىمۇ يىغلامتىكەن! (خوتەن)

**ھىبىز** سۇپ. ھەرگىز، قەتئىي. (پىچان) (بۇ سۆز قەشقەردە «زىبىز» دېيىلىدۇ)

**ھىجارىماق** ھىجايماق.

**ھىجاق** سۆپ. ھىجىيىپ يۈرىدىغان ئادەم.

**ھىرلىڭ** سۆپ. گومۇش، كالۋا، دەلدۈش، ھاڭۋاقتى، پاڭقۇش. (بۇ سۆز «ھېرلىگۈدۈڭ»مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**ھىڭىرمەك** مىشقىرماق. (قۇمۇل)

**ھىلەڭ** رەۋ. دائىم. (خوتەن)

**ھىلپىرلىماق** ئاستا يەلپۈنمەك. م: دېرىزىدە سۈس ھاۋارەڭ پەردە ھىلپىرلاپ تۇراتتى. (خوتەن)

**ھىم** ئى. مەقسەت، مۇددىئا، ئىچ گەپ؛ ئىم، پارول. م: ھىممىنى بىر قىلىپ – گېپىنى بىر قىلىپ. (نىيە، خوتەن)

**ھىمرىق ئاش** ئى. ‹يېم› قولداما. (قۇمۇل)

**ھىمىدۈك~يىمىدۈك** سۆپ. يەپ قاچا بىكار قىلىدىغان. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم. نان قېپى، تەييارتاپ. (قۇمۇل)

**ھىمرلاش** ئى. كىشىلەر بىلەن بولغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق.

**ھىمىق** سۆپ. چىڭ؛ ھىم.

## ئو

**ئوئەش** ئۈن. ئو:ش. سەتلەش ياكى نارازىلىقنى بىلدۈرۈش ئۈندىشى. م: ئو:ئەش ئوغامنى قايناتمىغىنا! (ئىلى)

**ئوبۇشقا** سۆپ. قېرى. (لوپنۇر، خوتەن)

**ئوپقا** ئى. ئەپكەش. (مەكىت)

**ئوپلىماق** ئوتلىماق (چاينى). (قۇمۇل)

**ئوپۆر** سۆپ. ئويمان، ئازگال؛ كۆچ: ئالدام، دام، تۇزاق. م: △ئاقچۇق سېپى ئوپۆركەن، چيەن

دارىن بىر چوقۇركەن: △ئوپۇرغا چۈشۈپ كەتمەك ـ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتمەك. (قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر)

**ئوپۇرماق** تېگىگە يەتمەك، پەملىمەك، بىلمەك. م: ئوقەت قىلساڭ، ئوپۇرۇپ قىل، تومۇرىنى قومۇرۇپ قىل (ماقال). (قەشقەر)

**ئوپۇم** مىق. يۇتۇم، ئوتلام. م: بىر ئوپۇم سۇ. (قۇمۇل)

**ئوتتۇرا كېچە** رەۋ. تۈن كېچە، يېرىم كېچە. م: ماشىنا بىلەن ئوتتۇرا كېچىدە قاغىلىققا كىرىپ كەلدى. (خوتەن)

**ئوتكۆچ قىلماق** ئاشلىماق. (مەكىت)

**ئوتلاپ قاقماق** باخشىلار پېرە ئويۇنىدا پىچاقنى ئوت يېقىپ، يەتتە يەردە ئوك ـ تەتۈر ئايلاندۇرماق. (مەكىت)

**ئوتلاق** ئى. ئوت قالغان ئۆي. (كېرىيە دەريا بويى)

**ئوتلۇق** ئى. تونۇرنىڭ كۈلىنى چىقىرىدىغان تۆشۈك، داپخۇن. (تۇرپان)

**ئوتۇقماق 1** ئوتقا كۆنمەك، سۇتتىن ئايرىلىپ ئوت يەيدىغان بولۇپ قالماق (قوزا ـ ئوغلاقلار). م: قوزا ئوتۇقتى. (ئىلى)

**ئوتۇقماق 2** ئىششىپ قالماق. م: ئۇنىڭ يۈزى ئوتۇقۇپ قاپتۇ. (قۇمۇل، قەشقەر، ئىلى) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئوتقۇماق» دېيىلىدۇ)

**ئوت ئىغىز** سۇپ. ئاغزى ئىتتىك. (قۇمۇل)

**ئوتىچى** ئى. ‹تار س› مال دوختۇرى. (خوتەن)

**ئوچا قىلماق** قوي گۆشىنى پۈتۈن پېتى پىشۇرماق. م: بىر قوينى سويۇپ، قازانغا پۈتۈن ئوچا قىلىپ سېلىپ بوپتۇ. (خوتەن)

**ئوچاقمانتا** ئى. يېزىلاردىكى قازان ئېسىپ قويۇلغان يوغان ئوچاق. م: كۆكۈم كۆيۈپ ئوچاقمانتىغا يامرىماقتا. (ئىلى، كۇچا)

**ئوچۇن قوڭغۇزى** ئى. ‹زوئول› بوڭبوڭ قوڭغۇز. (خوتەن)

**ئوخشۇغۇ** ئى. كىگىزدىن ياكى پاختىدىن ياسالغان كىچىك شارچە بولۇپ، قانغا چىلانغاندىن كېيىن ئۆۋ قۇشلىرىغا بېرىلىدۇ. (گوما)

**ئوخشىۋالماق** قېتىۋالماق، گىدىيىۋالماق. م: بۇ تازا ئوخشىۋاپتۇ. (قۇمۇل)

**ئودوغۇچ** ئى. تۇتۇرۇق ئوتۇن. ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئايرىپ ئېلىنىدىغان ئوت. م: مەشتىن ئودوغۇچ ئال. (لوپنۇر)

**ئورا** ئى. تەسكەي. (قۇمۇل)

**ئورا تۇۋى** سۈپ. ئۇزۇن مۇددەت ساقلانغان ئاشلىق ۋە نانغا كىرىپ قالىدىغان غەلىتە تەم. (كېرىيە)

**ئورام** ئى. ئورما. م: ئورام ۋاقتى.

**ئوران** ئى. لەھەت، گۆر. (خوتەن)

**ئوراي** ئى. باشتىكى چاچنىڭ چۈگىلىمىسى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئورۇغوي» دېيىلىدۇ. م: باشىمى ئورۇغويۇ ئىككى. زىناقمۇ «ئورۇغوي» دېيىلىدۇ)

**ئوردا كۆچ ـ كۆچ** ئى. بىر ئادەم ئوتتۇرىدىكى كامارغا قولىدىكى پاپۇز (ئەگرى ياغاچ) بىلەن جەينى سولايدۇ. باشقىلار قولىدىكى پاپۇز بىلەن جەينى توسىدۇ. (بۇ ئويۇن «پاپۇز» مۇ دېيىلىدۇ) (مەكىت يانتاق)

**ئوردۇ** ئى. چاشقان ۋە كۇسۇتكىگە ئوخشاش يەر ئاستىدا ياشايدىغان هايۋانلارنىڭ ئۇۋىسى.

**ئورلاڭ** سوپ. بېقىندى، باغلاندى، قورچاق؛ چوڭ پادىشاھلارغا قارايدىغان كىچىك خان ـ بەگلەر. م: ئورلاڭ بېگى ــ بېقىندى بەگ. (ئىلى)

**ئورۇلۇق** ئى. خامپا.

**ئورۇنجى** ئى. پايتىما. (لوپنۇر، كېرىيە، نىيە)

**ئوردىماق** چوڭقۇرلاپ كەتمەك، ئولتۇرۇشۇپ ئورىدەك بولۇپ كەتمەك، چوڭقۇرلىماق.

**ئوش ـ كە** ئۇن. قوش ھەيدىگەندە كالىنى تاپقا كەلتۈرۈش ئۈندىشى.

**ئوش ـ ئوش** ئۇن. كالىنى توختىتىش ياكى تۇرغۇزۇش ئۈندىشى. (قەشقەر تاشمىلىق)

**ئوشۇتماق** يارىلاندۇرماق. م: قالغاچنى ئوشۇتۇپ قويدى ــ قارلىغاچنى يارىلاندۇرۇپ قويدى. (كېرىيە قارلۇق، تۇرپان)

**ئوشۇقچىلىق قىلماق** ھەددىدىن ئاشماق، زورلۇق قىلماق. م: ھەددىدىن ئېشىپ ساقچىلارغىمۇ ئوشۇقچىلىق قىلدى. (قەشقەر)

**ئوشۇقماق** ئالدىرىماق، ئەمتىرىمەك، ھولۇقماق، چۆچىمەك، جىددىيلەشمەك. م: ئوشۇقماي گەپ قىل. (قەشقەر)

**ئوغچا** ئى. باسماق، تۇزاق. (خوتەن)

**ئوغۇ** ئى. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ھاۋانچا.

**ئوغۇتماق** قوسماق، ياندۇرماق، ھۆ قىلماق. م: بىرزى قاتۇن ئوغۇتۇپتا تۇرادۇ ــ بىرنىڭ خوتۇن ھۆ قىلىپلا تۇرىدۇ. (لوپنۇر) (بۇ سۆز قومۇلدا «ئوغۇماق» دېيىلىدۇ)

**ئوغۇز سېرىق** ئى. (بوت) بىر خىل ئوت. تۆگە يېمەيدۇ. (نىيە)

**ئوغۇلجىماق** تەزىم قىلماق، ھۆرمەت قىلماق. (خوتەن)

**ئوغىيامان** سۈپ. ئاچچىقى يامان، زەھەر خالتىسى. (قۇمۇل)

**ئوق 1** ئى. (بىن) كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكىنى تىرەپ تۇرىدىغان قوۋۇرغا ياغاچ. (قۇمۇل) (بۇ سۆز خوتەندە «ئۇغ» دېيىلىدۇ)

**ئوق 2** مىق. ھەسسە، ئۈلۈش. (قۇمۇل)

**ئوقتارغا** سۈپ. ئويمان ـ دۆڭ يەر. (قۇمۇل)

**ئوقتاش** ئى. قىزلارنىڭ تاش ئويۇنى. (قۇمۇل، تۇرپان)

**ئوق شاخ** ئى. (بوت) قوغۇننىڭ دەسلەپ ئۆسۈپ چىققان غول شېخى. (كېرىيە)

**ئوقۇ:غا** ئى. قوتازنى چاتىدىغان چاتقۇ. (خوتەن)

**ئوقۇرۇق 1** ئى. مېۋە قاقىدىغان تاياق. (قۇمۇل)

**ئوقۇرۇق 2** ئى. ئات تۇتىدىغان سالما. م: كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم، سۇرۇلدى قاچتى. يېنى يوق قوڭغۇز مېنىپ قوغلىۋىدىم، بەش داۋان ئاشتى. (ئىلى)

**ئوقۇرى ئېگىز** سۈپ. (ئىد) نەزىرى ئېگىز. م: ئېگىز ئوقۇردا بوغۇز يەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم، ئۇنداق ـ مۇنداقنى ياراتمايدۇ. (خوتەن، ئىلى)

**ئوقۇمباشى** ئى. (تار س) باش ئۆلىما، چوڭ ئۆلىما. (لوپنۇر)

**ئوڭ پۆت** ئى. ئوڭ تەرەپ، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن مورا ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپى، تۆر تەرەپ. (نىيە، خوتەن)

**ئوڭدۇرماسلىق** ئىلگىرى كەلتۈرمەسلىك، ئالغا باستۇرماسلىق، باشقىلارنىڭ ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلماق. (ئىلى)

**ئوڭ سېپى** سۈپ. لايىقىدا، ئۆز ئورنىدا. م: ئۇنى ئوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىپىدا ئىشلەت. (قەشقەر)

**ئوڭغاق** ئى. ‹بوت› بىر خىل ئوت، ئۆسۈملۈك. (ئىلى)

**ئوڭغايماق** ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتمەك، رەڭگى ئۆچۈپ كەتمەك، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتمەك. (بەزى يەردە «ئىڭگەيمەك» مۇ دېيىلىدۇ. م: ئاغرىپ ئىڭگىيىپلا قاپتۇ) (ئىلى)

**ئوڭغۇل** ئى. پالتا، كەتمەن قاتارلىقلارنىڭ ساپ ئورنىتىدىغان ئورنى. (قۇمۇل)

**ئوڭقاي** سۈپ. ئوڭ تەرەپ، ئوڭچە ئىش قىلغۇچى ئادەم. م: ئازابىم يەتتىمۇ خۇدايىم بۇگۈنزە پىشتكە ئوڭقىيىنى بەردى. (مەكىت)

**ئوڭماس** سۈپ. ئىلگىرى كەلمەس، ئىشى ئوڭغا تارتماس، تەلەيسىز، پالاكەت بېسىش. م: ئەتىگەن ئوڭمىغان كەچكىچە ئوڭماس. (ماقال) (قەشقەر، ئىلى)

**ئولاڭ** ئى. چىغنىڭ تۈپ تەرىپىدىكى ئاقلىقېتىلىدىغان يوپۇرماقلىرى. (كۇچا)

**ئولان** سۈپ. يالغۇز، يەككە، غېرىب، بىچارە؛ ئەركىن، ئىختىيارىي. م: كۆلەڭگەم تامدىن ئېشىپ، يەردە تۇرۇرنى بىلمىدىم. بۇ مېنىڭ ئولان بېشىم، مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم. (قۇمۇل)

**ئولپان** ئى. كاك توپىسى، كونا توپا. (قەشقەر)

**ئولتۇرۇشماق** ئى. ئولتۇرۇش، زىياپەت، چاي. (كېرىيە)

**ئولتۇرۇم** ئى. ‹تېب› پالەچ. (مەكىت)

**ئولغوق** ئى. ‹زوئول› ئوغلاق. (لوپنۇر)

**ئولغۇر سالماق** تەتۈر باغلىماق. م: چانىنىڭ ئوق ياغىچىغا ئولغۇر سالدى. (ئىلى)

**ئۇلغۇما** ئى. بۇرما، بۇرىغۇچ. م: ئۇلغۇما مىخ. (خوتەن)

**ئۇلغۇن** ئى. ئوغلان. م: ئاتتار قارىسا، قۇلۇللار ئويۇنچۇق، ئادەم قارىسا، ئۇلغۇنلار ئويۇنچۇق. (لوپنۇر)

**ئۇلغىماچ** ئى. باغلانغان ئارغامچا ياكى سىمنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئارىسىغا قىستۇرۇپ تولغايدىغان كالتەك م: خەپ، ياقۇپقا بىر ئۇلغىماچ سالمىسام. (خوتەن، قەشقەر) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئۇلغام» دېيىلىدۇ)

**ئۇلكۈا** ئال. ھەممە، جىمى. (كېرىيە)

**ئۇللالەم** يۇك. ئېھتىمال، بەلكىم. (كېرىيە)

**ئۇلۇماق** تولغىماق، ھىمىرمەك، بارماق بىلەن چىمدىماق. م: يانا شۇنداق دەيدىغان بولساڭ، تىلىڭنى ئۇلۇۋېتىمەن. (ئىلى)

**ئومبا ـ دومبا** سۇپ. ئالدىراپ ـ تېنەپ. (قەشقەر)

**ئوناق** ئى. پەرەز، مۆلچەر، قىياس. م: ئوناق ئوناققا كەلمىدى، يەر قوناققا كەلمىدى. (ماقال) (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئونۇق» دېيىلىدۇ، بۇ ماقالمۇ «ئونۇق ئونۇققا كەلمەدى، ئارقاداقى يەر قونۇققا كەلمەدى» دېيىلىدۇ)

**ئونوماق** ئاتىماق؛ ئەسلىمەك، ئويلىماق، سېغىنماق. م:△بۇنى ساڭا ئونوپ قويغون. ــ بۇنى ساڭا ئاتاپ قويغان؛△سېنى ئونوپ (سېغىنىپ) كەلدىم. (لوپنۇر)

**ئونون** قوش. «پاھ، ۋاي» مەنىسىدىكى ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە. (خوتەن)

**ئوۋا** ئى. چېچەك، قاپارتما. (لوپنۇر)

**ئوۋاڭ ـ دوۋاڭ** سوپ. ئېگىز ـ پەس، مالىماتاڭ. (قۇمۇل)

**ئوي 1** سوپ. چوڭقۇر. م: پۇلنى يانچۇقۇڭغا ئوي سال. (كېرىيە)

**ئوي 2** ئى. ‹بوت› ئازغانغا ئوخشايدىغان ئوت. (خوتەن)

**ئويلاتماق** قاچۇرماق، قوغلىماق. م: تۆمۈر خەلپە قوزغالدى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك، چيەن دارىننى ئويلاتتى جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك. (قومۇل)

**ئويلۇق سۆڭەك** ئى. ‹ئانات› بىلەك سۆڭىكىنىڭ يوغان يېرى.

**ئويلىماق** قاچماق. (قۇمۇل)

**ئويمائەن** ئى. قوينىڭ قۇلىقىنى ياي شەكلىدە ئويۇپ چىقىرىلىدىغان ئەن. (نىيە)

**ئويمات** ئى. ئون مودىن تارتىپ يۈز موغىچە كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر، تېرىلغۇ مەيدانى؛ ئوي، ئويمان، ئويمانلىق. (شايار، تورپان) (بۇ سۆز ئىلىدا «ئويپات»، كېرىيىدە «ئويداڭ» دېيىلىدۇ)

**ئويماتلاشماق** بۆلەك ـ بۆلەك تېرىلغۇ يەرلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ بىرلەشتۇرۇلمەك، كۆلىمى چوڭايتىلماق، مەيدانلاشتۇرۇلماق. (شايار، تورپان)

**ئويۇق** ئى. كەشتە نۇسخىسى، ئەندىزە. (قومۇل، تورپان)

## ئۈ

**ئۈپ** ئى. يازنىڭ قىزىق ئاپتىپى، تىنجىقى. م: ئۈپ ئۆتۈپ قالماق. (خوتەن) (بۇ سۆز تورپاندا «هۆپ» دېيىلىدۇ. م: بۇغدايلار هۆپلەپ يېتىپ قاپتۇ.)

**ئۇپراقچىلىق** سۆپ. ئاۋارىچىلىق. (قۇمۇل)

**ئۇتتۇر مىجەز** سۆپ. كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايدىغان ئادەم، ھېيلىسى يوق، تۈز، ئۇدۇل ئادەم. (تۇرپان)

**ئۇجاي** ئى. جەمەت، ئەۋلاد. م: چىرايىغا قارىلاڭلار چوڭ خەقتەرنى (خەقلەرنىڭ) ئۇجايى (ئەۋلادى) (لوپنۇر) (بۇ سۆز قۇمۇل، پىچاندا «ئۇجۇت» دېيىلىدۇ)

**ئۇجۇز** سۆپ. ئاجىز، خار، پەس، ئەرزان. (قۇمۇل)

**ئۇجۇزلىماق** خارلىماق، پەس كۆرمەك. (قۇمۇل)

**ئۇجۇل** ئى. يىپكەن پۆپىكىنىڭ يىپكى چىپغى، ئۇنىغا ئوخشايدىغان يىپكىلى بولىدىغان نەرسە. م: تۇمەنجان ئاشىغىڭ تولو، ئۇجۇل بۇراپ چىقتى سويو. (لوپنۇر)

**ئۇچقات** ئى. ‹بوت› پاكار قارا قارىغاي. (ئىلى)

**ئۇچقۇرۇل** ئى. سىرتتىن باستۇرۇپ كەلگەن ياۋنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئوت يېقىپ خەۋەر بېرىدىغان، شەھەرنىڭ ئەڭ سىرتىغا سېلىنغان قوغدىنىش تۇراسى (قورغىنى). (قۇمۇل)

**ئۇچلايماق** گەۋدىلەنمەك، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق، چوقچىيىپ چىقماق.

**ئۇچلۇق باش** سۆپ. باشقىلارنىڭ سىپىگە، ئارىسىغا سىغدىلىپ، شۇڭغۇپ، يوشۇرۇنچە كىرىۋالىدىغان ئادەم.

**ئۇچلىماق** ئۇزارتماق، ئۇچ چىقارماق؛ تاسقىماق. م: △ چاپاننىڭ يېڭىنى ئۇچلىماق (ئۇزارتماق)؛ △ ئۇننى ئۇچلا — ئۇننى تاسقا. (قۇمۇل، قەشقەر)

**ئۇچما** سۆپ. تىك، ئۇچما چوققا. (قەشقەر، ئىلى)

**ئۇچماق** ئى. جەننەت، بېھىش. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**ئۇچما ئۇچ** ئى. باراۋەر، تەڭ، دەلمۇ دەل، ئۇدۇل؛ بولۇڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇچقاق، ھەر جاي. (ئىلى)

**ئۇچۇرما** ئى. چوڭقۇر، تىك. (تۇرپان)

**ئۇچۇرما نان** ئى. تونۇرنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ياققان نان. (قەشقەر)

**ئۇچئۇن** ئى. بىرىنجى دەرىجىلىك ئۇن. (قومۇل)

**ئۇچۇنما** ئى. ‹تېب› ئاغرىق، كېسەل. م: ئۇچۇنمام قوزغىلىپ قالدى. (تۇرپان)

**ئۇچۇنماق** شامال تەگمەك، شامال دارىماق. م: ئۇچۇنۇپ قالدىم. (تۇرپان)

**ئۇدۇسقىماق** چۇشەكىمەك. بوۋاقلارنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈشى ياكى يىغلىشى. (قومۇل، تۇرپان)

**ئۇرۇچ** ئى. ئۇچ.

**ئۇرۇڭقاي** سۈپ. ياسانچۇق، مەشچان. (ئىلى)

**ئۇرۇۋالماق** ئۆكتۈرۈلمەك. م: كەمە (كېمە) ئۇرۇۋالىپ (ئۆكتۈرۈلۈپ) كەتتى. (لوپنۇر)

**ئۇرۇۋال يەر** ئى. دەم ئالدۇرۇپ ياكى نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تېرىلىدىغان يەر. (قومۇل)

**ئۇزۇت** سۈپ. ئۇزۇن. م: ئۇزۇتىسىغا — ئۇزۇنىسىغا. (تۇرپان)

**ئۇستۇرا** ئى. گىلەمنىڭ تىۋىتىنى كېسىدىغان مەخسۇس پىچاق. (كېرىيە)

**ئۇسقاق** ئى. چۆمۈچ، ساپلىق. (لوپنۇر)

**ئۇش** سۈپ. ئاتاقلىق، داڭلىق. (قومۇل)

**ئۇششاختىق** ئى. سەيلىك، كۆكتاتلىق. (لوپنۇر)

**ئۇششاق** - چىپەسۈپ. ئۇششاق - چۇششەك، ئۇششاق باللار: بىر خىل باللار ئويۇنى. (خوتەن، كېرىيە)

**ئۇشلىماق** تۇتماق. م: ئۇشلىماڭ بىلەكىمنى، كۆيدۇرمەڭ يۈرەكىمنى. (ئىلى، قەشقەر، خوتەن،

كۆچا)

**ئۇغۇنۇتتە** رەۋ. ئۇ يەردە. (قۇمۇل)

**ئۇقاي** ئى. ‹زوئول› بىلىق يەيدىغان قۇش. (لوپنۇر)

**ئۇقىلىماق** ئۇۋۇلىماق، بەدەننى مۇجۇپ قويماق، تۇتۇپ قويماق. (ئىلى)

**ئۇگىلانچۇق** ئى. ‹تېب› كىشىلەرنىڭ قول ـ پۇت ئالىقىنىغا سۇركەيدىغان بىر خىل دورا. (نىيە)

**ئۇگىلانماق** ئىچ ئاغرىتماق، ئىچى سىيرىلماق. م: پۇلنى يىتتۇرۇپ قويۇپ، ئۇگىلىنىپ كەتتىم. (تۇرپان)

**ئۇگىلىماق** ئازراق سۇ قۇيۇلغان كاتەكچە تاشقا بەزى قاتتىق دورىلارنى سۇرۇپ، دورا ئارىلاشقان سۇنى بىمارنىڭ چىكە ۋە ئاغرىق جايلىرىغا چاپماق.

**ئۇلان** ئى. ‹زوئول› ئۇلار، تاغ توخۇسى. (قۇمۇل)

**ئۇلاي** ئى. بۇس، پار، هور. م: قايناققى ئۇلايى ـ قايناق سۇنىڭ هورى. (لوپنۇر)

**ئۇلتاڭ** ئى. يۇندا؛ كىرەكسىز، ئېتىبارسىز. (نىيە)

**ئۇلتاماق** رىمونت قىلماق. (پىچان لۈكچۈن) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئۇلتامىلىماق» دېيىلىدۇ. م: ئۆتۈك ئۇلتامىلىدىم)

**ئۇلداق** سۇپ. تاقىسىز (ئات). (خوتەن)

**ئۇللىماق** چىگىتماق (تامنىڭ ئۇلىنى)؛ ئوغۇتلىماق. م: قوناقنى ئۇللىماق ـ قوناقنى ئوغۇتلىماق. (قەشقەر)

**ئۇلۇغ بەھەك** ئى. پىلە قۇرتىنىڭ تۆتىنجى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى. (خوتەن)

**ئۇلۇغ بېشى** ئى. ‹دېھ› ھەر بىر تۇپ تەك ئارىلىقىدىكى ئېرىقنىڭ يان باغرى. (تۇرپان)

**ئۇماچلىماق** ئىلەشتۇرمەك، ئارىلاشتۇرماق (نىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئۇماي** ئى. ‹ئانات› ئەش، ھەمراھ: ئوغۇل بالىنىڭ ئۇرۇقدىنى. (قۇمۇل، خوتەن)

**ئۇمتاق** ئى. چايغا چىلاپ يۇمشىتىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نان. (تۇرپان)

**ئۇنتۇق** سۈپ. ئۇۋاق، تالقان، پاراشۇك. م: ئۇنتۇق سوپۇن. (قۇمۇل)

**ئۇۋا 1** ئى. يول بەلگىسى. (پىچان)

**ئۇۋا 2~ ئۇبا** ئى. ‹تىب› ۋابا: چېچەك (كېسەل): ئاپەت، بالا قازا. م: چارخلىغ ئىچىگە ئۇۋا كىرىپ كىتەدۇ ئىكەن ـ چارقىلىق ئىچىگە چېچەك كىرىدىكەن (تارقىلىدىكەن). (لوپنۇر، نىيە)

**ئۇۋا 3** ئى. ‹دېھ› قوغۇن مايىسىسى ئۆسۈپ چىقىدىغان جاي. (كېرىيە)

**ئۇۋا تەگكۈر** ئى. ‹تىل ھا› ئۆلگۈر، بالا تەگكۈر. بىراۋنى قارغىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ھاقارەت سۆزى. (نىيە)

**ئۇۋا تەگمەك** ئاپەت تەگمەك، بالا ـ قازا تەگمەك. (نىيە)

**ئۇۋەت** ئى. ئۇيات، نومۇس، ھايا.

**ئۇيا** ئى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار. (قۇمۇل)

**ئۇيخا** سۈپ. مەنە، تايىن. م: ئۇيخاسى يوق يەر ـ تايىنى يوق يەر. (قۇمۇل)

**ئۇيخاسىز** سۈپ. ئەھمىيەتسىز، تايىنى يوق، مەززىسىز. (قۇمۇل)

**ئۇيقا ـ تۇيقا** سۈپ. ۋەيران، خاراب. م: بوران كۆكتاتلارنى ئۇيقا ـ تۇيقا قىلىۋەتتى. (خوتەن) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «ئۇيۇق ـ تۇيۇق» دېيىلىدۇ)

**ئۇيقاش** سۈپ. مۇۋاپىق، ئۇيغۇن، ماس. م: شائىر

ئاھـــاڭدارلىقنىڭ ئوغلانـــى، ئۇيغـــۇن ـ ئويقاشلىقنىڭ ئۇستىسى. (قۇمۇل)

**ئۇيقاشماق** ماسلاشماق، قاملاشماق، قاپىيە كەلمەك. م: ئۇيقاشمىغان گەپلەر. (قۇمۇل)

**ئۇيقىلىماق** بەدەننى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويماق. ئۇۋۇلىماق.

**ئۇيۇتقا** ئى. ئۇيۇتقان نەرسە، ھۆججەيرە، كىلىپتكا. (قۇمۇل)

**ئۇيۇلغۇ** ئى. ھايۋانلارنى باغلايدىغان باغلاق (جىگدە، يۇلغۇنلارنىڭ شاخلىرىغا باغلايدۇ). م: ئۇيۇلغۇڭغۇ چىڭ باغلا، مەن چۇرۇلۇپ ئوتتويمەن. جانىممى قولغا ئالدىم، مەن ھەچكىمدىن قورقمايدىمەن. (لوپنۇر)

**ئۇيۇم** ئى. جامائەت. (لوپنۇر)

# ئۆ

**ئۆپكە ـ باغرىنى قاقماق** ‹ئىد› كۆيۈنمەك، مېھرىبانلىق قىلماق. (ئىلى)

**ئۆپكە ـ شالاق** ئى. ئۆپكە ـ ھېسىپ. (كېرىيە)

**ئۆپكە قاقماق** ئاچچىق قىلماق، تېرىكمەك نارازىلىق بىلدۈرمەك.

**ئۆپلەن** ئى. ‹زوئول› چاشقان تىپىدىكى بىر خىل جانىۋار. (خوتەن)

**ئۆپۈپ ـ تېتىماق** تاماققا كۆڭۈلشىمەيلا، ئېغىز تېگىمەك قويماق. (قەشقەر)

**ئۆپۈم** مىق. يۇتۇم، ئوتلام. م: بىر ئۆپۈم چاي. (قۇمۇل)

**ئۆتەگ** ئى. ‹تېب› ئىچ ئۆتۈش كېسىلى. (خوتەن)

**ئۆتكۈن** سۈپ. ئۆتكۈر. م: ئۆتكۈن پىچاق ـ ئۆتكۈر

www.uyghurkitap.com

پىچاق. (خوتەن)

**ئۆتنە ـ ياغام** ئى. ئۆتنە ـ يېرىم.

**ئۆتۆشمە قۇدا** ئى. قايچا قۇدا.

**ئۆتۈك** ئى. كىچىك، دەريانىڭ كىچىكى، دەريانىڭ ئۆتىدىغان يېرى.

**ئۆتۈك مەسە** ئى. پاشنىسى بار مەسە. (پىچان)

**ئۆتىنە** ئى. ھايۋانلارنىڭ بالا ھەمراھى، ئىشى. (شايار)

**ئۆدەك** ئى. ۋاپا، مېھىر، كۆيۈم. (قۇمۇل)

**ئۆدەكلىك** سۈپ. ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق. (قۇمۇل)

**ئۆدۈگەن** ئى. 〈زوئول〉 ئاغىمخان. (لوپنۇر)

**ئۆدى** ئى. تاغنىڭ تىكرەك كەلگەن جايى. (قۇمۇل)

**ئۆدىمەك** ئاتنىڭ بىر ئالدى، بىر كەينى پۇتىنى قوشۇپ باغلىماق. (قۇمۇل)

**ئۆرە 1** ئى. يۇقىرى، ئېگىز. (كېرىيە)

**ئۆرە 2** يۆلەك. خۇددى، بەئەينى. م: بۇ بالا ئۆرە دادىسىغا ئوخشايدىكەن. (قۇمۇل)

**ئۆرەستە** سۈپ. بىسەرەمجان، قالايمىقان. م: نېمە ئانداق ئۆرەستە ئادەمسەن؟ (كۇچا)

**ئۆرەسكەل** سۈپ. ئاجايىپ، غەلىتە، قاملاشمىغان، ئەپلەشمىگەن. م: ئۆرەسكەل ئادەم ــ غەلىتە ئادەم. (قۇمۇل)

**ئۆركىمەك** كۆكرەكنى كۆكرەككە ياكى باشقا نەرسىگە ياقىماق، سۈركىمەك. (قۇمۇل)

**ئۆرگۈتكۈ** ئى. نەسىھەت. م: باش ئۆرگۈتكۈمنى قىلدى ــ ئاساسلىق نەسىھەتىمنى ئورۇندىدى. (لوپنۇر)

**ئۆرگىلىۋاي** ئى. دوقمۇش، ئايلانما. (مارالۋېشى چارباغ)

**ئۆرلەت مانتا** ئى. 〈يېمەك〉 بولاق مانتا. (مەكىت) (بۇ سۆز نىيىدە «ئۆرلەگ مانتا» دېيىلىدۇ)

**ئۆرلىمەك** قورساق تويماق. م: قورسىقىم ئۆرلەپ كەتتى.

**ئۆرمەك** ئى. قىل تاغار. (قۇمۇل)

**ئۆرمەك چىۋىن** ئى. ‹زوئول› ئۆمۈچۈك. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئۆرمۆگۆچۆ» دېيىلىدۇ)

**ئۆرۈش** ئى. توقۇلمىلارنىڭ ئۆرۈش يىپى. (خوتەن)

**ئۆرۈكسۆيمەك** پاخپايماق. م: چاشتارىڭ (چاچلىرىڭ) ئۆرۆكسۆيلۆنۈپ (پاخپىيىپ) كەتىپتۇ. (لوپنۇر)

**ئۆرۈمە** ئى. مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدىغان پۇل ياكى نەرسە (بەزى يەرلەردە «ئۆرۈم» دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**ئۆرىدىمەك** ئۆرىدىمەك، چارۋىلار بېشى تۆۋەن، تۆت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قالماق. (ئىلى، نىيە، تۇرپان)

**ئۆرىلەشمەك** ھەپىلەشمەك، شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق. (ئىلى)

**ئۆزە** ئى. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كەڭ يول. (خوتەن)

**ئۆزەك** ئى. يادرو، مېغىز، يۈرەك. م: ئۆزەكتىن چىققان ئوي يامان، ئۆزدىن چىققان يات يامان. (ماقال)

**ئۆزگەن** ئى. ئاق ئۇۋاق كۆتىكى، ئۆزەك، تومۇر. (قۇمۇل)

**ئۆزگۆ** ئى. ئۆگزە. (لوپنۇر)

**ئۆزىگە كەلمەك** ھوشىغا كەلمەك. م: ئۇ ئاران ئۆزىگە (ھوشىغا) كەلدى. (تۇرپان)

**ئۆسۈمتە** ئى. دەرەخلەردە پوقاقتەك چىقىپ قالىدىغان مۇدۇرچەك (كېسەللەك).

**ئۆش** ئۈن. كالىنى جىم تۇرغۇزۇش ئۈندىشى؛ ئۈنلۈك تۇۋلاپ دېيىلگەندە كالىنى بىر ياققا قوغلاش ئۈندىشى. (نىيە)

www.uyghurkitap.com

**ئۆشەمەك** قاپقىنى تۈرمەك، دومسايماق، ئاچچىقلانماق. (نىيە)

**ئۆشۈقۇت** ئى. 〈زوئول〉 مەدەە قۇرت. م: ئۆشۈقۇت تۆشۈرمەك ـ مەدەە قۇرت چۈشۈرمەك. (لوپنۇر)

**ئۆشۆكئۇت~ئۆشەكئۇت** ئى. 〈بوت〉 بىر خىل جانسىز ئوت. چارۋىلار دەسسەپ يەپ، ئەسلى ھالىتى يوقىتىلغان، چەيلىنىپ كەتكەن ئوتلار. م: ئاتنى ئۆشەڭگە باغلاپ قوي. (لوپنۇر)

**ئۆكەركە** سۈپ. چىرايلىق، ئوماق. م: ئۆكەركە چوڭ ۋو(لۇ)پتۇ ــ ئوماق چوڭ بولۇپتۇ. (قۇمۇل)

**ئۆكسۈك** سۈپ. كەم، ئاز. م: يار ئۆكسۈكى ياردىن، يارى بولمىسا قايدىن. (پىچان، قۇمۇل)

**ئۆكسۈكلۈك** ئى. كەمنى تولدۇرىدىغان بۆلەك ياكى نەرسە. (پىچان)

**ئۆكسۈمەك** كەملىك قىلماق، يەتمەي قالماق. (قۇمۇل، تۇرپان، پىچان)

**ئۆكمۆ** ئى. 〈ئانات〉 ئۆپكە. (لوپنۇر)

**ئۆكۆ** ئى. سىڭىل. (لوپنۇر)

**ئۆكرەڭ** سۈپ. ئاتنىڭ چوڭ ـ چوڭ سەكرەپ مېڭىشى. م: دادىسى ئاق بوز ئاتنى ئۆكرەڭ تاشلىتىپ شەھەرگە كېتىپ باراتتى. (ئىلى)

**ئۆگەن ـ سۆگەن** سۈپ. ئەيىب، نۇقسان، كەمچىلىك. (قۇمۇل)

**ئۆگەي ـ چاقاي بولماق** ئۆگەيلەنمەك، يەكلىنىپ قالماق. م: بالا ئۆگەي ـ چاقاي بولۇپ قالغان بولسىزە؟ (قەشقەر)

**ئۆگسۈز** سۈپ. يېتىم، ئاتا ـ ئانىسى يوق؛ تەمتىرەپ قالغان ئادەم. (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئۆكسۈز»مۇ دېيىلىدۇ)

**ئۆڭەر** ئى. پەش، چاپاننىڭ پېشى. م: △تاش ئۆڭەر — تاش پەش: △ئىچ ئۆڭەر — ئىچ پەش. (بۇ سۆز «ئۆڭۈر»مۇ دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**ئۆڭكەيمەك** ئېڭىشمەك. (قۇمۇل)

**ئۆڭكۈرمەك** دۇم قىلىپ ئارتماق. م: ھەر بىرسىنى ئۆز ئېتىغا ئۆڭكۈردى. (ئىلى)

**ئۆڭگە** سۈپ. غەيرىي، غەلىتە، باشقىچىلا. م: خېنىم چىرايىڭىز ئۆڭگە، كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە. كىشى سۆز بەرسە بەرگەندۇ، يامانلىق ئەيلىمەك بىزگە. (ئاقسۇ) (بۇ سۆز كەلپىندە «ئۆگسە»، كۇچادا «ئۆڭگۈل~ئۆڭگىلاڭ» دېيىلىدۇ)

**ئۆڭگەر** ئى. ‹ئانات› كۆكرەكنىڭ ئىچكى قىسمى. (قۇمۇل) (بۇ سۆز قەشقەردە «ئۆڭگەرچەك» دېيىلىدۇ)

**ئۆڭگۈل** سۈپ. غەلىتە، بىر قىسما، بىر قانداق.

**ئۆڭ ئۆي** ئى. تاغنىڭ قىياسىدا ئۆڭتۈرۈلۈشتىن پەيدا بولغان ئۆڭكۈرسىمان ئۇيمان جاي.

**ئۆڭۈر** ئى. ‹ئانات› بۇغدىيەك. (قۇمۇل)

**ئۆلەڭ** ئى. زەي ئۆرلەيدىغان يەر. (پىچان)

**ئۆلەگ** ئى. ‹بوت› كېۋەزنىڭ ئورۇقى (چىگىت).

**ئۆلەگلىمەك** يۆتكىمەك، تېرىماق.

**ئۆلەن** ئى. خۇش پۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، يېگىلى بولىدۇ.

**ئۆلتەش قىلماق** بىر ئېقىننى بىرلىك قىلىپ ئىككى قىرغاقتىكىلەر ئۆزئارا بىر نەرسە ئەۋەتىپ سوۋغا قىلماق. م: مەتتۇرسۇن ماڭا بىر قوي ئۆلتەش قىپتۇ. (كېرىيە)

**ئۆلچۈك** ئى. ئۆلگۈچە، ئىلگۈنچەك. م: چاسا ئۆلچۈك

يۇمىلاق مۇجۇققا چۈشمەس (ماقال). (قەشقەر)

**ئۆمە ـ دۆمە** سۈپ. ئاددىيلا. چالا ـ بۇلا. م: ئۆمە ـ دۆمە ئارام ئېلىۋالساملا بولىدۇ. (قەشقەر)

**ئۆمچىكلىمەك** ئۆمەللىمەك. ئاغزىنى مىدىرلىتىپ گەپ قىلىشقا تەمشەلمەك.

**ئۆمسۈرۈن** سۈپ. پاراكەندە، چىرايى تاتارغان، باشقىچە ھالەت. م: ئۇنىڭ چىرايى ئۆمسۈرۈن تۇرىدۇ. (تۇرپان، ئىلى، خوتەن، مەكىت) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئەمسۈرۈن» دېيىلىدۇ)

**ئۆمكەن** ئى. ‹ئانات› چوڭ ماللارنىڭ كۆكرىكى. (قۇمۇل)

**ئۆمگەك** ئى. ‹ئانات› لوققا. لىپىلداق، كىچىك بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان يېرى.

**ئۆمگەن** ئى. ‹ئانات› گۆرەن تومۇر.

**ئۆملاقمان 1** رەۋ. ئىزچىل، دائىم، ھەمىشە، قاچانلا قارىسا: ئالدىراشلىق، تېنەشلەك. م: △ ئانام ئۆملاقمان ئېتىزدا ئىشلەيتۇ، دادام تالادا ئويناپتۇ — ئانام دائىم ئېتىزدا ئىشلەيدۇ، دادام تالادا ئوينايدۇ؛ △ ئۆملاقمان ئادەم — ئالدىراش ئادەم. (نىيە، كېرىيە، خوتەن)

**ئۆملاقمان 2** سۈپ. مالىمان، قالايمىقان. (تۇرپان)

**ئۆنجىمەس** سۈپ. سىجىل، كۈن ئاتلىماي، ئۇدا. م: ئۆنجىمەس توخۇ — كۈن ئاتلىماي تۇغىدىغان توخۇ. (قۇمۇل)

**ئۆنجىمەك** كۈن ئاتلىماق. (قۇمۇل)

**ئۆنچۈك** ئى. ‹بىن› ئالچۇق، كەپە. (قۇمۇل)

**ئۆندە** سۈپ. يامان، قالتىس. كارامەت م: ئۆندە گاداي — يامان نېمە. (خوتەن) (بۇ سۆز قۇمۇلدا

«ئەندۇ» دېيىلىدۇ)

**ئۆندۈلۈك** ئى. خاتالىق، سەۋەنلىك. (لوپنۇر)

**ئۆۋەر** رەۋ. كۈنگەي. (قۇمۇل)

**ئۆۋەكتە ياتماق** ئى. ئېغىر ئاغرىق ئادەمنىڭ ئاۋايلاپ سەگۈنچۈكتەك نەرسىگە سېلىپ ياتقۇزۇلۇشى. م: ئۇ بىھوش، ھېچنېمىنى ئۇقماي ئۆۋەكتە ياتىدۇ. (ئىلى) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئۆۋۈك» دېيىلىپ، «يۆلەنچۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. م: ئارقامغا بولغۇن ئۆۋۈك.)

**ئۆيە** ئى. مەڭگەن، بۇغداي پاخلى. (لوپنۇر)

**ئۆي - ئەملاخ** ئى. ئۆي - سەرەمجان. م: ئۆي - ئەملاختارىنى ئۇلاختارىغا ئارتىپ ماڭادىكەن. (لوپنۇر)

**ئۆي تۆشۈكى** ئى. ئۆي ئىشلىرى، قازان بېشى ئىشلىرى. (قەشقەر)

**ئۆيسەن** ئى. ئۆي سايان، ئۆي تەرەپ. م: ئۆيسەن كىرىلى — ئۆيگە كىرەيلى. (كۇچا)

**ئۆي - كېچە** ئى. ئۆي - ۋاق. (لوپنۇر)

**ئۆيگە ياندۇرماق** ئى. چىللاق قىلماق. (شايار)

**ئۆيلەڭ** ئى. سازلىق، چىملىق، چىمەن، ئوتلاق. («ئۆرلەڭ» مۇ دېيىلىدۇ). (قۇمۇل)

**ئۆيلەڭ چېچىكى** ئى. ‹بوت› چىملىقتا ئۆسىدىغان سېرىق گۈل. (قۇمۇل)

**ئۆيلەن** ئى. ‹زوئول› چاشقان تىپىدىكى بىر خىل كىچىك جانىۋار. (خوتەن)

**ئۆيمەك** بىئارام بولماق، باشقىچە بولماق، ئەنسىرىمەك، خاتىرجەم بولالماسلىق؛ تۆيماق. م: △ئۇلار كۆڭلى ئۆيگەن ھالدا بىر - بىرىگە قاراشتى؛ △ھەمشىرىك بولسام غېمىڭگە دىلدىن

ئۆيمەيسەن دېدىك. (قەشقەر، خوتەن، نىيە)

**ئۆيۈك** ئى. كىچىك، دەريانىڭ كىچىكى، دەريانىڭ ئۆتمىدىغان يېرى.

**ئۆي ئىچىلىك** ئى. ئۆي ئىشلىرى؛ ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىم. م△: بۇ خوتۇننىڭ ئۆي ئىچىلىكى يوق — بۇ خوتۇن ئۆي ئىچىنى باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ؛ △ئىش قىلغاندا ئۆي ئىچىلىكىنى كىيىۋالىدىغان — ئىش قىلغاندا ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىمنى كىيىۋېلىش كېرەك. (تۇرپان)

## ئۈ

**ئۈت** ئال. ئۈيەر، ئۈياق. م: ئۈتكە كەتتى — ئۈياققا كەتتى. (قۇمۇل)

**ئۈتتە- بۈتتە** ئال. ئۈيەردە- بۈيەردە. (قۇمۇل)

**ئۈجەن** ئى. ‹ئانات› هايۋانلارنىڭ قۇيرۇق ئومۇرتقىسى.

**ئۈجۈرە** ئى. جۈپ، جورا؛ ئەجىر، هەق. م: ئالا غوللۇق غاڭزىنىڭ، سېرىق ئىكەن جۈيزىسى. قۇمۇل شەهرىدە يوق ئىكەن، بىزنىڭ يارنىڭ ئۈجۈرىسى. (قۇمۇل)

**ئۈجۈك** ئى. ‹ئانات› چوچاق، كىچىك ئوغۇل باللار- نىڭ جىنسىي ئەزاسى. (قۇمۇلدا بۇ «چولدۇر» دېيىلىدۇ)

**ئۈجۈلىمەك** يەكلىمەك. م: ئۈجۈلەيدۇ — يەكلەيدۇ. (لوپنۇر)

**ئۈچۈك 1** ئى. تاشلىق جۇۋا. م: چىپەرقۇتتۇن ئۈچۈك كەيسە ئۈچۈك باي. (لوپنۇر)

**ئۈچۈك 2** ئى. ‹ئانات› قاسراق. م: ئىلاننى ئۈچۈكى — ئىلاننىڭ قاسرىقى. (لوپنۇر)

**ئۇچى** ئى. 〈يېم〉 بېلىقنىڭ ئۇچەي يېغىنىڭ چىگىرتىكى بىلەن ئۇچۇل ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يېمەكلىك. (لوپنۇر)

**ئۇچىنچى تازىم چېيى** ئى. يىگىت بىلەن قىز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي. (پىچان)

**ئۇدۇرگە** ئى. ئىسكىنە (ياغاچچىلارنىڭ). (پىچان)

**ئۇدۇسكىلىمەك** تەمتىرىمەك، تىمىسقىلىماق. م: كۆزى كۆرمەي ئۇدۇسكىلەپ يۈرۈيدۇ. (ئىلى)

**ئۇدۇك** ئى. كۆيۈك، ئىشق. (خوتەن)

**ئۇدۇكلىمەك** يىقىنلاشماق، ياخشى كۆرۈشمەك. (خوتەن)

**ئۇدۇگەن** ئى. 〈زوئول〉 ئاغمخان. (لوپنۇر)

**ئۇدىمەك** قوزغالماق. (قومۇل)

**ئۇرە** ئى. ئىجىل، ئىناق. (ئىلى)

**ئۇرە بولماق** كۆنمەك، ئىجىل بولماق. م: بۇ ئىت ئادەمگە ئۇرە بولمىغۇدەك. (ئىلى)

**ئۇرگۇدىمەك** مۇگدىمەك. (لوپنۇر)

**ئۇر~ئۇرۇ** ئى. تۇلكىنىڭ بالا تۇغۇش ئۇچۇن دۆڭدە قازغان ئورىسى. م: تۇلكۇنۇ ئۇرۇنۇ قازىپ، ئالىپ يېگەن ئىتالانى. (لوپنۇر)

**ئۇز** ئى. ئۇستىگە ئۆرلەپ چىققان ياغ، ماي. م: بۇ ئاش ئۇزلۇك بوپتۇ. (قومۇل)

**ئۇزۇتلۇك** سۈپ. بېخىللىق، پىخسىقلىق. (قومۇل)

**ئۇسكەن** ئى. ئىككى باشلىق ئۇزۇنچاق سېپۆەت: تۇگمەننىڭ ئۇگۇت قۇيىدىغان ساندۇقى. (خوتەن، مەكىت)

**ئۇشەيلىگ** ئى. 〈ئانات〉 جەينەكتىن مۇرىگىچە بولغان ئارىلىق. (نىيە)

**ئۇشرۇم** سۈپ. قاپىقى تۇرۇك ئادەم. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئۇشكۇرمەك~ئۇشكەرمەك** ئىسقىرتماق، ئۇشقىرتماق. (قۇمۇل)

**ئۇشۇرمەك** تۈرمەك. م: قاپىقىنى ئۇشۇرمەك — قاپىقىنى تۈرمەك. (خوتەن)

**ئۇگۇجەكلىك** ئى. ساندۇق ياساشقا تەييارلانغان ياغاچ. (قەشقەر)

**ئۇگمەك** ئۇششاقلىماق، تارتماق، يانجىماق. م: «دان»نى «تۈگمەن» يا بۇرۇن يا كېيىن ئۇگەر. (خوتەن)

**ئۇلەتمەك** ئۇزاتماق. (نىيە)

**ئۇلگۇدىمەك** شاللىماق، ئىلغىماق، يىرىكدىمەك، نەرسىنىڭ يىرىكىنى ئايرىۋەتمەك. م: سامانىنى ئۇلگۇدىمەك — سامانىنىڭ يىرىكىنى ئايرىماق. (ئىلى) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ئۇلگۇمەك» دېيىلىدۇ)

**ئۇلگۇرچە** ئى. ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئاشلىق. (قۇمۇل)

**ئۇلۇشۇك** ئى. ئۆلۈمدە ئۇلەشتۈرىدىغان نەرسىلەر. (قەشقەر پاخپۇ)

**ئۇلۇمەك** بىر چىشلەمدىن ئۇشتۇپ ئاغزىغا سالماق. (كېرىيە)

**ئۇنەك** ئى. ئىنتىقام، قىساس. م: △ ئارغا بولغوناڭلار قانى، خىيال قىلغىن يەڭگەم تۇلەت، ئالماي دۈشمەندىن ئۇنەك؛ △ دۈشمەندىن ئۇنەك ئالىپ، بارىۋدىم خانىم بىلەن. (لوپنۇر)

**ئۇ- ئۇ** ئۇن. ئاتنى توختىتىش ئۈندىشى. (قەشقەر)

**ئۇيە 1** ئى. ‹ئانات› بوغۇم. (لوپنۇر)

## ۋ

**ۋاتاۋى** سۈپ. چوك-كىچىك. (كېرىيە دەريا بويى)

ۋاتچاق قىلماق غەلۋە قىلماق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماق. قۇشلارنىڭ سايرىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (نىيە)

ۋاخان سۈپ. پاكار، پەتەك. (خوتەن، كېرىيە)

ۋاخىنا ئى. شوتا، كارىۋات، ئورۇندۇققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا بېكىتىلگەن بالداق، دەسسىگۈچ. م: كونا شوتىنىڭ ۋاخىنىسى بىلەن ئالدىرىماستىن ئۆگزىدىن چۈشتى. (مەكىت)

ۋاشات ئى. غەم، ئەندىشە.

ۋاغجىر سۈپ. بۇجغور، بۇدۇر. م: ۋاغجىر قوي ـ بۇجغۇر قوي. (قەشقەر)

ۋال~ ۋالەك ئى. ئۆرۈكنىڭ تىكەنلىك شاخلىرى ئۆتكۈزۈلگەن شوتىدەك جازا، تۇلۇق ئورنىدا بۇغداي يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (خوتەن)

ۋاللەي~ۋەللەي ئى. گاگار ئويۇنى. (قەشقەر، خوتەن، ئىلى)

ۋايىم ئى. غەم، ئەندىشە. ۋەھىمە. م: ئۈچسا قۇرغۇي ئاسماندا، لاچىنمىكىن دېمەسمەن. يارىم ماڭا ۋاپادار، زادى ۋايىم يېمەسمەن. (ئاقسۇ)

ۋەتۋەرەك ئى. لەگلەك. (خوتەن، لوپنۇر)

ۋەدىك ئى. ‹بىن› ئوتتۇرىغا تاختاي ئېلىنىپ، ئىككى تەرىپى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان تام؛ تام ئېتىشكە تەييارلانغان ياغاچ بالداق. (نىيە، كېرىيە)

ۋاسكات ئى. جىلىتكە. (خوتەن)

ۋەدىشمەك ئادەتلەنمەك، كۆنمەك. (ئاقسۇ)

ۋەلەك 1 سۈپ. قولاق كەستى، ئالىقانات؛ ھارامدىن بولغان بالا.

www.uyghurkitap.com

**ۋەلەك 2** ئى. ھارۋىغا قوشۇلغان ياكى ئاتنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئارغامچىنى ھارۋىنىڭ ئوقى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىككى بېشى بالداقلىق ياغاچ. (ئىلى)

**ۋۇ- ۋۇ** ئۈن. ئاتنى ئوڭغا بۇراش ئۈندىشى. (قەشقەر)

**ۋېتەك** مىق. نەپەر. م: ئىككى ۋېتەك ئادەم مۇشۇ ئىشنى پۈتتۈرەلمەمدىڭلارمۇ؟ (ئىلى) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ۋىردەك» دېيىلىدۇ)

## ئې

**ئېپى ـ مەلە** ئى. ئەھلىمەھەللە، قولۇم ـ قوشنا. (قەشقەر، ئاقسۇ)

**ئېپى ـ يەڭگە** ئى. ئاكا ـ ئىنىنىڭ خوتۇنلىرى. (قەشقەر)

**ئېتەك سالدى قىلماق** ‹ئىد› يىغىش قىلماق، پۇل ياكى نەرسە چىقىرىشماق. م: ئاغىنىلىرىم تويۇم ئۈچۈن ئېتەك سالدى قىلىپ، مىڭ كوي پۇلنى ئالدىمغا قويدى. (قەشقەر)

**ئېتۈرمەك** يىقىتماق (ئات ـ ئۇلاغ ياكى ئادەمنى). (نىيە)

**ئېتىز** مىق. ئېغىز؛ قىر، مو. م: △بىر ئېتىز ئۆي — بىر ئېغىز ئۆي؛ △بەش ئېتىز يەر — بەش قىر يەر. (قەشقەر)

**ئېتىگى ئۇنلۇق** سۈپ. ‹ئىد› ئاسانلا قارا چاپلىنىپ قالىدىغان ئادەملەرگە، بولۇپمۇ ئاياللارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (تۇرپان)

**ئېجىرىقوت** ئى. ‹بوت› ئاجرىق ئوت. بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل)

**ئېجىلغا چۈشمەك** (كالا) كۆيلىمەك، كۈيگە چۈشمەك. (ئىلى)

**ئېچىشدان** ئى. ‹ئانات› كاناي، قىزىلئۆڭگەچ (كۆپىنچە

هايۋانلارنىڭكىنى كۆرسىتىدۇ. (كېرىيە)

**ئېچىغ** سۇپ. ئېچىغان. م: ئېچىغ ئاداپ. (خوتەن)

**ئېچىقسىز** سۇپ. كىيىمنىڭ كونا ـ يېڭىسىنى ئايرىپ، ئاۋايلاپ كىيىشنى بىلمەيدىغان خوتۇنلارغا قارىتىلىدۇ. م: ئېچىقسىز خوتۇن ـ كىيىمنى تاللاپ كىيەلمەيدىغان خوتۇن. (قومۇل)

**ئېدىرتماق** تازىلىماق. (قۇمۇل)

**ئېدىرغا** ئى. كىچىك تاغ تىزمىلىرى. (قۇمۇل)

**ئېدىرلىق** ئى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان يەر. (مارالۋېشى تومشۇق)

**ئېرەكەشمەك** قېرىشماق، قارشىلاشماق، تاكاللاشماق. م: ھۆكۈمەت بىلەن ئېرەكەشكىلى بولامدۇ؟ (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «ئېرىقىشماق» دېيىلىدۇ)

**ئېرەكتە** ئى. ئەر، ئەر كىشى، ئەركەك. (نىيە، خوتەن)

**ئېرقىشماق** قېرىشماق. (قۇمۇل)

**ئېرىغ** سۇپ. ھەممىسى، پۈتۈنلەي؛ پاكىز، ساپ، تازا. (خوتەن، نىيە، كېرىيە، ئاقسۇ) (بۇ سۆز مەكىت، قۇمۇل، تۇرپاندا «ئېرىق» دېيىلىدۇ)

**ئېرىقشماق** قېرىشماق، تاكاللاشماق.

**ئېرىڭاي** سۇپ. ئالتە بارماقلىق ئادەم. (لوپنۇر)

**ئېسەلىنىشمەك** جىن چاپلاشماق. (ئاقسۇ)

**ئېسكىمەك** پۈرىماق. (قۇمۇل)

**ئېسىركىمەك** ئاسىرىماق، ئاۋايلىماق. (قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر)

**ئېسىكىمەك** پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق.

**ئېسىلماق** كۆپۈپ كەتمەك. م: ھۆپپىدە ئېسىلىپ... (قەشقەر)

www.uyghurkitap.com

**ئېشەك 1** ئى. ‹زوئول› چايان، سېرىق ئېشەك. (تۇرپان، قۇمۇل)

**ئېشەك 2** ئى. ‹مۇز› خەرەك. (مەكىت يانتاق)

**ئېشەك تىكەن** ئى. ‹بوت› يول بويلىرى، ئېتىز- دالىلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت. (قەشقەر)

**ئېشەك قول** ئى. ‹ئانات› بېگىز بارماق. (كېرىيە)

**ئېشىگى تۆت چىشلىق بولماق** ‹ئىد› بەك خۇشال بولماق، ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولماق. (قەشقەر)

**ئېشىقماق** تويماق. م: ئېشىقمىدى — تويمىدى. (تۇرپان)

**ئېغى بىلەن بېغى يوق** سۈپ. ‹ئىد› قىلچە تەييارلىقى يوق، تايىنى يوق. (تۇرپان)

**ئېغىربوي** سۈپ. ئېغىر ئاياغ، ئىككىقات، ھامىلىدار. (قۇمۇل) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «ئېغىرقات ~ئېغىر ئۇستىخان»مۇ دېيىلىدۇ)

**ئېغىز ئۆي** ئى. تاشقىرىقى ئۆي، دالان، ئارىلىق ئۆي. (تۇرپان)

**ئېقى كېلىشمەسلىك** مىجەزى كېلىشمەسلىك. (خوتەن، ئىلى، قەشقەر)

**ئېگىن~ئىگىن** ئى. كىيىم. (لوپنۇر، قەشقەر) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ئېگىل~ئېگىن~ئەگنى- بېشى» دېيىلىدۇ)

**ئېگىن- كېچەك** ئى. كىيىم- كېچەك. م: ئېگىن- كېچەك تال بويۇڭغا ياراشسىپ، پۇلى بارلار ئالىپ كەتتى تالاشىپ. قىزىل گۈلۈم سەن ئاڭغا سەپەر قىلسالىڭ، بىز ئامالسىز يىغلاپ قالدۇق قاراشىپ. (لوپنۇر)

**ئېگىز قۇشقىچى** ئى. ‹زوئول› ئېتىزدا بولىدىغان چوك چېكەتكە. (مەكىت)

**ئېلىل ئۈزۈگى** سۈپ. (‹ئېلىك+ئۈزۈك) سېرىقتال،

ئۈزۈكچىلىك. م: ئىپل ئۈزۈگى ۋاختى — سىرىقتال ۋاقتى، يىلنىڭ ئۈزۈكچىلىك ۋاقتى. (لوپنۇر)

ئىپلىش 1 ئى. توغان، توسما. (خوتەن، يەكەن)

ئىپلىش 2 ئى. ھارۋىنىڭ شوتىسى.

ئىپلىشىشى ئى. دەريادىن ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلايدىغان جاي. (خوتەن)

ئىپلىق ئى. باج، ئالۋان. م: ئىپلىقىدىن سىپلىقى كۆپ. (ماقال) (كوچا)

ئىپلىقماق ئارىلاشماق، يىقىن ئۆتمەك. م: تەقدىرىڭنى ئەلگە قات، ئەلگە ئىپلىق. (خوتەن)

ئىمىزەك ئى. ئىمىزگۇ. (قەشقەر)

ئىنەك ئى. مالغا بىسىلىدىغان تامغا، ئەن. (لوپنۇر، قۇمۇل، ئاقسۇ قارىتال)

ئىنىمەك ئەن سالماق؛ ئاتىماق. م: يارىم بەرگەن ئاتىڭگى، قىزىڭغا بەرگىن ئىنىپ. (لوپنۇر، كىرىيە، مارالۋىشى ئاقساقمارال)

ئىيتقاق ئى. ناخشىچى. (قۇمۇل)

ئىيىكمەك ھىيىقماق. (لوپنۇر)

## ئې

ئې ئال. ئاۋۇ، ئۇ. م: ئاندىن ئې يەگە، بىيەگە گۈل تۆشۈتۇ — ئاندىن ئۇ يەرگ، بۇ يەرگە گۈل چۈشىدۇ. (خوتەن)

ئېپچەك ئى. چۆلۈۋۈر. م: ئاتتى (ئاتنى) ئېپچەگىنى (چۆلۈۋۈرىنى) تارتماق. (لوپنۇر)

ئېتاچى سۈپ. ئېتۈاز، ئېت تالاشتۇرغۇچى. («ئېتاۋاز~ئېشتاچى~ئېشتاۋاز»مۇ دىيىلىدۇ) (خوتەن)

www.uygurkitap.com

**ئىتالغۇ** ئى. (زوئول) لاچىنسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش، ئايىغى پايپاقلىق بولىدۇ. م: كى شۇڭقار ئىتالغۇنىڭ ئوبدانىدۇر. (بۇ سۆز مەكىتتە «ئىشتەلگە»، بەزى جايلاردا «ئەتەلگۇ»مۇ دېيىلىدۇ)

**ئىتمىلىق** ئى. يارامىلىق. م: ياخشى ئادەم بالاسى، ھاممە ئىشقا ئىتمىلىق. (لوپنۇر)

**ئىت ياتقۇ** ئى. ئىت ئۇۋىسى. (پىچان)

**ئىجە** ئى. ئاچا. م: مېنىڭ ئىجەم (ئاچام). (لوپنۇر)

**ئىجە-ئۆكۆ** ئى. ئاچا-ئىنى. (لوپنۇر)

**ئىجىك** سۈپ. ئامراقلىق، مەسلىك. م: ئىجىكى كەلمەك — مەسلىكى كەلمەك، ئامراقلىقى كەلمەك. (قۇمۇل)

**ئىچ پۇشماق** خاپا بولماق. م: ما تۇيقىدا ئىچىم پۇشۇق — شۇ تاپتا خاپا بولۇۋاتىمەن. (خوتەن)

**ئىچ تۇرقىماق** ئىچ پۇشماق، پەرىشان بولماق، ئىچى تىت-تىت بولماق، زېرىكمەك. (قۇمۇل)

**ئىچكىنەم** ئى. يۈرىكىم، باغرىم. «ئىچ» سۆزىنىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى. م: قارلىق تاغدا قار يېغىپتۇ، بوز تاغدا تۇمان. ئىچكىنەمدە ئوت كۆيەدۇ، كۆڭلۈمدە گۇمان. (قۇمۇل)

**ئىچى قاراڭغۇلاشماق** قەۋزىيەت بولماق. (مەكىت)

**ئىچگە كىيىنمەك** دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە ئېلىپ كەتمەك. (تۇرپان)

**ئىخچام** سۈپ. تېز، چاپسان. (قۇمۇل)

**ئىدەت** ئى. پەرھىز، ئىددەت. م: ئىدەت تۇتماق — پەرھىز تۇتماق. (قۇمۇل)

**ئىدەلىك** سۈپ. قاۋۇل، بولۇق. م: ئىدەلىك ئۆسكەن

بۇغداي مايسىسى. (قەشقەر)

**ئىدرەك** ئى. تېرە ئەيلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قىرغۇچ. (قۇمۇل)

**ئىدرەم** ئى. پەردە ياكى كۆڭلەك قاتارلىق نەرسىلەر ياكى ياغاچ ئۈستىدىكى گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار؛ ئوڭغۇل - دوڭغۇل، يول - يول. م: ئىدرەملىك ياغاچ. (قۇمۇل)

**ئىدىق** ئى. ياغاچنىڭ پورى، پور ياغاچ. (قۇمۇل)

**ئىدى - گۆپا** ئى. ئۆچۆر، دېرەك، خەۋەر. م: ئىدى - گۆپاسى يوق — ئىز - دېرىكى يوق. (قۇمۇل)

**ئىدىماق** پورلاشماق، كۆكىرىپ قالماق، ئېچىپ قالماق. (قۇمۇل)

**ئىراقى** ئى. رەڭدار يىپەك بىلەن تىكىلگەن گۈل ۋە شۇنداق گۈل تىكىلگەن نەرسە. م: △ئىراقى چاپان؛ △ئىراقى جىيەك؛ △ئىراقى دوپپا. (لوپنۇر، قەشقەر)

**ئىراي** ئى. ئابروي، ئىناۋەت. (خوتەن)

**ئىرجاخو** سۈپ. ھىجايغاق، كۈلۈپلا يۈرىدىغان ئادەم. (قۇمۇل)

**ئىرسىق** ئى. ھەۋەس، ئىشتىياق. م: تۆرت ئاشۇقنۇ ئىرسىقى، ئۇنۇ ئازدۇردۇ يولدۇن — تۆت ئوشۇقنىڭ ھەۋىسى، ئۇنى يولدىن ئازدۇرى. (لوپنۇر)

**ئىرغاڭزا** ئى. ھالقا، ھالقا زىرە. (شايار)

**ئىركاشا** سۈپ. لۆم - لۆم، گومۆش، بوشاڭ. (قۇمۇل)

**ئىرىڭ - سىرىڭ** سۈپ. ھۇرۇن، ئېزىلەڭگۈ.

**ئىز** ئى. بەس. م: △پىچاققى (پىچاقنىڭ) ئىزى (بىسى)؛ △ئىككى ئىززىق (بىسلىق).

www.uyghurkitap.com

(لوپنۇر)

**ئىزاپى** سۈپ. ئارتۇق، ئۇشۇق، زىيادە. (نىيە)

**ئىزەك** ئى. بىر نەرسىنىڭ جۈپى. (قۇمۇل)

**ئىزنە** ئى. بۇيرۇق، ئەمىر، پەرمان. (كېرىيە)

**ئىزنىماق** كىشنىمەك (ئات ـ ئۇلاغ).

**ئىستارە 1** سۈپ. پۇتلىكاشاڭ، توسالغۇ، نەسلىك، پالا ـ كەتلىك. (قۇمۇل)

**ئىستارە 2** سۈپ. كۆكەرمە، ئۇششۇق، مۇتتەھەم؛ ئورۇق، ئاۋاق. م: قەلەم بىچارە، موللا ئىستارە. (ماقال) (خوتەن) (بۇ سۆز كېرىيەدە «ئىستارى» دېيىلىدۇ)

**ئىستىخار** ئى. ‹تىب› ئۆپكە تۇبېركۇليوز، سىل. (شايار)

**ئىسرا** ئى. ‹زوئول› ئاغمىخان. (نىيە)

**ئىسسىغ يەل** ئى. خۇشامەتچى، تەخسىكەش. (نىيە)

**ئىسمائىلتاپ** ئى. موزدۇزلۇقتا يىپنى ئىلمەپ قويۇپ ئىشلىتىدىغان ئىلمەك تۆمۈر.

**ئىسنا** ئى. ئۇسسۇل. (قۇمۇل)

**ئىستىۋارخانا** ئى. ھاجەتخانا. (تۇرپان، شايار)

**ئىسمەدىماق** كېسەل سەۋەبىدىن قىزىپ كەتمەك. (خوتەن)

**ئىشقىلىماق** سۈركىمەك، ئۇۋۇلىماق. م: ياغاچلارنى ئىشقىلاپ ئوت ـ يورۇق ئالدى ئۇ. (خوتەن)

**ئىشمەر** سۈپ. قولى ئەپلىك، چېۋەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان. (ئىلى)

**ئىشىك ئاچتى** ئى. تويدىن ئاۋۋال ئەلچىلەر قىز سوراپ كېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ ماقۇل كۆرسە، ئايالالار تاۋاق كۆتۈرۈپ بارىدۇ. بۇ «ئىشىك ئاچتى» دېيىلىدۇ. (تۇرپان)

**ئىشىكتا** ئى. بوسۇغا تۈۋى، ئىشىك ئالدى. (نىيە)

**ئىكتى 1** سۈپ. بۇركۈت چوجىسى، بالا بۇركۈت. م: ئۇ خۇددى كۆزلىرىنى تىكىۋاتقان «ئىكتى»نىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. (خوتەن)

**ئىكتى 2** سۈپ. كۆچ: قۇۋ، ھىيلىگەر، ئاغزىدا بار، ئىشتا يوق، جېنىنى ئاياىدىغان ئادەمگە قارىتىلىدۇ. (كۇچا)

**ئىكىرلىك** ئى. دەرد، مۇڭ، رەنج، ئەلەم. (قۇمۇل)

**ئىكىندى** رەۋ. دىگەر ۋاقتى. (ئىلى)

**ئىك~ئىيىك~چىلەك** ئى. ئۇرچۇق. م: چىلەككە ئىپ تويمەك ــ ئۇرچۇققا يىپ تورمەك. (لوپنۇر)

**ئىگە ـ ۋاقا** ئى. ئىگە ـ چاقا. (لوپنۇر)

**ئىڭەك چۇشمەك**‹ئىد› كۆتۈپ تەقەززا بولماق، تېڭىرقىماق. (قەشقەر، ئاتۇش)

**ئىڭغىرچاق** ئى. لىڭگىرچاق.

**ئىڭگاك** ئى. ھىنگان. چىشى توگە. (قۇمۇل)

**ئىڭگەكلىمەك** خامانغا يىغىلغان زىرائەتنى شامال ئۆتكۇزۇش ئۇچۇن باغلىقتىن يېشىپ، تىتىپ بىر يەرگە قايتا توپلىماق. (كېرىيە)

**ئىلا ~ئىلە** ئى. داۋا، سەۋەب. م: ئىلا قىلسا ساقايماي، ئىشەكلەرنى (ئېشەكلەرنىڭ) ياغىرى يېغىرى). (لوپنۇر)

**ئىل ئاشى** ئى. يىل نەزىر. (لوپنۇر)

**ئىلەڭ ـ چىلەڭ**سۈپ. يېمەك ـ ئىچمەكلەر مول بولۇپ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇش ھالىتى، توقچىلىق، مولچىلىق. (قۇمۇل)

**ئىلەڭگۈتمەك** تەۋرەتمەك، ئىرغاڭلاتماق. (قەشقەر)

**ئىلەنمەك** چاپلانماق، قوشۇلماق، باغلانماق. م: سىزگە ئاتىم ئىلەنىپ، مەن قىنىمغا پاتالماي. غارىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جان ئۇتۇلۇك يامان، كېچە ئورنۇمدا ياتالماي. (لوپنۇر)

**ئىلدىرلاتماق** تەۋرەتمەك، سىلكىتمەك، ئىرغاڭلاتماق. م: ئالمىنى ئىلدىرلىتاي، شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي. ئۇتى يوق بىھوش جۇگانغا، ئۇتىنى سېلىپ يالدىرلىتاي. (قۇمۇل)

**ئىلغا** ئى. بېلىق قارمىقى. (ئاقسۇ قارىتال)

**ئىلكەشمەك** چېتىلماق، ئارىلاشماق؛ ئېرىشمەك. (قۇمۇل، ئىلى)

**ئىلگىرلىك** سۈپ. كۈچ: ئاقساقاللىق، گەپدانلىق. م: ئەلنىڭ ئالدىدا ئىلگىرلىك قىلما. (ماقال)

**ئىللە ـ تەۋرە** يۆك. پەقەتلا، زادى. (لوپنۇر)

**ئىللىسۇن** ئى. (بوت) بىر خىل پۇراقلىق ئوت. م: ئىللىسۇنمۇ ئىللىسۇن، ئىللىسۇنمۇ تېرىسۇن. مەن يارىمغا خالتا بەرسەم، ئىللاپ ـ ئىللاپ يىغلىسۇن. (قۇمۇل)

**ئىللىماق** پۇرىماق، ھىدلىماق؛ ياقتۇرماق. م: ياخشىنىڭ يادىگارىنى، كۆز ئېقىدا ساقلىغىن. غولى بولسا باشقا سانجىپ غۇنچىسىنى ئىللىغىن. (قۇمۇل) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئىلداماق» دېيىلىدۇ)

**ئىلمە** ئى. ھالقا، سىرغا. (لوپنۇر)

**ئىلوخشا(ئىل بوخچا)** ئى. تۇرمۇشقا چىققان قىزغا ئانىسى تەييارلاپ بېرىدىغان بوغچا. (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئىلكتەلە» دېيىلىدۇ) (قۇمۇل)

**ئىلون** ئى. (زوئول) سانجاق، سانجاق چۈشۈن. (قۇمۇل)

**ئىلۋە** سۈپ. زىلۋا، ئىنچىكە. (قۇمۇل)

**ئىلى** ئى. (زوئول) ھاشارات. (كېرىيە)

**ئىلىتمەك** باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك. م: ئۇ مېنى ئىلىتىپ باردى. (ئىلى)

**ئىلىقكۆك پىدىنە** ئى. ‹بوت› ياپۇزنىڭ ئۆستۈرۈلگىنى. (شايار)

**ئىلىق ـ مىلىقئى.** بىرئاز ئىسسىقلىق، ئىللىق.

**ئىلىك قاپ** ئى. پەلەي. (خوتەن)

**ئىلىكتەلە** ئى. تۇرمۇشقا چىققان قىزنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن ئىلىپ كەلگەن قىز مېلى. (لوپنۇر)

**ئىلىكتىمەك** كۆزگە ئىلماق، ئېتىبارغا ئالماق، ھېسابقا ئالماق. (قۇمۇل)

**ئىلىنچۈك** ئى. ئاساس، باھانە؛ باغلىنىش؛ يۆلەنچۈك. (قۇمۇل)

**ئىلىنچىق** سۈپ. ئېلىك ـ سېلىك؛ كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتمىغان ھالەت. م: ئىلىنچىق ئاغرىق بولۇپ يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولغان ئىدى. (ئىلى)

**ئىمە تۇتماق** تاما قىلماق. م: مەن بالىلاردىن ئىمە تۇتمايمەن. (كېرىيە)

**ئىمبە~ئىمبەر** ئى. پارول، مەخپىي بەلگە. (قومۇل)

**ئىمزەڭگۈ** سۈپ. ئىزىلەڭگۈ. م: روھ پاكلىنىپ، يوقايدۇ ئىمزەڭگۈ ۋىچىرلاش. (خوتەن)

**ئىملىمەك** ئىشارەت قىلماق. م: ئۇ ئايشەمنى ئىملەپ چاقىردى. (قەشقەر)

**ئىملەكلىمەك** پايپاسلىماق، ئالدىراپ ـ تېنىمەك. م: بايىقى توكا ياغى ئىملەكلەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. (خوتەن)

**ئىن** ئى. بۆلە. م: ئىن يارماق ـــ بۆلە يارماق. (قۇمۇل، خوتەن)

**ئىنە** ئى. ئاپا، ئانا. (قۇمۇل، لوپنۇر)

**ئىنەك** ئى. مەڭز، يۈز، كاچات. (كېرىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئىن ـ تاڭ** سۈپ. ھاڭ ـ تاڭ. (قەشقەر)

**ئىنجا 1** سۈپ. ماغدۇر؛ پىلان، ئەپ؛ خەۋەر، سادا. م:△ باغقا بۇغداي تېرىسام، يالاڭ بۇدۇشقاق بولىدۇ. ئە(ر)دە ئىنجا بولمىسا خوتۇن ئۇرۇشقاق بولىدۇ؛△ ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئىنجا يوق. (مەكىت يانتاق) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئىنجاي» دېيىلىدۇ)

**ئىنجا 2** سۈپ. ئورۇق، زەئىپ، ئاجىز. (ئىلى) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «ئىنجە~ئىنجەمە» دېيىلىدۇ)

**ئىنجىماق** رەنجىمەك. (خوتەن)

**ئىنچى غۇرۇق** سۈپ. ‹ئىد› سىركە پىياز، بىر ئىشنى ھەددىدىن زىيادە ئىنچىكە قىلىدىغان ئادەم. (قۇمۇل)

**ئىندەمەك~ئىندىمەك** تەكلىپ قىلماق، چاقىرماق؛ جەلپ قىلماق، قاراتماق، ئۆگىتىۋالماق. م:△ ئىندە ـ ئىندە غېرىپنى شەرىڭىزگە، قەدرىمنى بىلمەدىڭىز ياناي شەرىمگە؛△ ئايدىن ئۆتەر يۈزىڭىز، چولپانغا ئوخشار كۆزىڭىز. مەن سىزگە كۆيگەن ئەمەس، ئىندىۋالغان ئۆزىڭىز. (لوپنۇر، قۇمۇل، ئاقسۇ، كېرىيە)

**ئىندىل** ئى. ‹تېب› ئىشتىھادىن ئارتۇق تاماق يەپ بولىدىغان كېسەل. (خوتەن)

**ئىندىمەسلىك** پىسەنت قىلماسلىق، كارى بولماسلىق، قولاق سالماسلىق، جاۋاب بەرمەسلىك. (قەشقەر)

**ئىنسىقتى** سۈپ. ئىنجىق، ئىبزىلەڭگۈ. (قۇمۇل)

**ئىنلىماق** پۇرىماق. (قۇمۇل)

**ئىنمەك** چۈشمەك، چۆكمەك. م: سۇغا ئىنىدى (چۈشتى). (قۇمۇل)

**ئىنىگە** ئى. ئېمىكئانا. (قۇمۇل)

**ئىۋا قىلماق** شامال ـ بوراندىن دالىدا بولغۇدەك جاي هازىرلىماق (چارۋىچىلار)؛ كۆچ: داۋا قىلماق، دورا قىلماق. (لوپنۇر)

**ئىيلەك** سۇپ. ئاشلاق، ئاشلانغان. م: ئىيلەك تېرە ـ ئاشلانغان تېرە. (تۇرپان، قۇمۇل)

**ئىيلىمەك** ئاشلىماق. (قۇمۇل) (بۇ سۆز ئىلى، قەشقەردە «ئەيلىمەك» دېيىلىدۇ)

**ئىيىن** ئى. ساپىقىدىن تۆكۈلۈپ قالغان ئۈزۈم دانچىلىرى. (پىچان تويۇق)

**ئىي ـ ئىي** ئۈن. ئاتنى سولغا بۇراش ئۈندىشى. (قەشقەر تاشمىلىق)

# ي

**ياپا 1** سۇپ. پۇتۇنلەي، ھەممىسى، ساپلا، داۋاملىق، ھەمىشە، (خوتەن، كېرىيە، نىيە)

**ياپا 2** ئى. گۆرجەك. (قەشقەر)

**ياپەن** ئى. ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى. (خوتەن)

**ياپپاگزا** ئى. ‹بوت› يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان ئوت. (قۇمۇل)

**ياپسال** سۇپ. قىيپاش، قىيپاش يەر. تۈز ئەمەس، يانتۇ. (قەشقەر)

**ياپسا** سۇپ. ھىم، ماس، مۇۋاپىق. م: ياپسا كەلمەك ـ ماس كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك. (لوپنۇر) (بۇ سۆز بەزى جايلاردا «جاپسا~جىپسا» دېيىلىدۇ)

**ياپشاڭ** ئى. ‹بىن› يانتۇ يەرگە سېلىنغان ئۆي. م:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياپشاق ئۆينىڭ تېگى تۈز بولسا، ئانىسىنىڭ دېگى چىقۇر قىزى ئۈز بولسا. (قومۇل)

**ياپقا** ئى. تۇۋاق. (ئاقسۇ قارىتال)

**ياپمىسىغا** سۈپ. ئۇدۇل، توغرا تەرىپىنى بويلاپ.

**ياپۇرغا** ئى. ‹دېھ› سۆرەم. (قومۇل)

**ياتا تۇك** ئى. ياچىۋەك، بۆشۈك تەۋرەتكۈ: ياچىۋەك تۇخۇمى. (قەشقەر)

**ياتاك** ئى. ياختا ئاتقۇچىنىڭ مۇشتىكى. (قومۇل)

**ياتلىۋلاك** سۈپ. غەلىتە، بۆلەكچىلا، غەيرىي. م: ياتلىۋلاك گەپ قىلىسەنغۇ؟ (مەكىت) (بۇ سۆز تۇرپاندا «ياتلىبىر» دېيىلىدۇ)

**يات- يوپۇر** سۈپ. يات، تونۇشمايدىغان، ناتونۇش. (قومۇل)

**ياچەن** ئى. كۈمۈش پۇل. (ئىلى، لوپنۇر)

**يادا** ئى. يامغۇر- يېشىن، قار- يامغۇر. م: يادا ياغماق — قار- يامغۇر ياغماق. (قومۇل، تۇرپان)

**ياداچى** ئى. يامغۇر ياغدۇرغۇچى. (قومۇل)

**ياداق** سۈپ. خار. (خوتەن)

**ياداڭغۇرىماق** ئورۇقلاپ قالماق. م: ئۇنىڭ ياداڭغۇراپ قالغان مەڭزىنى سىلاپ «ئەستاغىپۇرۇللا» دەپ جىم بولۇپ قالاتتى. (قومۇل) (بۇ سۆز ئىلى، قەشقەر، ئاتۇشتا «يادىماق~جۇدىمەك» دېيىلىدۇ)

**يادايچا** سۈپ. تەخمىنەن، قارىسىغىلا، كۆڭۈلگە يۆلەپ. م: يادايچا گەپ قىلماق — كۆڭلىگە يۆلەپلا بىر نەرسە دېمەك. (قومۇل)

**ياداي- چۇداي** سۈپ. ئاددىيلا، غورىگىل، چۆپچىل، قاتتىق- قۇرۇق؛ ئىلاجسىز. م: △ داستىخىنىمىز

يـــاداي ـ چـــۆداي بولـــۇپ قـــالدى، رازى بولۇشسىلا؛ △ مەن سېنى يارىم دىدىم، قاچان سېنى دائىم دېدىم. يارغىنىامىنىڭ يوغىدا، يادای ـ چۆداي يارىم دېدىم. (قۇمۇل)

**يارا ـ شىرىق** ئـى. ‹تېـب› بەدەنگـە چىقىدىغـان تۇرلـۇك ئۆچـۈق، چاقـا، يـارا ۋە شـۇنىڭغا ئوخشـاش كېسەللىكلەر. (قۇمۇل)

**يارشىق** ئى. پاسىل، چېگرا. م: سىزدەكى يە: ۋىلەن مـەندەكى يـە:نـى ئـارالىقىنى «يارشـىق» دەيدۇىز. (لوپنۇر)

**يارما پولۇسى** ئى. ‹يېم› يارما ئاساسى ماتېرىيال قىلىنىپ ئېتىلگەن پولۇ. (پىچان)

**يارما شاپتۇل** ئـى. ‹بـوت› شاپـتۇلنىڭ ئـالاھىدە بىـر تـۈرى. (قەشقەر، خوتەن)

**يازۇق** ئى. گۇناھ؛ ئاچچىق، تۆھمەت، غەيۋەت. (لوپنۇر)

**ياستۇڭكا~يەستوڭكا** ئى. لېگەن (نىيە، كېرىيە)

**ياسرۇق ئەن** ئى. قوينىڭ قۇلىقىنى پىچاق بىـسىنىڭ ئۇچى شەكلىدە شىلىپ سېلىنىدىغان ئەن. (نىيە)

**ياسىق** ئـى. ۋادى، دەريـا ئاققـان ئـارىلىق. م: دەييـانى ياسىغى ــ دەريانىڭ ۋادىسى. (لوپنۇر)

**ياش** ئى. ‹بوت› چامغۇر. م: مۇزلاپ ئېرىگەن ياشنى، توغراپ سالامدۇ ئاشقا. بىرلا كەلگەن دۆلىتىم، يېنىپ كىلەمدۇ باشقا. (قۇمۇل)

**ياشاڭ** ئـى. ‹بـوت› چاتقـال، ئـوت. م: كـالاڭنى سـۆرەۋ ياشاڭغا ۋار ــ كالاڭنى سۆرەپ چاتقاللىققا بـار. (لوپنۇر)

**ياشلىماق** قـايتىدىن ئىسىـــتىپ بەرمــەك. م: ســىلى ۋاقـتىدا كەلمـەي، ئاشـلىرى سـوۋۇپ قـالدى.

www.uyghurkitap.com

ياشلاپ بىرەي. (قەشقەر، ئاتۇش)

**ياشمان** ئى. ‹يېم› چۈچۈتۈلگەن ياغقا ئۇۋۇتۇلغان نانى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (بەزى جايلاردا «يەرمەن» مۇ دېيىلىدۇ). (تۇرپان)

**ياغاق سالماق** يالپاقلىماق. يالپاقدىماق. (مەكىت)

**ياغبېغىر** ئى. ‹يېم› جىگەرنى پىشۇرۇپ، پىياز ۋە دورا-دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، چاۋا يېغىغا تۈگۈپ، چوغقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. (مارالۋېشى تومشۇق)

**ياغ دادا** ئى. بوۋا، ئاتىسىنىڭ ئاتىسى. (لوپنۇر)

**ياغلىغوت** ئى. ‹بوت› لويلا. (قومۇل)

**ياغلىقچى** ئى. شوۋكەش، يۇمشاقۋاش، سولامچى. (كېرىيە)

**ياغلىغۇ** ئى. قورۇما قورۇيدىغان ساپلىق. (قەشقەر پاخپۇ)

**ياغ مانتا** ئى. ‹يېم› خوشاڭ. (كېرىيە)

**ياغى** ئى. دۈشمەن، ياۋ. (لوپنۇر)

**ياق** ئى. رەخت، توقۇلما. (لوپنۇر)

**ياقا** ئى. ئىجارە (يەر). (قومۇل)

**ياقا تىش** ئى. ‹ئانات› ئېغىز چىش. (قومۇل)

**ياقاڭلىماق** ئىرغاڭلىماق، چايقالماق. (قومۇل)

**ياقا- ياۋان** سۆپ. چەت- ياقا. م: بىز يۇرتچۇلۇق ئىشىغا ئارالاشماي، ياقا- ياۋاندا يۇرۇپ چارىپاي باقىپ كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئادەم. (لوپنۇر)

**يا:قىماق** چايقىماق، يۇماق. م: △چىنە- قاچىلارنى يا:قىۋەت؛ △ئاغزىڭنى يا:قىۋەت. (قومۇل، تۇرپان)

**ياڭاق ئويۇنى** ئى. بىر خىل باللار ئويۇنى. (تۇرپان)

**ياڭپايلى** ئى. يانتۇلۇق، يانتۇ يەر.

**ياڭسۇڭ** سۈپ. نامەرد؛ ئەجنەبىي، چەت ئەللىك. م: ياخشى گەپنىڭ باھاسى، ھەر كىم ئالسا مىڭ تىللا. ئوينا خىل گاڭگۇڭ بىلەن، جان قىينالار ياڭسۇڭدا. (لوپنۇر، خوتەن)

**ياڭشاماق** سايراپ كەتمەك؛ كۆپ سۆزلىمەك، مەمەدانلىق قىلماق، چالۋاقىماق، كايىماق. م: ئوندۇق (ئۆنداق) ياڭشاپ (چالۋاقاپ) كەتمە. (لوپنۇر)

**يالاق** ئى. ئەۋرەز، پاسكىنا سۇ تۆكۈلىدىغان جاي. (خوتەن)

**يالاڭغداق** سۈپ. ھېچ نەرسە كىيمىگەن، ئايىغى يوق، ئاياغسىز. (قەشقەر، ئاتۇش)

**يالاڭ ئوينىماق** ئى. تاق سان ئويۇنى. (تۇرپان)

**يالاماق** بويلىماق. م: ئوشۇ ئۆسسۆڭگۆ (ئۆستەڭنى) يا:لاپ (بويلاپ) ماڭ. (لوپنۇر)

**يالا ياپماق** بۆھتان چاپلىماق، قارا چاپلىماق. (قەشقەر)

**يالە** ئى. يامغۇر، سەل. (خوتەن)

**يال بۆرە** ئى. ‹زوئول› كۆك بۆرىنىڭ ئەركىكى.

**يالپا** سۈپ. ياپىلاق، كەڭ. م: يالپا يۈزلۈك نىياز... (خوتەن)

**يالتىراق** ئى. سۆلياۋ. (نىيە) (بۇ سۆز مارالۋېشىدا «يەلتاراق» دېيىلىدۇ)

**يالجا** ئى. نەتىجە، ئاقىۋەت. (ئىلى)

**يالجىتماق** يېلىنجاتماق، يالقۇنلاتماق. م: خۇددى شامال يالجىتقان قوقاستەك... (قەشقەر)

**يالجىماق 1** ئىلگىرى كەلمەك، روناق تاپماق؛ كۆپەيمەك، زورايماق. م: يالغانچى يالجىماس، ئوغرى بېيىماس (ماقال). (ئىلى، قەشقەر)

**يالجىماق 2** زېرىكمەك. (ئىلى)

www.uyghurkitap.com

**يالى بولماق** زار بولماق. م: شۈنچە يالى بولدۇقمۇ مەنە- تۇرغان ئۇلاقتا. (لوپنۇر)

**يام** ئى. تەشتەك، گۈلدان، گۈل قاچىسى. م: يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ياملارغا ئېلىنغان رەيھانگۈل قويۇلغان ئىدى. (قەشقەر)

**يا:ما** ئى. ‹يېم› يارغۇنچاقتا يانجىغان بۇغداي (قوناق)نى قاينىتىپ ئەتكەن تائام. (قەشقەر)

**يامان يارا** ئى. ‹تېب› چاشقان يارىسى؛ بويۇن لىمفا سىلى. بويۇنغا چىقىدىغان ساقايماس يارا. (تۇرپان)

**يامداق** ئى. سۈپۈرگە. (تۇرپان، پىچان، قۇمۇل)

**يامداقلىق** ئى. ‹بوت› سۈپۈرگە قىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. (قۇمۇل، پىچان)

**يامدىماق** سۈپۈرمەك. (قۇمۇل)

**يامغۇرچى** ئى. ‹زوئول› قارا قۇچقاچتىن چوڭ، پۇتى ئۇزۇن، سۇ بويلىرىدا يۈرىدىغان قۇش.

**يا:مىدىماق** بىلمەك، چالا- بۇلا بىلمەك، ئانچە- مۇنچە بىلمەك. م: ئۇ ھەممىلا ھۈنەرنى يا:مىدايدۇ. (خوتەن، قەشقەر)

**يانپۇچاق** ئى. ياغاچ تېشىدىغان سايمان. (خوتەن)

**يانتۇق** سۈپ. بېشى قىيسىق بالا. (تۇرپان)

**ياندۇرغا** ئى. چىللاقتا جاۋاب چىللاق. (ئاقسۇ قارىتال)

**يان قول** ئى. ‹ئانات› نامسىز بارماق. (كېرىيە)

**يان ياغاچ** ئى. ‹بىن› كېشەك، ئىشىكنىڭ يان ياغىچى. (تۇرپان، قۇمۇل)

**ياۋا كۆكنار** ئى. ‹بوت› چىمەنلىكلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك، تاغلاردىمۇ بولىدۇ. (ئىلى)

**ياۋا ماش** ئى. ‹بوت› سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تاغلىق

جايلاردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا، ئورمان چەتلىرىدىكى نەملىك جايلاردا ئۆسىدۇ.

**ياياق** سۈپ. پىيادە. م: تىكەنلىككە تىكەن دەسسەپ ياياق كەلدىم، ھەمرايىم يوق غارىپ يالغۇز يىلغاپ كەلدىم. (لوپنۇر، قۇمۇل، تۇرپان)

**يا ـ يا ـ يا** ئۈن. كەپتەر ياكى ئۆردەكنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قەشقەر)

**يايغۇ** ئى. يايغۇ، نوغۇچ. (خوتەن)

**يايقۇن (سۇ)** سۈپ. سۇ تارىلىپ، يېيىلىپ ئاققان جاي. (مەكىت)

**يايى** ئى. ھەسەن ـ ھۈسەن. م: ئاسماڭغا (ئاسمانغا) يايى (ھەسەن ـ ھۈسەن) چىقىپتۇ. (لوپنۇر)

**يەدۇرمەك** بىزار قىلماق، بەزدۇرمەك. (نىيە)

**يەر بېشى** ئى. قەبرىستان. م: بىزنىڭ قۇمۇللاردا يەر بېشىنى ئەتىگەنلىرى يوقلايدۇ. (قۇمۇل)

**يەر پورى** ئى. ‹بوت› يەر توزغىقى، موگۇ. (تۇرپان) (بۇ سۆز مارالۋېشىدا «يەر قالپىقى» دېيىلىدۇ)

**يەر چۈشەك** ئى. بوسۇغىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ. (كېرىيە)

**يەر چىۋىنى** ئى. ‹زوئول› چۇمۇلە. (قۇمۇل)

**يەر قۇرتۇ** ئى. ‹زوئول› سازاڭ. (لوپنۇر)

**يەر ئۈچەيگۈسى** ئى. ‹بوت› يۇلغۇن. (كېرىيە)

**يەر ياڭىقى** ئى. ‹بوت› خاسىڭ. (تۇرپان)

**يەر يالىغۇر** ئى. ‹تىل ھا› يەر يۇتقۇر، ئۆلگۈر. م: بارمىغۇرەي، بارمىغۇر، بارغان يېرىدىن كەلمىگۇر. بىزنى يوللارغا قاراتتى، ئاشىق دېگەن يەر يالىغۇر. (قەشقەر)

**يەر يېغى** ئى. كىرسىن. (كۇچا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**يەكتاپ** رەۋ. بىر- بىرلەپ، تاق، يالغۇز. م: ئەمسە مەيزاپنى بىر پىيالىدە يەكتاپ ماڭدۇراي. (خوتەن)

**يەكمەچچە** سۈپ. يەكچەشمە. (لوپنۇر)

**يەڭ** ئى. نان ياقىقاندا قولغا كىيىۋالىدىغان رىپىدە. (پىچان) (بۇ سۆز تۇرپان، ئىلى، نىيىدە «يەڭلىك»، قۇمۇلدا «يەڭدەپچە» دېيىلىدۇ)

**يەڭگەن** ئى. ستولبا، سىمتاناپ تۈۋرۈكى. (قۇمۇل)

**يەڭگۈش** سۈپ. باشقا، ئايرىم. (كېرىيە)

**يەلەڭ** ئى. ئىلەڭگۈچ. (لوپنۇر)

**يەلپۈن كېسەل** ئى. ‹تېب› ئاتتا بولىدىغان بىر خىل كېسەل. (قۇمۇل)

**يەل خۇلىنجى** ئى. ‹تېب› ئۈچەي سانجىقى. (نىيە)

**يەللىمەك** يېلىن سالماق، مال- چارۋىلارنىڭ تۇغۇتتىن ئىلگىرى يېلىنىغا سۈت كىرىشى. (كېرىيە)

**يەل يارا** ئى. ‹تېب› سىفلىس. (لوپنۇر)

**يەنجۈك** سۈپ. ئېرىنچەك، بوش. (خوتەن)

**يەنجى** ئى. تىلەمچىنىڭ نان خالتىسى. (خوتەن)

**يەنسۇنۇق** ئى. ‹زوئول› بۇلاقلاردىكى قۇرتقا ئوخشاش جانىۋار. دورا ئورنىدا سۇ بىلەن تىرىكلا ئىچىلىدۇ. (قۇمۇل)

**يەھ- يەھ** ئۈن. كەپتەرنى چاقىرىش ئۈندىشى. (قۇمۇل)

**يوپۇرا** سۈپ. ئۇدۇل، دۈچ، روبىرو، قارىمۇ قارشى. م: △بىر ماشىنا ئۆينىڭ يوپۇرىسىغا كېلىپ شىپپىدە توختىدى؛△بالام ھېلىقى ئادەمگە يوپۇرا كېلىپ قالمىغىن جۇما! (قەشقەر، خوتەن)

**يوپۇرغا** ئى. سۆرەم. (قۇمۇل)

**يوپۇلاق** ئى. كىپىنەك؛ لەگلەك. (پىچان، تۇرپان)

**يوتۇق** سۈپ. يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر. م: يوتۇق يەر – يانتۇ يەر. (قۇمۇل)

**يوتۇقماق** كۆز قاپىقى ياكى يۈز- كۆزى ئىشىشىپ قالماق. (قەشقەر)

**يوچۇن** سۈپ. غەلىتە، باشقىچە، يات، ناتونۇش. م: يوچۇن ئادەم – غەلىتە ئادەم. (پىچان، تۇرپان، قومۇل، خوتەن، قەشقەر، ئىلى)

**يوخشىماق** ئات ئوت يېمەستىن خامۇش بولۇپ جىم تۇرماق.

**يودا** سۈپ. ئەبگاھ، سوكال؛ نامرات، گاداي؛ ئورۇق، قوتۇر. (قەشقەر) (بۇ سۆز قۇمۇلدا «يوغى - يودان»، ئىلىدا «رودو» دېيىلىدۇ)

**يودىماق** قورسىقى ئاغرىيدىغان ئادەملەرنى تۈز، نان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئاشلىماق (خۇراپىي ئۇسۇل بىلەن داۋالاش). (ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش)

**يوسول** ئى. ‹تارس› پۇقرانى ئالۋاڭ- ياساققا ھەيدىگۈچى ئوردا دورغىسى، ئالۋان بېگى، ياساۋۇل. (قۇمۇل)

**يوسۇن تۇتماق** تويدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئالدىنى رەخت تۇتۇپ توسۇش ئادىتى. ئارغامچا تارتماق. (پىچان)

**يوسۇنلىماق** تۈزلىمەك، تۈزەتمەك. (خوتەن)

**يوغا 1** ئى. ‹زوئول› بۆكەن. (چاقىلىق)

**يوغا 2** ئى. ‹بىن› تەكچە، ئويۇق. (ئاقسۇ)

**يوغىتامغا مىنىمەك** ‹ئىد› مەسخىرە قىلىش سۆزى. م: ۋېلىسىپىتكە مىنىمەن دېگۈچە، يوغىتامغا

مـنـگـنـە! (قەشقەر)

**يوغان پوق** سۈپ. مەمەدان، ھاكاۋۇر، پوچى. (خوتەن)

**يولەك** ئى. ئارىلىق، كارىدور، قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈچىلىك بىسىپ ئۆ- تىدىغان ئارىلىق. (قەشقەر)

**يول تاشاقىماق** يولدىن سىرتىغا چىقماق، يولنىڭ سىرتىنى بويلاپ ماڭماق. (خوتەن)

**يوليولىقاي** رەۋ. يولدىن ئۆتكەچ. م: ئۇ ئادەتتىكى ئىشلاردىن تاشقىرى، پۇچۇك ئاغىچىلا ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، يوليولىقاي قۇمۇلغا چۈشكۈن قىلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ خىنىملىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇنىڭغا تەرجىمانلىقمۇ قىلاتتى. (قۇمۇل)

**يومزاتماق** گەپ ئەگىتمەك، سەل تەگكۈزۈپ گەپ قىلماق. م: سۆزنى سەل يومزىتىپ ئېيتتى. (ئىلى)

**يوناق** سۈپ. دەل، توغرا. (خوتەن)

**يۇپاڭ** ئى. جۇۋازخانا. (پىچان، ئىلى)

**يۇپۇك** سۈپ. يېلىڭ، يۇپقا. (تورپان)

**يۇتقالچە** سۈپ. باشقىچە. م: ئۇ ئادەم تىلىنى يۇتقالچە (باشقىچە) سۆزرۈپ (سۆزلەپ) ئولتۇرادۇ. (لوپنۇر)

**يۇتما** ئى. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق. م: △ئېقىن يۇتمىسىغا كىرىپ كەتتى؛ △تاغ يۇتمىسى غۇۋۇا كۆرۈنۈپ... (خوتەن)

**يۇتۇق** ئى. توشقان ئۇۋىسى. (كۇچا)

**يۇدى ـ يۇقى** سۈپ. شىرەم، يىراقىراق. م: يۇدى ـ يۇقى تۇغقان. (ئىلى، لوپنۇر)

**يۇق** سۈپ. كىر. م: يۇق قىيتتىمىز ـ كىر

يۈيۈۋاتىمىز. (قۇمۇل)

**يۇمشاماق~يۇمشىماق** ئىشقا سالماق. م: ئىنەم مېنى يۇمۇشقا يۇمشاغان (قۇمۇل، لوپنۇر)

**يۇمغاق** سۈپ. تۈرۈلگەن، كالىلەك يىپ.

**يۇمۇرغا** ئى. ‹ئانات› تاماق، كېكىردەك. (قۇمۇل)

**يۇمۇرماق** قومۇرماق، يونۇماق، ئاغدۇرماق. (قۇمۇل)

**يۇمۇرغا يۇقماسلىق** ‹ئىد› ھېچ نەرسە چاغ كەلمەسلىك، قىلچە تەسىر قىلماسلىق. (تۇرپان، قۇمۇل)

**يۇمۇزلىماق** يۇڭۇزلىماق، يۇڭدىماق. (تۇرپان)

**يۇمىلاچ** سۈپ. يۇمىلاقلانغان، يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن.

**يۇندۇلۇق** سۈپ. قاسماق، پاسكىنا. (قۇمۇل)

**يۇنۇسقا** ئى. ‹بوت› قىچا. (قەشقەر پاخپۇ)

**يۆ** ئۇن. ئىتنى ھەيدەش ئۈندىشى. (گۇما)

**يۆتۆكلىمەك** تولۇقلىماق، قوشۇمچە قىلماق. م: ئاشلىغىمىز تۆگەپ قالدى، يۆتۆكلەپ بېرىڭلەكى — ئاشلىقىمىز ئاز قالدى، تولۇقلاپ بېرىڭلار. (قۇمۇل)

**يۆرگۈل~يۆرگەل** ئى. ‹بوت› سېرىق يۆگەي. ئوتلارغا يامىشىپ ئۆسىدىغان ئوت، يېپىشقاق ئوت. م: يۆرگۈل بولۇپ گىرە سالاي موينۇڭغا. (لوپنۇر)

**يۆگەيگۈل** ئى. ‹بوت› ھەشقىپېچەك. (شايار)

**يۆگۈمەچ** ئى. ‹يېم› يۆگۈمەچ قىلىپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان هورنان، خۇاجۇەر. (لوپنۇر)

**يۆلۈتمەك** ھۆللىمەك. م: چاچىڭگى (چېچىڭنى) يۆلۈتۈپ (ھۆللەپ) ئاندىن تارا. (لوپنۇر)

**يۆن** ئى. قائىدە، تەرتىپ، يول. م: ئۆلارنىڭ دۆشمەنلىك ھەرىكىتىگە يۆن بەلگىلەپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئاتۇش)

**يۇدۇمچۇ** ئى. ھاممال، يۈكنى يۇدۇپ توشغۇچى. (لوپنۇر)

**يۇرۇش 1** ئى. قاتناش ۋاستىسى ياكى بىر ياققا بارىدىغان ئادەم. م: بىرەر يۇرۇش چىقىپ قالسىلا ئەۋەتىپ بېرىمەن. (تۇرپان)

**يۇرۇش 2** ئى. قائىدە، نىزام، پەدە، چە. م: △قۇمۇل يۇرۇشىدە ــ قۇمۇلچە، قۇمۇل پەدىسىدە، قۇمۇل قائىدىسىدە؛ △ئۇ ناخشىنى قۇمۇل يۇرۇشىدە ئېيتىدىكەن. (قۇمۇل)

**يۇرۇك** ئى. سېزىك. (قۇمۇل)

**يۇرۇڭ 1** ئى. باللارنى ئەملەشتە يەتتە ئۆيدىن تىلىگەن پاختا پىلتە. (قەشقەر)

**يۇرۇڭ 2** سۈپ. ئاق. م: ئات مىندىم يۇرۇڭ قاشقا. (خوتەن)

**يۇركى سۇ ياقىلاپ تۇرماق** ‹ئىد› ئەنسىرەپ تۇرماق، قورقۇپ تۇرماق، يۈرەكئالدى بولماق. (تۇرپان)

**يۇزلۇكلەشمەك** ئابروي تاپماق. م: قاسىم بەگ كېيىنگە كەلگەندىن كېيىن، بەكمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، يۇزلۇكلىشىپ كەتتى. (كېرىيە)

**يۇزنى ئاچماق** قىز ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى مېھمان چاقىرىپ مەركە ئۆتكۈزۈپ بەرمەك. (شايار)

**يۇكتوك ئۆي** ئى. قازناق. (لوپنۇر)

**يۇمۇرمەك** سۇندۇرماق، چاقماق. م: داۋزۇنى يۇمۇرەپ ــ دەرۋازىنى سۇندۇرۇپ (ئاقسۇ بەشتوگمەن)

**يېپەك** سۈپ. گېپى تولا، ئۆششاق سۆز. (تۇرپان)

**يېپىشىق** سۈپ. بىزەڭ، يۈزى قېلىن. (ئىلى)

**يېتوچى~يېتو** ئى. يېتىلىگۈچى، ئاتنى يېتىلەيدىغان ئادەم.

**يېتىنچان** سۈپ. مېھرىبان، غەمگۈزار، كۆڭۈلچەك؛ چېچەن، ھوشيار، ھەممىگە يېتىشىدىغان. (قۇمۇل)

**يېرىنداق** ئى. يېرىلغان ئوتۇن، ئوتۇن پارچىسى. (كۇچا)

**يېزەك** ئى. زەربە، دەككە. م: △ئۇنىڭ يېزىگىنى بەردىم؛ △تازا بىر يېزىگىنى يېدى؛ △يېزىگىنى بېرىۋاتقىنا. (لوپنۇر)

**يېسى** ئى. ياپىلاق. (قۇمۇل)

**يېسىسۋلەك** ئى. ‹بوت› بەسەي. (تۇرپان)

**يېسىيان** ئى. ‹بىن› ئۆي تورىسىنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان ئوتتۇردىن يېرىلغان بالا ياغىچى. ئۆينىڭ تۆت تەرەپ گىرۋىكىگە قويۇلىدۇ. (نىيە، كېرىيە)

**يېشىق** سۈپ. بوش، ماغدۇرى يوق، ھوسۇلسىز. (خوتەن)

**يېڭى يىتماق** ئى. يېڭى كېلىن. (كېرىيە)

**يېمىز** ئى. ‹ئانات› تېقىم. م: بالىنىڭ يېمىزى يېشىلىپ قاپتۇ. (قۇمۇل)

**يېنى - ۋېلى** رەۋ. ئەتراپى، چۆرىسى. (قۇمۇل)

**يېيىن** سۈپ. سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان يەر. (مارالۋېشى تۇمشۇق)

**يېتىم سوقتا~سېرىق سوقتا** ئى. ‹بوت› يېڭى چىققان شۇڭ. (پىچان تۇيۇق)

**يىچاق** ئى. يوچۇق، ئاراچ. (كېرىيە)

**يىخا- يۆگەم** سۈپ. (خەن‹下—+يۆگەم) قارىقويۇق. (قۇمۇل)

**يىدىغ** سۈپ. پالاق، بۇزۇلغان. م: يىدىغ تۇخۇم. (خوتەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**يىرىڭ** ئى. مەنگەن، سامانىنىڭ يىرىكى. (كېرىيە)

**يىك** ئى. چاچ ئايرىيدىغان ياغاچ زىخ. م: بىر دېدىكى يىك تۇتۇپتۇ. (خوتەن)

**يىڭگىلىك** ئى. ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ھالقا، سىرغا. م: چىڭگىلىككا چىڭگىلىك، ئۆستەڭ بويى چىڭگىلىك. ماڭا ئاشنا بولسىڭىز، ئېپ بېرىمەن يىڭگىلىك. (شايار، ئاقسۇ) (بۇ سۆز لوپنۇردا «ئىڭگىلىك» دېيىلىدۇ)

**يىگويەللىك چاپان** ئى. (خەن‹—裹圆长衫) ئاياللارنىڭ بىر خىل مىللىيچە چاپىنى (توي قىلىدىغان قىزلار ئۈچۈن ئانىسى تەرەپتىن تەييارلىنىدۇ). (قۇمۇل) (بۇ يەنە «يوگويەن»مۇ دېيىلىدۇ. م:ئېتەك يوگويەن، چاشما يوگويەن چاپانلارنى كىيەتتى)

**يىگىنە** ئى. قۇلاققا ئاسىدىغان ھالقا. (قۇمۇل)

**يىلان باغرى** ئى. كۆچ: خۇرجۇنىنىڭ گۇل نۇسخىسى (كېرىيە)

**يىلەم** ئى. پاختا يىپتا توقۇلغان پالاز.

**يىلغاڭگۇ** سۈپ. يىغلاڭغۇ. (لوپنۇر)

**يىلغاماق** يىغلىماق. (لوپنۇر)

**يىلىماق** ئۇزۇن ئىككى شال(تاختاي)نىڭ بىرىنى ئەركەك، بىرىنى چىشى قىلىپ چاپماق. (نىيە)

**يىمىڭسو** ئى. ‹بوت› بىر خىل دورىلىق ئوت. (قۇمۇل)

**يىنىۋسى‹يەنە بىيىسى** ئال. يەنە بىرسى، ئاياللار ئەرلىرىنى شۇنداق ئاتايدۇ. (نىيە)

## «لۇغەت» تە پايدىلانغان ئەسەرلەر

1. بوداكوۋ: «تۈركىي ـ تاتار دىئالېكتلىرى سېلىشتۇرما لۇغىتى» (ئىككى قىسىم) سانكت ـ پېتربورگ، 1869 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

2. ۋېلھېلىم رادلوۋ: «تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكت لۇغىتى» سانكت ـ پېتربورگ، 1893 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

3. گۇننار ياررىڭ: «شەرقىي تۈركچە ـ ئىنگلىزچە دىئالېكت لۇغىتى» 1964 ـ يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى.

4. مالوۋ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل دىئالېكتى» 1959 ـ يىلى، موسكۋا، رۇسچە نەشرى.

5. مالوۋ: «لوپنۇر تىلى» فرونزى، 1956 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

6. تېنىشېۋ: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتى» موسكۋا، 1990 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

7 غولام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

8. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1~6 ـ توم، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990~1996 ـ يىللار، ئۇيغۇرچە نەشرى.

9. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

10 قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com

11. مىرسۇلتان ئوسمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

12. فۇ ماۋجى، ھاشىم تۇردى قاتارلىقلار: «لوپنۇر تەلەپپۇزى تەتقىقاتى» بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

13. ئايشەم ئەخمەت: «قومۇل» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

14. «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

15. «قومۇل نەزمىلىرى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

16. «ئاقسۇ نەزمىلىرى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

17. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 2 ـ قىسىم، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

18. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

19. زوردۇن سابىر: «ئانا يۇرت» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

20. جالالىدىن بەھرام: «مېھرىگىياھ» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

21. روزى سايىت: «روزى سايىت شېئىرلىرى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

22. مىرزاھىد كېرىمى: «سۇلتان سەئىدخان» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

23. مىرزاھىد كېرىمى: «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە

نەشرى.
24. ئابلا ئەھمىدى: «تۆشۈك مۇنچاق» قەشقەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
25. ئايشەم ئەخمەت: «مۇھەممەت بېشىر چىگۋاڭ» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
26. ئەخەت تۇردى: «سەرسان روھ» قەشقەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
27. ئەختەم ئۆمەر: «باياۋاننىڭ سىرى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
28. تۇرسۇن لېتىپ: «رىھىمشاھ پالۋان» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
29. غۇلام ئۆمەر: «باياۋاندىكى گۈلخان» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
30. ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمان: «پاخپۇ شېۋىسى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان.
31. ئىمىن تۇرسۇن: «خاقانىيە تىلى ۋە خوتەن شېۋىسى» (ئۇيغۇرچە) «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2) بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
32. تۇرسۇن ئايۇپ: «‹كاشغەر› تىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1984 ـ يىللىق 4 ـ سان.
33. مۇھەببەت قاسىم، خالىق نىياز: «ئۇيغۇر تىلى مۇرتۇق شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى» (خەنزۇچە) «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.
34. گاۋ شۇجۇن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ، باھارگۈل ھامۇت: «لوكچۇن شېۋىسىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكىسىنى

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇش» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

35. مۇھەممەت سابىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۆكيار شېۋىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى ئامىللىرى» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

36. ماھىرە ھاجىئەكبەر: «قومۇل خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان شېۋە سۆزلىرى» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىللىق 6 ـ سان.

37. ئارسلان ئابدۇللا، پەرىدە مامۇت: «قومۇل شېۋىسىدىكى قەدىمي سۆزلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 1997 ـ يىللىق 6 ـ سان.

38. ئابدۇرېھىم ئابلىز: «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرايدىغان دىئالېكت تەركىبلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2000 ـ يىللىق 5 ـ سان.

39. رەھىمجان ھاكىم، مەرىيەمگۈل مەنسۇر: «ئاتۇش شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان.

40. مەريەم مەتتۇرسۇن، ئوسمانجان مەتتۇرسۇن: «خوتەن دىئالېكتى كېرىيە شېۋىسىدىكى بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

41. زۇمرەت غاپپار: «لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

42. مېھراي ئابدىلىم ئابرال، ياقۇپجان ئىسرائىل «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋە سۆزلىرىگە تارىخ ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن بىر نەزەر» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى،

2004 ـ يىللىق 3 ـ سان

43. تاھىرجان سىدىق: «تۇرپان شېۋىس [illegible] ۋە
دىئالېكتىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى،
جەھەتتىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلىرى» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە
تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان.

44. پاتىگۈل توختى، سالامەت ئابدۇقادىر: «گوما شېۋىسى
توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى،
ئۈرۈمچى، 2004 ـ يىللىق 3 ـ سان.

45. ئابلەت ئابدۇللا: «خوتەن دىئالېكتىدىكى كېرىيە يەرلىك
شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) «تىل ۋە
تەرجىمە» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور    خەيرىنسا روزى

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى

تۈزگۈچى: ش.ئۇ.ئا.ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ مىللەتلەر باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
نەشرى 2007 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى 2013 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى 850 × 1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى 13.25
باھاسى 25.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-08162-2/Z.1317(维 59)

www.uyghurkitap.com

责任编辑：
海衣尔尼沙·肉孜
责任校对：

**图书在版编目(CIP)数据**

现代维吾尔语方言土语词典/新疆维吾尔自治区社会科学院语言研究所编. 一北京：民族出版社，2009.7（2013.11重印）

ISBN 978-7-105-08162-2

Ⅰ.现…Ⅱ.新…Ⅲ.①维吾尔语（中国少数民族语言）一方言一词典②维吾尔语（中国少数民族语言）-俚语-词典 Ⅳ.H215.7-61

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 034989 号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京民族印务有限责任公司
版　　次：2007 年 3 月第 1 版 2013 年 11 月北京第 2 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张：13.25
定　　价：25 元

ISBN 978-7-105-08162-2/Z.1317(维 59)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com